ھاجى مىرزاھىد كېرىمى
ساۋۇت داۋۇت

# سەئىدخان



مىللەتلەر نەشرىياتى

هاجى مىرزاھىد كېرىمى
ساۋۇت داۋۇت

# سەئىدخان

(تارىخىي رومان)

مىللەتلەر نەشرىياتى





يازغۇچى ھاجى مىرزاھىد كېرىمى (ئوڭدا) ،
ساۋۇت داۋۇت (سولدا) ئىجادىيەت ئۈستىدە.

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ............ (1)

بىرىنچى باب تۇندىكى سۇيىقەست ............ (13)

ئىككىنچى باب نادامەتلىك ئايرىلىش ............ (28)

ئۈچىنچى باب مىرزا ئابابەكرىنىڭ يارلىقى ............ (39)

تۆتىنچى باب خوجا مۇھەممەد فىزالدىنىنىڭ تەسەللىسى ............ (51)

بەشىنچى باب قۇرۇق تىكەن شېخى ............ (66)

ئالتىنچى باب قارا پەرەنجىلىك ئايال ............ (80)

يەتتىنچى باب ئەندۇۋا سېپىدىكى سىرلىق نەزمە ............ (88)

سەككىزىنچى باب جەمەك ئاغىچىنىڭ قەستى ............ (101)

توققۇزىنچى باب خەتنە توي ۋە كۆك بۆرە ............ (114)

ئونىنچى باب سەئىدخانىنىڭ جازا ھۆكۈم قىلىشى ............ (135)

ئون بىرىنچى باب ئېتىكى تىللا بىلەن توشمايدىغان قىز ... (143)

ئون ئىككىنچى باب تاشكەنتتىن ئەنجانغا كەلگەندە ............ (157)

ئون ئۈچىنچى باب ئەخشىد توختامى ............ (173)

ئون تۆتىنچى باب ئالتۇن ئاپتۇۋا ............ (190)

ئون بەشىنچى باب ئاشىق قىزنىڭ تەقدىرى ............ (212)

ئون ئالتىنچى باب ئانا دۇئاسى ............ (223)

ئون يەتتىنچى باب قان-ياش ئاققان كۈنلەر ............ (233)

ئون سەككىزىنچى باب پەتىۋا ئۈچۈن تۆكۈلگەن قان ............ (263)

ئون توققۇزىنچى باب "باغى ۋاپا" ............ (291)

يىگىرمىنچى باب كاساندا بولغان جەڭ ............ (319)

يىگىرمە بىرىنچى باب سايراندىكى داپ ئاۋازى ............ (340)

يىگىرمە ئىككىنچى باب كېسىلگەن باش ............ (355)

يىگىرمە ئۈچىنچى باب تاج كىيگەن تۇن ............ (393)

خاتىمە ............ (409)

# مۇقەددىمە

كۈن غەربكە قىيسايغان چاغ. قەدىم شەھەر قەلئەسىنىڭ ئېگىز سېپىلىدىن خېلى يىراقتىكى كاھىشلىق چوڭ گۈمبەز ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇنى چۆرىدىگەن چوڭ-كىچىك ئىتىكاپخانىلارنىڭ بەزى تاملىرى ئۆرۈلۈپ چۈشكەنىدى. بۇ ئەتراپتىكى يېڭى قوپۇرۇلغان، كونىرىغان، قىيسايغان، ئۆكتۈرۈلگەن، سۇۋاقلىرى تۆكۈلگەن سان-ساناقسىز قەبرىلەر ھايات ئىنسانلارنى ماماتلىق دۇنياسىغا چاقىرىۋاتقاندەك سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. يىمىرىلىپ، ئاغزى ئېچىلىپ قالغان بەزى گۆرلەردە ئادەمنىڭ "ھەجىيىپ" تۇرغان باش سۆڭەكلىرى، سارغىيىپ چىرىشكە باشلىغان ئىسكىلىتلەر كۆزگە تاشلىنىپ ۋەھىمە تارقىتاتتى. ئۇ يەر-بۇ يەرگە ئۈنۈپ قالغان يانتاق، كۆك تىكەنلەر نېمە ئۈچۈندۇر كىشىنى مەيۈسلەندۈرەتتى. قەبرىستانلىقنىڭ سول تەرىپىدە شاخلاپ دۇپدۇگىلەك بولۇپ كەتكەن بىر تۈپ رېدە دەرىخى بار ئىدى. ئۇنىڭ قارامتۇل سايىسى چۈشكەن كارۋان يولى يىراقتا كۆرۈنۈپ تۇرغان قۇم بارخانلىرىغا تۇتىشاتتى. كىشىلەر "جىننىڭ ئۇۋىسى" دەپ ئاتىۋالغان بۇ ۋەھىملىك رېدىنىڭ تۈۋىگە كېلىشتىن قورقۇشاتتى.

ئاپتاپ چېقىپ چىم-چىم كۆرۈنگەن ئاشۇ قۇم بارخانلىرىنىڭ بېيىندا بىر تۈپ قاپاق تېرەك كۆككە بوي تارتقانىدى. ئۇنىڭ باراقسان شاخلىرى قۇشلارغا قونداق بولسا، تۈۋىدىكى سايىسى يولۇچىلارغا ئارامگاھ ئىدى.

يېقىندىن بېرى بۇ يەردە جەندە-كۇلاھ كىيگەن بىر دەردمەن بوۋاي پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ سەدىقە تىلىمەيتتى، سايىدا ئولتۇرۇپ ساتار چالاتـ

تى. كىشىلەر ئۇلىشىپ ئۇنىڭ مۇڭلۇق نەغمىسىنى تىڭشايتتى. ناماز ۋاقتى بولغاندا ئەزان ئاۋازىنى ئىشىتىپ ئاستا ئورنىدىن تۇرغان بوۋاي ساتارىنى كۆتۈرۈپ ئىبتىكاپخانىغا كىرىپ كېتەتتى. نام-نەسەبىنى بىلگەچكىمۇ كىشىلەر ئۇنى ئالاھىدە ھۆرمەت قىلاتتى. بۈگۈنمۇ بوۋاي ھەر كۈنكى ئادىتى بويىچە تېرەككە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ساتار چېلىشقا باشلىدى. ئۇ كامانچىنى ساتارنىڭ تارلىرىغا ھەر قېتىم سۈركىگەندە چاڭ-توزان قونۇپ توپا رەڭ بولۇپ قالغان ئاق ساقاللىرى تىترەپ، ئۆسكىلەڭ قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى ئۇيقىسىزلىق-تىن قىزىرىپ قالغان كۆزلىرى مىسكىن تۈس ئالاتتى.

يۇمشاق ۋە سىلىق ئۇرۇلغان كامانچىدىن چىققان ئاۋازغا تەڭكەش قىلىنغان مۇڭلۇق غەزەل كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارلىرىنى چېكەتتى. بايا مۇقام باشلىنىش بىلەن تەڭ بىردىن-ئىككىدىن كېلىپ ئۇنىڭ ئەتراپىنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان نامرات دېھقانلار، چار بازارچى سودىگەرلەر، ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ توختاپ قالغان يولۇچىلار بوۋايدىن كۆز ئۈزۈشمەي سېھىرلىك مۇقامنىڭ دولقۇنلىغان ساداسىغا غەرق بولۇشقانىدى. ئۇلارنىڭ دەرد-ھەسرەتلىرى بايان قىلىنىۋاتقاندەك ئېغىر ئۇھ تارتىشاتتى. بوۋاينىڭ يىغانى تۇتقانىدى. ئۇ «ناۋا» مۇقامىنىڭ داستان، غەزەللىرىنى شۇنداق لەرزان ئاھاڭدا ئوقۇيدى-كى، كىشىلەرگە قەبرىلەر سىلكىنىپ، يۇلغۇن-توغراقلار كۆمتۈرۈلۈپ كېتى-ۋاتقاندەك، كۆكتە ھارارەت چېچىپ چاقناپ تۇرغان قۇياشمۇ ئېرىپ ئېقىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلماقتا ئىدى.

بەلا دەشتى ئارا مەجنۇن مېنىڭدەك كۆرمەمىش دەۋران،
قۇيۇندەك ھەر زامان بىر كۆرمىگەن ۋادىدا سەرگەردان.

نى قايغۇ-مالالىمغا ئوقۇبەت دەشتىدەك غايەت،
نى سەۋدايۇ جۇنۇنىمغا مالامەت بەھرىدەك پايان.

كېچەم نۇرسىز، ئۆزۈم ئاغرىق ئىچىم غەمناكۇ باغرىم چاك،
تىلىم لالۇ، تېنىم ھالسىز، ئىشىم ئاھ، كۆزدە ياشىم قان.

زەئىپلىك دەردۇ، غەم-تەشۋىش جاپا چەكمەك ماڭا ئادەت،
ئۆزۈم بىر خارۇ-سەرگەردان، قەتلى خەنجىرى ھىجران.

پىغانىمدىن پەلەك غەمكىن، پىشىمدىن بۇ جاھان رەڭگىن،
نى دەردىم ئوتىغا تەسكىن، نى ھەجرىم دەردىگە دەرمان.

بېشىم غەم تاشىدىن پارە، تېنىم ھىجر ئوقىدىن يارا،
كۆڭۈل بۇ پارەغە چارە تاپارغا تاپمايىن ئىمكان.

... ...

بوۋاينىڭ ياش سىرغىپ تۇرغان كۆزلىرى چەتتە قاراپ تۇرغان بىر بالىغا چۈشتى. 12 ياشلارغا كىرگەن بۇ بالىنىڭ ئۈچىسىدا چىغ يوللۇق قارا كىمخاپ تون، بېلىدە يېشىل قارا چەكمە گۈللۈك بەلباغ، بېشىدا قاردەك ئاق يىپەك سەللە بار ئىدى. ئۇنىڭ تۇرقى مەغرۇر، نەزەرى ئويچان بولۇپ، نۇرلۇق چىرايى، بېجىرىم قەددى-قامىتىدىن ئالىي نەسەبلىك ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. قارا كۆزلىرى ئۆتكۈرلۈكتە توشقانغا قادالغان قارچىغىنىڭ كۆزلىرىدەك چاقناپ كەتكەنىدى.ئۇنىڭ قولتۇقىغا كىتابلار سېلىنغان مەخ-

مەل جىلىت قىستۇرۇلغانىدى. ئېھتىمال ئۇ خانلىق مەدرىسىنىڭ تالىپلىرىدىن بولسا كېرەك. ئۇ مۇقامنى پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ تىڭشايتتى. بوۋاي تەئەججۇپ ئىلكىدە بالىغا قارىغىنىچە مۇقامنى ئەۋجىگە كۆتۈردى:

ساپالى پىقىر جامىن ئال جاھان نەقدىن بېرىپ گەرچە،
كىشى جەمشىت جامىن ساتقۇن ئالمايدۇ باھا ئەيلەپ.
كۆڭۈلكىم روزىگارىمنى قارار تېپىپ بولدى ئاۋارە،
تېپىلسا تەزدۇرەي دەۋران ئارا يۈزىن قارا ئەيلەپ.

... ...

مۇقام ئاخىرلىشىپ، بوۋاينىڭ ئېتىكىگە ھەر كۈندىكىدەك قەغەز پۇل-لار، مىس يارماقلار، كۈمۈش تەڭگىلەر تاشلاندى. ھېلىقى بالا سەل ئېگىلىپ پارقىراپ تۇرغان ئىككى تىللانى بوۋاينىڭ ئېتىكىگە قويدى. بالىنىڭ بۇ مەردلىكىدىن ھەيران قالغان بوۋاي ئۇنىڭ نۇرلىنىپ تۇرغان كەڭ پېشانىسىگە مېھرى بىلەن سۆيدى ۋە كۆپچىلىككە قاراپ تەۋەززۇ بىلەن بېشىنى ئەگدى.

— ئاللانىڭ ئىرادىسى، جامائەت ئىلتىپاتى پېقىرنى نەزىر-چىراقتىن بىھاجەت قىلغان، ساتار چېلىپ، مۇقام ئوقۇپ ئەھلى دەردمەن كۆڭلىنى ئېلىشقا بۇيرۇغان. ئاشىق ئۆز ئىشقى بىلەن بى نىيازدۇر. پۇل، ئالتۇن-كۈ-مۈش ئەلەم تىغى بىلەن تىلىنىپ ھەسرەت دەرياسىغا غەرق بولغان كۆڭلۈم-نى خۇرسەن قىلالمايدۇ. ماڭا بىرنەچچە تەڭگە بولسىلا يېتىدۇ.

بوۋاي ئېتىكىدىكى قەغەز پۇل-تەڭگىلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى جۇل-جۇل كىيىملىك غېرىب-مىسكىن ساھىللارغا ئۈلەشتۈرۈپ بەردى. ھېلىقى

بالا بەرگەن ئىككى تىللانىڭ بىرىنى يەتتە-سەككىز ياشلىق يىرىم يالىڭاچ بىر ئوغۇل بالا يېتىلىۋالغان ئەما چالغا، بىرىنى ئىككى پۇتى ناكا —تىزلىنىپ ماڭىدىغان توكۇر يىگىتكە بەردى.

— بارىكاللا، — دېيىشتى كۆپچىلىك ئۇنىڭ ھىممىتىگە.

— خۇدا مۇرادىڭغا يەتكۈزسۇن.

— ئىككىلا دۇنيادا ئېزىز قىلسۇن، — دېدى غېرىبلار.

بوۋاي كىشىلەرگە خوش ئېيتىپ ساتارىنى كۆتۈرگىنىچە ئېتىكاپخانىغا قاراپ ماڭدى ۋە ھېلىقى بالىنىڭ ئۆزىگە سوڭدىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ توختىدى:

— مەرھابا ئوغلۇم، — دېدى ئۇ ھۆرمەت بىلەن تىكىلگەن بالىغا ئىللىق نەزەر تاشلاپ، — كەينىمدىن كېلىشىڭدە بائىس نېمىدۇر؟

تەمتىرىمەي، ئىككىلەنمەي جاۋاب بەردى بالا:

— خىسلەتلىك مۇقام-ناۋالىرى كۆڭلۈمنى تارتىپ، زوقۇمنى قوزغىدى، كوي-ناۋالار ھەققىدە ئۆزلىرىدىن تەلىم ئالسام دەيمەن.

— ماشائاللا، مۇبارەك ئاتىڭ نېمىدۇر ئوغلۇم؟

— ئابدۇلرەشىد.

— ئابدۇلرەشىد؟ كىمنىڭ ئوغلىسەن؟

— سۇلتان سەئىدخاننىڭ.

— بارىكاللا! شاھزادەم ئىكەنسەنغۇ. مۇغەننىلەر ئىسمى-شەرىپىڭنى، ئارزۇ-ھەۋەسلىرىڭنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي تەۋسىپ قىلىشىدۇ. ئىلىم-ھېكمەت، جەڭبازلىق، چەۋەندازلىقتىمۇ كامالەتكە يېتىشنى مەقسەت قىلىپ پىداكارلىق بىلەن تىرىشىۋېتىپسەن. ئىنشائاللا، قەلەم ۋە ئەلەم تۇتقان قوللىرىڭدا جىق ئىشلار نۇسرەت تاپقۇسىدۇر. خۇدا رەھمەت قىلغاي ئوغلۇم.

— ئىنشائاللاھ، قۇللۇق بوۋا ... مەن تېخى مەجلىسلەردە تەۋسىپلە-

نىشقا، تىللادا تەرىپلىنىشكە لايىق ئەمەسمەن، ئۆگىنىپ بىلىم تەھسىل قىلىشنى، ئەل-يۇرتنى ياۋدىن قوغداش ئۈچۈن جەڭبازلىق، سەربازلىق ئىشلىرىدا زامانىنىڭ مەرد-مەردانىلىرىدىن بولۇشنى ئارزۇ قىلغۇچى گۆدەك-مەن. مۇغەننىلەرنى ئۇستاز تۇتۇپ مۇقامغا ئىشق باغلىغان بىر ھەۋەسكار-مەن. قاچانكى سىلى بۇ يەردە پەيدا بولغاندىن تارتىپ بۇ دەشتۇ چۆللەرنى چالغان ساتارلىرى لەرزىگە كەلتۈرۈپتۇ. ئىپتىقان مۇقاملىرى جىمى ئەلنى مەھلىيا ئەيلەپتۇ. پىقىر گۆدەك بولسامۇ خېلىدىن بېرى قايىل بولۇپ ئۆزلىرىنى غايىبانە ئۇستاز تۇتۇپ كەلگەنىدىم. بۈگۈن يارانقۇچى ئىگىمىز ئۆزلىرى بىلەن تونۇشتۇردى. نام-شېرىپلىرىنى بىلىش مەن ئۈچۈن شەرەپ ۋە پەخىرلىكتۇر.

شاھزادە سۆزدىن توختاپ ئىككى قولنى كۆكسىگە قويدى.

— ئىلگىرى خالايىق پىقىرنى خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى دېگەن نالايىق ئىسىم بىلەن ئاتىشاتتى، — دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇش ئەمەس، ئۆتمۈشنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن سۆز ئاچتى بوۋاي ئېغىر خۇرسىنىپ، — بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە مېنى "مۇقامچى، جاھان كېزەر سازەندە" دېيىشىدىغان بولدى. بۇ ماڭا بەك مۇناسىپ نام. ئەگەر: "زالىم بەگ، قانخور ئەمىر" دېگەندەكناملار بىلەن ئاتىسا يارانقۇچىم ئاللاغا قانداقمۇ جاۋاب بىرەلەيتتىم؟ رەئىيەتكە قانداقمۇ يۈز كېلەلەيتتىم؟ ئاللادىن مىننەتدارمەنكى، مېنى ئاۋام ئۇنداق بىزار ناملاردىن ساقلىدى. ئەمما بەزىلەر مېنى:"جەدىت" ، "ئەيش-ئىشرەتچى" ، "دىنسىز" دېگەن ناملار بىلەن ئەيىبلەپ، كۆزدىن يوقاتماقچى بولغانلىقى راست. بەنىلا پىقىرنى ئۆزىگە شەك-شۈبھىسىز ئىمان كەلتۈرگۈچى، قۇللۇق قىلغۇچىلار قاتارىدا ئامان-ئېسەن ساقلاپ كېلىۋاتقان ئاللا قوللىرىمنى ساتاردىن، تىلىمنى مۇقامدىن ئايىرماي زاتىمنى نۇرلاندۇر-دى. شاھزادەم، ئەگەر پىقىردىن بەزى ئىبرەتلىك ساۋاقلارنى ئاڭلاشنى ئىستەد-

سەك كۆلبەمگە مەرھەمەت قىلغىن.

شاھزادە ئابدۇلرەشىد ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ، سەل مۈكچەيگەن قامەتـلىك بوۋاي خوجا مۇھەممەد سەرۋەرنىڭ كەينىدىن قەدەم تاشلىدى.

— شاھزادەم، يالغۇزلۇق مالاللىق ئېلىپ كەلمىگەي دەپ ئەندىشە قىلىۋاتىمەن. شەھەر سىرتىغا يالغۇز چىققان بولساڭ، بۇ — باتۇرلۇقتىن ئەمەس، — دېدى خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى كەينىگە قاراپ.

— يوغسۇ تەقسىر، مەدرىستىكى بىر كۆڭلۈك ئوقۇشۇمنى ئاياغلاشتۇرۇپ بۇ يەرگە كېلىشىم. كىشىگە زىيان يەتكۈزمىگەن بەندىسىنى ئاللا ساقلايدۇ. ئەندىشە قىلمىغايلا.

شاھزادىنىڭ جاۋابىدىن مەمنۇن بولغان خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى ئۇنى ئېتىكاپخانىلارنىڭ كەينىدىكى قۇملۇق دۆڭدە چوقچىيىپ تۇرغان كىچىك گۈمبەز ئىچىگە باشلاپ كىردى.

— بۇ مېنىڭ بۇ دۇنيادىكى ھاياتلىق كۆلبەم، شۇنداقلا ئۇ دۇنيالىق ئارامگاھىم. مەرھەمەت قىلغىن شاھزادەم، — دېدى پاخال ئۈستىگە سېلىنـغان قوي تېرىسىنى كۆرسىتىپ.

ئابدۇلرەشىد مەدرىستىكى ئۇستازىنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغاندەك قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈردى:

— ئاللا سالامەتلىك ئاتا قىلسۇن ئۇستاز.

— كامال تاپقىن شاھزادەم.

خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى ياغاچ ئاياغتىكى قېتىقتىن ساپال ناۋاققا بىر ئاز تۆكۈپ، قوم چۆگۈندىكى مۇزدەك سۇنى قويۇپ دوغ قىلىپ شاھزادىگە تۇتتى.

— چاڭقىغىنىنى قاندۇرغاندەك ئىلىمگە تەشنا كۆڭلۈمنى ھەم قاندۇرۇشقا نېسىپ قىلسۇن ئاللا.

ئارتۇقچە تەكەللۇپنىڭ ھاجەت ئەمەسلىكىنى سەزگەن خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى سۆز ئاچتى:

— ئۆز قان-تەرىمدىن كەلمىگەن، كىشىلەرگە مەنسۇپ بولغان پۇل-مالنى ئۆزۈمگە ھارام سانايمەن شاھزادەم، مېنىڭ قىممەتلىك بايلىقىم — كىشىگە ھۇزۇر-ئىلھام، غەيرەت-كۈچ بەخش ئەتكۈچى مۇقامدۇر. دىيارىمىدىكى ئىلىم ئاشنالىرى، مۇقامنى سۆيگۈچى، مۇقامغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىشتىياق باغلاپ قەدىرلىگۈچىلەر — مېنىڭ قولداشلىرىمدۇر. بۇ غېرىب كۆلبەم ئۇلار بىلەن ئاۋاتتۇر. پىقىر مۇشۇ سەۋەبتىن ھايات، — خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى تاۋاقتىكى دوغدىن بىر ئوتلاپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مەن ياشىنىپ قالدىم، دۇنيانىڭ ھەممە ھۇزۇر-ھالاۋەتلىرىنى، رەنجى-مېھنەتلىرىنى، راھەت-جاپالىرىنى كۆردۈم. مال-دۇنيا نېمە؟ ۋەج-ئوقەت نېمە؟ باياشاتلىق نېمە؟ يوقسۇزلۇق نېمە؟ ھەممىنى تېتىدىم، بىلدىم. ۋاپاسىزلىق، ئازاب-ئوقۇبەتلەر ماڭا دۇنيا مەئىشەتلىرىگە ئالدانماسلىقنى، كۆڭۈلنى پاك، تەننى دۇرۇس تۇتۇشنى ئۆگەتتى. شاھزادەم، مەن ئۆز ۋاقتىدا بوۋاڭ سۇلتان ئەھمەدخانغا ئوردا ۋەزىرى بولغانىدىم. سۇلتان ئەھمەدخان مېنى ئۆز ئىنىسىدەك ياخشى كۆرەتتى، ماڭا ئىشىنەتتى، ئوردىنىڭ ھەممە ئىمتىيازلىرىدىن بەھرىمەن بولغانىدىم. دەرىخ ... پەلەك تەتۈر چۆرگىلەپ مىرزا ئابابەكرى تەختكە چىقتى، ئۇ مېنى ھەممىدىن مەھرۇم قىلدى، ھەتتا بالا-چاقىلىرىمدىنمۇ ئايرىپ سەرسان-سەرگەردان قىلىۋەتتى. قولۇمدا مۇشۇ ساتار بىلەن كامانچىدىن باشقا نەرسەم قالمىدى. بۇلار ئازابلىق كۆڭلىرىمدىكى خۇشلىقىم، مەن بۇلارنى ھەرگىز تاشلىمايمەن، ئۆزگىلەرگە تارتقۇزۇپ قويمايمەن. ماڭا ئۇنىڭسىز مال دۇنيا، ھۇرلۇك نېسىپ بولماس. شاھزادەم، ئەل-يۇرتقا ئايان بولسۇنكى، ماڭا ئالتە كۆڭلۈك ئۆمرۈمدىكى راھەت — ئۆز ئەجرىمدىن كېلىدىغان سەمىمىي ئىخلاس ۋە ساداقەت-

تۇر. ئاۋازىم ئەل-رەئىيەتنىڭ ساداسىغا تەڭكەش، ساز-مۇقاملىرىم دىيارىم-نىڭ ھۆسنى ۋە قۇدرىتى بىلەن مەنىداشتۇر.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان بالىنىڭ ئاۋۋال قارا كۆزلىرى چوڭ ئېچىلىپ، ئاندىن قوشۇمىسى سەل تۈرۈلدى. ھاياجاندىن ئۆزىنى باسالماي ئورنىدىن دەس تۇردى-دە، كۆز ياشلىرىنى ئېرتىۋاتقان خوجا مۇھەممەد سەرۋەرنىڭ قوللىرىنى تۇتتى:

— ھۆرمەتلىك ئۇستاز، مەن بۇ دىيارغا كەلگىلى ئانچە ئۇزۇن بولمىدى. دادام سۇلتان سەئىدخان بىلەن بىللە كابۇلدىن — مىرزا شاھ بابۇر ئالدىدىن لەشكەر تارتىپ بۇ ئانا دىيارغا كېلىپ مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئەلگە سالغان زۇلمىنى دەپئى قىلدۇق، دادام پادىشاھ بولۇپ ئەل ئىمىن تاپتى. دەسلەپكى قېتىم بايىقى تېرەك تۈۋىدە جانابلىرىنىڭ خۇش ئاۋازىنى ئاڭلاپ مۇقام ئۆگىنىش ئىشتىياقىم ھەسسىلەپ كۈچەيدى. نام-شەرىپلىرىنى بىلگۇم، دانا پىكىرلىرىنى ئاڭلىغۇم كەلدى. بىراق ئۇ چاغلاردا پېقىرنىڭ سىلى بىلەن يۈزتۇرانە سۆزلىشىشى مۇمكىنچىلىكتىن يىراق ئىدى. ئەمدى-لىكتە بولسا ئەل تىنچىپ پۇرسەت تۇغۇلدى، مەن خانلىق مەدرىستە ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇم. پۇرسەت بولسىلا تېرەك تۈۋىگە كېلىپ ئۆزلىرى بىلەن دىدار كۆرۈشۈپ مۇقام ئاڭلىدىم. خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ھازىر بىلىپ تۇرۇپتىمەنكى، مەن بىر ئاقىل ۋە خالىس ئۇستازغا يېتىشىپتى-مەن. شاگىرتلىرىنىڭ ھۆرمىتىنى قوبۇل قىلغايلا.

خوجا مۇھەممەد سەرۋەرنىڭ تېخى يېشى كىچىك بولسىمۇ تۇرقىدىن مەردانىلىق چىقىپ تۇرغان، گەپ-سۆزلىرى ئورۇنلۇق، مىجەزى ئوچۇق، چېچەن، خۇش پىچىم شاھزادىگە ھەۋىسى كەلدى. ئىچىدە تەھسىن-ئاپىرىن-لار ئېيتتى. بېشىنى سىلاپ جايىدا ئولتۇرغۇزدى.

— راھەت-دۆلەت كۆرگەنلىكىدىن ئەمەس، سەممىي، سادىق ئۇلپەت-

ـكه يەتكەنلىكىدىن غەيرەتكە كەلگەن ئىنسان مۇرادقا يېتەلەيدۇ. شۈكرى بالام، ئاللا ساڭا ئوخشاش بىر شاھ ئوغلىغا مەندەك بىر ئاجىز-پېقىرنى ئۇستاز تۇتۇشقا نېسىپ قىلىپتۇ. ماڭا بۇنىڭدىن ئارتۇق دۆلەت كېرەك ئەمەس، — سەرۋەرى ياغاق قوللىرىنى شاھزادىنىڭ مۈرىسىگە قويىدى، — سىنىڭ قەددى-قامىتىڭدىن بوۋىلىرىڭ يۇنۇسخان، ئەھمەدخانلارنىڭ سىما-سىنى كۆرۈۋاتىمەن. بىلەمسەنكى، ئاتاڭ سۇلتان سەئىدخانىنىڭمۇ ئادالەت ۋە شاپائەت بابىدا مەرھۇم چوڭ بوۋاڭدەك رەئىيەتپەرۋەر، كۆكسى قارنى كەڭ شاھ ئىكەنلىكى پۈتۈن موغۇلىستان ۋە ماۋارائۇننەھرگە ئايان بولماقتا. ئەل غېمىدە بولۇش — ھەممىلا شاھلارنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ. شاھلار ئۈچۈن ئېيتقاندا ئادىللىق ۋە دانالىق ھەممىدىن ئەۋزەلدۇر.

— مەرھۇم چوڭ بوۋام يۇنۇسخاننى كۆرۈش ماڭا نېسىپ بولماپتىد-كەن، — سۆز قاتتى ئابدۇلرەشىد جايىدىن بىرئاز قوزغىلىپ قويۇپ.

— ئارى شاھزادەم، — سەرۋەرى ئۇنىڭغا چۆمگەن ھالدا گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — باھادىر ئاتاڭ سۇلتان سەئىدخان سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ئوغلى، بۇنى بىلىسەن، سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ئاتىسى بولسا بايا مۇبارەك نامى تىلىمدا جارى بولغان پادىشاھ يۇنۇسخاندۇر. يۇنۇسخاننىڭ ئاتىسى ئۇۋەيسخان، ئۇنىڭ ئاتىسى شىرئەلىخان، ئۇنىڭ ئاتىسى مۇھەممەدخان، ئۇنىڭ ئاتىسى خىزىر خوجاخان، ئۇنىڭ ئاتىسى ئىسەن بۇغاخان، ئۇنىڭ ئاتىسى دوۋاخان، ئۇنىڭ ئاتىسى بۇراقخان، ئۇنىڭ ئاتىسى يىسۇن تەۋا، ئۇنىڭ ئاتىسى مەۋا تۇگان، ئۇنىڭ ئاتىسى چاغىتايخان، ئۇنىڭ ئاتىسى چىڭگىزخان بولۇپ، يەتتە ئىقلىمنى سورىغاندۇر. زىنھار ئۇنتۇماسلىق لازىم-كى، نەسەبنى بىلىش ئۆز قەدىر-قىممىتىنى بىلىپ ياشاش ئۈچۈن ئالدىنقى شەرتتۇر. نەسەبنى بىلگەن كىشى ئۆزىنى، باشقىلارنى بىلەلەيدۇ. ئۆزىنى بىلگەن كىشى ئەل-يۇرتنى سورىيالايدۇ. شاھزادەم، سەن شۇنداق ئۇستۈن

نەسەبلىككى، ئالىي ھىممەتلىك بولۇشۇڭ زۆرۈر.

— ئۇستازىم، نەسەبەتلىرىڭىزنى ئېسىمدە ساقلايمەن. ھۆرمەتكە سازاۋەر بوۋىلىرىم توغرۇلۇق ئوبدان بىلىدىكەنلا، بۇ توغرىدا ئوردىدىكى ئۇستازلار-دىن كۆپ ئاڭلىغان بولسامۇ، كۆڭلۈم قانائەت تاپمىدى. ئۇلار سەلتەنەت تەختىگە قانداق چىققان؟ قانداق يۈرۈشلەردە بولغان؟ بۇنى بىلگۈم كېلىدۇ. ئۆزلىرىدىن ھەم ئاڭلىسام دەيمەن.

— بالام، يەنىلا شاھزادىسەن-دە، بايا مۇقام ئۆگىنىشكە كىرىشكەنلىكىڭنى ئېيتقانىدىڭ، ئەمدى شۆھرەتلىك ئاتا-بوۋىلىرىڭنىڭ تارىخىنى بىلىشكە ئالدىراۋاتىسەنغۇ!

— شۇنداق ئۇستازىم، تاجۇ-سەلتەنەتكە بولغان ئىنتىلىشىم قىلىچقا مېھرىمنى چۈشۈرگەن بولسا، مۇسىقىغا بولغان ھەۋىسىم مۇقامغا ئىشتىياق باغلاتقۇزغاندۇر. بۇ گۇناھمۇ؟

— ئەسلا، — دېدى خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى توغرا جاۋاب كۈتۈپ جىددىيلەشكەن شاھزادىنىڭ مەنتىقىسىگە قايىل بولۇپ، — ئۆز نەپسىنى دەپلا قان تۆكۈش ئۈچۈن قىلىچ كۆتۈرۈش، شەھۋانىي، چاكىنا ھەۋەسنى قاندۇرۇش ئۈچۈن مۇسىقىغا بېرىلىش — بۇ گۇناھ ... تېخى كىچىكسەن بالام. ئارزۇيۇڭنى چۈشەندىم، سۆزلەپ بېرەي، شۆھرەتلىك چوڭ بوۋاڭ سۇلتان يۇنۇسخان ئالىم، ئادىل پادىشاھ ئىدى ... پۇقرالارنىڭ غېمىنى يەيتتى. موغۇلىستان ـ ماۋارائۇننەھردىكى سۇلتان-پادىشاھلار ئىچىدە ئەڭ ھۆرمەتلىك ئىدى. بوۋاڭ سۇلتان ئەھمەدخان بولسا ئاق كۆڭۈل، ئەمما بىغەم كىشى ئىدى، ئۇ غەپلەت قوينىدا قالغانلىقى سەۋەبلىك تاجۇ-تەختىنى تارتقۇزۇپ قويۇپ ئەلەم چەككەن. پېقىر بۇ توغرىلىقمۇ سۆزلەپ بېرەي. ھەممىدىن بىلىش زۆرۈر بولغىنى — باھادىر ئاتاڭ سۇلتان سەئىدخاننىڭ مىرزا ئابابەكرى خاننى مەغلۇپ قىلىپ، سەئىدىيە خانلىقىنى قانداق بەرپا

قىلغانلىقى توغرىسىدىكى تارىختۇر. بۇ ئىشلارنىڭ بەزىلىرىنى بىلسەڭمۇ، كۆپ قىسمىنى بىلمەسلىكىڭ مۇمكىن.

— شۇنداق، ئۇستازىم، بۇ تارىخنى سۆزلەپ بەرگەن بولسىلا ... ئۇنى بىلىۋالسام، مۇقامنى تېخىمۇ زور ئىشەنچ-ئۈمىد بىلەن ئۆگىنىشكە باشلايمەن، — دېدى شاھزادە تەقەززا بولۇپ.

پېتىشقا نەيزە بويى قالغان كۈننىڭ نۇرلىرى قۇم بارخانلىرىنى قىزغۇچ رەڭگە كىرگۈزگەندى. يازنىڭ سەلكىن شامىلى گۇمبەز ئەتراپىدىكى يۇلغۇن، كۆك تىكەنلەرگە ئۇرۇلۇپ، گۇمبەزنىڭ ئېغىز-يوچۇقلىرىدىن غۇرۇلداپ كىرىپ، خوجا مۇھەممەد سەرۋەرنىڭ تېنىگە راھەت بېغىشلىدى. ئۇ دىققەت نەزەرىنى ئۆزىگە تىكىپ ئولتۇرغان شاھزادىگە قاراپ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇش تارىخىنى سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ياركەنتتىن ئاقسۇغا چېكىنگەن كۈنلىرىدىن باشلىدى ...



# بىرىنچى باب

# تۆندىكى سۈيىقەست

## 1

تېخى قۇياش پاتمىغانىدى.

زەرەپشان دەرياسى دولقۇنلىنىپ ئاقماقتا. بۇلۇت بېسىپ كېلىۋاتقان ئۇپۇقتىن زەردەك چېچىلغان كەچكى شەپەق چايقىلىپ ئېقىۋاتقان سۇغا سۇس جۇلا تاشلاپ بەجايىكى قان داغلىرىنى ھاسىل قىلغانىدى. دەريانىڭ باش تەرىپىدىن گاھ ئۆرلەپ، گاھ پەسلەپ كېلىۋاتقان كېمە قىرغاققا يېقىنلاشتى. بۇلۇت ئۇپۇق يۈزىنى قاپلاپ، ئولتۇرۇشقا ئازلا قالغان قۇياشنى توستى. سۇ ئۈستىدە، قىيالاردا، يېشىل ياپراقلاردا چاقناپ تۇرغان شەپەق بىردىنلا ئۆچۈپ گوگۇم چۈشتى. كېمە قۇمساز يەرگە تىرىلىپ توختىدى. پالاق ئۇرۇپ كەلگەن كېمىچىلەر ھارغىنىغا قارىماي دەس تۇرۇشۇپ، كېمە-نىڭ توم ئارقانلىرىنى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئۇچلۇق خادا تاشقا باغلاشتى. ئاندىن ئۇلار سۇ چاچراپ ھۆل بولۇپ كەتكەن تونچە كۆينەكلىرىنىڭ ئۈستىدىن باغلىۋالغان بەلباغلىرىنىڭ ئۇچى بىلەن يۈز-كۆزلىرىنى سۈرتۈپ

بولۇپ، ھۆرمەت بىلەن قول باغلاپ تۇرۇشتى. ئۈچ ئادەم ئاتلىرىنى يېتىلىگەن ھالدا كېمىدىن چۈشۈشتى. قول باغلاپ تۇرغانلاردىن ئۈچەيلەن ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنى شاخلىرى قۇرۇپ كەتكەن توغراققا باغلاپ قويۇشتى. ئۇلار ئىچىدىكى قارا ساقلى ئۆزىگە سالاپەت بەرگەن، بۇغداي ئۆڭ، بويلۇقراق كەلگىنى سۇلتان ئەھمەدخان ئىدى. ئۇ ئادىتى بويىچە بۇ نۆۋەتمۇ شىكارغا ساۋۇت، دوبۇلغا كىيىپ چىققانىدى.

— نامازنى قازا قىلىش دۇرۇس ئەمەس. شامنى دەريا بويىدا ئوقۇۋېلىپ ئاندىن يانايلى، — دېدى سۇلتان بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا قوللىرىنى كېرىپ. دوبۇلغىسىنىڭ پېشانە تەرىپىگە قويۇلغان گۆھەر گويا يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇراتتى.

— خوپ شاھىم، — دېدى 40 ياشلار چامىسىدىكى قېنىق قارا قاشلىق ئەلى سەردار تەمبەل بەستىنى سەل ئېگىپ. نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ چىرايى سەل تۇتۇق ئىدى. ئەمدىلا 20 ياشلارغا كىرگەن ئوردا شائىرى ئايازى ئىككى مىسرا بېيىت ئوقىدى:

ئەجەب خۇش جاي ئىكەن شاھىم، تائەت-ئىبادەت قىلغۇدەك،
كېچە-كۈندۈز دېمەي سەگەك بولۇپ تىلاۋەت قىلغۇدەك.

سۇلتان ئەھمەدخان باش لىڭشىتىپ كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، يىراقراقتىكى توغراقلىق دالىدىسىغا بېرىپ ھاجەتكە ئولتۇردى.

ئوردىغا تېزرەك قايتىش كويىدا ئالدىرىۋاتقان ئەلى سەردار ساقلىنى بىر سىيپاپ قويۇپ، دەريا بويىغا تاھارەت ئېلىشقا كەتتى. شائىر ئايازى گۈزەل كەچ مەنزىرىسىگە ماسلاشمىغان سۈر بۇلۇتلارغا نارازى بولغاندەك كۆز يۈگۈرتتى-دە، ئۇمۇ ئالدىرىماي بېرىپ تاھارەت ئېلىشقا تۇتۇندى. سۇلتان ئەھمەدخان تاھارەت ئېلىپ قاشقا چىققاندا زەر چۇچۇلۇق يىپەك جەينماز تاقىر يەرگە سېلىپ قويۇلغانىدى.

— ئاللاھۇئەكبەر، ئاللاھۇئەكبەر...

ئەلى سەردار لەرزان ئاۋاز بىلەن ئەزان ئېيتىپ، تەكبىر ئوقۇدى.

شارقىراپ ئېقىۋاتقان دەريانى سىپاپ ئۆتكەن سەلكىن شامال ئاتلارنىڭ يايلىلىرىنى ئۇچۇرۇپ ئوينىاپ، يۇلغۇنلارنىڭ قىزغۇچ شاخلىرىنى شىلدىرلى-تاتتى. يىراقتىن ئىتلارنىڭ قاۋىغان ئاۋازىمۇ ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

پۈتۈن ئىس-يادى بىلەن نامازغا بېرىلگەن سۇلتاننىڭ قۇلىقىغا سەھرا كېچىسىنى كۆيلەۋاتقان پاقىلارنىڭ كۇرۇلداشلىرىمۇ كىرمىدى.

سۇلتان ئەھمەدخان دۇئادىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ گەپ-سۆز قىلمايلا ئاتقا مىندى ۋە قامچا ئۇرۇپ، چاپقىنىچە تېز يۈرۈپ كەتتى. ئالدىراپ قالغان ئەلى سەردار ئىگەرنىڭ ئىككى يېنىغا غانجۇغىلانغان بىر جۈپ قىرغاۋۇلغا پۇتلىرىنى تەگكۈزمەي مىنمەكچى بولۇپ پۇتىنى ئۈزەڭگىگە قويۇ-شى بىلەن شاش جەدە بىرئاز ئۈركىگەندەك بولۇپ يۈگۈرۈپ كېتىپ، يىقىلىپ كەتكىلى تاس قالدى. ئايازىمۇ كەكلىك، قىرغاۋۇل، بۆدىنە قاتارلىق ئوۋلانغان قۇشلار غانجۇغىلانغان تورۇققا چەبدەسلىك بىلەن مىنىپ كەينى-دىن چېپىپ كەتتى.

سۇلتان ئەھمەدخان ھەر قاچان شىكاردىن يانغاندا توختاپ ئارام ئېلىپ، ياركەنت شەھىرىگە نەزەر سالىدىغان تۆپىلىككە چىقىپ ئاتتىن چۈشتى. ئۇ كۆكۈم قويىدا غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان شەھەردىكى مەسچىت، مەدرىسلەرنىڭ ھەل بېرىلگەن كاھىشلىق گۈمبەز-مۇنارلىرىغا، قەندىل-چى-راغلار يېقىلىپ كەتكەن ئوردا-قەسىرلىرىگە، چاھارباغدىكى دەل-دەرەخلەر ئارىسىدىكى كۆركەم راۋاقلارغا قاراپ ئىككى مىسرا شېئىر ئوقىدى:

سەۋرە كۆڭۈل رەنجىگە نەپ بەرمىسە،
ئۇندىن ئۆزگە ھېچ دەرمان يوقتۇر ماڭا.

— مۇبارەك، مۇبارەك ھۆرمەتلىك شاھىم، — دېدى ئايازى خان ئاغزىدىن تۇنجى قېتىم ئاڭلىغان مىسرالارنىڭ مەنىسىگە يېتىپ، ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئالغان ھالدا، — بۇ بىباھا مىسرالار چاڭقىغان چاغدا سۇنۇلغان مەيدەك پىقىرغا ئىلھام بەخش ئەتتى.

تېزرەك قايتىش خىيالىدا بىئارام بولۇپ تۇرغان ئەلى سەردار ئېغىز

ئاچماستىن قاپقىنى تۇردى.

— مەن شائىر ئەمەس، — دېدى سۇلتان تۇز كۆڭۈللۈك بىلەن غەيرەت-شىجائىتى ئۇرغۇپ تۇرغان ئاۋازىغا، — ئەمما شېئىر-نەزمىگە ئىشتىياقىم بار. سىزدەك شائىرلارنىڭ كۆڭلۈمگە ياققان شېئىرلىرىنى يادلىۋالدىمەن. قېنى، ئەمدى سىزدىن ئاڭلايلى.

ھېس تۇيغۇلىرى بولاقتەك ئۇرغۇپ تۇرغان ئاۋازى بىرئاز ئۈزۈلۈپ تۇرۇپ، بۇ نەزمىنى ئوقىدى:

پۈتەر تەدبىر بىرلە ئىشلار سەراسەر،
قىلالماس ئۇ ئىشنى بىھېساب لەشكەر.
بىرەر شەمشەر ئەسلى ئۈچ باشقا بەرھەم،
لېكىن پەم بىرلە قولغا كەلگەي ئالەم.

سۇلتانغا بۇ نەزملەر ياقتى. ئۇ ئاۋازىغا بارىكاللا ئېيتتى. نېمە ئۈچۈندۇر يۈرىكى ئېغىپ تۇرغان ئەلى سەردار تاقىتى تاق بولغان ھالدا:

— كەرەملىك سۇلتان، كەچ بولۇپ كەتتى. خۇپتەن نامىزىغىچە ئوردىغا بېرىۋالساق خاتىرجەم بولاتتۇق، — دېيىلا سۆزدىن توختىدى. ئېھتىمال شىكار قىلىپ كۆڭلى ئېچىلغان پادىشاھنىڭ ئارامىنى بۇزماي دېدىمۇ، گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتمايلا خۇرسىنغان ھالدا ئېغىر تىن ئالدى.

سۇلتان ئەھمەدخان قىش-ياز دېمەستىن شىكارغا كۆپ چىقاتتى. ھەر قېتىم ئۆزىگە ئەڭ يېقىن بىلگەن بىرنەچچە كىشىنىلا ھەمراھ قىلىۋالاتتى. بۇ قېتىممۇ كۆپرەك مۇلازىم ئېلىۋېلىشقا رايى بارماي مۇشۇ ئىككىيلەننى ئېلىپ چىققانىدى.

— ئى باتۇر سەردار، "قورققانغا سايىسىمۇ قوش كۆرۈنەر" دېگەندەك، بۇ جىمجىت كېچىدىنمۇ ۋەھىمە قىلىۋاتامسىز نېمە؟ — ئۆزىنى خاتىرجەم ھېس قىلغان سۇلتان ئۇنىڭ سۆزىنى چاقچاققا ئايلاندۇردى.

— يوغسۇ شاھىم، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، — جىددىي تۇستە جاۋاب بەردى ئەلى سەردار، — شىكارغا چىققىلى بەش كۈن بولدى، بىز كۆرمىگەن جاڭگال، دەريا بويى، چۆل-دەشتلەر قالمىدى. خۇدا نۇسرەت بېرىپ كۆپ قۇش ئوۋلىدۇق، ئوۋلىغان قۇش-جەرەنلەرنى يىل بويى گۆش دىدارى كۆرمەيدىغان غېرىب دېھقانلارغا بېرىپ، ئاللانىڭ رەھمىتىگە ئىگە بولۇپ قايتتۇق. دېمەكچىمەنكى، شەھەر خەلقى ئۆزلىرىگە زىبان-زەخمەت يېتىشتىن ئەنسىرەيدۇ. ئوردىدىكى ئەمىر-ئەركانلار يولىمىزغا مۇنتەزىردۇر. ھەرەمخانىدىكىلەر دىدارلىرىغا ھەر نەپەس مۇشتاقتۇر. بىردەم بولسىمۇ بۇرۇنراق بارساق، ئۇلار مۇبارەك جامالىرىنى كۆرۈپ ئىمىن تاپقاي. ۋەھالەنكى، بەزى ھاللاردا بىر مىنۇت تەخىر قىلىش كىشىنى كۈتمىگەن زىيانلارغا ئۇچرىتىدۇ.

شۇ تاپتا سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ كۆز ئالدىغا ئۇنىڭ يولىغا مۇنتەزىر بولۇپ تۇرغان ساھىبجامال رەپىقىسى ۋە ئوغلى كېلىپ، يۈرىكى"پىژژىدە" قىلىپ قالدى. ئەمما شۇ ئان يەنە ئېسىگە ياركەنتكە كەلگەندىن بېرى ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمەت قىلىپ سىناقلاردىن ئۆتكەن ئوردا ئىشلىرىغا مەسئۇل ۋەزىرى نەزەر مىرزا چۈشۈپ، كۆڭلى تەسكىن تاپقاندەك بولۇپ، يارىشىملىق ساقىلىنى سىيپاپ قويدى. ئۇ خاتىرجەملىككە بېرىلگەن ھالدا:

— سەردار، ئېيتقان بۇ سۆزىڭىزدە ياخشى مەسلىھەت بار، بۇنى قوبۇل قىلىمەن. بىراق، بىھۇدە گۇمان، ئارتۇقچە ۋەھىمە كىشىنى كىشىدىن، شاھلارنى سادىق سىپاھلاردىن يىراقلاشتۇرىدۇ. خاۋاتىرلەنمەڭ ...، — دېدى ۋە قاراڭغۇلۇقتا چۆككەن ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ، قەدىم شەھەرگە تىكىلدى، — سەردار، يادىڭىزدىمۇ؟ ئۈچ يىل بۇرۇن دىنىمىزنىڭ پىشۋاسى مۇھەممەد فىزالدىن ھەزرىتىمنىڭ ئىجازىتى ۋە دەۋىتى بىلەن ئاقسۇدىن ياركەنت دىيارىغا قەدەم باسقىنىمىزدا، بىزنى نەزەر مىرزا خەلق بىلەن مۇشۇ دۆڭلەكتە كۈتۈۋالغانىدى ۋە مېنىڭ سۇلتان بولۇش ئارزۇيۇم ئاللانىڭ خالىشى بىلەن ئەمەلگە ئېشىپ، تەختكە چىققان ئىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھەر قېتىم مۇشۇ تۆپىلىككە قەدىمىم يەتكەندە داغدۇغا بىلەن كۈتۈۋالغان

ئاۋام كۆز ئالدىمغا كېلىپ تۇرۇپ قالىمەن. "ئۇلارنىڭ كۆتكىنىدىن چىقىۋا-تامدىمەن؟" دەپ ئۆزۈمگە سوئال قويىمەن. ئەمما ئادا قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلارنى تېخى قىلالمىدىم، — سۇلتان ئەپسۇسلانغان تەرىزدە مۇشتۇمنى تۈگۈپ قويۇپ ئاتقا مىندى. ئۇنىڭ كۆزىگە يەنە بوۋاق ئوغلى كۆرۈندى. بۇ ئوغۇل باش باھاردا تۇغۇلغانىدى. تولغاق ئازابىنى بىر كېچە-كۈندۈز تارتقان رەپىقىسىنىڭ سارغىيىپ سەبدەدەك بولۇپ كەتكەن چىرايى خىيالىدىن كېچىپ ئاتقا قامچا ئۇردى. بۇلار تۆپىلىكتىن پەسكە چۈشكەندە ئاتلارنىڭ تۇياقلىرىدىن ئۆرلىگەن چاڭ ھاۋادا لەيلەپ قالدى.

## 2

ئاي قاراڭغۇسى ئىدى. ئاسماننى قىلىن بۇلۇتلار قاپلىۋالغاچقا بىرمۇ يۇلتۇز كۆرۈنمەيتتى. ئوردا ئېغى ئىچىدىكى تۈرلۈك گۈل-گىياھلارغا ئورال-غان سالاسۇنلۇق كاتتا راۋاقنى كېچىنىڭ قارا پەردىسى يوشۇرغانىدى. كۈمۈش ھالقىلىق دەرۋازىلارنىڭ ئالدى ۋە قەسىر تۈۋرۈكلىرىگە ئېسىلغان چىراغلاردىن غۇۋا يورۇق چۈشۈپ تۇراتتى.

سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ئوردا ئىشلىرىغا مەسئۇل ۋەزىرى ھەم ياركەنت شەھىرىنىڭ ھاكىمى نەزەر مىرزا ئۆز مۇلازىملىرى بىلەن راۋاق تەرەپنى بىر ئايلىنىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ خاتىرجەم بولالمىدى. ئۇ خاننىڭ شىكار-دىن تېزرەك قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ ئەندىشە ئىلكىدە قالغانىدى. مۇلازىم-لىرى بىلەن گاھ دەرۋازا ئالدىغا، گاھ ئوردا ئىچىگە يۈگۈرەيتتى. ۋەزىرنىڭ كۆڭلى بىئارام، مۇلازىملىرى پاراكەندە ئىدى. شۇ چاغدا راۋاق تەرەپتىن گۈرسۈلدىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. نەزەر مىرزا مۇلازىملىرىغا بۇ ئەتراپنى ياخشى كۆزىتىشنى بۇيرۇپ، ئۆزى يەككىل قەدەم بىلەن راۋاق تەرەپكە قاراپ

ماگدى. راۋاق ئوردىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ھەرەم[1] بېغىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۈستىگە چىقسا يىراق-يېقىندىكى نەرسىلەرنى، بولۇۋاتقان ئىشلارنى كۆرگىلى بولاتتى. نىمە ئۈچۈندۇر راۋاق تۆۋرۈكلىرىگە ئېسىلغان چىراغلار ياندۇرۇلمىغانىدى. قاتتىق چىقىۋاتقان شامال دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىنى ئېگەتتى.

ئىتتىك كېتىۋاتقان ۋەزىرنىڭ يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. بىر ئەنسىزلىك ۋۇجۇدىنى چۇلغىۋالدى. راۋاقنىڭ ئالدىنقى گۈلدار ئىشىكگە ئېلىپ چىقىدىغان پايىگە[2]قەدەم قويغاندا كۆڭلىدىكى تەشۋىش كۈچىيىپ، ئالاقزادىلىك ئىچىدە قالدى. كۆزىگە بىر ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنگەندەك بولدى. ”بۇ ئۆز ئادەملىرىمىزدىن بولسا كېرەك“ دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، يەنە قەدەم يۆتكەشكە پېتىنالماي شىپىدە توختاپ قالدى. ياركەنت شەھرىنى كېڭەيتىپ ياساپ، ئون يىلدىن بېرى ھاكىملىق قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ ئادەم ئەقلىگە كەلگەندىن بېرى مۇشۇ تۈندىكىدەك ئەنسىزچىلىكتە قالمىغانىدى.

ھېلىقى كۆلەڭگە راۋاقنىڭ ئۇدۇلىدىكى قېرى ياڭاق دەرىخىنىڭ تۈۋىدە تۇيۇقسىز يوقاپ كەتتى. نەزەر مىرزانىڭ ئەندىشىسى كۈچىيىپ كەينىگە ياندى. شۇ ئەسنادا بىر ئادەمنىڭ خىرقىراپ كۈلگەن غەلىتە ئاۋازى ياڭاق دەرىخىنىڭ تۈۋىدىنلا ئاڭلاندى.

— ھى...ھى ...ھى ...نەزەر مىرزا جانابلىرى، مەن بىلەن زۇلمەتكە چۆمگەن راۋاق ئالدىدا ئۇچرىشىپ قالىدىغانلىقلىرى چۈشلىرىگىمۇ كىرمىگەن بولسا كېرەك-ھە؟ ھا... ھا...ھا... تەقدىر شۇنداق رەھىمسىز. بىزنى باشقا يەردە كۈندۈزى ئۇچراشتۇرماي، قاراڭغۇ كېچىدە ئۇچراشتۇرغىنىنى مۆجىزە دېسە بولىدۇ. تەقسىرىم، ئۆزلىرىگە ئاگاھ بولسىلاكى، ئەجەللىرى

---

[1] ھەرەم — پادىشاھنىڭ خانىش-توقاللىرى تۇرىدىغان جاي.
[2] پايە — پەلەمپەي، پەشتاق، باسقۇچ.

توشتى. ئەزرائىل جانلىرىنى قەبزە قىلغىسىدۇر، بۇنىڭدىن كېيىن ياركەنتكە هاكىملىق قىلىمەن دەپ خىيال ئەيلىمىسىلە! ئۇقتىلىمۇ؟ بۇ چاغقا قەدەر هېچقانداق بىر مەخلۇقات جانابلىرى كەبى ئۆز ئۆلۈمىنى بۇنداق ئاسانلىق بىلەن كۈتۈۋالغان ئەمەس. سەزگۈر ۋە دانالىقلىرى تۈپەيلىدىن ئەجەل شارابى سىلىنى بۇ يەرگە سۆرەپ كەلگەندۇر. ئەمدى تەخىرسىز ئۇنى ئىچمەكتىن باشقا ئامال يوقتۇر.

گەپ ئۈزۈلدى. نەزەر مىرزا غىلاپتىن چىقىپ تۇرغان قىلىچ سېپىنى تۇتقىنىچە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ۋەھىمىلىك شىلدىرلاپ تۇرغان ياڭاق دەرىخىنىڭ تۈۋىدە يۈزىگە نىقاب تارتقان بىر ئادەم پەيدا بولدى. نەزەر مىرزا هېچ كۈتمىگەن بىر چاغدا تاپىنىنىڭ ئاستىدا پەيدا بولغان بۇ دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن قىلىچىنى غىلاپتىن شۇنداق تېز سۇغاردى-كى، قاراڭغۇلۇق كېسىلىپ قىلدىن ئىنچىكە نۇر سىزىقى پەيدا بولدى. بىر-بىرىگە قارشى ئۇرۇلغان قىلىچلارنىڭ جاراڭ-جۇرۇڭ قىلغان ئاۋازى تۈن قاراڭغۇسىنىڭ شۈبهىلىك جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تاشلىدى.

يۈزىگە نىقاب تارتقان يەنە بىر ئادەم ياڭاق دەرىخىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ يوشۇرۇنۇپ، جان جەهلى بىلەن ئېلىشىۋاتقان ئىككى ئادەمدىن كۆز ئۈزمەي تۇردى. قىلىچلار بىر-بىرىگە تەگكەندە خۇددى چاقماق چاققاندەك ئوت چاقنايتتى. بىر چاغدا نىقابلانغان بايىقى ئادەمنىڭ بېشىغا قىلىچ تەگدى. ئۇ بېشىنى تۇتقىنىچە ئىڭراپ-ئىڭراپ يىقىلدى ۋە ئۆز قېنىغا غەرق بولغان هالدا يەر قاساپ، پۇت ئېتىپ تىپىرلاشقا باشلىدى. ياڭاق دەرىخىنىڭ تۈۋىگە يوشۇرۇنغان نىقابلىق ئادەم كەينىدىن تۇيدۇرماي كېلىپ نەزەر مىرزىنىڭ بوينىغا كۈچەپ قىلىچ ئۇردى. تەندىن ئايرىلغان باش يەرگە چۈشۈپ سەكرەپ-سەكرەپ توختىدى. باشسىز تەن سىلكىنىپ-سىلكىنىپ جىم بو-لۇپ قالدى...

هېلىقى نىقابلىق ئادەم نەزەر مىرزىنىڭ قانغا بويالغان تېنىنى سۆرەپ كېلىپ ياڭاق دەرىخىنىڭ تۈۋىدىكى ئازگالغا تاشلىدى. كۆزى ئوچۇق هالدا

توپىغا مىلىنىپ ياتقان باشنىمۇ تېپىپ ئازگالغا چۈشۈردى.

— قوچقار بەگ ئاغا،[①] جېنىم قىينىلىپ كەتتى، خۇدا ھەققى، مېنى ھۆكۈماغا ئېلىپ بېرىپ قۇتقۇزۇۋالغىن، تېز بولغىن، — يېلىنىپ خىرقىرىدى بايا نەزەر مىرزىنىڭ قىلىچى تېگىپ يىقىلغان ئادەم.

— خەپ شۈك، ئەلى بەردار! دۈشمەندىن زەخمە يېگەن دوستىنىڭ قولىدىن نېمە ئىش كەلسۇن؟ سېنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ كېتەمدىمەن؟ بەگنىڭ خىيالىنى قىلما. جېنىڭ قىينالغان بولسا، مانا بۇ قىلىچىم سېنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدۇ، — قوچقار ياساۋۇل ھەجىبىپ قان يۇقى قىلىچىنى يۇقىرى كۆتۈردى. ئەگەر كۈندۈز بولغان بولسا ئۇنىڭ چوقۇر سوقچاق يۈزىنىڭ تارتىشىپ، پولتىيىپ چىققان كۆزلىرىنىڭ بەقەمدەك قىزىرىپ كەتكىنىنى كۆرگىلى بولاتتى.

— خۇدادىن قورققىن قوچقار بەگ ئاغا، سۇلتان مىرزا ئابابەكرىگە نېمە دەپ جاۋاب بېرىسەن؟

— سۇلتان مىرزا ئابابەكرى: ”ئەلى بەردار نەزەر مىرزىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ئۇنى سەن ئۇجۇقتۇرىۋەت“، دەپ بۇيرۇغان، ئۇقتۇڭمۇ؟ يەنە قانداق گېپىڭ بار؟ — قوچقار ياساۋۇل ”سەن ئۆلۈمگە مەھكۇم“ دېگەن مەنىدە كۆز قىستى.

— ئۆزۈڭگە توۋا قىلدىم ئاللا، بۇ بەدنىيەتلەرگە ئالدىنىپتىمەن...

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەستىن قىلىچ كۆكسىگە سانجىلدى. ئەلى بەردار ئاچچىق تىپىرلاپ جان بەردى. قوچقار ياساۋۇل جەسەتنى تېپىپ يۇمىلىتىۋەتكەندىن كېيىن ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ كۆزدىن غايىب بولدى.

شامال كۈچىيىپ، ئېغاڭلاپ تۇرغان ياغاچ دەرىخىنىڭ بىر تال شېخى قاراسلاپ سۇنۇپ چۈشتى. چاقماق چېقىپ تاراسلاپ چۈشكەن يامغۇر بىر

---

① قوچقار بەگ — مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئوردا جاللاتلىرىدىن بولۇپ، قەبرىسى ھازىرمۇ يەكەن كونىشەھەردە ساقلانماقتا.

پەس شارقىراپ قويۇلدى-دە، توختاپ قالدى. قاراڭغۇ كېچىنىڭ تىمتاسلىقى كىشىنى ئەيمىندۇرگىدەك دەرىجىدە سىرلىق تۇس ئالغانىدى. ئوردا تەرەپتىن مەشئەل كۆتۈرۈپ كەلگەن بىرقانچە ياساۋۇل-نەۋكەرلەر راۋاقتا چىقىپ تۇۋرۇككە ئېسىقلىق چوڭ چىراغنى ياندۇردى. ئۇلار راۋاقتىن چۈشۈپ گويا يىغا-زارە قىلىۋاتقاندەك مۆكلۈق شىلدىرلاپ تۇرغان ياغاچ تۇۋىدە چۆچۈپ تۇرۇپ قېلىشتى. مەشئەل يورۇقىدا تەندىن جۇدا قىلىنغان قورقۇنچلۇق باشنى كۆرۈشكەنىدى. يەنە ئازگالدا ياتقان جەسەتكىمۇ كۆز سېلىشتى.

— نەزەر مىرزا! ئەلى بەردار، — دېگەن تىترەك ئاۋاز ھەممە ئېغىزدىن تەڭلا چىقتى. شۇ چاغدا:

— ئونۇڭنى چىقىرىشما! بۇ يەردىن دەرھال كېتىش! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

ياساۋۇل-نەۋكەرلەر قىلىچ يالىڭاچلاپ چىقىپ كەلگەن تۆت نەپەر نىقابلىق ئادەمنى كۆرگەندە قورقانلىرىدىن زۇۋانى ئۆچتى ۋە قوللىرىدىكى مەشئەلنى تاشلاپ قېچىشتى.

* * *

سۇلتان ئەھمەدخان، ئەلى سەردار، شائىر ئايازىلار ئاخشام شىكاردىن يانغاندا شەھەرگە يېقىنلاپ كېلىپ شۇ يەردىكى جاھانباغ ھەرەمخانىسىدا قونۇپ قېلىشقانىدى. ئۇلار بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپلا ئەتىگەنلىك تاماقنى ئوردىدا يېمەكچى بولۇپ كۈن قىزىرىشقا باشلىغاندا يېتىپ كەلگەنىدى. ئوردا ئەتراپىدا ئاتلىق، پىيادە ياساۋۇل-نەۋكەرلەر ئايلىنىپ يۈرۈشەتتى. ئوردىنىڭ ھەيۋەتلىك دەرۋازىسى ئالدىدا چىرايلىرى ئۆڭگەن بىر توپ لەشكەرلەر تۇراتتى. ئۇلارغا سەپسېلىپ ئەجەبلەنگەن سۇلتان خاۋاتىرلەنگەن ھالدا ئوردا دەرۋازىسىدىن كىرىشكە، بىر ياساۋۇل يۈگۈرۈپ كېلىپ تىزلاندى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم شاھ ئالىيلىرى، خۇدا ئۆمۈرلىرىگە بەرىكەت، دۆلەتلىرىگە كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلغاي.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ھە، نېمە گەپ؟ — سۇلتان ئەھمەدخان كىمىندۇر ئىزدىگەندەك ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ سورىدى، — نەزەر مىرزا قېنى؟

— شاھ ئالىيلىرى، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچكەيلا.

— كەچتىم، سۆزلە!

— ھۆرمەتلىك ۋەزىر ئەزەم نەزەر مىرزا بۈگۈن كېچە ئوردا بېغىدا ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. ئەلى بەردارمۇ ھەم...

— ھە؟! — سۇلتان ئەھمەدخان چاپچىپ تۇرغان ئاتنىڭ تىزگىنىنى بىر تارتقاندى، ئات ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ پۇشقۇرۇپ توختىدى. ياساۋۇل ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئىشلارنى بوغنۇقۇپ-بوغنۇقۇپ سۆزلەپ بەردى. بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغان ئەلى سەردارنىڭ ساقاللىرى تىترەپ، ئاغزى گەپكە كەلمەي قالدى. ئاخشاملا ئوردىغا يېتىپ كىرىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئېيتىپ پادىشاھقا قەتئىي تۈردە مەسلىھەت بېرىشكە پېتىنالمىغانلىقى ئۈچۈن ھەسرەت چەكتى. شائىر ئايازنىڭ شىكاردىن ئالغان ئىلھاملىرى، شېئىرىي تۇيغۇلار، ھاياجانلىق پىكىرلەر گاراڭ بولغان كاللىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى.

— دەرىخا، دەرىخا... ساداقەتمەن ۋەزىرىم، سۇلتانلىقىمنىڭ تۈۋرۈكى ئىدى، قانداق نامەرد ئىزىز بېشىڭنى جاسارەتلىك تېنىڭدىن جۇدا قىلغاندۇ؟ ئالLLادىن قورقمىغان ئۇ باغرى تاش مەلئۇن زادى كىم؟

سۇلتان ئەھمەدخان ئاتتىن چۈشۈپ بېشى قېيىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئەلى سەردار بىلەن ئايازى ئىككى تەرىپىدىن يۆلۈۋالدى. كۆزلىرىگە ياش تولغان ئەھمەدخان بېشىنى كۆتۈردى، چىرايى تاتارغانىدى.

— بىر كۈچلۈك دۈشمەن ئۆز سايىسىنى كۆرسەتمەي ھەرىكەت قىلىۋېتىپتۇ شاھىم، بىز تېخىمۇ پەخەس بولۇشىمىز لازىم، — دېدى ئەلى

سەردار ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ.

— غەپلەتتە قاپتىمەن ۋەزىر، بىر ياۋۇز دۇشمەن تاجۇتەختىمگە تەھلىكە سېلىۋېتىپتۇ. بۇنى بىلدىم، — دېدى سۇلتان ئەھمەدخان ئورنىدىن تۇرۇپ، — ۋەزىرىمنىڭ جەستى قەيەردە؟ مەن ئۇنىڭ چىرايىنى بىر كۆرۈۋالاي. ئەلى سەردار لۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ توستى:

— سۇلتانىم، غەپلەت قوينىدا ئالدىرىماي چوڭ زىيان تارتتۇق. ئەمدى ئىتتىكلىك قىلماق ئاپەتكە بىشارەتتۇر. قازاغا سەبرى قىلماق ئاللاغا يېقىن بەندىنىڭ شارابىتىدۇر. ئالىيلىرىنىڭ پاجىئە يۈز بەرگەن يەرگە بېرىشى — ياۋۇز دۇشمەننى خۇشال قىلىدۇكى، قايغۇمىزنى ئاشۇرىدۇ. ھەرەمخانىغا كىرىپ ئارام ئالسىلا. بىز بېرىپ بۇ قازايىي قەدەرنىڭ بائىسىنى[1] تېپىش ئۈچۈن ئۇرۇنۇپ كۆرەيلى.

## 3

تاڭ شەپىقى ئەۋرىشىم چۇچۇلۇق پەردە تارتىلغان دېرىزىگە جۇلا تاشلىدى. ئايدەك چىرايىنى غەم-تەشۇش مۇڭلاندۇرۇۋەتكەن خەدىچە سۇلتان بېگىم خاس مېھمانخانىنىڭ باغقا قارىغان دېرىزىسى يېنىدا ماموق كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇراتتى. قۇچىقىدا تېخى ئالتە ئايغا توشمىغان ئوغلى قارا كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ ياتاتتى. بېگىم خېنىمنىڭ بولۇق ئۇزۇن چاچلىرىنى ئىككى كېنىزەكى تاراۋاتاتتى. بوۋاق ھە دەپ ئانىسىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسىگە ئۆمتۈلۈپ كۆزلىرىنى چىمچىقلىتاتتى. ئويماقتەك لەۋلىرىنى شورايتتى.

خەدىچە سۇلتان بېگىم تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ پەي نەۋرىسى بولۇپ، ئۇنىڭ دادىسى سابىر خوجا باھادىر چىن تۆمۈرخاننىڭ كەنجى بالىسى

---

[1] بائىسى — سەۋەبى.

ئىدى. موغۇلستان خانى يۇنۇسخان ئىككىنچى ئوغلى ئەھمەدخان بىلەن بىرگە ئويناپ ئۆسكەن بۇ چىرايلىق قىزنى 14 يېشىدا ئۇنىڭغا ئېلىپ بەرگەنىدى. ئەھمەدخان تۇرپاندىكى چېغىدا چوڭ ئوغلى مەنسۇرخان تۇغۇلغانىدى. ئۇنى يۇنۇسخان ئېلىپ قېلىپ، بۇلارنى ئاقسۇغا يولغا سالغانىدى. مانا شۇنداق تەقدىر-قىسمەت بىلەن ئۇلار ياركەنت شەھىرىگە كېلىپ تۇرۇپ قالغانىدى.

قارا يوللۇق ئەتلەس كۆڭلەك ئۈستىدىن زەر بىلەن كەشتىلەنگەن جىلىتكە كىيگەن خانىش سىلىق تارالغان چاچلىرىنى كەينىگە تاشلاپ كېنىزىكى تۇتۇپ تۇرغان ئەينەككە قارىدى، لېكىن نەزەرى ئىختىيارسىز ئىشىك تەرەپكە ئاغدى. «سۇلتان نېمىشقا كەلمەيدىغاندۇ؟ پۈتۈن ئوردىنى ئەنسىزلىك قاپلاپ كەتتى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئەسكەرلىرى ھەممىلا يەردە تىمىسقىلاپ يۈرەرمىش. چاپسانراق كەلسە بولاتتى.»

— گۈلسۇم!

— لەببەي خانىش، — چىرايىدىن رەسىدە بولغان قىز ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرغان كېنىزەك كىرىپ باش ئېگىپ تۇردى.

— ئوردىغا چىقىپ يەنە بىر قېتىم قاراپ باققىنا! سۇلتان كەلدىمىكىن؟

— ماقۇل بېگىم خېنىم...

گۈلسۇم مۇشۇنىڭ بىلەن يەتتە قېتىم ئوردىغا چىقىپ دېرەك ئالالماي يېنىپ كىردى.

— پادىشاھ ئالىيلىرى تېخى كەلمەپتۇ بېگىم خېنىم، — دېدى ئېگىلىپ ۋە تەشۋىش ئىلكىدە قوشۇپ قويدى، — ئوردىدا ئاجايىپ قورقۇنچلۇق گەپلەر بولۇۋاتىدۇ، — ئۇ بىر ئىشنى يوشۇرغاندەك قىلىپ يۈزىنى ئىران گىلىمى تارتىلغان تام تەرەپكە قىلىۋالدى.

— قانداق گەپلەر ئىكەن، ئېيتقىنا؟

كېنىزەك يىغلامسىراپ گەپ باشلاي دەپ تۇرۇشىغا، خاس مۇلازىم

ـ ياساۋۇللىرىنى تاشقىرىدا قالدۇرغان ئەھمەدخان كىرىپ كەلدى.
— قەدەملىرى مۇبارەك سۇلتانىم، — دېدى ئىمتىۋاتقان بالىنى كۆرپە ئۈستىدە ياتقۇزۇپ قويۇپ ئورنىدىن تۇرغان خانىش نازاكەت بىلەن ئىگىلىپ سالام بېرىپ.
— خۇدا كۆپلەر قاتارىدا ھەممىمىزنى ئامان قىلغاي. سەئىدخان ئويدانمۇ؟
— شۈكرى، مانا دىدارلىرىغا تەشنا بولۇپ تۇرۇپتىمىز، — دېدى خانىش ئالدىغا چۇشۇۋالغان قاپقارا ئۆرۈم چاچلىرىنى سىلىكەت بىلەن كەينىگە تاشلىغىنىچە. ئۇنىڭ ئىشارىتى بىلەن كېنىزەكلەر چىقىپ كەتتى. سۇلتان ئۆزىگە تەلپۈنگەن ئوغلىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى ۋە ھەرقاـ چان ئۆزىلا ئولتۇرىدىغان تەختكە ئوخشىتىپ ياسالغان كۇرستا ئولتۇردى. مەلىكە ئىرىگە قاراپ ھارغىنلىق ئەمەس، قانداقتۇر غەم-ئەندىشىنىڭ سۇلتان چىرايىغا كۆلەڭگە تاشلىغانلىقىنى سېزىپ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالدى ۋە ھېچ ئىش بولمىغاندەك مۇڭلۇق چىرايىغا شۇ ئانلا كۈلكە يۈگۈرتۈپ سورىدى:
— شاھىم، ناشتىلىقنى مۇشۇ يەرگە ئېلىپ كىرسۇنمۇ؟ ئاخشام ئۆزلىرى كىرگۈزگەن قىرغاۋۇل، بۆدىنە گۆشلىرىنى ئاشپەزلەر كاۋاب قىلىپ پىشۇرۇپ تەييارلاپ قويۇپتۇ.
— ھازىر كاۋابقا زەۋقىم يوق. بەش كۈندىن بېرى شىكاردا كاۋاب بىلەنلا تاماقلاندۇق. مەن ئوردىغا چىقىمەن. زۆرۈر ئىشلار بار. سىز بالا ۋە كېنىزەكلەر بىلەن ئاللانىڭ بۇ رىسقىدىن بەھرىمەن بولغايسىز خانىش.
سۇلتان ئەھمەدخان قاپقارا كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ياتقان سەئىدـ خاننىڭ پېشانىسىگە يېنىشلاپ سۆيۈپ قويۇپ، ئالدىراپ چىقىپ كەتتى.
پادىشاھنىڭ كۆڭلى ئارامىدا ئەمەسلىكىنى بىلگەن خەدىچە سۇلتان بېگىم ئىرىنىڭ ئاياغ ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپ، كۆزىگە ياش ئالدى ۋە قىقىراپ يىغلاپ كەتكەن ئوغلىغا ئەمچەك سالدى.



# ئىككىنچى باب

# نادامەتلىك ئايرىلىش

## 1

سۇلتان ئەھمەدخان ۋەھىمە-تەشۋىش ئىلكىدە بىئارام بولۇپ كۈننى ئاران چۈش قىلدى. ئۇنىڭ سەل تاتارغان چىرايى ناھايىتى خاپا كۆرۈنەتتى. گەرچە مۇشۇ تاپ سۇلتانلىق تەختىدە ئولتۇرسىمۇ، كۆڭۈل شەھرىنى غەم لەشكىرى باسقانىدى. ئەتىلا تاجۇ-سەلتەنەتكە، ئادالەتكە تەشنا رەئىيەتكە يېغا كېلىدىغاندەك، ئادەملەر قىرىلىپ تۈگەيدىغاندەك، شەھەر، يېزا-بازارلار ۋەيران بولىدىغاندەك تىنچسىزلىنىپ، ئۆزىنى بەكمۇ خاراموش سېزەتتى. ئەتىگەندىن بېرى ئۇنىڭ ئالدىغا كىرگەن ئەمىر-ئەركانلار خۇشامەتكويلۇق بىلەن مەدھىيە سۆزلىرىنى گويا يامغۇردەك ياغدۇرۇپ، ھېچقانداق مەسلىھەت ياكى تەسەللىي بېرىشەلمەي ئۇنى تولىمۇ بىزار قىلىۋەتكەنىدى. ئۇزۇندىن بېرى ئوردىنىڭ تۈزىنى يەپ كەلگەن ۋەزىر-ۋۇزرا، بەگ-سىپاھلاردىن ھېچقانداق ئاقىلانە مەسلىھەت چىقمىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قورقۇنچ ئىلكىدە قالغانىدى. ھەرقانداق ئىش بولۇشتىن قەتئىينەزەر مەنسەپلىرىدىن ئايرى-

ـلىپ قالماسلىقنى ئارزۇ قىلىدىغان بۇ بىر قىسىم ئالىيجانابلارنىڭ بەزىلىرى دىۋانخانىدا مۆگدەپ ئولتۇرۇشاتتى. بەزىلىرى ئۆيلىرىگە كېتىشكەن، بەزىلىرى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا يوشۇرۇنۇۋېلىشقانىدى. ئۆز كۆڭلىدە بۇنى تۇيۇپ ئولتۇرغان پادىشاھ ھەقىقەتەن ئاچچىقلانغانىدى. ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىر سائەتتىن بېرى ھېچكىمنى قوبۇل قىلماي قويىدى.

ۋەھىمە ئىچىدە دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن ئىشىك ئاغىسى ئىمىر-ۋەلى تاغايى پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كىرىپ، باش دىۋان بېگى خوجا مۇھەممەد سەرۋەرنىڭ كىرىشكە ئىجازەت سوراۋاتقانلىقىنى گەپلىرى قولاشـمىغان ھالدا يەتكۈزدى. ئۇنىڭ باش-ئايىغىغا كۆز يۈگۈرتكەن سۇلتان چەكچىيىپ ۋارقىرىدى:

— ئۇ كىرسۇن، ئۆزۈڭ يوقال!

— خوش ئالىيلىرى...، — لاغ-لاغ تىترىگەن ئىشىك ئاغىسى ئۇزۇن ساقىلىنى سىيپىغان ھالدا كەينىچە مېڭىپ دىۋانخانىغا چىقتى، تەقەززا بولۇپ تۇرغان خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي شاھ ئالدىغا كىردى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم شاھىم...

— ھە، كىرىڭ ... ئولتۇرۇڭ...

سۇلتان ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ تىكىلىپ تۇرغان ۋەزىرىگە سەپ سالدى. غەزەپ ئوتى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى ناھايىتى قىزىرىپ كەتكەنىدى. گويا ھازىرلا جەڭگە ئاتلىنىدىغاندەك كىمخاپ تون ئىچىگە ساۋۇت كىيىپ قىلىچ ئېسىۋالغانىدى. بېشىغا چىڭ ئورالغان ئاپئاق سەللە ئۇنى تېخىمۇ ھەيۋەتلىك كۆرسىتىپ تۇراتتى.

— بارىكاللا ۋەزىرىم، سىز بار ئىكەنسىز...

پادىشاھنىڭ بۇ سۆزىدىكى كىنايىنى چۈشەنگەن خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى ۋاقىئەنى بايان قىلىپ دېدى:

— ئاللاغا سادىق بەندە رەئىيەتكە قارىلا سانىمايدۇ، ئادالەتلىك پادىشاھـ

تىن يۈز ئۆرۈمەيدۇ. تۈنۈگۈن كەچ ئالىيلىرىنىڭ يولىغا مۇنتەزىر بولۇپ تۇرغان چېغىمدا مىرزا ئابابەكرى لەشكەرلىرىنىڭ پايتەختنى قامال قىلىۋال- غانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. قارىسام ئوردىدا ئۇ يەردە كۇسۇر-كۇسۇر، بۇ يەردە پىچىر-پىچىر... سالقىن نەزەرلەر مېنى تەقىپ قىلىشقا باشلىدى. مەن دىۋانخانىنىڭ خاس ھۇجرىسىغا كىرىپ، دېرىزىدىن يوللىرىغا كۆز تىكىپ ئولتۇرۇپ ئەتراپنى كۆزەتتىم. باش ۋەزىر شاھدانە كۆكۆلداش، ئەمىر لەشكەر مۇھەممەدبېكلار بىر قىسىم سەردار، مىرزا، ياساۋۇللار بىلەن ئوردى- دىن پەش قېقىپ چىقىپ كېتىشتى. ئوردا بېگى نەزەر مىرزا ۋەزىر ھەسەن مىرزىنى ئۈزىتىپ قويۇپ ئۆزى قالدى. ئالىيلىرى شىكارغا چىقىپ كەتكەن مۇشۇ بەش كۈندىن بېرى ئۇ ئوردىدىن ھېچ يەرگە بارمىدى. ئاللا ئۇنىڭ ئالىيلىرىغا بولغان ساداقىتىدىن مېنى تەسىرلەندۈردى. ئۇنىڭغا ھەمدەم بولۇش ئويىنى كۆڭلۈمگە سالدى. شۇنىڭ بىلەن خاس نەۋكەرلىرىمنى، تېخى كەتمىگەن سادىق بەگلەردىن بىرنەچچىنى چاقىرىپ ئوردىنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلىشقا، بىرەر ئىش-ۋەقە سادىر بولسا ئوردا بېگى نەزەر مىرزى- نىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىشقا بۇيرۇپ، ئۆزۈم يەنە كۆزىتىش بىلەن بولدۇم. قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. بىر چاغدا راۋاقتا يېنىپ تۇرغان چىراغلار ئۆچۈپ قالدى. قانچە دىققەت بىلەن كۆزەتكەن بولسامۇ ھېچنېمىنى ئىلغا قىلالمىدىم. لېكىن ۋۇجۇدۇمنى تەشۋىش ئورىۋالدى. "بۇ نېمە ئالامەتتۇ؟" دەپ تۇرۇشۇمغا نەزەر مىرزا راۋاق تەرەپكە ماڭدى. مەن چىقىپ ئۇنىڭ قېشىغا بارماقچى بولۇپ تۇرغىنىمدا ھەرەمخانىنى بىر يوقلاپ ئۆتۈش ئويى كۆڭلۈمگە چۈشتى ۋە كەينىمگە يېنىپ ئەتراپقا سىنچىلاپ قارىغىنىمچە ھەرەمخانىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدىم. باش دەرۋازىۋەن ۋە ئىككى نەۋكەر قوغۇن يەپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇلار مېنى تونۇپ قوغۇن يېيىشكە تەكلىپ قىلدى ۋە ئالىيلىرىنىڭ ئاخشام جاھانباغ مەۋزىئىگە كېلىپ چۈشكەنلىكلىرىنى ئېيتتى. ئىش ئامانلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئەندىشەم پەسىيىپ، قوغۇن يەپ ئولتۇرۇپتىمەن. ھاۋا ۋەھىمىلىك گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىش بىلەن تەڭ

يامغۇر يېغىپ كەتتى. يامغۇرنىڭ توختىشىنى كۈتۈپ بۇ يەردە يەنە بىردەم ئولتۇردۇم. دېگەندەك يامغۇر توختىدى. توخۇنىڭ دەسلەپكى چىللىغان ئاۋازى ئاڭلىنىش بىلەن تەڭ ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئوردا سەيياسىغا چىقتىم. مەشئەل كۆتۈرگەن نەۋكەرلەر ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈپتۇ. مېنى كۆرگەن خاس نەۋكىرىم ئالدىمغا كېلىپ نەزەر مىرزىنىڭ راۋاق يېنىدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئېيتتى، مەن راۋاق تەرەپكە ئېتىلدىم. "دىۋان بېگى، ئۇ ياققا بارغىلى بولمايدۇ" دەپ نەۋكىرىم ئالدىمنى توستى، "كەينىمدىن ماڭ!" دەپ كېتىۋەردىم. راۋاقنى ئايلىنىپ ياغاق دەرىخى تۈۋىگە كەلگىنىمدە، ئازگالدا تېنىدىن جۇدا قىلىنغان نەزەر مىرزىنىڭ بېشىنى كۆردۈم. نەۋكىرىم، بايا ئۇ يەرگە كەلگەندە نىقابلىق ئادەملەرنىڭ قىلىچ يالىڭاچلاپ تېز كېتىشىنى بۇيرۇغانلىقىنى قورقۇمسىراپ سۆزلەپ بەردى. مەن قەدىردان بۇرادىرىمنىڭ جەسىتى دۈشمەن قولىدا قالماسلىقىنى، ئېلىپ كېتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدىم ۋە نەۋكەرلىرىمگە ئۇنى كۆتۈرگۈزۈپ، تونۇمنى ئۈستىگە ياپتىم. ئوردىنىڭ ئارقا دەرۋازىسىنى ئاچتۇرۇپ ئۆيۈمگە ئېلىپ كەتتىم. مەرھۇمنىڭ بالا-چاقىلىرىنى چاقىرتىپ كەلدىم. ئۇلار ئۈنسىز يىغلاشتى. كۈن چىققىچە شېھىت بولغان نەزەر مىرزىنى يەرلىكىدە قويۇۋەتتۇق، — سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى بېشىنى توختىتالماي قالدى، — شاھا، قەبرىستانلىقتا بامدات نامىزىنى ئوقۇپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ قايتتۇق، ئاخشام خەۋەر تاپقاچقا ئائىلىرىنى بار، دەپ ئويلاپ، جاھانباغقا كەلسەم نەۋكەرلەر: "ھازىر بۇ يەردە ئەمىر مىرزا ئابابەكرى ئارام ئېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن ئىجازەت بولمىغىچە ھېچ كىشىنىڭ كىرىشىگە بولمايدۇ" دەپ ئىشىك يېنىغا كەلتۈرمىدى. قوي تېرىسىگە ئورۇنۇۋالغان بۆرىنىڭ ئۆزىنى ئاشكارىلىغانلىقىنى، نەزەر مىرزىنى قەتلى قىلىش — ئائىلىرىغا ئاگاھلاندۇرۇش ئىكەنلىكىنى، "ئوردىنى بوشات!" دەپ ئائىلىرى كېتىشلىرى بىلەن تەڭ جاھانباغقا ئورۇنلاشقانلىقىنى بىلىپ، بىر قېتىم غەپلەتتە قالغانلىقىمىز ئۈچۈن پۇشايمان بىلەن ھەسرەت چېكىپ

ئۆيۈمگىمۇ بارماي، شەھەرنى ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ چىقتىم. يولدا ۋەزىر ھەسەن مىرزا بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ ماڭا: "پۈتۈن ئەتراپىنى مىرزا ئابابەكرىنىڭ لەشكەرلىرى بېسىپ كېتىپتۇ. شاھىمىز سۇلتان ئەھمەدخاندىن ئەنسىرەۋاتىمەن" دېدى. ئىككىمىز ئوردىغا كەلسەك ئەلى سەردار، ئايازبىلار بار ئىكەن، — گېپىنى تۈگەتمىگەن خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى بارغانسېرى غەمگە چۆمۈپ جىمىدە ئولتۇرۇپ كەتكەن شاھقا قاراپ توختاپ قالدى. بۇنداق جىملىققا ئاچچىق غەزەپنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى ئۇ بىلگەنىدى.

— ئەمدى قانداق قىلماق كېرەك؟ — سۇلتان ئەھمەدخان سەل تۇرۇۋېلىپ سورىدى. ئۇنىڭ قويۇق قاشلىرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ قوشۇمىسى قاتتىق تۈرۈلدى. يۈرەك سوققۇشى تېزلەپ چېكە تومۇرلىرى كۆپۈپ چىقتى، — ئەپسۇس، جەڭ دۇمبىقى چېلىپ يىراقتىن باستۇرۇپ كەلگەن دۈشمەننى تونۇش ئاسان بولغان بىلەن، ئالدىڭدا خوش دەپ كۈچۈكلىنىپ، كەينىڭدىن چىشلىمەكچى بولغان مەككار دۈشمەننى، قارا نىيەتلەرنى ئىلغا قىلىش بەندە ئۈچۈن مۇشكۇل ئىكەن. مەن: شاھىم، پۈشتى-پاناھىم ئۆزلىرى، دەپ كەلگەن مىرزا ئابابەكرىگە ئىشىنىپ، ئۇنىڭ ئالا نىيىتى توغرۇلۇق بىشارەت بەرگەنلەرنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىغىنىم راست... بولۇپمۇ نەزەر مىرزا مېنى كۆپ قېتىم ئاگاھلاندۇرغانىدى. ئۇ بۇ قېتىم مېنى ئوۋغا چىقىشتىن توسۇپ: "ئۆزىمىزگە كۆز قۇلاق بولايلى، شىكارغا چىققاندىن كۆرە ئوردىدا — ئەلدە نېمە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ، مۇتالىئە قىلىپ تەكشۈرۈپ باقايلى" دېگەندە پىسەنتىمگە ئالماي شىكارغا چىقىپ كەتكەنلىكىم ئاللاغا ئايان. مەن غەپلەتتە قالدىم. خوجا مۇھەممەد، ئەمدى نېمە قىلماق كېرەك؟ — ئۇ بۇ سۆزنى ئىككىنچى قېتىم قايتىلىدى.

سوئال نەزەرى بىلەن ئەندىشە ئىلكىدە قارىغان شاھقا خوجا مۇھەممەد سەرۋەرنىڭ ئىچى ئاغرىدى.

— شاھىم، بۇ خۇسۇستا ئۆزلىرىنىلا ئەيىبلەش ساناش ھەقىقەتكە كۆز يۇمغانلىق بولىدۇ. مىرزا ئابابەكرىنى چىرايلىق كۆرسىتىپ — پەردازلاپ

كېلىۋاتقان ئەمىر-ئەركانلارمۇ تېگىشلىك ھەسسىسىنى ئېلىشى كېرەك، — خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى يەنە گەپتىن توختاپ پادىشاھقا قارىدى. پادىشاھ بېشىنى لىڭشىتىپ: «سۆزلەۋېرىڭ» دېگەن ئىشارىنى قىلغاندىن كېيىن سەل تۇرۇۋېلىپ داۋاملاشتۇردى، — نەزەر مىرزا ئاللا ئۆزلىرىگە ھەمدەم قىلغان سەممىي زات ئىدى. ئۇنىڭ مەسلىھەتىگە قۇلاق سېلىش — بۈگۈنكى كېلىشمەسلىكنىڭ ئالدىنى ئالغانلىق بولاتتى. خەيرىيەت، ۋاقىت ئۆتتى. ئەمدى تەخىر قىلىشقا بولمايدۇ. راستىنى دېسەم شاھىم، مىرزا ئابابەكرى نەچچە مىڭ لەشكىرى بىلەن شەھىرىمىزنى توردەك ئورىۋالدى. بىزنىڭ بىر قانچە مىڭ لەشكىرىمىز بولغان بىلەن ئۇلار ھەرقايسى بەگ-ئەمىرلەرنىڭ باشقۇرۇشىدا، ئۇلارنىڭ قورسىقىدا قانداق جىن بار؟ خۇدا بىلىدۇ، شۇتاپ ئوردىدا ئۇلارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ. ئاقسۇدىن ئالىيلىرى ئېلىپ كەلگەن 700 ياساۋۇل، نەۋكەر ھېلىمۇ ئۆزلىرىگە سادىق. ئەلھال ئۇلار بىلەن نەچچە ھەسسە ئارتۇق دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش دانالىقتىن ئەمەس. ھازىرچە پايتەختنى ئاللاغا تاپشۇرۇپ ئاقسۇغا كېتىش — ھەممە چارىدىن ئۈنۈملۈك-رەك چارە بولارمىكىن دەيمەن...

— بابا ئەلى سەردارمۇ شۇنداق مەسلىھەت بەرگەن. بۇنىڭغا شائىر ئايازمۇ قوشۇلغانىدى. بۇنداق قىلىشقا رايىم بارماي تۇرغاندا سىزمۇ مۇشۇن-داق مەسلىھەت بېرىۋاتىسىز. راست، ئېشەك چېغىدا مۇدۇرۇپ كەتكەن كۆۋرۈكتىن ئىككىنچى قېتىم ئۆتمەيدۇ، — دېدى سۇلتان ئەھمەدخان كۈمۈش غىلاپتىن چىقىپ تۇرغان قىلىچىنىڭ سېپىنى تۇتۇپ، ھۆرمەت بىلەن تىكىلىپ تۇرغان خوجا مۇھەممەد سەرۋەرىگە، — مەن ئەمدى پۇقرالار ئاسايىش تاپار، پىتنە-پاسات تېرىلماس، ئۇرۇش بولماس، بولۇپمۇ دوست سانالغان ھەمراھلىرىمدىن ئاسىيلار چىقماس دەپ خام خىيال قىلغان ئىكەنمەن. مېنى ئاگاھلاندۇرغانلارنى ھەسەت قىلىۋاتىدۇ، كۆرەلمەيۋاتىدۇ، دەپ خاتا ئويلىغان ئىكەنمەن. پەلەك رەھىمسىزلىك بىلەن ماڭا بۇ ھەقىقەت-نى تونۇتتى. بۇرادىرىم، مەن تولىمۇ كېچىكىپ ھوشۇمغا كەلدىم. بۇ

ئىشىنىڭ ئاقىۋىتىنى خەيرلىك قىلسۇن ئاللا!...

سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ بۇ سۆزلىرىنى مۇلاھىزە قىلغان خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى دېدى:

— ئارى شاھىم، ئېغىر مۇشكۇللۇك ئالدىدا سادىقلار بىلەن ساداقەتسىزلەر ئۆزىنى ئاشكارىلايدۇ. ۋەھالەنكى، ئالىيلىرىغا ساداقىتىنى بىلدۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىشەنچلىك دوست دېگىلى بولمايدۇ. تۈلكە ھىجىيىپ تۇرۇپ جان ئالىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئەمدىلىكتە ھەر قاچان سەگەك تۇرۇش لازىمكى، مىنۇتمۇ غەپلەتتە قېلىشقا بولمايدۇ. سۇيىقەست بىلەن شوغۇللانغۇچى سېتىلمىلارنىڭ دامىغا چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن ئالدىنىلا كۆرۈش كويىدا قىلمايدۇ. ئارقىغىمۇ، يىراققىمۇ نەزەر تاشلاش زۆرۈر، — سەرۋەرى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ تۇرغان پادىشاھتىن سۆز كۈتۈپ جىم بولدى.

— ياخشى مەسلىھەت — شاھ ئۈچۈن ئامەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن ئاللادىن مىننەتدارمەن ۋەزىر.

خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ سوئال نەزەرى چېقىپ تۇرغان قىياپىتىدىن بىرنەرسىنى چۈشەندى بولغاي، قول قوشتۇرۇپ دېدى:

— شاھىم، پېقىرنى كەچۈرگەيلا. يۇرتتىن ئايرىلىشنى قىيمىغانلىقىم، ھەم بالا-چاقىلىرىمنىڭ كۆپلۈكى سەۋەبلىك ئالىيلىرىغا ھەمراھ بولالمايدىغان بولدۇم. ئەمما، ئاللا ئۈستىمىزدە تۇرۇپتىكى، ھەرگىزمۇ مىرزا ئابابەكرى ئالدىدا خىزمەتتە بولمايمەن. بېشىمنى قانلىق قىلىچقا تۇتۇپ بېرىمەنكى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭمايمەن.

ۋەزىرنىڭ ئويىنى باشتىلا چۈشەنگەن پادىشاھ ئۇنىڭدىن ئاغرىنمىدى. ئەمما بىر دانا پىكىردىشى، مەسلىھەتچىسىدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىغا بەكمۇ ئەپسۇسلاندى.

— خەيرىيەت، — دېدى ئۇ، — ھەر جايدا ئاللا ئىگەم ئۆزى ساقلىسۇن. سىزنى بۇرادىرىم سۈپىتىدە ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن. سىزدىن ئاير-

رىلسامىۇ بەرگەن مەسلىھەتڭىزنى ئۆزۈم بىلەن بىرگە ئېلىپ كېتىمەن.
— ئالىيلىرىنى خۇداغا تاپشۇردۇم شاھىم، رۇخسەت قىلغايلا.
پادىشاھ ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلۈپ تۇرغان ۋەزىرگە قۇچاق ئاچتى.

## 2

سۇلتان ئەھمەدخان دېرىزىنىڭ پەردىسىنى قايرىپ تاشقىرىغا كۆز سالدى. دەرەخلەر ۋەھىمىلىك شىلدىرلاپ تۇراتتى. تىمتاسلىق ئىچىدىكى ئوردىنى سۈر باسقاندى. سۇلتان ئەھمەدخان خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن كۆڭلى ئېخىمۇ غەش بولۇپ ئويغا چۆمدى. ”مەن كۆپ جەڭلەرنى باشتىن كۆچۈردۇم. بۇ ۋاقىتقىچە بۇنداق ئالاقزادە بولۇپ، قېچىش كويىدا نېمە قىلارىمنى بىلمەي قالمىغاندىم. ئەجىبا، نەزەر مىرزىنىڭ ئىچىنىشلىق ئۆلتۈرۈلۈشى، خوجا مۇھەممەد سەرۋەرنىڭ سۆزلىرى مېنى ئۆز ئىرادەمگە قارشى ئىش قىلىشقا ئۈندەۋاتامدۇ ياكى قورقۇنچاقلىق قىلىۋاتامدىمەن؟“

قوشۇمىسى قاتتىق تۈرۈلگەن شاھ دېرىزە يېنىدىن قايتىپ بېرىپ ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن تەخت ئۈستىدە ئولتۇردى ۋە:
”ياق، — دېدى ئۆز-ئۆزىگە، — مېنى بۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان غەپلەت، دۈشمەننى دوست بىلگىنىم، دوستلارنىڭ سەممىي مەسلىھەتىنى قوبۇل تۇتماي، شاھلىق مەغرۇرلۇقىغا بېرىلگەنلىكىم...“
— مەرھەمەتلىك ئاللا جانابلىرىغا سالامەتلىك، كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلسۇن، — دېدى كىرىپ كەلگەن ھەسەن مىرزا ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ.
سۇلتان ئەھمەدخان خىيالدىن باش كۆتۈردى. ئۇزۇن مۇددەت سادىق-لىق بىلەن خىزمەت قىلغان يەنە بىر ۋەزىرى ھەسەن مىرزىغا مەيۈسلۈك بىلەن قاراپ، يېقىن كېلىپ ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى ۋە توغرىدىن توغرا مۇنۇ سوئالنى قويدى:

— مەملىكەتنى بىر مەككار زالىمغا تاپشۇرۇپ كەتكىنىمىز توغرىمۇ
ۋەزىر؟ پۇقرالارنى ئازابلىق كۈنلەرگە قالدۇرۇش ھېسابىغا ئۆز جېنىمىزنى
قۇتۇلدۇرساق ئاللا راۋا كۆرەرمۇ؟

ھەسەن مىرزا جاۋاب بەردى:

— پادىشاھلارغا ئاللا راۋا كۆرمەيدىغان ئۈچ ئىش بار ئالىيلىرى:
ئۇنىڭ بىرى، زالىملىق، بىرى، خۇنخورلۇق، يەنە بىرى، ئەيش-ئىشرەتكە
بېرىلىش. ئالىيلىرى تېخى ياش بولسىلىمۇ بۇ ئۈچ پاسىق ئىشتىن يىراق
بولۇپ رەئىيەت كۆڭلىدىن ئورۇن ئالدىلا. پادىشاھلارغا ئاللا راۋا كۆرىدىغان
يەنە ئۈچ ئىش بار: بىرى، ھەرقانداق شارائىتتا ئادالەتنى قولدىن بەرمەس-
لىك، بىرى، رەھىمسىز دۈشمەن ئالدىدا ئامانلىقنى قولدىن بەرمەسلىك،
يەنە بىرى، غەلىبە قىلغاندا مەغرۇرلانماسلىق، مەغلۇپ بولغاندا ئۈمىدسىز-
لەنمەسلىك. بۇ جەھەتتىن ئالغاندا ئاقسۇغا كېتىپ تۇرۇشلىرى ئامانلىق
ئۈچۈن، رەھىمسىز دۈشمەننىڭ ئاياغ ئاستىدا قالغان پۇقرالارنى پۇرسەت
تېپىپ قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن. ئامانلىق بولمىسا دۈشمەندىن قۇتۇلغىلى ۋە
قۇتۇلدۇرغىلى بولمايدۇ.

سۇلتان ئەھمەدخان قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇپ كەلگەن بۇ ئاقىل
ۋەزىرنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئەزىز بۇرادىرىم، — دېدى ئۇ كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا، —
مەن تاج كىيگەندىن كېيىن غەپلەت پاتقىقىغا پېتىپ قالغىنىمنى تونۇغۇندىن
بېرى ئاللا بىلدۇردى. بۇرۇن مەسلىھەتىڭىزنى قوبۇل كۆرمەي ئۈمىدلىرى-
ڭىزنى يەردە قويغانلىقىمدىن مۇشۇ كۈنگە قالدىم.

— بوقسۇ ئالىيلىرى، — ۋەزىر شاھنىڭ ياشاڭغىرىغان كۆزلىرىگە
قاراپ دېدى، — خۇراسان، ئىسسىق كۆل تەرەپلەردە تەڭداشسىز باتۇر،
مەردانە بولغان ئۆزلىرىدەك شاھنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئاقماسلىقى كېرەك.
يىغلاش — قورقۇنچاقلىقنىڭ ئالامىتىدۇر. تەدبىر — قىيان كەلگەن دەرياغا
سېلىنغان كۆۋرۈكتۇر. ئالىيلىرىنىڭ ئاقسۇغا بېرىپ تۇرۇشلىرى تەدبىردىن-

دۇر. بۇنى نېمشقا ئاللا راۋا كۆرمسۇن؟ رەئىيەت نېمە ئۈچۈن خالمىسۇن؟ ۋاقت زىچ شاھىم، بۇگۇن كەچتىن قالماي ئاتلىنىپ يولغا چىققايلا.

— دېمەك ئامال يوق ئىكەن-دە، — دېدى تەختتىن زادى ئايرىلغۇسى كەلمىگەن سۇلتان ئەھمەدخان ئورنىدىن بىر تۇرۇپ، يەنە لەسسىدە ئولتۇردى.

— مىرزا ئابابەكرىنىڭ بۇنداق ۋەھىمە پەيدا قىلىشى — ئالىيلىرىنىڭ ئاقسۇغا تېزرەك كېتىشلىرى ئۈچۈندۇر. تەييارلىقسىز تۇرغان چېغىمىزدا تەييارلىق بىلەن ئۆزىنى ئاشكارا قىلغان دۈشمەندىن مەككار ۋە رەھىمسىز كۈچ يوقتۇر. ئۇنى دەپئى قىلىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە چېكىنىشىمىز، تەييارلىق قىلىشىمىز لازىم.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى سۇلتان ئەھمەدخان، — سادىق بەگ-سىپاھلار بىلەن بۈگۈن كېچىدىن قالماي يولغا چىقايلى. "باشقا كۈن چۈشكەندە تاشلىمىغان كىشى ساڭا ھەقىقىي دوست" دەپتىكەن ئاقىللار. قارىغاندا ئەمىر-ئەركانلاردىن، بەگ-سىپاھلاردىن ئوردىنى تاشلاپ كەتكەنلىرى بار ئوخشايدۇ. ئىشىك ئاغىسى ئىمىر ۋەلى تاغايىنى ئۆزۈم قوغلىۋەتتىم. ئۆزىنى شۇنچە باتۇر، دانا ھېسابلايدىغان بۇ ئادەم بۈگۈن ئەتىگەندىن بېرى لاغ-لاغ تىترەپ تۇرىدىغان قورقۇنچاقتا ئايلىنىپ قالغانىكەن. بەزى ئادەملەرنىڭ بۇنچە تېز ئۆزگىرىدىغانلىقىنى خىيالىمغا كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىكەنمەن. ياش بولسىمۇ شائىر ئايازىدىن رازى بولدۇم. ئۇ — ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ مەن بىلەن بىرگە بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق قەسەمياد قىلدى. مەن سىزدىنمۇ رازىمەن بۇرادىرىم، ئاللا سىلەردەك مەردانە ئاقىللاردىن پېقىرنى ئايرىمىسۇن.

سۇلتان ئەھمەدخان ئۈچىنچى قېتىم ئورنىدىن تۇردى. ھاياجانلانغان ھەسەن مىرزىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ دېدى:

— خوجا مۇھەممەد سەرۋەرىدىن ئاغرىنمىغانلا شاھىم؟

— زىنھار...

— بۇ دانىشمەن ۋەزىرنىڭ قىلىشى يەنىلا ئالىيلىرنىڭ تېزرەك پايتەختكە كېلىشى ئۈچۈندۇر. ئۇ قىيما-چىيما بولۇپ كەتسمۇ ئۆزلىرىدىن يۈز ئۆرىمەيدۇ.

— ئىشىنىمەن.

— ئەلى سەردارمۇ قالماقچى بولۇۋاتىدۇ شاھىم.

— نېمىشقا؟

— خوجا مۇھەممەد سەرۋەرىگە ئوخشاش ئارزۇدا.

— سىز ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە ئىشىنەمسىز؟

— ئارى شاھىم.

— خوش، ئۇ نېمىشقا خوشلىشىشقا كىرمىدى؟

— دىدار كۆرۈشۈپ بولۇپ ئايرىلغاندىن، دىدار كۆرۈشمەي تۇرۇپ ئاللا پاناھىغا تاپشۇرۇش ئارتۇقچە روھىي بېسىم بولمايدۇ شاھىم. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، قالغىنى ئىگەمگە مەلۇم.

— ۋاللاھۇئەلەم، — دېدى سۇلتان ئەھمەدخان ئاقسۇغا كېتىش قارارىغا كېلىپ، — ئايازى بىلەن بىرگە كىشىلەرگە تويۇق چۈشۈرمەي تەييارلىق قىلىۋېرىڭلار.

— باش ئۈستىگە شاھىم.

ھەسەن مىرزا ئىگىلگىنىچە چىقىپ كەتتى. سۇلتان ئەھمەدخان تەختىنىڭ قۇببىلىرىنى سىلاپ-سىلاپ كۆزى قىيمىغان ھالدا يەرگە چۈشتى. كۆز چانقىـغـا پاتمىـغـان ياش تىـتـىـرەپ تۇرغان ساقاللىـرىـغـا قويۇلدى.

ئاخىرقى ياز ئېيىنىڭ تىنجىق بىر ئاخشىمىدا سەپەرگە ئاتلانغان سۇلتان ئەھمەدخان ياركەنت دەرۋازىسىدىن تىنچ-ئامان چىقىپ ئاقسۇغا راۋان بولدى.

## ئۈچىنچى باب

# مىرزا ئابابەكرىنىڭ يارلىقى

### 1

قارا بۇلۇتلار ئىچىدە بىر كۆرۈنۈپ، بىر كۆرۈنمەي ئۈزۈپ كېتىۋاتقان ئاي جاھانباغ ھاۋزىسىدىمۇ بەئەينى شۇنداق ئەكس ئېتەتتى. «ھاۋزا» دەپ ئاتالغان بۇ كۆلنىڭ سۈيى خۇددى رىۋايەتلەردە تەسۋىرلەنگەن جەننەت ھەۋزىسىدەك تىنىق بولۇپ، قارىغان كىشىنىڭ كۆڭلىدىكى غەمنى گويا خېمىردىن قىل سۇغۇرغاندەك تارتىپ ئالاتتى.

مىرزا ئابابەكرى مەجنۇنتاللار ئېگىلىپ تۇرغان ئاشۇ ھاۋزا بويىغا قويۇلغان شاھانە تەختتە ئولتۇراتتى. ئۇ نەچچە يىللاردىن بېرى قىلىپ كەلگەن شېرىن ئارزۇسىغا مۇشۇ ئەنسىز كېچىدە يەتكەندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ خۇشاللىقى ئاقۇش سوزۇنچاق يۈزىدە بەرق ئۇرۇپ تۇراتتى. پادىشاھقىلا خاس بولغان ئالتۇن تەختكە ئولتۇرۇش — بىرىنچى قېتىم بولغاچقىمۇ، ھاياجىنىنى باسالماي قالغانىدى. «تېخى تۈنۈگۈن مۇشۇ تەختتە سۇلتان ئەھمەدخان ئولتۇرغانىدى، ياخشى، ئۇ ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسەتمەي

بۇ تەختنى بوشاتتى. مانا ئاللا نىسسپ قىلىپ مەن ئولتۇرۇپتىمەن. ئەمدى ئۇنىڭ تاجۇسەلتەنىتىگە، خەزىنە-دەپىنىسىگە، ئوردا-ھەرىمىگە، مۇلازىم-كېنىزەكلىرىگە ئۆزۈم ئىگىدارلىق قىلىمەن. ئاللا، گۇناھىمنى كەچۈرۈپ مۇرادىمغا يەتكۈزگەيسەن...“

— سەردار، مويسىپىت بىر تەقسىر ئۆزلىرى بىلەن دىدار مۇلاقەت بولسام دەيدۇ، — دېدى دەرەخ ئارىسىدىن چىقىپ كەلگەن خاس نەۋكىرى قوچقار ياساۋۇل قىلىچىنى قايرىپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ.

— مەن ھازىردىن باشلاپ سەردار ئەمەس، پادىشاھ، — دېدى مىرزا ئابابەكرى قويۇق قاشلىرىنى ھىمىرىپ.

قوچقار ياساۋۇلنىڭ توغاچتەك پولتىيىپ چىققان مەڭزىدە يوگىلىپ تۇرغان سارغۇچ بۇرۇتلىرى قىمىرلاپ، چىھرىدە مەسخىرە كۈلكىسى پەيدا بولدىيۇ، شۇ ھامان چىرايى سۇرلۇك تۈس ئالدى.

— گۇناھىمدىن ئۆتسىلە شاھىم، بەندىنىڭ ھەرقاچان ئىللەت-نۇقسانىدىن خالىي بولمىقى قىيىن.

مىرزا ئابابەكرى تۇنجى قېتىم ”شاھىم“ دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ قىن-قىنىغا پاتماي قالدى. بۇ سۆزنى مەسخىرە قىلىپ دېدىمۇ ياكى سەممىي ھالدا ئېيتتىمۇ، تەكەببۇر ئەقىل ئىگىسىنىڭ شۇ تاپ بۇ ھەقتە ئويلىنىپ ئولتۇرۇشقا ھەپىسلىسى يوق ئىدى.

— ھازىردىن باشلاپ سەن خاس نەۋكىرىملا ئەمەس، پادىشاھ جاللاتلىرىنىڭ باشلىقىسەن!

— قۇللۇق شاھىم، — قوچقار ياساۋۇل يەنە بىر قېتىم تىزلىنىپ مىرزا ئابابەكرىنىڭ بۇيرۇقىغا قۇلاق تۇتتى.

— خۇدا بۇيرۇسا يەنە بىر سائەتتىن كېيىن ئوردىدا بولىمەن. ھەرقانداق خەۋپ-خەتەرنىڭ ئالدى ئېلىنىشى كېرەك. ئەگەر بىرەر پىشكەللىك يۈز بېرىدىكەن، كاللاڭ بىلەن جاۋاب قىلىسەن.

— خوپ شاھىم.

— ئەتە بامدات نامزىنى پايتەخت جامەسىدە ئوقۇيمەن.
— خوپ شاھىم.
— ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن ئوردا سارىيىدا بارلىق ئەمىر-ئەركان-لارغا ۋەزىپە بۇيرۇيمەن. بۇ يارلىقىمنى ئۇلارغا يەتكۈز.

مىرزا ئابابەكرىنىڭ قارلىغاچ قانىتىدەك قارا قاشلىرى كۆتۈرۈلۈپ، تۈرۈلگەن قوشۇمىسى پولتىيىپ چىقتى. كۆز چاناقلىرى خۇددى قاراڭغۇ كېچىدە چاشقان كۆرگەن مۈشۈكنىڭكىدەك كېڭىيىپ، ھال رەڭگە كىرگەن قارىچۇقلىرىدىن ئوت چاقنىغاندەك بولدى. ئۇ ھەرقاچان مۇشۇ ھالەتكە كەلگەندە يالتىرىغان قىلىچىدىن قان تاماتتى. ئۇنى كۆرگەن كىشىنىڭ تىلى كالۋالىشىپ، ئىختىيارسىز دىر-دىر تىترەپ تىزلىنىپ قالاتتى.

مىرزا ئابابەكرى ئورنىدىن تۇردى. قىلىچىنىڭ باش قىيغان بىسىدىن تولا قان يالاپ قورقماس بولۇپ كەتكەن قوچقار ياساۋۇلمۇ دەرھال تىزلىنىپ پەرمان كۈتتى.

— نەزەر مىرزا يولغا سېلىندىمۇ؟ — سورىدى مىرزا ئابابەكرى ئۇنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كېلىپ.

باش كۆتۈرۈپ قاراشقا پېتىنالمىغان قوچقار ياساۋۇل:

— ئالىيلىرىنىڭ ئېيتقىنىدەك، ئۇ دۇنياغا يولغا سېلىندى، — دەپ بوغۇلۇپ جاۋاب بەردى.

— كىشى كۆرمىگەندۇ؟

— ئارى شاھىم، بىر ئاللادىن باشقا.

قوچقار ياساۋۇل يالغان سۆزلىدى. ئاشۇ مۇدھىش كېچە ئۇ جەسەتكە قارىتىپ قويغان نەۋكەرلەر، ئۆلۈم خەۋپىدىن قورقۇپ ئۆزلىرىنى چەتكە ئالغاندا نەزەر مىرزىنىڭ جەستى غايىب بولغانلىقىنى ۋە ئۇ نەۋكەرلەرنى قىلىچ بىسىدىن ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئېيتمىدى. ئەگەر ئاغزىدىن چىقارسا ئۆزى-مۇ بېشىدىن ئايرىلاتتى.

— ئەلى بەدارچۇ؟

قوچقار ياساۋۇل بىردىن جانلىنىپ بېشىنى كۆتۈردى. ئالدىدا دىۋىدەك تۇرغان مىرزا ئابابەكرىگە كۆزى چۈشۈپ يەنە لاغىلداپ تىترەپ كەتتى.

مىرزا ئابابەكرى قەددى-قامەتتە قەشقەر-ياركەنت دىيارلىرىدا يەككە-يېگانە سانىلاتتى. "تەلەي دوقا ماڭلايىنىڭ قېشىدا" دېگەندەك، خۇدا ئۇنىڭ پەۋقۇلئاددە ئېگىز بويىغا شۇنداق بىر يوغان سوقىچاق باشنى ئورۇنلاشتۇرغان ئىدىكى، ئۇنىڭ بۇ غەلىتە بېشىنى سەل سوزۇنچاق ئاقۇش قىزىل كەلگەن چىرايلىق يۈز، قىڭراق بىسىدەك قاڭشار، بۇركۈتنىڭكىدەك چاقناپ تۇرىدىغان ئۆتكۈر كۆز، ناھايىتى ماس كەلگەن يالپاق قۇلاق ۋە قويۇق ساقال-بۇرۇت ئارىسىغا يوشۇرۇنغان ئېغىز زىننەتلىگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەتتە ھەم جەزبىدار، ھەم سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. ھەر كۈنى نەچچە نۆۋەت بۇ خوجىسى بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ تۇرىدىغان جاللات قوچقار ياساۋۇل ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا ئەركىن سۆزلەشكە زادىلا ئادەتلىنەلمەي كەلدى. دائىم ئالدىغا كىرگەندە ئۇنى سۈر باساتتى. ھازىرمۇ مىرزا ئابابەكرىگە تىك قارىيالماي يەر تېگىدىن بېقىپ سوئالىغا جاۋاب بەردى:

— ئالبىلىرىنىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن ئەلى بەردارنىمۇ دەل ۋاقتىدا ئۇجۇقتۇرۇۋەتتىم.

— سەن مېنىڭ سايەم، لەۋزىڭدىن شىكەر، قىلىچىڭدىن قان تېمىپ تۇرۇشى لازىمكى، سېنى كۆرگەنلەر دىر-دىر تىترىسۇن، — مىرزا ئابەكرى ئېغىر تىن ئېلىپ، بىر پەس تۇرۇۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — ھېلىقى شەھەردىن چىققان تەقسىر ئەتە ئوردىغا بارسۇن.

— خوپ شاھىم.

— ئەمدى بارغىن.

قوچقار ياساۋۇل ئورنىدىن تۇرۇپ كەينىچە مېڭىپ دەرەخلەر ئارىسىدا غايىب بولدى.

مىرزا ئابابەكرى شۇ تاپتا ئۆزىنى ئىنتىزار بولۇپ كۈتۈپ تۇرغان كەنجى خوتۇنىغا بۇگۈن كېچىنى ئوردىدا ئۆتكۈزىدىغانلىقىدىن خۇش

خەۋەر بەرمەكچى بولۇپ، رەڭگارەڭ شامدانلارنىڭ نۇرىغا چۆمۈلگەن جاھان-باغدىكى خاس قەسىرىگە قاراپ ماڭدى.

## 2

ئارغامچا بويى ئۆرلىگەن قۇياش قارامتۇل بۇلۇتلار ئىچىدە بىر كۆرۈنۈپ، بىر كۆرۈنمەي ئۈزمەكتە ئىدى. ھېلىلا ئاقىرىپ ئاپتاپ چۈشكەن يەر بىردەمدە قارىيىپ ئاپتاپتىن خالىي بولۇپ قالاتتى.

تەختنىڭ ئالتۇن يالتىلىغان قۇببىسىغا دېرىزىلەردىن چۈشۈپ تۇرغان ئاپتاپ گېدىيىپ ئولتۇرغان مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئاياغ ئاستىدىكى بىر غۇلاچ بەردە ساغۇچ ئاق شولا پەيدا قىلدى. تەختنىڭ ئىككى تەرىپىنى بويلاپ سەپراس تۇرغان ئەمىر-ئەركانلار قورقۇنچ قارا كۆلەڭگە تاشلاپ تۇرغان كۆزلىرىنى يەرگە سىلىنغان خوتەن گىلەمدىن ئالماي، قول قوشتۇرۇپ تۇرۇشاتتى.

— ساداقەتمەن ۋەزىر-ۋۇزرا، ئەمىر-ئەركانلار، مېنىڭ ياركەنت شەھەرىگە كېلىپ تەخت ئىگىلىشىم، — دېدى مىرزا ئابابەكرى بوم ئاۋاز بىلەن، — پىر بۇزرۇكۋار خوجا ئەھرار ھەزرىتىمنىڭ ئەمرى بىلەن بولغان ئىشتۇر.

— ئارى، ئارى ...، — دېيىشتى ئەمىر-ئەركانلار.

— ئەمىر-ئەركانلار، پېقىر ھېلىھەم خوجا مۇھەممەد فىزالىدىن ھەزرىتىمگە مۇرىت. سۇلتان ئەھمەدخانغا پۇقرامەن، بىقىن كەلگۈسىدە شاھىمىزنى قايتۇرۇپ كېلىپ ئۆز تەختىدە قارار تاپقۇزىمەن، — ئۇنىڭ ئاۋازى پەسلەپ چىرايىدا چۈشىنىكسىز تەبەسسۇم پەيدا بولدى، — ئاللا خالىسا ياركەنت شەھىرىمىزنى ئۆز ئىسمى-جىسمىغا، پايتەختلىك دەبدەبىسىگە لايىق قۇرۇپ چىقماق پېقىرنىڭ زىممىسىدىكى، جۈملىدىن ھەربىرلىرىنىڭ پات ئارىدا ئادا قىلمىقى لازىم بولغان مۇبارەك ئىشتۇر. ئېرىق-ئۆستەڭ چېپىپ، دېھقانلارنىڭ قاغجىراپ كەتكەن يەرلىرىنى سۇ بىلەن تەمىن ئېتىشنى، يول

ياساپ، كۆۋرۈك سېلىپ، خەلقنىڭ غېمىنى يېيىشنى پېقىردەك ياخشى نىيەتلىك سۇلتانغا ھەق سۇبھانەۋەتەئالا بۇيرۇغان...

ئۇ سۆزدىن توختىدى. قويۇق قاشلىرى كۆتۈرۈلۈپ، كۆزلىرى يوغان ئېچىلدى. بۇ كۆرۈنۈش جامالىغا شۇنداق يېقىملىق تۇس بەردىكى، ئۇ ئۆزىنى "سۇلتان" دەپ ئاتىغاندا ئۆتكۈر كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتتى. كۆپچىلىككە شاھانە نەزەر تاشلىغاندىن كېيىن چىرايى يەنە سۇرلۇك تۇس ئېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئاللا بۇيرۇغان ئىشنى ۋاقتىدا ئادا قىلىش— پادىشاھنىڭ بۇرچىدۇر. بۇنىڭغا ھېچقانداق كۈچ قارشى تۇرالمايدۇ. توسقۇنلۇق، قارشىلىق يىمىرىپ تاشلىنىدۇ. مەن ئەلنىڭ سۇلتانى بولغان ئىكەنمەن، مەملىكەتنى باشقۇرۇشتا ئىشەنچلىك، ئىقتىدارلىق، قابىل دۆلەت ئەركانلىرىغا تايىنىشىم لازىم ئەلۋەتتە.

— بىز سۇلتانىمىزغا تايىنىمىز، — دېدى مىرزا ئابابەكرىنىڭ كەينىدە بۇيرۇق كۈتۈپ قىلىچ يالىڭاچلاپ تۇرغان جاللات بېشى قوچقار ياساۋۇل.

— بىز سۇلتانىمىزغا تايىنىمىز، — ئەمىر-ئەركانلارمۇ قوشۇلدى.

— ئاللادىن مىننەتدارمەن قولداشلىرىم، — مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئوت چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدە ياش لىغىلدىدى، — ھەربىرلىرى دىيارىمىزنىڭ دانىشمەنلىرى، سائادەت كۆكىدىكى يۇلتۇزلار. ھەربىرلىرى — بىجاندىل ھۆرمەتلەپ مېنى سۇلتان قىلىپ تىكلىگەن يەردە كىم ماڭا كۆز ئالايتالايدۇ؟ يىراق-يېقىندىن كىم ماڭا قارا قولىنى سۇنالايدۇ؟ ھېچكىم...

مىرزا ئابابەكرى بۇ سۆزى بىلەن سۇلتان ئەھمەدخاننى ئۇزۇل-كېسىل ئىنكار قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلدى. بايا: "مەن ئۇنىڭ پۇقراسى" دېگىنى رەئىيەتنىڭ رايىنى سىناش ئۈچۈنلا قىلىپ قويغان بىر سۆز ئىكەنلىكىنى ھازىر ئاشكارىلىدى.

ئوردا ئىچى شامالسىز كېچىدەك جىمجىتلىققا چۆكتى. كىشىلەرنىڭ تىنىقلىرىمۇ توختاپ قالغاندەك بولدى. سۆزنىڭ كۆپچىلىككە قاتتىق تەسىر

قىلغانلىقىنى بىلىپ يەتكەن مىرزا ئابابەكرى تەخت ئۈستىدە ئورنىدىن تۇرۇپ دېدى:

— شاھدانە كوكۇلداش باش ۋەزىرىم بولىدۇ.

كەكە ساقال، كىمخاپ تون كىيگەن بويلۇق بىر كىشى ئەركانلار ئىچىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ يەرگە باش قويدى:

— ئادالەتلىك سۇلتانىم، ئاللا تاجۇتەختلىرىگە رەھمەت ئاتا قىلسۇن.

— شاھدانە كوكۇلداش ئىستىداتلىق ئەرباب. سۇلتان ئەھمەدخانغا ۋەزىر بولغان چاغلىرىدا ئۆز قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرالماي سىقىلىپ كەلگەنلىكى پېقىرغا ئۇزۇندىن بېرى مەلۇم ئىدى. ئەمدى كارامەت كۆرسىتىپ تاجۇتەختىمىزگە زىننەت بەرگۈسى.

— باش ئۈستىگە شاھ سۇلتانىم.

— جاي ئالسۇنلار...

شاھدانە كوكۇلداش قۇللۇق قىلغىنىچە ئېگىلىپ بېرىپ باش ۋەزىرلىك كۇرسىدا ئولتۇردى.

— سەردار مۇھەممەد بېكنىڭ سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ئەمىر لەشكىرى ئىكەنلىكى ئاۋامغا مەلۇم. سۇلتان ئەھمەدخان ئۆز ئىلىنى كېڭەيتىش، قۇدرەت تاپقۇزۇش كويىدا بولمىغاچ، سەردار مۇھەممەدبېك ئوردىغا قامىلىپ قالغانىدى. ئەمدى ئۇنىڭ خىزمەت كۆرسىتىدىغان، تاجۇ-تەختىمىزگە شان-شەرەپ كەلتۈرىدىغان پەيتى يېتىپ كەلدى. ئۇ بۈگۈندىن باشلاپ مېنىڭ ئەمىر لەشكىرىم ھەم ۋەزىرىم بولىدۇ.

مىرزا ئابابەكرى سۆزلەۋاتقاندا ئەركانلار ئىچىدىن يەتتە تەزىم بىلەن پۈكۈلۈپ چىققان مۇھەممەدبېك تەخت ئالدىغا كېلىپ باش قويدى.

— قۇللۇق، شاھ سۇلتانىم، پېقىرنىڭ جانپىدالىقى ئالىيلىرىنى رازى قىلسا ئۆلسەممۇ ئارماندا كەتمىگەيمەن.

— جاي ئالسۇنلار.

ئۇمۇ تەزىمدە ئېگىلىپ بارغىنىچە ۋەزىرلىك كۇرسىدىن جاي ئالدى.

ئەمىر-ئەركانلار ”يەنە كىمنى چاقىراركىن؟“ دەپ، ھەرقايسىلىرى كاتتا تەمە بىلەن يەرگە قاراپ تۇرۇشاتتى. مىرزا ئابابەكرى ئۆزىگە سادىق دەپ بىلگەن ئەمىر-سەردارلاردىن يەنە يەتتە كىشىنى ئۆزىگە ۋەزىر قىلىپ تەيىنلىدى. مۆھۈردار، سەرمۇنشى، دىۋان بېگى، ئوردا بېگى، ياساۋۇللار بېگىدىن تارتىپ پادىشاھ كەپتەرخانىسىنىڭ باشلىقىغىچە بولغان ھەربىي ۋە مۇلكى ئەمەلدار-لاردىن 67 كىشىنى بەلگىلىدى. 27 كىشىگە ئەمىر-سەردار، بەگ نامىنى بەردى. ئىككى قولىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ تۇرغان ھاتەم شاھنى قازى كالان، گاھ سارغىيىپ، گاھ تاتىرىپ ئالا-بۇلا بولۇپ تۇرغان ئىمىر ۋەلى تاغايىنى ئىشىك ئاغىسى دەپ ئېلان قىلدى. ئۈچ كۈندىن بېرى توختىماي داۋام قىلغان قورقۇنچ تىترىكنى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئەمدى كۆتۈرۈلۈپ، يادىكىغۇ چىرايىدا خۇشامەت كۈلكىسى پەيدا بولدى. مىرزا ئابابەكرى شاھلىق ھاسىسىنى تۇتۇپ ئولتۇردى. ئۇ قىلىچىنى غىلاپىدىن سۇغۇرماي تۇرۇپ، ھەيۋە بىلەن پادىشاھلىقنى تارتىۋالغان غالىپ سەركەردە ئىدى. يۈرەكلىرى ئەمدىگىنە ئورنىغا چۈشكەن ئەمىر-ئەركانلار: ”يەنە قانداق يارلىق چۈشۈ-رىدىكىن؟“ دېگەن ئويدا ئۇنىڭغا تىكىلگەنىدى.

نېمىندۇر ئويلاپ مىرزا ئابابەكرىنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى. ئاپتاپ ئۆچكەندەك، چىرايىدىن تەبەسسۇم يوقالدى.

— سەردار ئارسلانبەگ، مەخمۇتبەگ، مەنسۇربەگ، ئابدۇلمۇلۇك بار-لاسى، غىياسىدىن قەشقىرى، ئابدۇلمجىت موغۇل... ئالدىمغا كېلىش.

ئىسمى ئاتالغانلار بىر-بىرلەپ تەخت ئالدىغا كېلىپ باش قويدى. ئۇلارنىڭ چىرايى سارغىيىپ، ۋۇجۇدى تىترەكتىن لاغىلداپ تۇراتتى.

— سەنلەر، — دەپ ئۇنلۇك خىتاب قىلدى مىرزا ئابابەكرى، — سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ سادىق ئەمەلدارى تۇرۇقلۇق نېمىشقا ئۇنىڭ بىلەن كەتمەي بۇ يەردە قېلىشتىڭ؟

— ئالىيلىرىنىڭ تەخت پايىلىرى ئاستىدا ساداقەت بىلەن خىزمەت قىلىش ئۈچۈن، — دېدى مەنسۇربەگ ساقالىسىز ستدام ئىڭەكلىرى كاسلد-

داپ تىترىگەن ھالدا. باشقىلارنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەنىدى.

— ئۆز پادىشاھىڭغا ساداقەت كۆرسىتەلمىگەن يەردە ماڭا قانداق قىلىپ ساداقەت كۆرسىتىسەن؟

— سايىلىرى ئاستىدا...

مىرزا ئابابەكرى ئاچچىق كۈلدى:

— ئېيتقىنا، سېنىڭ كۈچىڭدىكى سەگدىن[1] قانداق پەرقىڭ بار؟ سەگ كىم بىر پارچە ئۇستىخان تاشلاپ بەرسە ئۇنىڭغا قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ جېنىنى باقىدۇ. سەنمۇ شۇنداق جان بېقىش كويىدا ئىكەنسەن-دە. مەن بۇنىڭغا يول قويمايمەن. كۆڭلەرنىڭ بىرىدە مۇشۇ ئولتۇرغانلارنىڭ بىرى مەندىن پادىشاھلىقنى تارتىۋالسا، شۈبھىسىز سەن يەنە ئۇنىڭ ئالدىدا قۇيرۇق شىپاڭشىتىسەن، ماڭا قىلىچ تەڭلەيسەن. سەندىن نە شاھقا، نە پۇقراغا ھېچقانداق پايدا يەتمەيدۇ. تۇرالغۇسى يوق ئىپلاس قەدىمىڭنىڭ ئوردامنى مەينەت قىلىشىغا يول قويسام ئاللا مېنى كەچۈرمەيدۇ، جاللات!

— پادىشاھىم، گۇناھىمنى كەچۈرسىلە، — دېدى بېشىنى يەردىن كۆتۈرگەن مەنسۇربەگ تىزلىنىپ ئالدىغا مېڭىپ.

— راست ئېيتتىلا سەردار، — دېدى ئارسلانبەگ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ. ئۇنىڭ قىزغۇچ بوم ساقىلى تىترەپ كەتتى، — بىزنىڭ سەگدىن پەرقىمىز يوق. ئۆز شاھىمىزغا خىيانەت قىلدۇق. ئۇنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆردۇق. مەنسەپ-ئەمەلنى دەپ ئالدىلىرىدا باش ئەگدۇق. بىزگە ئۆلۈم ھەق.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان مىرزا ئابابەكرىنىڭ يۈزلىرى چىمىلداپ، قاشلىرى كۆتۈرۈلدى ۋە ھاسىغا تايىنىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئالدىدا باش ئېگىپ تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئىت مىجەز ئەمەسلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە پىكىر قىلغۇچى ئاقىللارنىڭمۇ بارلىقىنى بىلدى. ئەسلىدە ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى

---

① سەگ — ئىت.

ئىت مىجەزگە چىقىرىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ نەزەرىدە پىكىر قىلغۇچىلار — بولۇپمۇ قارشى پىكىر قىلغۇچىلار ئىنتايىن خەتەرلىك ئادەملەر ئىدى. بۇلارنى چوقۇم ئۆلتۈرۈش، ئۆزىنىڭ ئادىل، مەردانىلىقىنى كۆرسىتىشتە خەتەرلىك بولمىغان بىر قىسىم ئىت مىجەزلەرنىڭمۇ باشلىرىنى كېسىش، ئاۋامغا كۈچ كۆرسىتىش، بېسىم ئىشلىتىپ چۆچۈتۈش زۆرۈر ئىدى. شۇڭا مىرزا ئابابەكرى ھېچبىر ئىككىلەنمەستىن ئالدىدا بىرقانچە جاللات بىلەن ھازىر بولغان قوچقار ياساۋۇلغا بۇيرۇدى:

— بۇلارنىڭ بېشى كېسىلىپ سازايى قىلىنسۇن!

— باش ئۈستىگە شاھىم!

سەردار ئارسلانبەگ باشلىق يەتتە كىشىنىڭ يەلكىلىرىدىن قاماپ تۇتقان جاللاتلار ئۇلارنى سۆزلەشكە قويماي سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. باش ۋەزىرلىك ئورنىدا ئولتۇرغان شاھدانە كوكولداشنىڭ چىرايى ساماندەك سارغايدى. ئەمىر مۇھەممەدبېك گەز باغلاپ كەتكەن قېلىن كالپۇكىنى قاتتىق چىشلىدى. ئەمىر ۋەلى تاغايى يەنە تىترەشكە چۈشتى. چۈنكى باش ئېگىپ كەلگەنلەردىن ھېلىلا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلار بۇلار ئۇچۇن قورقۇنچلۇق ئاگاھلاندۇرۇش ئىدى.

مىرزا ئابابەكرى سەپسىلىپ بۇلارنىڭ روھىي ھالىتىدىكى بىسەرەمجانلىقنى بايقىغان ھالدا كۈلۈمسىرەپ سورىدى:

— سۇلتان ئەھمەدخاندىن ئايرىلىپ ياركەنتتە قالغان ئەمىر-سەردارلەردىن ھۇزۇرۇمغا كەلمىگەن ئىككى ئادەم بار. ئەلى سەردار بىلەن خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى ... ئۇلاردىن خەۋىرىڭلار بارمۇ؟

قىزغۇچ نۇر چاقناپ تۇرغان كۆزدىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇپ، ئورنىغا مىخلىنىپ قالغاندەك ئولتۇرۇشقان شاھدانە كوكولداش، ئەمىر مۇھەممەد بېك، ئەمىر ۋەلى تاغايىلار نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەي، يەرگە كىرىپ كەتكىدەك بولۇشتى.

— خۇدا دۆلەت ئۈستىگە دۆلەت ئاتا قىلغاي سۇلتانىم، — دەپ

ئورنىدىن تۇردى ۋەزىرلىككە تەيىنلەنگەن ئابدۇللا دانىش ئىككى قولىنى ساقىلى بويىلىپ تۇرغان كۆكسىگە قويۇپ، — كىشىلەر ئارىسىدىكى گەپكە قارىغاندا، ئەلى سەردار قەشقەرگە كەتكەنمىش. تۈنۈگۈندىن بېرى قارىسى كۆرۈنمەيدۇ. خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى ئۆيىدە بولسا كېرەك.

بۇ گەپكە قۇلاق تۇتمىغاندەك مىيىقىدا كۈلۈپ ئولتۇرغان مىرزا ئابابەكرى:

— ۋەزىر-ۋۇزرا، ئەمىر-ئەركانلارغا تون تارتىلسۇن، — دەپ يارلىق چۈشۈردى. بىگى تەيىنلەنگەن خەزىنە بېگى سۇلايمان دەۋرانى بۇرۇنلا تەييارلىق قىلىپ قويغان بولسا كېرەك، پەتنۇس-پەتنۇستا قويۇلغان رەڭگا-رەڭ كىمخاپ تونلارنى مۇلازىملارغا كۆتەرتىپ ئېلىپ كىردى. ئەڭ ئاۋۋال باش ۋەزىر شاھدانە كوكۇلداشقا زەر قىياقلىرى جۇلالاپ تۇرغان يىپەك توننى كىيگۈزدى. ئاندىن باشقىلارغا ئۆز ئەملىگە يارىشا تون ياپتى. ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ پادىشاھنىڭ بۇ مەرھەمىتىگە مەدھىيە ئوقۇۋاتقاندا، ئوردا دەرۋازىۋەنى كىرىپ تىزلاندى:

— شاھ سۇلتانىم، خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى كەلگەنىكەن، ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشمەن، — دەيدۇ.

مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئىللىق چىرايى ئاپتاپ ئۆچكەندەك سۇرۇن تۈس ئالدى.

— كىرسۇن! — دەپ شاھدانە كوكۇلداشقا كۆز ئىشارىسى قىلدى. ئىتتىك ئورنىدىن تۇرغان باش ۋەزىر ئىشىك ئاغىسى ئەمىر ۋەلى تاغايىنىڭ ھەمراھلىقىدا دىۋانغا چىقتى، بىر پەستىن كېيىن ئوردا دەرۋازىۋەنى خوجا مۇھەممەد سەرۋەرىنى باشلاپ كىردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — خوجا مۇھەممەد سەرۋەرىنىڭ چىرايىدىن تەمكىنلىك ۋە ئۆزىگە ئىشەنگەنلىك چىقىپ تۇراتتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دېدى شاھدانە كوكۇلداش، ئۇنىڭ مەردانە نەزەرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ. ئەمىر ۋەلى تاغايىنىڭ دېمى ئىچىگە

چۇشۇپ كەتتى.

— مىرزا ئۇردىدىمۇ؟ — سورىدى ئۇ مەڭسىتمىگەندەك قىلىپ . "مىرزا كىم؟" بۇ سوئال كۆڭلىگە چۇشكەن شاھدانە كوكۇلداش ئويلاپ تۇرۇپ قالدى، نىمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي ئۆزىدەكلا تېڭىرقاپ قالغان ئەمىر ۋەلى تاغايدىن سۆز كۈتۈپ ساقاللىرىنى سىقىمداپ قويدى.

— مەن مىرزا ئابابەكرىنى دەۋاتىمەن، — دەپ سۆزىنى تەكرارلىدى خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى ، — قېنى ئېيتسىلا؟

— سۇلتانىمىز جانابلىرىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، — دەپ جاۋاب بەردى شاھدانە كوكۇلداش تىلى تۇتۇلۇپ بوت كەبى زۇۋان سۇرمەي تۇرغان ئەمىر ۋەلى تاغايغا ھومىيىپ قاراپ قويۇپ.

— مىرزا مېنى كۈتۈپ تۇرغان بولسا مەن كىرەي، — خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى تەئەددى قىلىپ دېمىقىنى قېقىپ قويدى-دە، قەسىر ئالىيغا قاراپ دادىل قەدەم تاشلىدى...

# تۆتىنچى باب

# خوجا مۇھەممەد فىزالىدىننىڭ تەسەللىسى

## 1

پەتنۇس ۋە مىس چۆگۈن كۆتۈرۈپ يېنىك قەدەم تاشلاپ كىرىپ كەلگەن مەستۇرە ئايىم خۇمرىدىكى ئىككى تۇخۇم ئارىلاشتۇرۇلغان سۈت چايغا بىر توقاچ ناننى چىلاپ خوجا مۇھەممەد فىزالىدىننىڭ ئالدىغا قويدى.

— تەقسىرىم، قورساقلىرى ئېچىپ قالغاندۇ، چايغا مەرھەمەت قىلسىلا.

— ۋاقىت قايسى چاغ بولدى خاتۇن؟ — قويۇق، ئۇزۇن قاشلىرى ئاستىدىكى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن قاپقىنى ئارىدەك قوللىرى بىلەن ئۇۋۇلاپ ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈرگەن ھەزرىتىم مەنىلىك كۈلۈمسىرەپ مەستۇرە ئايىمغا ”يۆلە“ دېگەندەك كۆز ئىشارىسى قىلدى.

— ۋاقىت چاشكا بولدى تەقسىرىم، ناماز بامداتتىن كىرىپلا ئۇيقىغا كەتكەنىدىلە...

ئىزمىلىرى ئېتىلمىگەن ئۇزۇن نىمچىسىدىن لىۋەن قامىتى كۆرۈنۈپ تۇرغان بۇ گۈزەل چوكان ھەزرىتىمنىڭ تۆتىنچى خوتۇنى ئىدى. ئۇ قوي

كۆزلىرىنى ئۇيناتقان ھالدا يۇكۇنۇپ تۇرۇپ ئاۋۋال ھەزرىتىمنىڭ دۈمبىسىگە لىغىلداپ تۇرغان كۆكسىنى يىقىپ، ئاندىن ئىككى قولتۇقىدىن يۆلەپ ئولتۇرغۇزدى.

— ھەببەللى، ھەببەللى خان، — دېدى خوجا مۇھەممەد فىزالىدىن كۆيۈنگەن ھالدا. ئۇ ئەمدىلەتىن 25 ياشلارغا كىرگەن بۇ چىرايلىق خوتۇنىنى باشقا ئۈچ خوتۇنىغا قارىغاندا ناھايىتى ياخشى كۆرۈپ ”خان“ دەپ ئاتاپ ئەتىۋارلايتتى.

— تەقسىرىم، چاي سوۋۇپ قالمىسۇن.

— خان دەملەپ كىرگەن چاي سوۋۇپ قالمايدۇ، — دېدى ھەزرىتىم مەنىلىك ھالدا خىرىلداپ.

— ھەر ئىش ۋاقتىدا بولمىسا قىزىقى قالمايدۇ، — دەرھال جاۋاب بەردى مەستۇرە ئايىممۇ نېمىگىدۇ ئىما قىلىپ.

ھەزرىتىم كۆلۈپ سىلىپ، ئاغزىغا ئالغانناننى پۇرقۇپ تاشلىدى:

— شەرەنداز، شەرەنداز.

— مانا، دېمىدىممۇ تەقسىرىم، ئېغىزلىرىدا تاماق تۇرماس بولۇپ قاپتۇ. جانابى ئاللا كېرەم قۇۋۋەت ئاتا قىلغاي.

مەستۇرە ئايىم 70 ياشتىن ئاشقان بۇ ئېرىگە كىنايە قىلىپ، خۇددى ھەسەلگە قول ئۇزاتقان كىشىگە نەشتەر سانجىغان ھەرىدەك ئۇنى شۇ ئان چېقىۋالدى. دېمى ئىچىگە چۈشۈپ ئولتۇرۇپ كەتكەن خوجا مۇھەممەد فىزالىدىن بىر قولىغا خۇمرىنى ئالدى-دە، بىردەمدىلا ئۇنى قۇرۇقداپ قويدى.

— ئەلھەمدۇلىللا، — خۇمرىنى قويۇپ دۇئاغا قول كۆتۈردى، — كۆپىنىڭ قاتارىدا رىسقىمنى زىيادە قىلغايسەن، ئامىن ئاللاھۇئەكبەر.

مەستۇرە ئايىم داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ تۇرۇشىغا مېھمانخانا ئىشىكى ئاستا چېكىلدى. ھەزرىتىم خوتۇنىغا كۆز ئىشارىسى بىلەن ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كېتىشىنى بۇيرۇپ، ياستۇققا يۆلەندى.

— قېنى، مەرھەمەت.

مەللە تون كىيگەن دۇمچەك بىر ئادەم ئىشىكتىن كىرىپلا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى ۋە تىزلىرى بىلەن ئۆمىلەپ مېڭىپ ھەزرىتىمنىڭ ئالدىغا كەلدى. بۇ خوجا مۇھەممەد فىزالىدىنىنىڭ خاس مۇلازىملىرىدىن خوتەن ۋىلايىتىدىن پىرىنىڭ خىزمىتىگە بەل باغلاپ كەلگەن روزى سوپىۇم ئىدى.

— ئەي مەرھەمەتلىك پىرىم، پادىشاھ ھەزرەتلىرى بوسۇغىمىز ئالدىغا كېلىپتۇ.

— خەۋەر قىلمىغىنىنى، ئەستاغپۇرۇللا! — خوجا مۇھەممەد فىزالىدىن ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى.

— مەرھەمەتلىك پىرىم، شائىر ئايازنى ئالدىن ئەۋەتكەنىكەن، ئۇ خان ھەزرىتىمنىڭ كېلىۋاتقىنى توغرۇلۇق ئۆزلىرىگە خەۋەر قىلىشىمنى ئېيتىپ، ئىبتىكاپخانىدا قالدى، — دېدى سوپىۇم، ئۇنىڭ قاپقارا كەكە ساقىلى تىترەپ كەتتى.

— ھە، مۇنداق دە، ئۇنداق بولسا ئىبتىكاپخانىغا ھازىر چىقىمەن. ھەزرىتىم ”چىقىپ كەت“ دېگەن مەنىدە سوپىغا ئىشارەت قىلدى. سوپىۇم تىزلىنىپ ئارقىسىچە يېنىپ ئىشىك ئالدىغا كەلگەندىلا:

”يا نەخشبەندى پىرىم“ دېگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

— ئەھۇ! ...

مەستۇرە ئايىم ئىچكىرىكى ئۆيدىن چىقتى.

— لەببەي...

— جەندە تونۇمنى كىيگۈزۈپ قويسىلا خان، — دېدى ھەزرىتىم قوللىرىنى يېيىپ.

مەستۇرە ئايىم ئىچكىرىكى ئۆيدىن جەندە ۋە ئاق داكا سەللە ئورالغان كۇلاھنى ئېلىپ چىقتى. ئۇ ئاۋۋال جەندىنى، ئاندىن كۇلاھنى كىيگۈزدى.

”سۇلتان ئەھمەدخان ياركەنتتىن قېچىپ كېلىپلا مەندىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرگەنىدى. ھالا بۈگۈن كېلىشىدە بىرەر سەۋەب بولسا كېرەك.

سۇلتان تېخى ياش، ئاللاھا ئۆزۈڭ پاناھ بولغىن!» خوجا مۇھەممەد فىزالىدىن كۆڭلىدە ئالتىنچا قىلىپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى.

## 2

زاۋال ۋاقتى. ئاسمان يۈزىنى سۇر قارا بۇلۇتلار قاپلىغانىدى. كەچ كۈزنىڭ سوغۇق شاملى سۇيىنى تارتىلىپ قىرغاقتىن خېلىلا تۆۋەنلەپ ئېقىۋاتقان ئاقسۇ دەرياسىدا ساناقسىز چىم-چىم پەيدا قىلىپ، يېنىك شىلدىرلاپ تۇرغان دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرىنى قويماي تۆكمەكتە ئىدى. شەھەر كوچىسى غازاڭ بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. شۇ تاپتا ئەمىر-ئەركانلىرى بىلەن كېتىۋاتقان سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ چىرايى خۇددى ھاۋادەكلا تۇتۇق ئىدى. «تەقدىر ماڭا نېمانچە رەھىمسىزلىك قىلىدىغاندۇ؟ قول ئاستىمدىكى بىر لەشكەر بېشى تەختىمنى تارتىۋېلىپ ياركەنتتىن مېنى قوغلىۋەتتى. ئاقسۇغا كەلگىنىمدىن كېيىنمۇ ئاراملىق بولمايۋاتىدۇ. ئاكام سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ بىر كۆزى مەندە بولسا، يەنە بىر كۆزى ئۆز تاجۇ-تەختىگە خەۋپ يەتكۈزۈپ تۇرغان پەرغانە-خۇراسان تەرەپتە، ئەل تىنچ ئەمەس. يامان بولغىنى، مىرزا ئابابەكرى كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىپ ئاقسۇنى يۇتۇۋېلىش كويىدا بولماقتا. نېمە قىلارىمنى بىلمەي قېلىۋاتىمەن. خۇدايا پەرۋەردىگارا، ئاجىز قۇلۇڭغا ئۆزۈڭ مەدەتكار بولغىن. پىرىم خوجا مۇھەممەد فىزالىدىن ھەزرىتىمنىڭ مۇبارەك كۆڭۈللىرىگە سېلىپ ياخشى مەسلىھەت بەرگۈزگەيسەن. پېقىرنى ئۇنۇملۇك چارە-تەدبىرگە ئىگە قىلغايسەنكى، بەكمۇ ئاجىز كەلدىم...»

تورۇقنىڭ قاتتىق پۇشقۇرۇشى ئۇنى خىيال دەرياسىدىن ئۇمىد قىرغىقىغا چىقاردى. كۆز تىككەن يەردە خوجا مۇھەممەد فىزالىدىن ھەزرىتىم خانىقاسىنىڭ دەرۋازا پەشتاقلىرى كۆرۈندى. ئۇ ئىتتىك يورغىلاپ كېتىۋاتقان ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ سەل ئاستىلاتتى.

— ئەسساﻣﯘئەلەيكۇم شاھىنشاھىم... مۇبارەك قەدەملىرى پىقىرنىڭ غېرىب خانىسىنى ئاۋات قىلغاي.

يىراقتىن پايپاسلاپ يېتىپ كەلگەن خوجا مۇھەممەد فىزالىدىن ئاتتىن چۈشۈۋاتقان سۇلتان ئەھمەدخانغا تەزىم بىجا كەلتۈردى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام پىرىم، ھەزرەتلىرىنىڭ دىدارى پىقىرنىڭ ئۈزۈلگەن ئۇمىدىنى ئۇلىغۇچى رىشتە، ئۆچكەن ئارزۇ چىرىغىنى ياندۇرغۇچى خاسىيەتلىك مەشئەلدۇر.

— قۇللۇق شاھىم، غېرىب خانەمگە مەرھەمەت قىلغايلا.

ئۇ ئاق سەللە ئورالغان بېشىنى سەل ئېگىپ ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ ئالدىدا ماڭدى. ئۇنىڭ كۆمۈشتەك پارقىراق ساقىلى پۈتۈن تېنىنى ئوراپ تۇرغان مەللە تون ئۈستىدىن كۆكرىكىنى بېسىپ تۇراتتى. ئېتىكاپخانىدىن ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىققان ئايازى بىر ياندا تەزىمدا تۇردى. سۇلتان ئەھمەد-خان قاراڭغۇ دالاندىن ئۆتۈپ ئېتىكاپخانىغا كىردى. خوجا مۇھەممەد فىزال-دىن تۆردىكى ماﺋۇق يېكەنداز ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى ھوقۇشىڭكىدەك سىرلىق كۆزىنى ئەھمەدخانغا تىكتى. ئۇ پىر ئۇستازلىق سالاپىتى بىلەن:

— مەرھەمەت سۇلتان، ئويلىمىغان ئىدىمكى، ئالىيلىرى ياركەنتتىن بىۋاقىت يېنىپ كەپتىلا، — دېدى خىرقىراپ.

ئەھمەدخانىنىڭ قارا قاشلىرى سەل كۆتۈرۈلۈپ، مەڭزى ۋىللىدە قىزاردى.

— پىرىم ھەزرەتلىرى ئەپۇ قىلسۇنلاركىم، پىقىر مىرزا ئابابەكرى ئۈستىدىن داد ئېيتىپ كەلدىم.

ھەزرىتىم ئاپئاق ساقىلىنى بىر سىيپاپ قويدى:

— ئى خان ھەزرەتلىرى، گەرچە سىلى ياش بولسىلىمۇ، سۇلتان دېگەن مۇبارەك ناملىرى بار.

— ئارى، ھەزرىتى پىرىم، — ئاستا جاۋاب بەردى ئەھمەدخان يا

ئۆرە تۇرۇشنى، يا بىكەنداز ئۇستىدە ئولتۇرۇشنى بىلەلمەي. ھەزرىتىم ئولتۇرۇشقا تەكلىپمۇ قىلماي سوئالنى داۋاملاشتۇردى:

— سۇلتانىم، ئاتىلىرىڭىزنىڭ ئىسىم-شەرىپلىرىنى ئەسلىگەيلا.

— بۇ نېمە دېگەنلىرى تەقسىر؟ ئاتامنىڭ موغۇلىستان[1] پادىشاھى يۇنۇسخان ئىكەنلىكى پۈتۈن دۇنياغا ئايانغۇ.

— ئارى، تېرىكمەي جاۋاب بەرگەيلا سۇلتان. پېقىرنىڭ پىرلىرى ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇپ قالمىسۇنلار.

— خۇدا ساقلىسۇن، پىر-ئۇستاز.

— خوش، بوۋىلىرىنىڭ ئىسىم-شەرىپلىرىنى دەپ باقسۇنلار.

— موغۇلىستان شاھى ئۇۋەيسخان.

— ئۇۋەيسخاننىڭ ئاتىسىنىڭ نامى؟

— شىرئەلىخان.

— ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ نامى؟

— سۇلتان مۇھەممەدخان.

— ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ نامى؟

— خىزىر خوجىخان...

— ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ نامى؟

— چاغاتاي ئەبرىلىرىدىن دەسلەپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ غازات قىلغان تۇغلۇق تۆمۈرخاندۇر پىرىم.

— بارىكاللا، بارىكاللا بالام، ئولتۇرغايلا، — ھەزرىتى خوجا مۇھەممەد فىزالىدىن پىرىم ئەھمەدخانغا يېنىدىن جاي كۆرسەتتى، — شۆھرەتلىك ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ نامى ئەسلىرىدە چىراغدەك روشەن تۇرۇپتۇ سۇلتان.

---

[1] موغۇلىستان — مىلادى 1348-يىلى چاغاتاي ئەۋلادى تۇغلۇق تۆمۈرخان تەرىپىدىن قۇرۇلغان، ئالمالىق شەھىرى (ھازىرقى قورغاس ناھىيىسى تەۋەسىدە)نى پايتەخت قىلىپ شىمالدا ئالتاي تاغلىرىدىن باشلاپ بالقاش كۆلىگىچە، غەربتە فەرغانە ئويمانلىقى، جەنۇبتا قاراقۇرۇم تاغلىرى، شەرقتە قۇمۇلنىڭ شەرقىغىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۆلەت.

ئۇنىڭ بۇ سۆزىدە قاتتىق تەئەددى بار ئىدى. ئۇ ئېغىر تىنىۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئالىيلىرىنىڭ ياركەنت دىيارىغا خان بولغان بىرقانچە يىلدىن بېرى يۇرتنى ئاۋات قىلغان، ئاۋامنى ھۆر تۇرمۇشقا يېتەكلىگەن مۇرىدىم ئىكەنلىكلىرى ماڭا ئايان. نەزەر مىرزىنىڭ سۇلتان مىرزا ئابابەكرى تەرىپىدىن قەتلى قىلىنىشى بەكمۇ ئېچىنىشلىقتۇر. پېقىر بۇنىڭغا چىدالماي قېلىۋاتىمەن.

— ئۇستازىم، ئۇلارنى، ئۇ دانا، باھادىر بوۋىلىرىمنى ئۇنۇتقىنىم يوق. سەممگە سېلىپ شۇنى بىلدۇردىلەركى: مەن ئۇلارغا يۈز كېلەلمەيدىكەنمەن. قاچاق سۇلتان بولغان پېقىرنى جانابى ئاللا قانداق جازاغا تارتسا ھەق، تەقسىر.

قوشۇمىسىدا ئىككى تۈرۈك پەيدا بولغان سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ چىرايىدىكى قىزىللىق يوقلىپ ئاقىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ لېۋىنى قاتتىق چىشلىگىنىچە ئۆرە تۇرۇۋەردى.

— سۇلتانىم، ئولتۇرسۇنلار، — خوجا مۇھەممەد قىزالدىن بىر قولىنى يەرگە تىرەپ تەستە ئورنىدىن تۇرۇپ جاي كۆرسەتتى.

ئۇ پىر-ئۇستازلىق مەرتىۋىسىدە پادىشاھتىن ئۇستۈن بولالمايدىغانلىقىنى، ئەگەر سۇلتاننىڭ غەزىپى تۇتسا ئاياپ قويمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا تەسەللىي بېرىپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— تەقدىر رەھىمسىز. تاجۇ-تەختلىرىنى تاشلاپ ياركەنتتىن قايتىپ كېلىشلىرىدە ھەممە گۇناھنى ئۆزلىرىگە ئارتىشقا بولمايدۇ. چۈشكەن روھلىرىنى كۆتۈرۈش، پىرىم كۆڭۈللىرىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن بابا بەزى گەپلەرنى قىلدىم. ئارتۇقچە ھەسرەت چېكىپ يۈرمىسۇنلار. ئاتىلىرى شاھى جاھان يۇنۇسخان ئۆز تەختىدە بەر قارارلىقى، مىرزا ئابابەكرىنىڭ بويۇنتاۋلىقىغا ھەرگىز يول قويمايدۇ.

— پىر ئۇستاز، مەن بەرھەق سۆزلىرىنى ئېغىر ئالغىنىم يوق ۋە كۆڭلۈمدە باشقىچە غۇممۇ يوق. ئەمما شاھ ئاتام مەندىن خاپا بولۇپ

قالارمۇ؟ دېگەن ئەندىشە پىقىرنى پاراكەندە قىلماقتا، — دېدى سۇلتان ئەھمەدخان قول ئىشارىتى بىلەن ئولتۇرمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ، — پىقىر ئاتامنىڭ كۆتكىنىدىن چىقالمىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئەپسۇسلىنىمەن.

ئۇ ئاكىسى سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ مۇنۇ ئىككى مىسرا شېئىرىنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى:

ئەھلى ئالەم بىرلە ئالەمدىن ۋاپا تاپماس كىشى،
ئى خۇش ئول ئازادە كىم ئالەم ئىلە يوقتۇر ئىشى.

"ئۆز كۆڭلىنى خوش قىلىش بىلەن بولۇپ، ئالەم بىلەن ئىشى بولمىغان ئادەم قانداقمۇ پادىشاھ ھېسابلانسۇن. مەن ھەرگىز ئۇنداق قىلالـمىغۇدەكمەن. ئاتام دائىم ئەلنىڭ غېمىنى يەپ موغۇلىستان، خۇراسان پادىشاھلىرى ئارىسىدا ئابروي قازانغان..." ، — سۇلتان ئەھمەدخان ئاتىسىـنى ئويلاپ ئۇنىڭ خانلىق تەختىگە قانداق چىققانلىقى توغرۇلۇق دەپ بەرگەنلىرىنى ئېسىگە ئالدى...

يۇنۇسخان موغۇلىستان خانى ئۇۋەيسخاننىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، ھىجرىيە 808-يىلى[①]ئالمالىقتا تۇغۇلغانىدى. ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئىككى يىل كېيىن تۇغۇلغان ئىنىسى ئېسەن بۇغاخان گۆدەكلىك ۋاقتىدىن تارتىپ ئۆكتەم، ھازازۇل[②]ئىدى. نازلىق كىچىك خوتۇنىدىن بولغان بۇ ئوغلىغا ئاتىسى بەكرەك ئامراق ئىدى. نېمە دېسە شۇنى تەييار قىلغۇزۇپ بېرەتتى.

بويلۇق بولسىمۇ ياۋاش، كەمسۆز ئاكىسى يۇنۇسخاننىڭ قولىغا نېمە چۈشسە ئىنىسى شۇنى تارتىپ ئالاتتى. دادىسى ئۇۋەيسخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن خانلىق تەختىدە يۇنۇسخان ئولتۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما ۋەدە قىلىپ ھۆرمىتى ئۇستۇن ۋەزىر-ئەمىرلەرنى ئۆزىگە قارىتىۋالغان ئېسەن بۇغاخان موغۇلىستان تەختىگە چىقىپ، ئاكىسىنى ئالمالىقتىن قوغلاپ چىقارـدى. يۇنۇسخانغا بۇ قاتتىق ئەلەم بولدى. ئۇ ئىنىچىسىنى ئوغلى ئابدۇلئېزىز

---

① ھىجرىيە 808-يىلى — مىلادى 1402 ـ 1403-يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

② ھازازۇل — شەيتاننىڭ ئىسمى. بىشەم، ئۇششۇق مەنىلىرىدە.

مىرزىغا ئېلىپ بەرگەن سەمەرقەنت پادىشاھى ئۇلۇغبەگنى پاناھ تارتىپ، ئۆزىنى قوللايدىغان بارىن قەبىلىسىنىڭ تۇمەن بېگى ئېرزەنخان بىلەن جوراس قەبىلىسىنىڭ تۇمەن بېگى مىرەك تۈركمەنخاننى ئۈچ-تۆت مىڭ ئۆيلۈك خەلق بىلەن سەمەرقەنتكە ئېلىپ باردى. لېكىن ئۇلۇغبەگ ئېسەن بۇغاخاننى ياقلايدىغان كىلىنىڭلا سۆزىگە ئىشىنىپ، يۇنۇسخانغا ئىلتىپات قىلمايلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ بىلەن كەلگەنلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئەسىر ئالدى، قالغان قىسمىنى ھەرقايسى ۋىلايەتلەرگە تارقىتىۋەتتى. يۇنۇسخاننى بولسا بىر قىسىم مۇلازىملىرى بىلەن خۇراسان پادىشاھى بولغان ئاتىسى شاھرۇخ مىرزا قېشىغا ئەۋەتىۋەتتى. شاھرۇخ مىرزا ئەمدىلا 18 ياشقا كىرگەن ئەدەبلىك بۇ يىگىتنى ياقتۇرۇپ قالدى. ياخشى تەربىيە تاپسۇن دەپ ئۇنى مەۋلانە شەرىپىدىن ئەلى يەزدىگە[①]شاگىرتلىققا بەردى. ئۇنىڭ قولىدا 12 يىل ئوقىدى. ئۇستازىنىڭ ئەسەرلەر توپلىمى «مۇئەممە تەرەزى»نى ئوقۇپلا قالماي يەنە ئۇنىڭ «ھىلال»، «زەپەرنامە» قاتارلىق بىرقانچە ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ چىقتى. ھەممىدىن بەك سەئىدىنىڭ «گۈلىستان»نى ياقتۇرۇپ قالغانىدى. ئەرەبچە، پارسچىنى پىششىق بىلىشى — ئۇنىڭ ئىلىم-تەھسىل قىلىشىدا قارابى، ئىبنى سىنا ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىپ، مۇتالىئە قىلىشى ئۈچۈنلا ئەمەس، پارس ۋە ئەرەب دىيارىدا سەيلى-ساياھەتتە بولۇشى ئۈچۈنمۇ يول ئېچىپ بەردى. يۇنۇسخان شاھرۇخ مىرزىنىڭ دەۋتى بىلەن ئۇنىڭ شىرازدا ھۆكۈمران بولۇپ تۇرغان ئوغلى ئىبراھىم سۇلتان مىرزىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئاز ۋاقىت ئوردا خىزمىتىدە بولدى. بەختكە قارشى ئىبراھىم سۇلتان ئۇشتۇمتۇت ياقىي ئالەمگە سەپەر قىلدى. تەختكە ئوغلى ئابدۇللا مىرزا ئولتۇردى. يۇنۇسخان ئۇنىڭ خاس نەۋكىرى بولۇپ شىرازدا 18 يىل تۇرۇپ قالدى. ئارىلىقتا ئىراق، شام، مەككە-مەدىنە، مىسىر تەرەپلەرگە بېرىپ ھەج قىلغاچ سەيلى-ساياھەتتە بولدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭغا سوغۇق

[①] مەۋلانە شەرىپىدىن ئەلى يەزدى — ئەمىنى زامانىدا داڭق چىقارغان ئالىم، ئەدىب.

مۇئاملىدە بولغان ئۇلۇغبەگ مىرزىنىڭمۇ ئوغلى ئابدۇللىتىپ مىرزا تەرىپىدىن شېھىت قىلىنغانلىقىنى ئىراقتا ئاڭلاپ شىرازغا قايتىپ كەلگەندە، ئاتىسىنى قەتلى قىلغان قاتىلنىڭمۇ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى. ئۇنىڭ زېھنىمۇ، كۆزىمۇ ئېچىلىپ ئالىم ۋە سىياسىي ئەرباب بولۇپ قالغانىدى. يۇرت-ئېلىنى سېغىنغان يۇنۇسخان سۇلتان ئابدۇللا مىرزىنىڭ يۇقىرى مەنسەپ ۋەدە قىلىشىغا قارىماي سەمەرقەنتكە قايتىپ كەلدى. ئۇ ئېسەن بۇغاخاننى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقان سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشتى.

— موغۇلىستاننىڭ خانى بولۇشنى ئاللا سىزگىلا مەنسۇپ قىلغاندەك تۇرىدۇ، — دېدى ئەبۇ سەئىد مىرزا ئۇنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، —موغۇلىستان ئېسەن بۇغاخان قولىدا نامراتلىشىپ كەتتى. ئۇ — ھە دەپ قوشنىلارنىڭ يېرىگە ھۇجۇم قىلىپ غەلىبە قىلالمايلا قالماستىن، نۇرغۇن نەۋكەرنىڭ قىرىلىشىغا، خەزىنە-بايلىقنىڭ خورىشىغا، خانلىقنىڭ يىلدىن-يىلغا ئاجىزلاپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولدى. ئۆز ھالىغا باقماي زېمىنىمىزغا باستۇرۇپ كەلگەن ئۇ مەلئۇننىڭ ئوبدان جازاسىنى بېرىپ، ئىككىنچىلەپ كىشىنىڭ يېرىگە ئاياغ باسماس ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇم. ئاڭلىسام بۈگۈن موغۇلىستان خەلقى ئۇنىڭدىن بىزار بولۇپ يولىڭىزغا كۆز تىكمۇۋېتىپتۇ. لەشكەر دېسىڭىز، قانچىلىك كېرەك بولسا شۇنچىلىك بېرەي. موغۇلىستانغا بېرىڭ يۇنۇسخان، ئاللا سىزگە نۇسرەت ئاتا قىلغۇسى.

يۇنۇسخان ئىككى كۈندىن كېيىن بىرمۇنچە لەشكەر بىلەن موغۇلىستانغا قاراپ يولغا چىقىپ، ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ئالمالىققا يېتىپ كەلدى.

يۇنۇسخاننى ھەرقايسى موگۇل قەبىلىسىنىڭ تۈمەن بەگلىرى، ئېسەن بۇغاخاندىن كۆڭلى قالغان بىر قىسىم ۋەزىر، ئەمىر، بەگ، سەردارلار، يۇرت كاتتىلىرى ئالمالىقتىن ئون چاقىرىم يەرگىچە ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. شۇ كۈنى كېچىسى موگۇل قەبىلىلىرىنىڭ بەگلەر بېگى بولغان شىر ھاجىبەگ قىزى ئېسەن دۆلەت بېگىمنى يۇنۇسخانغا نىكاھلاپ بەردى.

ئەتىسى بامدات نامىزىدىن كېيىن موڭغۇل تۆمەن بەگلىرى بۆلارنى ئاق كىگىز ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ، يۇنۇسخانغا تاج كىيگۈزۈپ موغۇلستان خانى دەپ ئېلان قىلىشتى. بىر ئايدىن كېيىن ئېسەن بۇغاخاننى باغلاپ ئېلىپ كەلگەن شىرھاجىبەگنىڭ ياساۋۇللىرى ئۇنى يۇنۇسخاننىڭ ئاياغ ئاستىغا ياتقۇزۇپ:

— خان ھەزرەتلىرى، دارغا ئاسامدۇق؟ بوغۇزلامدۇق؟ ياكى بوغۇپ ئۆلتۈرەمدۇق؟ — دەپ سورىدى.

ياداپ كۆزلىرى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن ئېسەن بۇغاخان ئاكىسىغا توغرا قارىيالماي يەر قاساپ ياتاتتى. يۇنۇسخان ئورنىدىن تۇردى-دە، ئىنىسىنىڭ يېنىدا زوڭ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ قوللىرىنى يەشتى.

— سەن ماڭا دۈشمەنلىك قىلغان بولساڭمۇ، بىر ئاتىدىن تۆرەلگەن قېرىنداشمىسەن. سېنى كەچۈردۈم، يەنە بېشىمغا قىلىچ چاپامسەن، ياكى خانلىقىمىزنى روناق تاپقۇزۇش يولىدا جان پىدا قىلىپ گۇناھىڭنى يۇيامسەن، بۇ سېنىڭ ئىختىيارىڭ. كەل ئىنىم، مەن سېنى بىر قۇچاقلىۋالاي، مەرھۇم ئاتا-ئانامىنىڭ روھى خۇشال بولسۇن.

ئېسەن بۇغاخان ھۆركىرەپ يىغلاپ ئاكىسىنىڭ ئايىغىغا تاشلاندى:

— پېقىر نالايىق ئىنىڭىز ئالدىڭىزدا كۆپ گۇناھكار، ئۇنى قانداق جازالىسىڭىزمۇ ئازلىق قىلىدۇ ئاكا!

— چاپانمۇ بىر-بىرىنى چاقمايدۇ، لېكىن ئادەملەر بىۋاپا بولسىمۇ، ھەممىسى نامەرد ئەمەس. سېنى ئەپۇ قىلالمىسام قانداقمۇ ئۇ دۇنيادا ئاللانىڭ ئەپۇ قىلىشىغا ئېرىشەلەيمەن ئىنىم. تۇرغىن، خانلىقىمىز ئۈچۈن ھالال خىزمەت قىل.

دانىشمەنلەرنىڭ "قاتىل بىلەن زىناخورنىڭ ئۆمرى كوتابولىدۇ" دېگىنى راست بولسا كېرەك. يۇقرانى ئۇنتۇپ ئەيش-ئىشرەتكە بېرىلگەن، ئەلنىڭ ھالىغا يەتمەي ئۇرۇش قوزغاپ قان تۆككەن ئېسەن بۇغاخان ئەركىنلىككە ئېرىشكەندىن كېيىنمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرمىدى. ئۇ سارالڭ

بولۇپ قېلىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن ئۆلدى.

يۇنۇسخان تەختكە چىققاندىن كېيىن خەلقتىن ئۈچ يىلغىچە ئالۋاڭ-ياساقنى كۆتۈرۈۋەتتى. بەش يىل ئىچىدە ئىسەن دۆلەت بېگىمدىن مېھرى نىگار، قۇتلۇق نىگار، خوپ نىگار ئاتلىق ئۈچ قىز پەرزەنت كۆردى. بۇلار بىر-بىرىدىن چىرايلىق بولۇپ، ھەممىسى ئاھۇ كۆزلۈك ئىدى. خان بەدەخشان ئېلىگە مېھمان بولۇپ بارغاندا بۇ مەملىكەتنىڭ پادىشاھى مۇھەممەدخاننىڭ قىزى شاھ بېگىمنى نىكاھىغا ئالدى. بۇ نازۇك بەدەن خوتۇنى مەھمۇدخان، ئەھمەدخان ئاتلىق ئىككى ئوغۇل، سۇلتان نىگار خېنىم، دۆلەت سۇلتان خېنىم ئاتلىق ئىككى قىز تۇغۇپ بەردى.

مېھرى نىگار خېنىمنى سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ چوڭ ئوغلى سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا، سۇلتان نىگار خېنىمنى ئىككىنچى ئوغلى سۇلتان مەھمۇد مىرزىغا، قۇتلۇق نىگار خېنىمنى ئۈچىنچى ئوغلى سۇلتان ئۆمەر شەيخ مىرزىغا، خوپ نىگار خېنىمنى قەشقەر خانى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ئوغلى مۇھەممەد ھۈسەيىن مىرزىغا ياتلىق قىلدى.

يۇنۇسخان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چاغاتاي ئەۋلادىدىن بولغان خانلار بىلەن ئەمىر تۆمۈر ئەۋلادىدىن بولغان سۇلتانلار ئارىسىدا دوستلۇق، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتتى ۋە تاشكەنت دىيارىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇنى چوڭ ئوغلى سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ باشقۇرۇشىغا، ئاقسۇنى كىچىك ئوغلى ئەھمەدخاننىڭ باشقۇرۇشىغا بەرگەنىدى. ئەھمەدخان ئاقسۇدىن ياركەنتكە بېرىپ، ئۈچ يىل ئۆتمەي تەختنى مىرزائابابەكرىگە تارتقۇزۇپ قويدى...

ئۇستازىنىڭ گەپ باشلىشى بىلەن سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ پەرۋاز قىلغان خىيال قۇشى توختاپ قالدى.

— ئاللا ئۆزلىرىگە يار بولسۇن سۇلتانىم، جانابى ئاتىلىرى شاھەنشاھ يۇنۇسخان ئالىي ھىممەتلىك مەرد پادىشاھتۇر. ئۇ بۇ ۋاقىتقا قەدەر ئۆزىنىڭ ئەپۇچانلىقى، كۆكسى-قارنىنىڭ كەڭلىكى بىلەن پۈتۈن موغۇلىستان، خۇراسان ۋە ماۋارائۇننەھر شاھلىرى ئىچىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ كەلمەكتە.

جانابلىرىنى ياركەنتكە يولغا سالغىنى — شاھ ئاتىلىرى ئەمەس، پىقىر ئۇستازلىرى. خاپا بولۇشقا توغرا كەلسە پىقىردىن خاپا بولسا، پىقىرنى جازالىسا بولىدۇكى، سىلىدىن خاپا بولۇش ئورۇنلۇق ئەمەس. ئەمدى ئاقسۇدا خانلىق تەختىدە ئولتۇرسۇنلار. بۇ ھەقتە بىر مەكتۇپ يوللاپ، شاھ ئاتىلىرىنى مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئاسىيلىقىدىن خەۋەردار قىلغايمەن.

خوجا فىزالىدىن ھەزرىتىم ئولتۇرماي ھاسىسىغا تايىنىپ تۇرغىنچە سۆزلەپ كەتتى.

— ئولتۇرسىلا پىر ئۇستاز، — سۇلتان ئەھمەدخان خوجا مۇھەممەد فىزالىدىننى ئورنىدا ئولتۇرغۇزدى، — پىقىر ئۆزلىرىدىن تەلىم ئالغىنىمدىن كېيىن، شاھ بولۇش خىيالىدا ئىجازەتلىرى بىلەن ياركەنتكە باردىم، شاھ بولدۇم، ئۇنى تارتقۇزۇپ قويدۇم. بۇ ئۆزۈمنىڭ شورى. ئەمدى شاھ ئاتام ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇشنى خالاپ قىلىۋاتىمەن. جانابلىرىنىڭ مەكتۇپى شاھ ئاتامغا زور تەسەللىي بولغاي. ئەمدى ئىجازەت بەرسۇنلار، قايتسام.

— ئاقسۇنىڭ خانلىق تەختىدە ئولتۇرۇشلىرىنى نىمە ئۇچۇن شاھ ئاتىلىرى خالىمسۇن سۇلتانىم، زىنھار. بۇنىڭدىن بويۇن تولغىمسۇنلار.

جاۋاب بەرمەي سۈكۈت قىلىپ تۇرغان سۇلتانغا قارىغان ھەزرىتىم دېدى:

— سۇلتانىم، خارەزىم پادىشاھى بولغان ئەھمەد مىرزا، پەرغانە پادىشاھى سۇلتان ئۆمەر شەيخ مىرزا پەدەر بۇزرۇكۋارلىرى يۇنۇسخاننىڭ كۈيئوغۇللىرىدۇر. ئاكىلىرى سۇلتان مەھمۇدخان تاشكەنت دىيارىنىڭ خانى. نىچۈك ئۆزلىرىنى يالغۇز، ئاجىز سانايدىلا؟ قايسى تەرەپتىن ياردەم سورىسىلا ئۇلار قول قوشتۇرۇپ تۇرمايدۇ.

— بەس پىر ئۇستاز، پىقىرنىڭ بىر ئاللادىن باشقا ھەرقانداق كىشىدىن ياردەم تەلەپ قىلغۇسى يوق، ئىنسابىمغا دۇئا قىلسۇنلار.

ھەزرىتىم سۇلتانغا قاراپ كەتتى. ”ئۇنىڭ مىجەزى بوۋىلىرىغا

تارتىپتۇ» دېدى ئىچىدە.

— ئۇستازىم، دۇئا بەرسۇنلار.

— ئامىن، — قىبلىگە يۈزىنى قىلغان خوجا مۇھەممەد فىرالىدىن ھەزرەت ئورنىدىن تۇرۇپ دۇئاغا قول كۆتۈردى، — ئى ئاسمان-زېمىننى يارىتىپ، بارلىق مەخلۇقاتنى ئۆز نۇرىنى بىلەن خەلق ئەتكەن ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم، كۆپلەرنىڭ قاتارىدا سۇلتان ئەھمەدخاننى ئامان قىلغايسەن. ئۆزۈڭ ئىنئام قىلغان بەندىلەرنىڭ يولىغا باشلاپ، پەدەر[1] بۇزرۇكۋارى بىلەن سالامەت دىدار-مۇلاقات قىلغايسەن. كەلگۈسىدە ئۇنى بۇ كەڭ دىيارىمىزغا ئادالەتلىك پادىشاھ قىلىپ بەرگەيسەن. بىر ھەممەتىكەيا ئەرھومەر-راھىمىن ...

ئەلەم ئوتىدا باغرى پۇچىلىنىپ تۇرغان سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ كۆزىدىن ئىككى قەترە ياش سىرغىپ ساقىلىغا چۈشتى. ئۇ ئۆزىنى ئۈزاتماقچى بولغان ئۇستازىنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ مىڭىپ، بۇ چوڭ خانىقانىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا چىقتى ...

خوجا مۇھەممەد فىرالىدىن ئۆز غېرىبخانىسىغا ئالاھىدە يوقلاپ كەلگەن سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ بىر پىيالە سىنچايمۇ ئىچمەي قايتىپ كېتىۋاتقىنىدىن كۆڭلى يېرىم بولغانىدى. ئۇ، پەرىشان-مالال سۇلتان ئەھمەدخاننى شۇنداقلا ئۇزىتىپ قويۇشقا كۆڭلى قىيماي دېدى:

— سۇلتانىم، نائۇمىد شەيتاندۇر. ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمىسىلە. بۇ ئالەم ئۆزۈن ئالەم، قولغا كەلگەن تاجۇتەختنىڭ قولدىن چىقىپ كېتىشىمۇ، يەنە قولغا قايتىپ كېلىشىمۇ تەقدىرى قىسمەتتۇر. غەيرەتلىك، جۈرئەتلىك بولۇش لازىم، — ئۇ ساقىلىنى تۇتاملاپ بىرنەرسە ئېسىگە چۈشكەندەك سورىدى:

— بۇ قېتىم تۇغۇلغان پەرزەنتلىرىنىڭ ئىسىم-شەرىپى نېمە ئىدى؟

[1] پەدەر — ئاتا.

— سەئىدخان، — سەل روھلىنىپ جاۋاب بەردى ئەھمەدخان.
— قۇتلۇق ئىسمىكەن، جانابى ئاللا مۇبارەك قىلسۇن، مەن ھەر كۈنى كېچىدە تەھەججۇد نامىزى[1]دىن پارىغ بولغىنىمدا شاھزادىگە دۇئا قىلىمەن. ئۆمرۈم يار بەرسە ئۆز تەربىيىتىمگە ئالغايمەن.
— خۇدا رەھمەت قىلسۇن پىر ئۇستاز.
سۇلتان ئەھمەدخان نامازشامغا چىققان ئەزاننى ئاڭلاپ، خوجا مۇھەممەد فىزالىددىننىڭ كەينىدىن مەسچىتكە قاراپ ماڭدى.



[1] تەھەججۇد نامىزى — تۈن نىسپى بولغاندا ياكى تاڭ سەھەر تۇرۇپ ئوقۇيدىغان 12 رەكئەت ناماز.

# بەشىنچى باب

# قۇرۇق تىكەن شېخى

## 1

سېغىز تۇپىلىق ياركەنت دىيارىنىڭ قىشچە سوغۇقتىن قاتقان تۇپرىقى كۈن نۇرىدا ئىللىپ يۇمشاپ، يەردىن غىرىچ ئۆسۈپ چىققان كۆزگى بۇغداي مايسىلىرىنى كۆكلەم شامىلى يەلپۈندۈرمەكتە. ئېرىگەن قار-مۇز سۇلىرى بىلەن ئۇلغايغان زەرەپشان دولقۇنلىنىپ ئاقماقتا. مۇخ، كۆك تىكەن، يانتاق، يۇلغۇن باسقان دەريانىڭ بويلىرىدا — سۆگەت، تېرەك، رىدە، قارىياغاچ، چىنار دەرەخلىرى ئىغاڭشىپ تۇرغان ئىككى قىرغاقتا گاھ قويۇن كۆتۈرۈلۈپ يەر ئوغۇتلاۋاتقان دېھقانلارنىڭ يۈز-كۆزلىرىگە قۇم-تاش ئۇرۇلسا، گاھ ئاسماندىن توپا يېغىپ پۈتۈن جاھان قىزغۇچ چاڭ-تۇمانغا غەرق بولاتتى. گاھ شارىلداپ ياغقان يامغۇردا جىمى كائىنات يۇيۇنۇپ، زەرەپشان دىيارى باشقىچە گۈزەللىشىپ كېتەتتى. لېكىن ئادەملىرى كۆچۈپ كەتكەن كونا ياركەنت شەھىرى زەيلىشىپ، ئۆيلىرى ئۆرۈلۈپ خارابىلىققا ئايلىنىشقا باشلىغانىدى. يەنە بىرنەچچە قېتىم يامغۇر ياغىدىغان بولسا ساق

ئۆيلەرمۇ قالمايدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئادەملەر ھەقىقەتەن ئۈلۈغ بولىدىكەن. يېڭىدىن بىنا قىلىنغان شەھەرگە كۆچۈپ بارغانلار ئۇ يەرنىمۇ تېزلا ئاۋات قىلىۋەتكەنىدى. بۇ يىل كەلگەن ھۆپۈپمۇ كونا شەھەرنىڭ دەرەخلىرىگە قونماي، يېڭى شەھەرنىڭ تال-جىرىملىرىغا، يېڭىدىن ياسالغان مەسچىت-مەدرىسلەرنىڭ مۇنارلىرىغا قونۇپ سايراشقا باشلىغانىدى. ئۇنىڭ قايسى چاغدا كەلگىنىنى كىشىلەر كۆرمىگەن بولسىمۇ، ئۇچمە، سۆگەت شاخلىرىغا قونۇپ سايراۋاتقىنىنى بالىلارمۇ، چوڭلارمۇ كۆرۈشتى. دېھقانلار: "ھۆپۈپ كەپتۇ، يېڭى بىنا قىلىنغان شەھىرىمىزنى مۇبارەكلەپ سايراۋاتىدۇ، بۇ يىل بۇرۇنراق ئىسسىق بولىدىغاندەك" دېيىشەتتى. قارلىغاچ كەلگەندىمۇ شۇنداق دېيىشكەنىدى. قارلىغاچ ھاۋا تۇتۇلغاندا، ھۆپۈپ ھاۋا ئېچىلغاندا كېلەمدىكىن؟ بۇگۈن ئاسماندا بۇلۇتنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. ھەممە ياقتىن ھۆپۈپنىڭ سايرىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى.

ئوردىدا سۇلتانلىق تەختىدە ئولتۇرغان مىرزا ئابابەكرى ھۆپۈپنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، كىچىك ۋاقتىدا بېشىنى قوماق بېسىپ كېتىپ تەستە ساقايغان ئىمىر ۋەلى تاغايغا قاراپ كۈلۈپ قويدى. گەردىنىگىچە قىزىرىپ كەتكەن بۇ ئىشىك ئاغىسى پوشۇلداپ تىنىپ يەرگىچە ئېگىلدى.

— قۇللۇق پادىشاھىم، خىزمەتلىرىگە تەييارمەن.

مىرزا ئابابەكرى قاقاھلاپ كۈلۈپ غەمزە قىلدى:

— ئى ئىشىك ئاغىسى، دەرھال چىقىپ ئاشۇ سايراۋاتقان ھۆپۈپ قونغان شاخنى ئېلىپ كېلىڭ...

— باش ئۈستىگە شاھىم.

ۋەزىر-ۋۇزرا، ئەمىر-ئەركانلار بىر-بىرى بىلەن كۆز بېقىشتۇرۇپ ئەجەبلىنىپ تۇرۇۋەردى. مىرزا ئابابەكرى ئورنىدىن تۇرۇپ شاھانە تونىنىڭ قويۇن يانچۇقىدىن كەشمىر قەغىزىگە يېزىلغان بىر پارچە خەتنى ئالدى.

— ۋەزىرلەر، ئەمىرلەر، قازى-قۇززات مۇنەججىملەر، ئاللانىڭ ئىلتىپاتى ۋە ھەربىرلىرىنىڭ يار-يۆلەك بولۇشى بىلەن ياركەنت تەختىدە ئولتۇرغى-

نىمغا تېخى بىل توشمىدى. بۇرادىرىم سۇلتان ئەھمەدخان ئۆز سايىسىدىن چۆچۈپ ياركەنتتىن كەتمىگەن بولسا، بۇ تەختتە ئولتۇرۇشقا ھەددىم يوق ئىدى. بوش قالغان تەختتە ئاخىرى بىر كىشى ئولتۇرۇشى كېرەك-دە. ئاللا پېقىرغا نېسىپ قىلغانىكەن، مەن ئولتۇردۇم. بۇنىڭدىن بارچە خالايىق خۇرسەن. ھالبۇكى، قەشقەر ئەمرى بولمىش ئۆگەي ئاتام مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا پېقىردىن خەۋپسىرەپ قالغان چېغى، ئاڭلىشىمچە «تەختىمنى تارتىپ ئالارمىكىن» دېگەن گۇمان بىلەن خاتىرجەم بولالمايۋېتىپتۇ. سۇلتان ئەھ-مەدخاننىڭ ئاقسۇغا كېتىشى ئۇنىڭ ھۆرمەتلىك ئاتىسى بولغان موغۇلىستان شاھى يۇنۇسخاننىمۇ بىئارام قىلغاندەك. خۇراسان، خارەزىم شاھلىرىمۇ دىققەت نەزەرىنى پېقىرغا تىككەندەك قىلىدۇ. ۋاللاھۇئەلەم، پېقىرنىڭ ھېچ-قانداق يامان غەرىزى يوقلۇقى پەرۋەردىگار ئالەمگە ئايان. ئەگەر باشقىچە نىيەت-ئارزۇدا بولىدىغان بولسام، بۇ چاغقىچە سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ئارقى-سىدىن قوغلاپ بېرىپ ئاقسۇنى ئۆز تەسەررۇپىمغا ئالغان بولاتتىم. ياركەنت شەھىرىنى قايتا بىنا قىلىمەن دەپ ئاۋارە بولماي، قارغىلىق، خوتەننى ئېلىپ، كەشمىر، ئافغانىستان تەرەپكە يۈرۈش قىلغان بولاتتىم. چۈنكى مەنمۇ قەشقەرنى سورىغان ئەمىر ئوغلىمەن. بۇنداق قىلىشقا نېمىشقا ھەققىم بولمىسۇن؟ ۋەھالەنكى، مەقسىتىم ئۇ ئەمەس، ياركەنت دىيارىنى ئاۋات قىلىش، بەتتە ئىقلىمدىكى نامدار شەھەرگە ئايلاندۇرۇش. مانا مۇشۇ مۇددى-ئادا موللا مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئاتامغا مۇنۇ مەزمۇندا بىر مەكتۇپ ئەۋەتكەنىدىم، سىلەر ئاڭلاپ بېقىڭلار.

سۇلتان مىرزا ئابابەكرى خەتنى ئېچىپ ئوقىدى:

«جانابى ئاللا قەشقەر تەختىدە بەرقارار قىلغان ھۆرمەتلىك ئەمىر مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا پەدەر بۇزرۇكۋارىمغا:

جانابى ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن پېقىرنى سۇلتانلىق تەختىدە ئولتۇر-غۇزغان ياركەنت جامائەسىدىن، شاھدانە كوكۇلداش باشچىلىقىدىكى ۋە-زىر-ۋۇزرالار، ئەمىر مۇھەممەدبېك قاتارلىق سەردارلار ئۆزلىرىگە ئالىي ئېھتى-

رام بىلدۈرىمىز. پەرۋەردىگارىمىز ئاللا ئۆزلىرىنى پاناھىدا ساقلاپ، بەخت- ىمىزگە تاجۇ-سەلتەنەتلىرىنى ئۆمۈرلۈك قىلغاي. پېقىر قۇلۇم دېسىلە قۇللى- رى، پەرزەنتىم دېسىلە پەرزەنتلىرى، ئەمىر-پەرمانلىرىنى ساداقەتلىك بىلەن ئىجرا قىلىپ، بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇپ، ئاۋام-خەلققە، ئاجىز يېتىم-يېسىرلەر- گە خەزىنىدىن ياردەم قىلىپ كېلىۋاتىمەن. يارامىلىق زاتلارنى ئىش بېشىغا قويۇپ، سۇلتان ئەھمەدخان دەۋرىدە ئارامى بۇزۇلغان ئەلگە ئاسايىشلىق، ئەمىنلىك ئاتا قىلىش يولىدا كۈچۈمنى ئايىمايمەن. ھەزرەتلىرىنى ھەر جەھەتتىن خاتىرجەم قىلىمەن. پىتنە-پاسات، يالغان خەۋەرلەرگە ئىشەنمى- گەيلا، تاجۇ-تەختىمىنىڭ زىنھار كامال تېپىشى ئۈچۈن دۇئا بەرگەيلا بۇزرۇكۋارىم...

ئاللادىن مىننەتدار بولۇپ، نامۇناسىپ پەرزەنتلىرى سۇلتان مىرزا ئابابەكرىدىن.»

مانا بۇ مەكتۇپنى ئەۋەتكىنىمگە ئالاھەزەل ئىككى ئايدىن ئاشتى. پەدەر بۇزرۇكۋاردىن خەۋەر يوق. بۇ خەتنى سىلەرگە ئوقۇپ بېرىشىم — غەيرىي تىلەك-ئارزۇيۇمنىڭ يوقلۇقىنى بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت جانابلار.

ئۇ خەتنى شاھدانە كوكۇلداشقا بەردى:

— ساقلاپ قويۇلسۇن ۋەزىرىم.

— قۇللۇق شاھىم، — شاھدانە كوكۇلداش يۈگۈرۈپ كېلىپ ئىككى قوللاپ خەتنى ئالدى. ئۇ گەۋدىلىك، تەمبەل ئادەملەردىن بولسىمۇ، مۇشۇ تاپتا مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئالدىدا خۇددى ئاتنىڭ بېشىدا ئىشەك تۇرغاندەك ۋىجىك كۆرۈنەتتى.

## 2

مىرزا ئابابەكرىنىڭ بويى شۇنچىلىك ئېگىز ئىدىكى، ھەرقانچە قامەت- لىك سانالغان كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ يەلكىسىگە كېلەتتى. ئەگەر ئۇ كۆپچىلىك-

نىڭ ئارىسىدا ئۆرە تۇرسا، نۇرغۇن قوي ئارىسىغا قوتاز كىرىپ قالغاندەك بەھەيۋەت كۆرۈنەتتى. قارلىغاچ قانىتىدەك شاپ بۇرۇتى، دۈگىلەك قىلىپ چىرايلىق ياسالغان قاپقارا ساقىلى ئۇنىڭ كىيىلىشكەن تەمبەل بەستىگە سالاپەت قوشقانىدى. بىر قاراشقىلا كىشىنى ئەيمەندۈرىدىغان ئۆتكۈر نەزەرى ئەتراپتىكى ھەممەيلەننىڭ نەزىرىنى سۈندۇرۇپ تاشلىغانىدى. شۇڭا تىللىرى تۇتۇلۇپ قالغاندەك ھېچكىم زۇۋان سۈرەلمىدى. ئاخىرىدا جۇرئەت-لىكرەك سانالغان ئەمىر لەشكەر مۇھەممەدبېك ئالدىغا بىر قەدەم مېڭىپ تىزلاندى:

— ئى ئادالەتلىك سۇلتان، بۇ نامەدىكى مەزمۇن بىز ۋەزىر-ئەمىرلەر-نىڭ كۆڭلىمىزدىكىنى ئىزھار قىلىپتۇ. بۇنىڭغا ئەمىر مىرزا مۇھەممەد كورا-گانى ئەمەس، بەلكى پادىشاھ يۇنۇسخانمۇ قايىل بولغۇسى. چۈنكى ئالىيلىرى قەشقەرگە 50 يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ دانا ھەم ئەلاسىنىڭ نادىر پۇشتى. چوڭ بوۋىلىرى ئەمىر خۇدايدات سەلتە-نەتتە زامان شاھلىرىنىڭ ئالدى بولغانىكەن. ئۇنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان بوۋىلىرى ئەمىر سەئىد ئەلىمۇ قەشقەردە 20 يىلدىن ئارتۇقراق ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ۋاپات بولغاندا، دانا ئاتىلىرى سانىسىز مىرزا قەشقەر-يې-ڭىسارنى مىرزا مۇھەممەد كوراگانىغا تارتۇق قىلىپ بېرىپ، ئۆزى ياركەنتنى پايتەخت قىلغانىكەن. بۇ، دۇنياغا ئۇنىڭ ئالىي ھىممەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ھالبۇكى، ياش جەھەتتە كىچىك بولسىلىرىمۇ مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر ئۆزلىرىگە بەيئەت قىلىشى لازىمدۇر سۇلتانىم.

— ئارى، — شاھدانە كوكۆلداش ئەمىر مۇھەممەدبېك يېنىدا تىزلاندى، — بۇ مەكتۇپلىرى ئالىي ھىممەتلىك نەسەبلىرىنىڭ مەرتىۋىسىنى ئەلۋەتتە تېخىمۇ ئۈستۈن قىلغاي. چاغاتاي ئەۋلادلىرى ئىچىدە ئالىيلىرىنىڭ قەلەم ۋە ئەلەمدە ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغۇچى ھۆج-جەت بولۇپ قالغاي.

— ئارى، — ھەممە ۋەزىر-ئەمىر، بەگ-سەردارلار بىردەك تىزلاندى.

— ئورنۇڭلاردا ئولتۇرۇڭلار بۇرادەرلىرىم، — سۇلتان مىرزا ئابابەكـ
رى يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى، — سىلەر خانلىقىمىزنىڭ تىرىكى، كۈچـ
قۇدرىتى. پىقىر قولۇمغا قىلىچ ئېلىپ چەۋەندازلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغانـ
دىن بېرى ھەربىرىڭلار بىلەن ئەسرار بولۇپ كېلىۋاتىمەن. تاغام مۇھەممەد
ھەيدەر كوراگانى بىيىندىكى ۋاقىتىمدىمۇ، سۇلتان ئەھمەدخان ئالدىدا خىزـ
مەتتە بولغان چاغلىرىمدىمۇ ھەربىرىڭلار پىقىرنىڭ ھۆرمەت-ئىززىتىمنى قىـ
لىشىپ يۇقىرى ئابرويغا ئىگە قىلدىڭلار. بۇ نۆۋەت ياركەنتتە تەختكە
چىققىنىمدىن كېيىنمۇ پەرمانبەردار بولۇپ، ياۋۇز دۈشمەنلەردىن قوغدىنىش،
ئاۋام-خەلقنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش، ئۆي-جايلىرىنى سېلىش، يول ياـ
ساش، ئېرىق-ئۆستەڭ چېپىش ئىشلىرىدا جانپىدالىق كۆرسەتتىڭلار. تەختتە
ئولتۇرۇشقا نېسىپ قىلغان ئاللا بۇنىڭدىن رازى، ئاۋام-خەلق رازى.

— بىز قۇللىرى ياركەنت شەھىرىنى قايتا قۇرۇشقا پەرمان چۈشۈرگەن
ئالىيلىرىدىن رازىمىز، — ۋەزىر-ئەمىرلەرنىڭ ساداسىدىن ئوردا يەنە لەرزىگە
كەلدى.

— جانابى ئاللادىن مىننەتدارمەنكى، ھەربىرىڭلارنىڭ پىداكارانە باشـ
لامچىلىقلىرى ئارقىسىدا بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىتتا مانا بۇ يىڭى ياركەنت
شەھىرى بىنا قىلىنىپلا قالماستىن، شەھەر ئەتراپىدا 12 مىڭ يىڭى باغ ئەھيا
قىلىندى. كاتتا سەيلىگاھ نورۇز دۆڭدە ياسالغان راۋاق-ئاشيان شەھەرلەرـ
نىڭ ھېچقايسىسىدا يوقتۇر. بىر تەرەپتە جاھانباغ، چىنباغ، بىر تەرەپتە
شاماباغ، گۈلباغ... كەبى باغلىق كەنتلەر شەھرىمىزنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن
قوشماقتا. ۋە لېكىن...، — سۇلتان مىرزا ئابابەكرى بىردىنلا سۆزدىن
توختاپ كەينىگە يېنىپ، تەختكە چىقىپ ئولتۇردى، — ۋە لېكىن بۇ
مۇبارەك يىڭى شەھرىمىزنىڭ سېپىلى تېخى پۈتمىدى. تېز ئارىدا سېپىل
قۇرۇلۇشى تاماملانسا، بۇ شەھەر بىر مۆجىزە بولۇپ قالىدۇ.

— ئارى، — قازاندەك چوڭ سەللە ئورىغان قازى كالان ھاتەمشاھ
مىرزا ئابابەكرىنىڭ سۆزىنى ماقۇللاپ چوڭقۇر تەزىم قىلدى، — زېمىنۇ

ئاسماننىڭ ياراتقۇچىسى ئاللا ئىگەم بۇ ئىشنى ئالىيلىرىغا نېسىپ قىلغانىكەن، باشقا ھېچقانداق شاھ-سۇلتانلارنىڭ قولىدىن كەلمەس. جانابى ئاللانىڭ بۇ ئىلتىپاتىنى شۇنداق جايىغا كەلتۈردىلەركى، خوجا مۇھەممەد فىزالىدىن ھەرقانچە قاغىسىمۇ پىرىمىز خوجا ئەھرار ھەزرىتىمىنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ، ئالىيلىرىنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ئېشىشۈپرىدۇ. نام-شەرىپلىرى تارىخلاردا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن، ھارۇن رەشىد، سۇلتان سوتۇق بۇغراخانلاردەك زىكرى قىلىنىپ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قالغۇسى. ئىزلىرى مەڭگۈ ئۆچمىگەي. پەرۋەردىگار ئالەم ئالىيلىرىغا ھەزرىتى نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆمرىنى، ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ تەنتەنە-دەبدەبىسىنى بەرسۇن ئامىن!

— ئامىن! — ئوردا ئىچى دۇئاغا كۆتۈرۈلگەن قوللاردىن قاراڭغۇلاشتى. «شۈكرى، ئەي ئاسمان-زېمىننىڭ ئىگىسى ئۇلۇغ ئاللا! غالىپ بەندىلەرنىڭ قاتارىدا قىلغىنىڭغا شۈكرى. لەۋزىمنىڭ ئۆتكۈر قىلىچتەك بولۇشىغا، قىلىچىمنىڭ قىيا تاشنىمۇ بىسى يانماي پارە قىلىشىغا نېسىپ قىلغىن. پېقىر قۇلۇڭ ساڭىلا باش ئېگىدۇ...»

مىرزا ئابابەكرى كۆڭلىدە شۈكرى ۋە ئىلتىجا قىلغاندىن كېيىن ئاستا ئاۋاز بىلەن دېدى:

— ۋەزىرلىرىم، ئەمىرلىرىم، ئەلەم-قەلەمدە ئۆمۈرۋايەت مەن بىلەن بىرگە بولۇشقا ئەھدى قىلغان قېرىنداشلىرىم، مەن سىلەرگە ئىشىنىمەن. كىمىكى بۇ ئىشەنچكە داغ چۈشۈرىدىكەن ياكى ماڭا ئاسىيلىق قىلىدىكەن، بېشىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ، ياكى خوجا مۇھەممەد سەرۋەرىدەك تىرىك تۇرۇپ بالا-چاقىسى بىلەن دىدارلىشالمايدىغان ھىجران ئازابىغا قالدۇرۇلىدۇ. بۇ — ئۆلتۈرۈلگەندىنمۇ ئازابلىق، — ئۇ سۆزدىن توختاپ قالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئاشۇ كۈنى خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى كىرگەن چاغدىكى ئاجايىپ ھالەت كەلدى. مىرزا ئابابەكرى: «ئۇ ئايىغىمغا يىقىلىپ بىر قوشۇق قېنىنى تىلەيدۇ» دەپ ئويلىغانىدى. ئەمما خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى:

— مىرزا، ئاللا دۇنيادا بۆرىنىمۇ، قوينىمۇ ياراتقىنىغا ئوخشاش زالىم-

ـنمۇ، مۆمىنىمۇ ياراتقان. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز قىلمىشىغا لايىق جازاغا ئۇچرايدۇ، ئىنئامغا ئېرىشىدۇ، سىزمۇ شۇنداق. تەختكە چىقتىم دەپ ئۇنچە كۆرەڭلەپ كەتمەڭ. تەختتىن چۈشىدىغان نادامەتلىك كۈننىڭ بولىـ دىغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالماڭ، مەن شۇنى دەپ قويغىلى كەلدىم. ئەمدى قوچقار ياساۋۇلنى چاقىرىپ مېنى چېپىشقا بۇيرۇڭ، — دېدى كۆكرەك كەرگەن ھالدا تىك تۇرۇپ.

مىرزا ئابابەكرى قوچقار ياساۋۇلنى چاقىرمىدى، ئۇنى ئۆلۈمگىمۇ بۇيـ رۇمىدى. لېكىن مۇنداق دېدى:

— ئاللا سېنىڭ ئۆمرۈڭنى ئۇزۇن قىلغان ئوخشايدۇ. مەن سېنى ئۆلتۈرمەيمەن. ئەمما بۇگۈندىن باشلاپ خاتۇن-باللىرىڭ يېنىغا قەدەم باسمايسەن. ئەگەر ئۇلار بىلەن دىدار كۆرۈشىدىكەنسەن، شۇ كۈنى ئۇـ رۇق-ئەۋلادىڭ قەتلىئام قىلىنىدۇ. ماڭ، چىق!...

خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى ئاچچىق بىر كۈلدى-دە، گۈس-گۈس دەسسەپ چىقىپ كەتتى.

3

مىرزا ئابابەكرى خىيالدىن ئۆزگە كېلىپ بىردىن كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا بېشىنى سىلىپ تۇرغان ئەمىر ۋەلى تاغايىغا قارىدى.

— ئىشلىك ئاغىسى، ھۆپۈپ نېمىگە قونغان ئىكەن؟

— سۇلتانىم، ھۆپۈپ... — ئۇ دۇدۇقلاپ سۆز قىلالماي جايىدىلا تىزلاندى.

— ھۆپۈپ نېمىگە قونغان ئىكەن؟ قونغان نەرسىسىنى ئېلىپ كەلدىڭمۇ؟

— گۇناھىمدىن ئۆتسىلە سۇلتانىم، ئېلىپ كەلدىم.

مىرزا ئابابەكرىنىڭ باياتىن قىزىرىپ ئېسىلىپ كەتكەن يۈزى سۇرلۈك

تۇس ئالدى.

— قېنى كۆرسەت.

ئىمىر ۋەلى تاغايى كىمخاپ تونىنىڭ يېڭىغا يوشۇرۇپ تۇرغان قۇرۇپ كەتكەن تىكەن شېخىنى چىقاردى ۋە ئىككى قوللاپ سۇندى.

— ئوردىنىڭ يان تېمى ئۈستىگە ئورنىتىلغان تىكەنلەر ئىچىدە مۇشۇ تىكەن ئۈستىگە قونغانىكەن، تازا كۆرۈۋېلىپ شوتا قويغۇزۇپ ئالدۇردۇم.

— يېڭىلىشمىغانسەن؟ — سورىدى مىرزا ئابابەكرى قۇرۇق تىكەن شېخىنى ئېلىپ.

— زىنھار سۇلتانىم.

— بېشىل تال ياكى كۆك تېرەك شېخى ئېلىپ كېلىدۇ دەپ ئويلىغا-نىدىم. خەيرىيەت، داڭگال ئېلىپ كەلمەي، قۇرۇق تىكەن شېخى ئېلىپ كەپسەن. ئەمدى دەرھال چىقىپ مۇشۇ تىكەن شېخىنى ئالغان تامنى چاقتۇرۇۋەت. ئورنىدا ئىلگىرىكىدىنمۇ كۆركەم، ھەيۋەتلىك يېڭى تامنى كۆرەي. ئەمما ئۈستىگە قۇرۇق تىكەن شېخى ئەمەس، چىرايلىق ياسالغان ئۈچلۇق تۆمۈر زىخچە ئورنىتىلغان بولسۇن.

— خوپ شاھىم.

ئىمىر ۋەلى تاغايى يۈتى بىلەن ئەمەس، بېشى بىلەن دۈملىگەندەك ئارقىسىچە تېز مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

— دانا تەدبىر، — دېدى شاھدانە كوكۇلداش ئېگىلىپ، — ئوردا تېمى ئۈستىگە قۇرۇق تىكەن ئورنىتىش سەلتەنەتلىرىگە ياراشماس ئىدى. ئەمدى دەل جايىدا بولدى.

مىرزا ئابابەكرى ۋەزىرىنىڭ گېپىگە قۇلاقمۇ سالماي خىيالغا بەنت بولدى: ”خۇدايا پەرۋەردىگارا، ئاۋۋال ھەممىگە مۇيەسسەر بولۇپ، ئاخىرىدا ھەممىدىن قۇرۇق قالارمەنمۇ؟ قۇرۇق تىكەن شېخى ياخشى بىشارەت ئە-مەس. سۇلتان ئەھمەدخاننى يېڭى تۇغۇلغان ئوغلى سەئىدخان بىلەن ئۇجۇقتۇرۇۋەتمەي قويۇۋېتىپ يامان قىلىپتىمەن. يېقىر قۇلۇڭغا ئۆزۈڭ پاناھ

بولغايسەن“.

— ھۆرمەتلىك شاھىم، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كوراگانى سەردار نىياز مەشقاۋۇلدىن ئالىيلىرىغا خەت ئەۋەتكەنىكەن. كىرسۇنمۇ؟ — دېدى يىگى تەيىنلەنگەن ئوردا دەرۋازىۋەنلەر باشلىقى ئىبراھىم مەرغۇلانى كىرىپ كەلگىنىچە تىزلىنىپ.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خىيالدىن ئۆزىگە كەلگەن مىرزا ئابابەكرى ئىنتىك كىرىپ كەلگەن ئوردا ياساۋۇللىرىنىڭ باشلىقى قوچقار ياساۋۇل بىلەن ئوردا ئەمىرى ئابدۇللا دانىشقا تەڭلا قاراپ:

— يەنە قانداق پالاكەت باستى؟ سىپىل پۈتمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى. ھەر ئىككىيلەن تىزلاندى. ئابدۇللا دانىش دېدى:

— شاھىم، كەچۈرگەيلا، سىپىلنى پۈتتۈرۈش ئۈچۈن كېچە-كۈندۈز تەر تۆكۈۋاتىمىز. بۇ ۋاقىتقا قەدەر ھەر ئائىلىدىكى ئۈچ جاندىن بىرىنى ھاشارغا تۇتقاندۇق. تاش، توپا، سامان توشۇشقا يەنىلا يېتىشمەي، ئىككى جاندىن بىرىنى ھاشارغا تۇتىمىز دېسەك، شەھەر ۋە بەزى كەنت ئاھالىسى قارشى چىقىپ: ”ئەھمەدخان ۋاقتىدا ئارامخۇدا كۈن ئۆتكۈزۈپ كەلگەندۇق. مىرزا ئابابەكرىنىڭ ۋاقتىدا ھاشار ئىشلەپ ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمىز. بىزگە زادى ئاراملىق بارمۇ-يوق؟“ دەپ غەۋغا كۆتۈردى. 100 دىن ئارتۇق كىشىنى زىندانغا تاشلىدۇق. ھېچ بېسىقمايۋاتىدۇ.

— بىرنەچچە كىشىنىڭ قول-پۇتىنى ئۈزۈپ چىقىۋەتتۇق. شاھىم، يەنىلا بېسىقمايۋاتىدۇ، — سۆز قىستۇردى قوچقار ياساۋۇل.

مىرزا ئابابەكرى ھېچ ئىش بولمىغاندەك بۇرۇتىنىڭ ئۇچىنى بۇراپ-بۇراپ قويۇپ، بىردىن جوراپ ئورنىدىن تۇردى:

— يارلىق! كىم مېنىڭ سىپىل سېلىش پەرمانىمغا قارشى چىقسا، نەسىھەت قىلسىمۇ پەيلىدىن يانمىسا توپا ئاستىغا بېسىلسۇن. زىندانغا سالغانلارنىڭ ھەممىسىنى چىقىرىپ پۇتىنى كىشەنلەپ توپا توشۇشقا سېلىڭلار. ئىش بېشىدىكىلەردىن كىمكى مېنىڭ يارلىقىمنى ئىجرا قىلماي بوشاڭ-

لىق قىلسا، شۇ جايىنىڭ ئۆزىدە 40 دەررە ئۇرۇپ ئاندىن سېپىل ئاستىغا بېسىڭلار.

— باش ئۇستىگە شاھىم، — دېدى قوچقار ياساۋۇل رەڭگى تاتىرىپ تۇرۇپ قالغان ۋەزىر ئابدۇللا دانىشقا مەگىستىمەسلىك بىلەن قاراپ.

مىرزا ئابابەكرى سوغۇق نەزەر بىلەن سورىدى:

— ۋەزىر، نېمە سەۋەبتىن زۇۋانىڭىز تۇتۇلۇپ قالدى؟

ئابدۇللا دانىش ئۇنىڭغا قارىدى:

— سۇلتانىم، جانابى ئاللا ھەممىلا ئادەمگە ئەقىل بىلەن كۆڭۈلنى ئوخشاش ئاتا قىلغان. قاچانكى ئالىيلىرى ياركەنتتە تەختكە ئولتۇرغان كۈندىن باشلاپ ئەقىل ئىگىلىرى خارلىنىپ يۈرەكلەر مۇجۇلماقتا. بولۇپمۇ يېڭى شەھەر سېلىش جەريانىدا ئوردا خەزىنىسىگە نۇرغۇن ئالتۇن-كۈمۈش يىغىلدى. ئەمما خەلقنىڭ ئارامى بۇزۇلدى. چاڭقىغى قانغۇدەك سۇ، قورسىقى تويغۇدەك ئاش-نان بېرىلمەي، ئىشقىلا سېلىنىپ، كىشىلەر قاتتىق ئازابلان-ماقتا. پېقىر سۇلتانىمغا ياخشى مەسلىھەتلەرنى بەرسەم، ئاللانىڭ مۆمىن بەندىلىرىنىڭ مۈشكۈلىنى ئاسان قىلىشقا ياردىمىم تېگەر دەپ ۋەزىر بولۇشنى ماقۇل كۆرگەنىدىم. ئەمدىلىكتە پۇشايمان قىلىۋاتىمەن.

— ھە، پۇشايمان قىلىۋاتامسەن تېخى، — مىرزا ئابابەكرىنىڭ قاشلى-رى لىككىدە كۆتۈرۈلۈپ، كۆزلىرىدىن ئۇچقۇندىغان كۆكۈش نۇر چىرايىنى سۇرلۇك قىلىۋەتتى. ئۇ تۇتۇپ تۇرغان قۇرۇق تىكەن شېخىنى شىلتىپ دېدى، — سېنىڭ خىلى گېپىڭ بار ئوخشايدۇ. تەخىر قىلىپ تۇر. مەن قەشقەردىن كەلگەن مېھماننى يولغا سالاي، — ئۇ باش ئېگىپ تۇرغان ئىبراھىم مەرغۇلانغا كۆز تىكتى:

— سەردارنى باشلاپ كىر.

ئابدۇللا دانىش: «ھەرقانداق ئىش چەكتىن ئېشىپ كەتسە نارازىلىق قوزغايدۇ. يېڭى شەھەر سېلىش ئەسلىدە ياخشى ئىش. لېكىن بۇ ئىشتا ھەربىر ئائىلىنىڭ ئەھۋالى نەزەرگە ئېلىنمىسا، سۇلتانىنىڭلا گېپى گەپ

بولۇپ، ئاۋامنىڭ پايدا-زىيىنىغا سەل قارالسا، ئىش مۇۋاپىق تەقسىم قىلىنماي زورلۇق ئاساسىي ئورۇندا تۇرسا، جاندىنمۇ كېچىدۇ كىشى. ھەي ... مىرزا ئابابەكرى، سەن كۈنىشەھەر ئورنىنى كۆلىتىپ، نۇرغۇن ئالتۇن-كۈمۈشكە ئىگە بولۇپ، كۆزۈڭ تورلىشىپ قالدى. ئېغىر ئەمگەك ئاستىدا ئارام ئالالماي ئاجىزلاپ ئۆلۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەرنى كۆرمەي، نام-ئابروي قازىنىش كويىدا بولۇپ كېتىۋاتىسەن. خەپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇنىڭ سورىقى بولماي قالمايدۇ...» دەپ ئويلىغىنىچە تۇرۇپ قالدى.

— قەشقەر ئەمرى مۇھەممەد ھەيدەر كوراگانىدىن نامە ئېلىپ كەلدىم مىرزا، — دېدى سەردار نىياز مەشقاۋۇل لىپاپىلىق مەكتۇپنى ئىككى قوللاپ سۇنۇپ.

— مېنىڭ ئىلگىرىكى تاغام، ھازىرقى ئۆگەي ئاتام بولمىش مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر شۇنداق دە دېگەنمىدى؟ — سورىدى كۆزى قىزىرىپ، چىرايى تاتارغان مىرزا ئابابەكرى.

— ماڭا مەكتۇپنى تېز يەتكۈزۈشۈمنى تاپىلىغانىدى.

— مەكتۇپنى ۋاقتىدا كەلتۈردۈڭ يىگىت، ساڭا ئۆزۈڭ كۈتمىگەن ئىنئام بېرىلىدۇ، — دېدى مىرزا ئابابەكرى مەسخىرە كۈلكىسى بىلەن. ئاندىن ئۇ قوچقار ياساۋۇلغا قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئاڭلىدىڭمۇ ياساۋۇل، بۇ يىگىتنى ئېلىپ بېرىپ سېپىل قۇرۇلۇشىدا ئىشلەت. كۈچ-غەيرىتى ئارتۇقتەك قىلىدۇ. ئەگەر خىزمىتى كۆرۈنەرلىك بولسا، تەخىر قىلماي ئابدۇللا دانىشنىڭ كەينىدىنلا باغى ئېرەمگە يولغا سېلىپ قويغىن. ئۇقتۇڭ-مۇ؟

ۋەزىر-ئەمىرلەر چۆچۈشۈپ يەرگە تۆۋەن قاراپ تۇرۇپ قېلىشتى. قوچقار ياساۋۇل ئالدىغا بىر قەدەم بېسىپ يۈكۈندى:

— ئۇقتۇم شاھىم!

— ئەمدى بۇلارنىڭ بىمەززە سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ۋاقتىمنى زايا قىلغۇم يوق. بۇلارنى ئېلىپ كەت. ھە، توختا، بۈگۈندىن باشلاپ پۈتۈن قۇرۇلۇشقا

سەن مەسئۇل. سىپىل بىر ھەپتىدە پۈتۈشى كېرەك!

— ئورۇندايمەن شاھىم!

— يۈرۈڭ يىگىت! — ئابدۇللا دانىش مىرزا ئابابەكرىنىڭ گېپىنى تازا ئاڭقىرالماي تۇرغان نىياز مەشقاۋۇلنىڭ يېڭىدىن تارتىپ كەينىدىن مېڭىشقا ئىشارەت قىلدى، — بىزگە بۇ دۇنيادا خوۋلۇق يوق. ئاللانىڭ دەرگاھىغا بىللە بارىدىغان بولدۇق ئىنىم.

— قېنى مېڭىش، — كۆزلىرى بەقەمدەك قىزارغان قوچقار ياساۋۇل ئۇلارنى ئالدىغا سېلىپ چىقىپ كەتتى.

مىرزا ئابابەكرى لىپاپىنى ئېچىپ خەتنى ئالدى ۋە ئۇنىڭغا كۆز يۈگۈرتۈپ ئۈنلۈك ئوقىدى:

"بەخت قۇشىنى بېشىغا قوندۇرغان باھادىر بالام مىرزا ئابابەكرىگە، ياركەنت ئەھلىگە...

كەمىنە قەشقەردە دۇئايىڭىزدا بولۇپ تۇرغۇچى ۋالىدەڭىزدىن،[1] شاھ ئاتىڭىزدىن، ئەمىر-سەردارلەردىن، قەشقەر ئەھلىدىن دۇئايى سالام.

ئاللا پاناھىدا ئامان-ئېسەن تۇرۇۋاتقانسىز؟

ئەزىز بالام، ئاڭلىشىمغا قارىغاندا، سۇلتان ئەھمەدخان سىزدىن خاۋا-تىرلىنىپ ئاقسۇغا كەتكەندىن بېرى ياركەنت شەھىرىنىڭ ئورنىنى يۆتكەپ قايتا بىنا قىلىۋېتىپسىز. غەرەز-مۇددىئايىڭىزنىڭ ئوچۇق-ئاشكارا ئەمەسلىكى پېقىرنىمۇ ئەندىشىگە سېلىپ قويدى. ئەمما كىچىكىڭىزدىن تارتىپ ئاتا ئورنىدا تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەنلىكىم تۈپەيلى كۆڭلۈم ھېلىمۇ توق. شۇڭا ۋالىدەڭىز بىلەن بىرگە ياركەنتكە بېرىپ سىز بىلەن دىدار كۆرۈشۈش نىيىتىگە كەلدۇق. ئاللا خالىسا ئەتە سەھەر يولغا چىققايمىز.

نامۇناسىپ ئاتىڭىز مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر.

ھىجرىيە 863-يىل رەبىيەل ئەۋۋەلنىڭ 9-كۈنى".

---

[1] ۋالىدە — ئانا.

مىرزا ئابابەكرى خەتنى ئوقۇپ بولۇپ تەختتىن چۈشتى. گۆررىدە ئورنىدىن قوپقان ۋەزىر-ئەمىرلەر قول باغلاپ تۇرۇشتى.

— جانابىلار، — دېدى ئۇ بوم ئاۋاز بىلەن، — قەشقەر ئەمىرى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر يەتتە-سەككىز كۈن ئىچىدە يېتىپ كېلىدۇ. بۈگۈن دۈشەنبە، كېچىكسە كېلەر چارشەنبە كۈنى بىز بىلەن دىدار كۆرۈشىدۇ. مۇشۇ بىر ھەپتە ئىچىدە سىپىل پۈتۈپ، شەھەر سەرەمجانلاشتۇرۇلۇپ بولۇشى كېرەك. بۇ چاغقىچە ئابدۇللا دانىش ۋەزىرلىك سۈپىتى بىلەن بۇ ئىشقا باشچىلىق قىلىپ كەلگەنىدى. ئەمدى قوچقار ياساۋۇل باشچىلىق قىلىدۇ. بارلىق ۋەزىر-ئەمىر، ئوردا سەردارلىرى بۇ ئىشقا نازارەتچى بولۇپ ھەيدەكچىلىك قىلىشلىرى كېرەك. ئەگەر سىپىل پۈتمىسە، بۇ شەھەر تېمى يوق ھويلىغا ئوخشاپ قالىدۇ. تېمى يوق ھويلىغا ئوغرى-قاراقچىمۇ، دوست-دۈشمەنمۇ ئۇسسۇپ كىرىۋېرىدۇ. بۇ ھالدا مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنى قانداقمۇ شەھەرگە تەكلىپ قىلغىلى بولسۇن؟ بارلىق: كىمكى بۇ ئىشقا توسقۇنلۇق قىلىدىكەن بېشى ئېلىنىپ سازايى قىلىنسۇن. بۇ زور ئىشقا شاھدانە كوكۇلداش باش نازارەتچى بولىدۇ. مەن دۈشەنبە چۈشتىن كېيىن پۈتۈن شەھەرنى ئارىلاپ سىپىلنى كۆرگىلى بارىمەن. ھازىردىن باشلاپ شاھدانە كوكۇلداش، ئەمىر مۇھەممەدبېكلارنىڭ باشچىلىقىدا بۇ ئىشمىزنىڭ ۋاقتىدا ئورۇندىلىپ بولۇشى ئۈچۈن جانپىدالىق قىلىپ بۇرچۇڭلارنى ئادا قىلىشقا ئاتلانغايسىلەر.

— باش ئۈستىگە، يارلىقلىرىنى بىجا كەلتۈرگەيمىز، — دېيىشتى ۋەزىر-ۋۇزرالار يۈرەكلىرى ئاغزىغا كەپلەشكەن ھالدا. ئۇلار شۇ ئاللاقزادىلىك ئىچىدە قۇرۇق تىكەن شېخىنى تۇتقىنىچە مەغرۇر قەدەم تاشلاپ ھەرىمگە چىقىپ كېتىۋاتقان مىرزا ئابابەكرىنى تەزىم بىلەن ئۇزىتىپ قېلىشتى.

# ئالتىنچى باب

# قارا پەرەنجىلىك ئايال

## 1

يېڭى ياركەنت شەھىرى قارىسا تۈزلەڭلىكتەك كۆرۈنىدىغان قىيپاش دۆڭلۈك ئۈستىگە بىنا قىلىنغانىدى. ئۇزۇن-قىسقا كوچىلار، خالتا-ئەگمە كوچىلار كونىشەھەر كوچىلىرىغا قارىغاندا كەڭرەك بولۇپ، يولۇچىلارغا ئازادىلىك بېغىشلايتتى. يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى ئېرىقلاردا شىرىلداپ سۇلار ئېقىپ تۇراتتى. يول ياقىسىغا تىكىلگەن كۆچەتلەر شاخ ئايرىپ ئايىنىشقا باشلىغانىدى. 7000 تۈتۈنلۈك ئائىلە بۇ شەھەرنىڭ ھەرقايسى كوچا-مەھەللىلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. تۆت كوچا ئاغزى بولغان گۇزەرلەردىكى[1] ئوقەتچى، لاتاپۇرۇش، دوراپۇرۇشلارنىڭ دۇكان-ياپمىلىرى بۇ يېڭى شەھەرنىڭ ئاۋاتلىششقا يۈزلەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. يېڭى سېلىنغان مەسچىت-گۈمبەزلەرنىڭ قۇببىلىرى، پەشتاق-مۇنارلارنىڭ رەڭدار كاھىشلىرى كۈن نۇرىدا پارلىدايتتى. ئۇيما، قاپارتما نەقش چۈشۈرۈلگەن

---

[1] گۇزەر — بازار.

تۈۋرۈك-ناۋالەر ئادەمنىڭ كۆزىنىڭ يېغىنى يەيتتى.

بۈگۈن سۇلتان مىرزا ئابابەكرى ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ناماز بامداتنى ئوقۇپ بولۇپ، غىزالىنىپلا ئالاھىدە زىننەتلەنگەن يېڭى شەھەرنى كۆزدىن كەچۈرگىلى چىقتى. دەبدەبىسىمۇ، ھەيۋىسىمۇ يېتىپ ئاشقىدەك بۇ سۇلتاننى كۆرگىلى چىققان خالايىق يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تەزىم بىلەن ئۈن-تىنسىز تۇرۇشاتتى.

سۇلتان مىرزا ئابابەكرى سەيلى-ساياھەت ئورنى بولغان نورۇز دۆڭ-دىن تارتىپ، شامالباغ، گۈلباغ، جاھانباغ، چىنباغ، ھەيرانباغ قاتارلىق جايلارنى ئارىلاپ چىققاندىن كېيىن، سۈرلۈك چېھرىدە تەبەسسۇم پەيدا بولدى. ئۇ ئېتىنى توختىتىپ دېدى:

— ۋەزىرلەر، ئەمىرلەر، ياركەنت خەلقى ھەققەتەن قابىل ئىكەن. مەن قايىل بولدۇم. دۇنيادا ھېچقانداق شەھەر بۇ كەبى تېز پۈتمىگەن بولسا كېرەك. بۇنى قۇتلۇقلاش لازىم، — ئۇ خەزىنە ۋەزىرى سۇلايمان دەۋرانغا قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئاڭلاڭ! ھەر بىر شەھەر پۇقراسىغا بەش سەردىن كۆمۈش تارتۇق قىلىنسۇن.

— باركاللا سۇلتانىمىز، ساخاۋەت بابىدا ھاتەم ئىكەنلا. ئۆزلىرىدەك جۈرئىتى بار ئىستىداتلىق سۇلتاننى جانابى ئاللا بۇ دىيارغا سۇلتان قىلمىغان بولسا، يېڭى ياركەنت شەھىرى بىنا قىلىنمىغان بولاتتى. جانابى ئاللا ئۆزلىرىگە رەھمەت قىلغاي. مەرتىۋىلىرى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن مەرتىۋىسى-دەك ئۈستۈن بولغاي.

ۋەزىر-ئەمىرلەر باش ۋەزىر شاھدانە كوكۇلداشنىڭ سۆزلىرىنى قۇۋ-ۋەتلەپ مەدھىيە سۆزلىرىنى يامغۇردەك ياغدۇرۇۋەتتى. مىرزا ئابابەكرى ئاڭ-لىمىغانغا سېلىپ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى قويۇپ بېرىپ كونىشەھەرگە قاراپ يول ئالدى. ۋەزىرلەر سۇلتانىنىڭ نېمە ئۈچۈن خاراپىلىققا ئايلىنىپ قالغان كونىشەھەرگە بارماقچى بولغىنىنى بىلەلمەي، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن خاۋاتىرلەن-گەن ھالدا يۈرۈپ كېتىشتى.

كونىشەھەرنىڭ زەي باسقان مەينەت كوچىلىرىدا كىشى كۆرۈنمەيتتى. ھەممە ئەتراپتىن غېرىبلىق، مىسكىنلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۈستى ئېچىلغان ئۆيلەردىن ھەسرەت چاڭلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. بۇ يەردە خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى، ئەلى سەردار كەبى سۇلتان ئەھمەدخانغا سادىق بىر قىسىم ئەمەلدارلار، شەھەر قورۇلۇشىدا نارازىلىق بىلدۈرگەن ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىلا يېڭى شەھەرگە كۆچۈشكە رۇخسەت قىلىنماي قالدۇرۇپ قويۇلغانىدى.

مىرزا ئابابەكرى بەلكىم بۇ كونىشەھەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، بۇ يەردە قالغانلارغا ئۆز ھەيۋىسىنى بىر قېتىم كۆرسىتىپ قويماقچى بولغاندۇ؟ لېكىن ھېچكىم ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ ھۆرمەت بىلدۈرمىدى ياكى ھال ئېيتمىدى.

— ئى سۇلتانىم، بۇ يەردە قالغان بەختسىز كۆڭلى قارىلارنى جازالامدۇق؟ — سورىدى شاھدانە كوكۇلداش سۇلتانىنىڭ مەقسىتى شۇ بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ.

— جانابى ئاللا پېقىرنى ياركەنتكە شەپقەت قىلىش ئۈچۈن سۇلتان قىلغان، — دېدى مىرزا ئابابەكرى، — ئاچچىقىڭىزغا ھاي بېرىڭ ۋەزىر. ئەتە نورۇز دۆكىدە ۋە ھەرقايسى مەسچىت-مەدرىسلەردە قازان ئېسىلىپ خەلققە مېنىڭ نامىمدىن زاراخەتمە بېرىلسۇن! غېرىب-غۇرۋالەرگە ئون سەردىن بىر سەرگىچە كۈمۈش ئىنئام قىلىنسۇن!

— خوپ شاھىم.

## 2

سۇلتان مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئاستىدىكى تورۇق ئات تۇۋۇقى ئاستىدىن چاڭ چىقىرىپ چاپچىپ تۇراتتى. ئۇ ئېتىنى دېۋىتىپ، بىر دوقمۇشتىن قايرىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئۈستى ئېچىلىپ ئوت قويۇۋېتىلگەن، ئاستى قېزىلغان ئۆيلەر كۆپرەك بولغان بىر خارابە كوچىغا كىردى. ئات تۇيۇقسىز



ئۆركۈپ مىرزا ئابابەكرىنى تاشلىۋەتكىلى تاس قالدى. ئۇ چىۋەر چەۋەنداز بولمىغان بولسا ئۇچۇپ چۈشۈپ زەي پاتقاقا مىلىنىپ كەتكەن بولاتتى. مىرزا ئابابەكرى غەزەپ بىلەن ئاتنىڭ تىزگىنىنى سىلكىپ تارتتى. ئات ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قاتتىق كىشنەپ توختىدى. ئۇ قارا تەرگە چۆمۈلگەن ئېتىنىڭ ئالدىدا قارا پەرەنجە ئارتقان بىر ئايالنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى ۋە غەزەپ، ھەيرانلىق ئىلكىدە سورىدى:

— ئى بەدبەخت خاتۇن، ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ؟ نېمىشقا ماڭا يول بەرمەيسەن؟

ئايال بارماقلىرىغا ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈك سېلىنغان بىر قولى بىلەن چۈمبىلىنى قايرىپ شۇنداق قارىۋىدى، مىرزا ئابابەكرى گويا چۆچەك-لەردە تەسۋىرلەنگەن ھۆر-پەرىنى كۆرگەندەك ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ بۇ ۋاقىتقا قەدەر بۇنداق چىرايلىق ئايالنى كۆرۈپ باقمىغانىدى.

— ئۆزۈم بىر ئاجىزە ئىكەنلىكىمگە قارىماي، سىزنىڭ ياۋۇز تەلەتىڭنى بىر كۆرۈپ باقاي دەپ ئۆيۈمدىن چىققان ئىدىم، — دېدى ئايال ئۇنىڭغا تىكىلىپ، — ئاللانىڭ ساڭا شۇنداق زور قەددى-قامەت، ئەقىل-پاراسەت ئاتا قىلغىنىغا مىڭ ئەپسۇس. چۈنكى سەن مۆمىن ئېرىمنى ئۆلتۈرگەن قاتىلسەن. قانخور قاتىلنىڭ بەشىرىسىنىڭ مۇنداق بولۇشىنى ئويلىمىغانىدىم.

— ئېرىڭ كىم؟ — سورىدى مىرزا ئابابەكرى ئايالنىڭ جامالىدىن كۆز ئۈزمەي.

— نەزەر مىرزا ئاتىنىڭ ياساۋۇلى تۆمۈر بەگ ئىدى. ئۇنى سېنىڭ ۋەھشىي ياساۋۇللىرىڭ بەش بالامنىڭ ئالدىدا قارىماي سۆرەپ چىقىپ، بېگى سوقۇلان سېپىل ئاستىغا باستۇرۇۋەتتى. مانا كۆردۈم، سەنمۇ ئادەمگە ئوخشايدىكەنسەن، بەلكى قاۋۇل ئەبلەخ ئىكەنسەن.

مىرزا ئابابەكرى قىلىچىنى شارت قىلىپ سۇغاردىيۇ، بۇ چوكانىنىڭ پەرەنجە ئىچىدىكى نازۇك بويىنىغا ئۇرۇشقا تىترەپ تۇرغان قوللىرى بارمىدى. ئايال گەرچە قارا پەرەنجىگە يوشۇرۇنۇپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ ساھىبجامالى،

شەمشادتەك قەددى-قامىتى، تولغان بەدىنى ئاشۇ تۇرقىدىن مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. بۇ لىۋەنىنىڭ مىرزا ئابابەكرىگە كۆرۈنۈپ تۇرغان گۈزەل چېھرى بۇلۇت يىرىپ چىققان تولۇن ئاينىڭ ئۆزى ئىدى. «سۇلتان ئەھمەدخانىنىڭ خوتۇنى خەدىچە سۇلتان بېگىممۇ مانا شۇنداق چىرايلىق بولغىيتتى؟ ئەجەپ قولۇمدىن چىقىرىۋېتىپتىمەن. ئوغلى سەئىدخانىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ ئۇنى ئەمرىمگە ئېلىپ، ئاندىن ئەھمەدخاننى قويۇۋەتسەم ئۇ ساراڭ بولۇپ تۈگىشىپ كېتەتتى. خۇدانىڭ مۇنۇ گۈزەل ئايالنى ماڭا يولۇقتۇرۇشىدا قانداق ھېكمەت باردۇ؟ تىلى زەھەر ئىكەن. ئىچىمۇ زەھەر-مىدۇ ياكى ...» ئۇ خىيالدىن توختاپ:

— ئاغزىڭنى يۇم، — دەپ ۋارقىرىدى. ئەمما ئۇنى بوش خىرقىراپ چىقتى. نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ كۆڭلى ئىرادىسىگە بويسۇنمايۋاتاتتى. بۇ قورقۇمسىز ئايالنىڭ جاسارىتىمۇ ئۇنى ھەيرەتتە قويغانىدى. بۇ كەمگىچە ئايال زاتى ئەمەس، ھەرقانداق باھادىر سەركەردىلەرمۇ يۈزتۇرانە تۇرۇپ ئۇنى بۇنداق ئەيىبلىمىگەنىدى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ بۇلۇتتەك تۈتۈلغان چىرايى بارا-بارا ئېچىلدى.

— ئى ئاللانىڭ شەپقىتىگە ئېرىشكەن سائادەتلىك مەزلۇمە، مەن سېنى كەچۈردۈم. شۇ شەرت بىلەنكى: بۈگۈن كەچ خۇدا خالىسا ئۆز ئىختىيارىڭ بىلەن نىكاھىمغا ئۆتۈپ ماڭا خاتۇن بولغايسەن! — دېدى مىرزا ئابابەكرى جىددىي ھالدا.

ئايال شۇنداق قاقاھلاپ كۈلدىكى، ئات چوراپ ، تەييارلىقسىز تۇرغان مىرزا ئابابەكرىنى تاشلىۋەتتى. ئۇ كىچىكىدىن ئات مىنىپ ئالاھىدە تەربىيەلەنگەن چەۋەنداز بولغاچقا چاققانلىق بىلەن يەرگە دەسسىۋالدى-دە، تىزگىننى چىڭ تارتىپ ئاتنى تىنچلاندۇردى. ئون قەدەم نېرىدا توختاپ تۇرۇشقان ۋەزىر-ئەمىر، سەركەردىلەر نېمە ئىش بولغىنىنى ئاڭقىرالماي سۇلتانىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈشۈۋاتاتتى.

— خۇدا بۇ سۆزۈڭگە مېنى يىغلاتماي كۈلدۈردى، — دېدى ئايال

— ، مەن بىراقتىن قىقاس-سۈرەننى ئاڭلاپ يەنە نامەرد ياساۋۇللىرىڭ بۇلاڭ-تالاڭ قىلغىلى كەلگەن ئوخشايدۇ، قاراپ باقاي دەپ چىقىپ سىنى كۆرگۈنۈم — تەقدىر-پېشانەم ئىكەن. ھېچكىمنى كەچۈرمەيدىغان سەندەك بىر زالىمغا خۇدا مېنى ئەپۇ قىلغۇزدى. بولمىسا بەش بالام ئۇچۇن جېنىمنى سەدىقە قىلماقچى ئىدىم. ھالبۇكى سىنىڭ بۇ تەلىپىڭگە ماقۇل بولماقتىن باشقا چارە يوق ئىكەنلىكىنى بىلىۋاتىمەن. ئەمما بۇ شەرتلىرىمنى بىجا كەلتۈرۈشۈڭ لازىمكى، ئۇنى رەت قىلماقچى بولساڭ جاۋاب بەرمەيلا بېشىمنى تېنىمدىن جۇدا قىلغىن. بالىلىرىمغا ئاللا بار.

— قېنى شەرتلىرىڭنى ئېيتقىن، — مىرزا ئابابەكرى ئۆزىگە قادىلىپ تۇرغان نازاكەتلىك ئايالغا قاراپ قىلىچىنى غىلاپقا سالدى.

— جانابى ئاللا كۆڭلۈمگە سالغان بىرىنچى شەرتىم شۇكى: بۇگۈن سەن قان تۆكمەسلىككە ۋەدە بەر.

— ۋەدە بەردىم، — دېدى مىرزا ئابابەكرى، — ئىككىنچى شەرتىڭنى ئېيت!

مەن ئابدۇلئەزىز ياركەندى ئاتلىق خالۋاپىنىڭ قىزى ئۇممە گۈلسۈم بولىمەن. 15 يېشىمدا مەھەللىمىزدىكى سادىق كۇلالچىنىڭ ئوغلى تۆمۈر بەگكە ياتلىق بولغانىدىم. 12 يىلدا بەش بالىلىق بولدۇم. ئائىلىمىز ئاۋاتلىشىپ روناق تېپىۋاتقان ۋاقىتتا سەن سۇلتان ئەھمەدخاننى ياركەنتتىن قوغلىۋېتىپ ئارامىمىزنى بۇزدۇڭ. ئېرىمنى ئۆلتۈرۈپ مېنى تۇل قىلىپ قويدۇڭ. ئەگەر مېنى ئەمرىڭگە ئالماقچى بولساڭ، نارەسىدە بەش بالامنى قاتارغا قوشۇش تەلىپىمگە ماقۇل بولۇشۇڭ شەرت.

— خەير، جانابى ئاللانىڭ سىنى پېقىرغا ئۇچراشتۇرۇشىدا بىر ھېكمەت بار ئوخشايدۇ. بۇ شەرتىڭگە ھەم ماقۇل. قېنى ئۇچىنچى شەرتىڭنى ئېيت! — دېدى مىرزا ئابابەكرى بارغانسېرى ئايالغا مەھلىيا بولۇپ . ”توۋا، نېمە ئىشتۇ بۇ. ئاللادىن باشقا ھېچكىمگە بوي ئەگمەس ھۆكۈمدار تۇرۇپ بۇ مەزلۇمنىڭ سۆزلىرىنى رەت قىلالمايۋاتىمەنا!... ئەجەب...“

— ئۈچىنچى شەرتىم شۇكى دېدى ئايال، — پادىشاھ-سۇلتانلاردا ئىنساپ بولمايدۇ. ئىنساپ قىلدى دېيىلگەندىمۇ ساھىبجامال ئاياللارغا كۆزى چۈشكەندە ئىنساپتىن چىقىدۇ. تەلىپىم: باشقا خاتۇن-كېنىزەكلىرىڭ بىلەن ئوردىدا تۇرغۇم يوق. ماڭا ئايرىم قورۇ-جاي بېرىشىڭ كېرەك. كۆزۈم شەھۋانىي ھەۋەسىڭ قۇربانلىرىنى كۆرمىسۇن.

سۇلتان مىرزا ئابابەكرى بۇ نۆۋەت خىرىلداپ ئەمەس، قاقاھلاپ كۈلدى، يەر پۇراپ تۇرغان ئىتتى چۇراپ باش كۆتۈردى-دە، تىزگىنىنى سۆرەپ قاچتى.

— ئاجايىپ خاتۇن ئىكەنسەن، — دېدى مىرزا ئابابەكرى تىزگىنىنى قاتتىق تارتىپ ئاتنى توختىتىپ، ئۇنىڭ ئەقىل-پاراستى، سۈلكەت-نازاكىتىگە قايىل بولغان ھالدا، — ئۈچىلا شەرتىڭ ئورۇندىلىدۇ. خۇدا خالىسا بۈگۈن كەچ سېنى ساڭا ماقۇل كەلگەن قورۇ-جايغا يۆتكەپ ئەمرىمگە ئالىمەن. رازىمۇسەن؟

— سەندەك زالىمغا شەرتلىرىمنى قوبۇل قىلغۇزغان ئاللا پىقىرنىمۇ خاتۇن بولۇشقا رازىلىق بەرگۈزدى. ئەمدى ئۆيۈمگە كىرىپ كېتەي، باللىرىم كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

ئايال چۈمبىلىنى يۈزىگە چۈشۈرۈپ قىيا ئىچقىلىق دەرۋازىدىن كىرىپ كەتتى. سۇلتان مىرزا ئابابەكرى ئۇنىڭغا بەرگەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ سېپىلنى كۆزدىن كەچۈرۈش جەريانىدا زادىلا غەزەپلەنمىدى. ئۇ سېپىلنىڭ ۋاقتى-قەرەلىدە پۈتكەنلىكىدىن مەمنۇن بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ، كىشەنلەپ ئىشلەتكەن مەھبۇسلارنىڭ ھەممىسىنى قويدۇرۇۋەتتى. شۇ كۈنى كەچتە ئۈممە گۈلسۈمنى بەش بالىسى بىلەن ئوردىغا يانداش سېلىنغان تەكخانا قورۇسىدىكى خاس ئۆيگە ئالدۇرۇپ كېلىپ، نىكاھ ئوقۇتۇپ ئەمرىگە ئالدى.

ئۇ بۇ ۋاقىتقىچە ھېچقانداق بىر ئايالدىن بۇ كېچىدىكىدەك ھۇزۇرلانمىغانىدى. دېرىزىگە تاراسلاپ ئۇرۇلغان يامغۇرمۇ ئۇنىڭ شېرىن ئارامىنى بۇزالمىدى.

## يەتتىنچى باب

# ئەندۈۋا سىپىدىكى سىرلىق نەزمە

### 1

بۇ يىل زەرەپشانغا ئۇن كۈن بۇرۇن كەلكۈن كەلدى. دەريا قىنىغا پاتمىغان سۇ شىددەت بىلەن دولقۇنلاپ قىرغاقلارنى يالاپ، دەل-دەرەخلەر-نى يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ ئېقىتىپ كەتتى. ئادەمسىز قالغان سال-كېمە، قېيىقلارنى شارقىراپ ئاق كۆپۈك چاچقان ئۆركەشلەر قورام تاشلارغا ئۇرۇپ پاچاق-پاچاق قىلىۋەتتى.

تاغ باغرىدىن ئېقىتىپ كەلگەن بولسا كېرەك، ئېشەك، ئات، هارۋا، ئۆي سەرەمجانلىرى، بۆشۈك... قاتارلىق نەرسىلەرنى دولقۇنلار گاه يۇتۇپ كەتسە، گاه پۇرقۇپ قىرغاق ئۈستىگە تاشلايتتى. بۇ كەلكۈننى ئاسمان دېڭىزىنىڭ چېكى سۆكۈلۈپ كەتكەندەك كېچىچە توختىماي قۇيۇلغان يامغۇر باشلاپ كەلگەندى.

ناماز بامداتتىن كېيىن يامغۇر توختاپ، هاۋا بىرئاز ئېچىلغان بولسىمۇ، دەريا سۈيى بارغانسېرى ئۇلغىيىپ ئۆكتۈرۈلگەن، پەسلەپ كەتكەن يەرلەر-

دىن يار ئېلىپ، ئەتراپتىكى يېزا-كەنتلەرنى بېسىپ كېتىۋاتاتتى. سۇنىڭ شارقىرىغان ئاۋازى ئۇنى چاقىرىمچە يەرگە ئاڭلىناتتى.

سۇلتان مىرزا ئابابەكرى ھۈنەرۋەن، كاسىپ، تىجارەتچىلەرنىڭ بىر قىسمىنى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنى قارشى ئېلىشقا چىقىرىپ، يەنە بىر قىسىم شەھەر ئاھالىسىنى كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىشكە ئاتلاندۇردى.

قەشقەر دەرۋازىسىدىن تارتىپ، يولنىڭ بىر قاسنىقىدا تۇغ-ئەلەملەرنى لەپىلدىتىپ تۇرغان لەشكەرلەر سېپى، يەنە بىر قاسنىقىدا ناغرا-سۇناي سازلىرىنى سازلاپ تۇرغان شەھەر ئاھالىسىنىڭ سېپى تاكى زىننەتلەنگەن ياركەنت دەرۋازىسى ئۈستىدىن ئۆردىغىچە سوزۇلغانىدى. 17 نەپەر نەۋكەر بۇرغا كانايىنى ئېگىز كۆتۈرۈشكەن ھالدا تۇرۇشاتتى.

كۆن غەربكە قىيسايغاندا قەشقەر تەرەپتىن كېلىۋاتقان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى كۆرۈندى. دەل شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ ۋەزىر-ئەمىر، سىپاھلىرى بىلەن شەھەر ئىچىدىن مىرزا ئابابەكرىمۇ چىقىپ كەلدى. كاناي چېلىندى، لەشكەرلەر سەپراس بولدى، داقا-دۇمباق ئەتراپنى لەرزىگە كەلتۈردى.

— خۇدا سۇلتان مىرزا ئابابەكرىنى سالامەت قىلسۇن!

— ئەمىر مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ھەزرەتلىرىگە سالامەتلىك تىلەيمىز! — دېگەن ئاۋازلار ھەر ياندىن ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

ئېتىنى يېتىلەپ كېلىۋاتقان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنى كۆرگەن مىرزا ئابابەكرى ئاق قاشقا ئارغىماقتىن ئىرغىپ چۈشتى-دە، ئىتتىك مېڭىپ بېرىپ ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلاندى ۋە ئۇنىڭ قەشقەرچە زەر قىياق تونىنىڭ پەشلىرىنى يۈزىگە سۈرتۈپ، كۆكۈش نۇر چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىگە ياش ئالدى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئەمىر ئاتا، مېھرى شەپقەتلىك پەرۋەردىگارىمنىڭ ئىنايىتى بىلەن قەدەم تەشرىپ قىلىپ، غېرىب خانەمگە ئاياغ باسقانلىرى مىسكىن بېشىمنى كۆككە يەتكۈزدى. پېقىر قۇللىرى بۇنىڭدىن چەكسىز خۇرسەن، ئوبدان تۇرغانلا.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ئەزىز ئوغلۇم! ئەلھەمدۇلىللا، ئاللا پاناھىدا ياخشى تۇرۇۋېتىمەن. پېقىرنى خىجىل قىلماي ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ھۆرمەتلىك ۋالىدەلىرى بىلەن كۆرۈشسىلە، — دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا دەرھال ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ تۇرغۇزۇپ.

مىرزا ئابابەكرى شۇ چاغدىلا زەر چۇچىلىق بويۇق بىلەن چومكەلگەن مەيىنىڭ قارا مەخمەل پەردىسىنى ئېچىپ ئۆزىگە قاراۋاتقان ئانىسىنى كۆردى ۋە چاپسان بېرىپ تەزىم قىلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك دۇئاگۇيۇم خان ئانا، مۇبارەك دىدارلىرى دىيارى ياركەنتنى ئۆزىنىڭ نۇر جۇلاسى بىلەن روشەن قىلغۇسى. قەدەم تەشرىپ قىلغانلىرى ئۇچۇن قانچىلىك خۇشال بولغىنىمنى جانابى ئاللاغا ئايانكى، ئۇرغۇغان روھىم سائادەت كۆكىدە پەرۋاز قىلماقتا.

جەمەك ئاغىچىنىڭ كالۇتۇن دوپپا ئۈستىدىن ئارتىلغان ئاق ھىبىلە رومىلىنى پۈتۈن قامىتىنى پىنھان ئەيلىگەن قارا پەرەنجىسى يوشۇرۇپ تۇراتتى. بىراق مىرزا ئابابەكرى ئانىسىنىڭ كۆز يېشى قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ ھاياجانلاندى.

— ئەي جاھاندىكى ئانىلارنىڭ داناسى! پېقىر ئۇچۇن تۆككەن بىر قەترە يېشىڭىزنىڭ قىممىتى پۈتۈن ھاياتىمدىن ئارتۇق. بۇ قەرزنى قانداقچە تۆلىگىلى بولالايمەن؟ دۇئا بېرىڭ مېھرىبانىم.

— ئى باھادىر ئوغلۇم، خۇددى قەددى-قامىتىڭدەك سۇلتان بولۇپ، ھۆرمىتىڭمۇ ئېگىز كۆتۈرۈلۈپتۇ. سەن قەرزىڭنى تۆلىدىڭ. سەندىن رازىمەن بالام، — جەمەك ئاغىچا خېنىم قارا چۈمبەل ئىچىدىن مىرزا ئابابەكرىنىڭ تەمبەل بەستىگە تىكىلدى، — ئەمما ئىنىڭ ئۆمەر مىرزىدىن خاتىرجەم بولالماي كېلىۋاتىمەن. ياۋاش، مۆمىن، سەندەك قەيسەر ئەمەس. ئۇ ئاقسۇدا خوجا فىزالدىنىڭ تەربىيىسىدە بويسۇنغۇچى بولۇپلا ئۆتىدىغان نامەرد ئەمەلدارلاردىن بولۇپ قالمىسىدى دەپ ئەنسىرەيمەن بالام.

— ياق خان ئانا، ئىنىم ئۆمەر مىرزا ئاقسۇدا تىنچ ياتقىنى يوق.

ئۇ ئاقسۇنى بويسۇندۇرۇشۇمغا ياردەملەشمەكچى.

— مىرزا ئابابەكرى، — دېدى سۆزلەرنى ئاڭلاپ تۇرغان مۇھەممەد مىرزا ئۇلارغا يېقىنلاپ كېلىپ، — مېنى ئەندىشىگە سالغان دەل مۇشۇ ئىش. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ قەشقەردىن ئۆزۈم كەلدىم. بىز موغۇلىستان خانلىقىغا — ئاتا-بوۋىلىرىمىز سادىقلىق بىلەن قوغداپ كەلگەن چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ تاجۇ تەختىگە ئاسىيلىق قىلساق بولمايدۇ.

مىرزا ئابابەكرى ئەينى چاغدىكى قەشقەر ھۆكۈمرانى بولغان دادىسى سانىسىز مىرزىنىڭ ئىنىسى بولمىش ھازىرقى ئۆگەي دادىسىغا قادالدى. قامەتلىك سانالغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ بويىمۇ ئۇنىڭ يەلكىسىگە كېلەتتى. دوغلاق، سېمىز بۇ ئادەم ئۆگەي بالىسىنىڭ شۇنچىلا بەستلىك ھەم تەمكىنلىكىدىن سەل تەمتىرەپ قالدى.

— پېقىر قۇللىرىنى ئاسىيلىقتا ئەيىبلىسىلە ھەق بولمايدۇ دادا، — دېدى مىرزا ئابابەكرى جىددىي تەرىزدە، ئۇنىڭ چېكە تومۇرلىرى كۆپۈپ چىقتى، — بۇ تۆھمەت بىلەن پېقىرنى قارىلىغانلارنى قاتتىق جازالاشنى تەلەپ قىلىمەنكى، ئىنائەتلىرىدىن خۇدا بەرگەن بۇ ئۆمرۈمدە بويۇن تولغاش نىيىتىم زىنھار يوق، ماڭا ئىشەنگەيلا.

— ھەزرىتىم، ئوغلۇم سىلىگە ئاسىيلىق قىلمايدۇ. ئۆزىنى "ياركەنت سۇلتانى" دەپ ئېلان قىلىشى ئۇنىڭ دانالىقتا كامالەتكە يەتكەنلىكىدىندۇركى، ئاخىر ئۇ سىلىنىڭ ئىزلىرىنى باسىدۇ ئەمەسمۇ؟ پەرزەنتلىرى ئىچىدە ھېچقايسىسى ئەقىل-پاراسەت، ئەلەم-قەلەمدە ئۇنى بېسىپ چۈشەلمەيدۇ. ئەگەر باشقا نىيىتى بولسا ھەرگىزمۇ سىلىگە بويسۇنمايتتى. بۇنداق دەبدەبە بىلەن كۈتۈۋېلىش ئورنىغا قىلىچ كۆتۈرگەن بولاتتى.

— ئاغىچا خېنىم، سۆزلىرى ماڭا ئەمىنلىك بەخش ئەتتى. قەشقەردىن يولغا چىققىنىمدا بۇنداق داغدۇغا بىلەن كۈتۈۋېلىنىشىم خىيالىمغا كەلمىگەنىدى. ئەلھال، بەدكارلارنىڭ پىتنە-پاساتلىرىنىڭ يالغانلىقىنى بۇ تەنتەنىلىك كۈرۈنۈش ئىسپاتلىدى. مەن ئوغلۇمدىن رازى، — دېدى مۇھەممەد ھەيدەر

مرزا ئاق كۆگۈللۈك بىلەن باش لىڭشىتىپ.
مىرزا ئابابەكرى تەبەسسۇم قىلدى.

## 2

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئاتقا مىنىپ ئۆگەي ئوغلى بىلەن قاتارلىشىپ ماڭدى. ئۇ سەپراس تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرگەن لەشكەرلەرگە كۆز سېلىپ: «نەۋكەرلىرى خىل ئىكەن» دېدى كۆڭلىدە ھەم «ئەمىر مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئاتىمىزغا ئامانلىق تىلەيمىز»، «سۇلتان مىرزا ئابابەكرىنى ئاللا پاناھىدا ساقلىغاي» دەپ تەنتەنە قىلىشىۋاتقان خالايىققا قارىدى. «ئەجەبا، بۇلارنىڭ ھەممىسى ھۆنەرۋەنلەرمىدۇ؟ قوللىرىدائەسۋاب. بۇ مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئاۋامنى ياخشى يولغاباشلىغانلىقىنىڭ ئىسپاتىمىدۇ؟ ياكى ئالدامچىلىقمىدۇ؟»

شۇ خىيالدا ئۇنىڭ كۆزى 70 ياشلاردىن ئاشقان چار ساقال بىر بوۋايغا چۈشتى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا تىزگىننى تارتىپ ئاتتىن چۈشتى. بوۋاينىڭ ئالدىدا مىرزا ئابابەكرى باشلىق بارلىق ئەمىر-ۋەزىر، ياساۋۇللار توختىدى.

— ئى مويسىپىت ئۇستا، قوللىرىدىكى ئەندىۋانى كۆرۈپ باقسام.

بوۋاي ئاۋۋال تەزىم بىجا كەلتۈردى. ئاندىن ئەندىۋانى سۇندى. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر يالتىراپ تۇرغان ئەندىۋانى قولىغا ئالدى ۋە قىزىقسىنىپ نەزەر سالدى. ئەندىۋانىڭ يۈزى ناھايىتى ياخشى سىلىقلانغان بولۇپ، خۇددى ئەينەكتەك كىشىنىڭ شولىسى چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇنى قىزىقتۇرغان ئەندىۋانىڭ يۈزى بولماستىن، ئاجايىپ گۈلدار نەقىش بىلەن زىننەتلەنگەن سېپى ئىدى. گۈلدار نەقىش ئىچىگە مۇنداق ئىككى مىسرا نەزمە ئويۇلغانىدى:

«مىرزا ئابابەكرى سالدى بىر شەھەر، گويا بېھىش،
تىرىكلەرگە ئالۋاڭ قويدى، ئۆلۈكلەرگە خىش...»

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ قويۇق قاشلىق قاپىقى شۇ ئان تۈرۈلدى.

— ئى تاغا، بۇ ئەندىۋانى بۇ يەرگە كۆتۈرۈپ چىقىشلىرىدا بائىس نېمەدۇر؟ ئەندىۋا سېپىدىكى ئويۇلغان نەزمىنىڭ مەنىسى ھەم نېمەدۇر؟ جاۋاب بەرگەيلا...

بوۋاينىڭ كۆكسىگە چۈشۈپ تۇرغان ئاپئاق ساقىلى تىترەپ كەتتى:

— بېشىمدىن قورقمەن ئالىيلىرى، گۇناھىمدىن ئۆتكەيلا.

— تاغا، ئاللانىڭ قەھرىدىن قورقىسلا، راستىنى ئېيتسىلا.

— مەن... مەن...، — دەپ بوۋاي يەنە توختاپ قالدى.

— مۆمىن كىشىلەر ئاللادىنلا قورقىدۇ ھەم يالغان سۆزلىمەيدۇ. قېنى، كۆڭۈللىرىدىكىنى ئېيتسىلا، — مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا چىرايى تاتىرىپ كەتكەن مىرزا ئابابەكرىگە قاراپمۇ قويماي، بوۋايدىن جاۋاب كۈتۈپ تۇردى.

— پېقىر راستىمنى ئېيتسام، ئېتىم تاھىر، ئابدۇراخمان نەققاشنىڭ ئوغلىمەن. كىچىكىمدىن تارتىپ تامچىلىق، نەقىشكەرلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەنمەن، — دېدى بوۋاي تۇتۇلۇپ-تۇتۇلۇپ سۆزلەپ، — سۇلتانىمىز مىرزا ئابابەكرى يېڭى شەھەر بىنا قىلىش يارلىقى چۈشۈرگەندىن كېيىن چوڭ-كىچىك ھەممە ئىشقا چۈشۈپ كەتتۇق. بايلارلا ئەمەس، تۇل-يېتىم، غېرىب-مىسكىنلەرنىڭ كەپە ئۆيلىرىنىمۇ بۇزۇپ، ئۇنىڭ خىشلىرىنى ئىشلىتىشكە مەجبۇر قىلىندۇق. ئوڭ-ئەتۇر كولىنىپ ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن كونىشەھەردىن نۇرغۇن ئالتۇن-كۈمۈش يىغىۋېلىنىپ خەزىنىگە ئېلىندى. بۇ ئارىدا قانچە-قانچە ئەزىمەتلەر سېپىل ئاستىغا بېسىلدى. ئالىيلىرىنىڭ كېلىدىغانلىقلىرىنى ئاڭلىغان سۇلتانىمىز بىر ھەپتە ئىچىدە سېپىلنى پۈتتۈرۈشكە، بازار-كوچىلارنى رەتلەپ، شەھەرنى زىننەتلەشكە پەرمان چۈشۈردى. يەنە ۋەزىر ئابدۇللا دانىش قاتارلىق كىشىلەرمۇ سېپىل ئاستىغا ناھەق بېسىلدى. سېپىلغا توپا يەتمەي قەبرىلەر بۇزۇۋېتىلدى. يېڭى شەھەر ۋە كۆز ئالدىلىرىدىكى ھەيۋەتلىك سېپىل ئەنە شۇنداق بىنا بولغان. بۇ ئەندىۋانى سۇلتانىنىڭ ئەمرى بىلەن كۆتۈرۈپ چىققىنىم راست، ئۇنىڭ سېپىگە نېمە ئۈچۈن بۇ نەزمە ئويۇلۇپ قالغانلىقىنى ئەمدى چۈشەنگەنلا.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا تۇرغان جايىدا زۇۋان سۇرمەي تۇرۇپ كەتتى. كىمگە ئىشىنىش كېرەك؟ كەمبەغەل كاسىپ بوۋايغىمۇ ياكى سۇلتان مىرزا ئابابەكرىگىمۇ؟...

## 3

توققۇز-ئون كۈنلۈك بولغان ئاينىڭ يورۇقى پەردىسى بىر يانغا قايرىلغان دېرىزىدىن ئۇممە گۈلسۇم ياتقان كىمخاپ تۆشەككە چۈشۈپ تۇراتتى. "تەقدىر-قىسمەت شۇنداق ئوخشايدۇ. يېتىم بالىلىرىم بىلەن خارابىلىقتا ئازابلىنىۋاتاتتىم. ئۇلۇغ قۇدرەت ئىگىسى ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن ھېچ كۈتمىگەندە سۇلتاننىڭ خاتۇنى بولۇپ قالدىم. بالىلىرىممۇ پاراغەتلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتى. ھەرقاچان ھوشيار بولۇپ مىرزا ئابابەكرىنىڭ قەھرىدىن ساقلىنىشىم، ئۇنى شەيدا قىلىپ، ساھىبجامالدىن مېھرىنى ئۈزەلمەيدىغان ھالغا كەلتۈرمىگىم لازىم..."

ئۇممە گۈلسۇم ئابدۇلئەزىز خالىۋاپ دەپ نام چىقارغان سودىگەرنىڭ ئەركە قىزى ئىدى. ئاتىسى كەشمىرگە كېتىۋاتقاندا لاداخ يولىدا تۇتەك ئېلىپ قازا قىلغاندىن كېيىن، ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدە ئۆستى. ئۇ مەھەللىنىڭ بۆۋىسى بولغان ئانىسىدا ئوقۇپ ساۋاتلىق بولغان ئىدى. سۆزى چاقماقتەك خۇش ئاۋاز بۇ قىز ھەمىشە بىر شاھزادىگە ياتلىق بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. دائىم شاھزادىگە تېگىپ چۈشەيتتى. بىراق كاج تەقدىر-قىسمەت بۇ يېتىمەنى شاھزادىلەرنىڭ كۆزىدىن پىنھاندا يېتىلدۈردى. شاھزادە ئەمەس، بايلارنىڭ بالىلىرىمۇ ئۇنىڭغا كۆز قىرىنى سالمىدى. ئاخىرى مەھەللىدىكى ياركەنت ھاكىمى ئەمىر نەزەر مىرزىنىڭ نەۋكىرى تۆمۈربەگ 15 ياشلىق بۇ قىزغا ئاشىق بولدى...

...ئۇممە گۈلسۇم ئىككى كۈندىن بېرى يۈز بەرگەن تەقدىرى قىسمەتتىن ھەم ھەيران، ھەم پەرىشان ئىدى. ئۇ بولۇپ ئۆتكەن ئىشنى

ئويلىغانسىرى ھاياجانلىناتتى. ”بەزى ھالدا دۈشمەن شىلتىغان كۆچلۈك قىلىچنى قورقماستىن سۈندۇرۇپ تاشلاشقا ئىراده قىلىش — كىشىنى كۆتمىگەن سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىكەن. شاھزادىگە ياتلىق بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم. ئاقىۋەت سۇلتاننىڭ خاتۇنى بولۇپ قالدىم. بېشىمغا تاسادىپىي قونۇپ قالغان بۇ بەخت قۇشىنى ئۇچۇرۇپ قويماسلىقىم لازىم. ئى قۇدرەت-لىك ئاللا، ئەگەر سەن ئەقىل-جۈرئەت بەرگىنىڭ بىلەن گۈزەل ھۆسن بەرمىگەن بولساڭ، سۇلتاننى قەھرىدىن ياندۇرالمىغان بولاتتىم. كارامىتىڭگە مىڭ شۈكرى، ساڭا سېغىنىپ تىلەيمەنكى، پىقىر ئاجىزە قولۇڭنى ئۇنىڭ مېھرىدىن، ئۇنى پىقىــر ئاجــىزە قولۇڭنىــڭ گۈزەل رۇخسارىدىن ئايرىمى-غايسەن...“

ئۇممە گۈلسۈم ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزىدىن قارىدى، تەكىخانا ھويلى-سىدا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. تۈننىڭ مەيىن شاملى كۆتۈرۈلۈپ چىققان كۆكسىگە ئۇرۇلدى. بۇلۇت ئىچىدىن چىققان ئاينىڭ نۇرى ئەتراپنى گۈڭگا يورۇتقانىدى. ئەگەر مىرزا ئابابەكرى ھازىر كىرىپ كەلگەن بولسا، ئادىمىزات زاتىدىن بولغان بىر ئايالنى ئەمەس، سېھىرلىك دۇنيادىن كەلگەن پەرىزاتنى كۆرگەن بولاتتى. قارا چاچلىرى ئاق ھېلىلە رومال ئىچىدە تولىمۇ گۈزەل كۆرۈنەتتى. ئاق سۈزۈك يۈزى تولۇن ئاينىڭ ئۆزى ئىدى. ئەمدىلا 27 ياشقا كىرگەن بۇ چوكاننى ھېچكىم بەش بالىنىڭ ئانىسى دېمەيتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ياشلىق جىلۋىسى سېھىرلىك مايسىدەك كىرپىكلەر توراپ تۇر-غان قوي كۆزلىرىدىن چاقناپ، ھەرقانداق ئەرنى بىر قاراشتا ئەسىــر قىلىۋالاتتى. قوي كۆز — ئوتلۇق، قارا كۆز مۆڭلۈق بولىدۇ. ئېغىر مۇسىبەتنى بېشىدىن كەچۈرگەن بولسىمۇ ئۇنىڭ مەي تولغان جامدەك لىغىلداپ تۇرغان كۆزلىرى ھامان كۈلۈپ تۇراتتى. ئۇ تەبىئىي مېھرى ئىسسىق كۆرۈنەتتى. ئۇ، دېرىزە ئالدىدىن قايتىپ كەلدى-دە، جەينىماز ئۈستىدە ئولتۇرۇپ «قۇرئان كەرىم» نىڭ «ئايەتەل كۇرسى» ئايىتىنى ئىخ-لاس بىلەن ئوقۇشقا باشلىدى. مەرھۇم ئانىسى: ”بۇ ئايەتنى ئوقۇغان ئادەم

ھەرقانداق بالا-قازادىن ساقلىنىپلا قالماي، بەلكى ئامەتلىك بولىدۇ“ دەپ ۋەسىيەت قىلغانىدى. شۇڭا ئۇ دائىم بۇ ئايەتنى ئوقۇيتتى. ئۇ بىرلىپ ئوقۇۋاتقاندا،”تاراققىدە“ ئىشىك ئېچىلىپ مىرزا ئابابەكرى كىرىپ كەلدى. شاھانە تونىنى سېلىپ كۈمۈش ئاسقۇچقا ئاستى. گۆھەر قويۇلغان سۇلتانلىق تاجىنى ئېلىپ گۈلدار تەكچىگە قويدى. ئەمدى ئادەتتىكى بويلۇق ئادەمگە ئوخشاپ قالدى. ئۇ بىتاقەت بولغانىدى. ئۇممە گۈلسۇم دۇئاغا كۆتۈرگەن قوللىرىنى چۈشۈرمەي، ئاللاغا ئىلتىجا قىلماقتا ئىدى.

— بەس، دۇئا بەك ئۇزۇن بولۇپ كەتسە ئىجابەت بولماي قالىدۇ پەرىشتەم، بۇ ئۆيگە كىرگىنىمگە خېلى بولدى، — دېدى مىرزا ئابابەكرى سەل ئاچچىقلىنىپ. ئۇ قات-قات يېكەنداز ئۈستىدە قوش پەر ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇردى.

دۇئادىن پارىغ بولغان ئۇممە گۈلسۇم ئورنىدىن تۇرۇپ ئېرىگە يەرگىچە ئېگىلىپ تەزىم قىلدى.

— شاھىم، ئاللا مەرتىۋىلىرىنى تېخىمۇ ئۈستۈن قىلسۇن. تازىمۇ سېغىندۇردىلا. يوللىرىغا قاراپ ئاخىرى بولالماي ئۆزلىرىگە دۇئا قىلغىلى ئولتۇرغانىدىم. تىلىكىمگە يارىشا خۇش كەپتىلا.

ئاق كۆڭلەك، ئاق رومال ئىچىدە ئاق قاناتلىق پەرىشتىدەك تۇرغان ئۇممە گۈلسۇمنى بېشىدا ئولتۇرغۇزغان مىرزا ئابابەكرى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا شەرىپىگە ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەتنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتكەنلىكىدىن ۋاقتا قالغانلىقىنى ئېيتىپ ئەپۇ سورىدى.

— بۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىل سۇلتانىم، ئەل-يۇرت ئىشى بىلەن بولۇپ پېقىر-ئاجىزەلەرنى ئۇنتۇماي يوقلاپ كىرگەنلىرى ئۈچۈن ئالىيلىرىدىن مىننەتدارمەن. ھۆرمەتلىك ئاتىمىز مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئالىيلىرى ياركەنتتە خېلى تۇرامدىكەن؟ — دېدى بارماقلىرىغا سېلىنغان ئالتۇن ئۈزۈكلەر پارلىداپ تۇرغان قولىنى ئېرىنىڭ تىزىغا قويۇپ. مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئۇزۇن يىللار بىرگە بولغان خوتۇنىدەك ئۇممە گۈلسۇمنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرى

تەبىئىي، سىلىق ئىدى، ئۇنىڭدىكى غەزەپ-نەپرەت نەگىمۇ كەتكەندۇ؟

— كۆپ تۇرمايدىغاندەك قىلىدۇ. ئۇ بوۋايىنىڭ كىشىنى ئاۋارە قىلماي كەتكىنى تۈزۈك ئىدى. ھە دەپ يۇنۇسخانغا بەيئەت قىلىشىم توغرۇلۇق ۋەز-نەسىھەت ئوقۇپ باش-مېڭەمنى ئوچاق ئېتىۋەتتى.

مىرزا ئابابەكرى گېپىنى توختىتىپ ئۆز خىيالىغا بېرىلدى: "مەن يۇنۇسخانغا ئەمەس، يۇنۇسخان ماڭا بەيئەت قىلىشى كېرەك. سۇلتان ئەھمەدخاننى ئوغلى سەئىدخان بىلەن بىرگە دارغا ئاسىدىغان كۈنلەرگە ئۇزۇن قالمىدى..."

— نېمىشقا ئۇنداق دەيدىلا سۇلتانىم، سالامغا بارارمەن تېخى، — راھەتلەنگەن قىياپەتتە ناز بىلەن قىيا باققان ئۇممە گۈلسۈم ئېرىنىڭ ئوينچان چىرايىنى كۆزىتىپ جىم بولدى.

ناز-كەرەشمىدىن باشقىنى بىلمەيدىغان كۈندەشلىرىنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭ بىلەن بۇنداق ئەركىن پاراڭ سىلىشالمايتتى. مىرزا ئابابەكرى بۇ ئايالنىڭ پاساھەتلىك، ھېسسىياتلىق خاتۇن ئىكەنلىكىنى دەسلەپ كۆرگەندىلا بىلگەنىدى. "خاتۇن — كۆڭۈل ئاچىدىغان جانلىق ئويۇنچۇق" دەپ قاراپ كەلگەن مىرزا ئابابەكرى ئۇممە گۈلسۈمنى ئەمرىگە ئېلىپ بىرقانچە قېتىم مۇشۇنداق پاراڭلاشقاندىن بېرى، بۇ ئويىنىڭ يۇتۇنلەي خاتا ئىكەنلىكىنى، ئەقىللىق، ياخشى ئايالنىڭ ئەر ئۈچۈن خاتۇن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سىرداش دوست، سەممىي مەسلىھەتچى، ۋاپادار جورا بولالايدىغانلىقىنى چۈشىنىشكە باشلىغانىدى. ھالبۇكى، ئۇممە گۈلسۈمنىڭ توغرىدىن توغرا قويغان سوئاللىرى مىرزا ئابابەكرىنى بەزىدە رەنجىتىسمۇ، ئەمما ناز-كەرەشمىلىك خۇلقى مۇزدەك قېتىپ كەتكەن كۆڭلىنى ئېرىتىپ، ئۇنى مۇلايىملاشتۇرۇپ قويۇۋاتاتتى...

— ئى ئەقىللىق مەھبۇبەم، ئەل-يۇرت ئىشى — تۈگىمەس ئىش. قىلغانسېرى كۆپىيىدۇ، چوڭىيىدۇ. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا مېنىڭ تاغام. بەلكى ئۇ ئۆگەي ئاتام بولسىمۇ ئىش بېشىدا تۇرۇشۇمدىن، تاجۇتەختىنىڭ

ماڭا ئۆتۈپ كېتىشىدىن خاۋاتىرلىنىدۇ. شۇڭا سۇلتان ئەھمەدخاننى ئاقسۇغا كەتكۈزۈۋېتىپ ياركەنتتە ئۆزۈمنى سۇلتان دەپ ئېلان قىلىشىم ئۇنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتكەن ئوخشايدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن ئانامنى ئېلىپ مۇددىئايىمنى بىلىش ئۈچۈن ياركەنتكە كەلگەنلىكى ماڭا ئايان بولغاچقا، ئۇنى تەنتەنە بىلەن كۈتۈۋالدىم. گۇماندىن خالىي قىلىش ئۈچۈن تونۇلغۇن يېڭى شەھەر-نى ئايلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ نامدا ياساتقان مەسچىت، بىنا قىلغان باغلارنى كۆرسەتتىم. شۇنىڭدىن كېيىنلا مۇئامىلىسىدىكى سوغۇقلۇق دوستانىلىققا ئايلاندى.

مىرزا ئابابەكرى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنى قارشى ئېلىشنى قانداق ئورۇنلاشتۇرغانلىقىدىن تارتىپ، سېپىغا ئىككى مىسرا نەزمە يېزىلغان ئەندۇ-ۋانىڭ ئۆزىنى قانداق ئالاقزادە قىلىۋەتكىنىنىمۇ يوشۇرماي سۆزلەپ بېرىپ دېدى:

— پەرىشتەم، ئاشۇ ئابرويۇمنى تۆكىدىغان ئەندۇۋانى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىدىن بايا زىيابەت ئۈستىدە ئېلىۋالدىم.

— قانداق ئېلىۋالدىلا سۇلتانىم؟ — قىزىقسىنىپ سورىدى ئۇممە گۈلسۈم.

— مېنىڭ ئۇ تاغام زىياپەتتە شارابنى كۆپ ئىچىپ بىرئاز كەيىپ بولۇپ قالدى. مەن: دۈشمەنلىرىم بۇ ئەندۇۋانى كاسىپ بوۋاي ئارقىلىق ئالىيلىرىغا كۆرسىتىش بىلەن مېنىڭ يۈزۈمنى تۆكمەكچى. ئاتا، بۇنى نېمىشقا چۈشەنمەيلا، دېدىم. ئۇ: "شۇنداقمۇ بالام، ئەگەر ئېيتقىنىڭدەك بولىدىغان بولسا ھوشيار بولساق بولىدىكەن" — دېدى. مەن: "ئەندۇۋانى ماڭا بەرسىلە ئاتا، ئۇ ئارقىلىق دۈشمەنلىرىمنى تېپىپ جازاسىنى بېرەي" دېدىم. ئۇ ماقۇل بولۇپ ساقلىغىلى بەرگەن ۋەزىرىدىن ئېلىپ ماڭا بەردى. مەن قوچقار ياساۋۇلغا بېرىپ "بۈگۈن بۇ ئەندۇۋانى ھېلىقى بوۋاي بىلەن تاغارغا سېلىپ كونىشەھەردىكى خارابە ئۆيلەرنىڭ بىرىگە كۆمۈۋەت" دەپ بۇيرۇ-دۇم.

— ئاھ پەرۋەردىگار، — تووۋلىۋەتتى ئۇممە گۇلسۇم. ئۇنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى، — پادىشاھ ھوججاجمۇ[1] بۇنداق رەھىمسىزلىك قىلمىغاندۇ سۇلتانىم.

— رەھىمدىل پادىشاھ يۇرت سورىيالمايدۇ پەرىشتەم، بىراق بۇنىڭ بىلەن مېنى رەھىمسىزلىكتە ئەيىبلەش نادانلىق بولىدۇ، — دېدى مىرزا ئابابەكرى نېرىراق سۇرۇلۇپ ئولتۇرغان ئۇممە گۇلسۇمگە قىسىلغان كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ، — سىزنى ئۆز چېھرى بىلەنلا ئەمەس، سەممىي ساداقىتى بىلەنمۇ مېنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلالايدۇ، — دەپ ئەمرىمگە ئالغانمەن. ئېيتىڭا، ئابرويىمنى تۆكمەكچى بولغان، سۇلتانلىق تەختىمنى تەھدىت ئاستىدا قالدۇرغان كىشىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشىم كېرەك؟

ئۇممە گۇلسۇم چۆچۈپ ئۇنىڭغا قارىدى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ قاپىقى تۈرۈلۈپ، چېكە تومۇرلىرى كۆپۈپ چىققانىدى.

— سۇلتانىم، ئالىيلىرىغا بولغان ساداقىتىم ئۆمۈرلۈكتۇر. مېنى ئەمرىلىرىگە ئالغاندا، ئاللا ئىگەم كۆڭۈللىرىگە ياخشى نىيەتنى سالغان، ئەمدى ئۇنىڭغا داغ چۈشۈرۈپىلا. بىھۇدە قان تۆكۈش — تاجۇتەختلىرىگە ئورا كولايدۇ. سەل پەخەس بولسىلا سۇلتانىم، — دېدى ئۇممە گۇلسۇم چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ.

—دۇرۇس گەپ قىلدىڭىز پەرىشتەم، — مىرزا ئابابەكرى ئۇممە گۇلسۇمنىڭ قولىدىن تارتىپ يېنىغا ئولتۇرغۇزدى. ئۇنى ”پەرىشتەم“ دەپ ئاتىشى بۇگۈن ئىدى، — مەن قەشقەر-ياركەنتكىلا ئەمەس، پۈتۈن موغۇلىستانغا، خۇراسانغا، ماۋارائۇننەھرگە پادىشاھ بولۇشۇم كېرەك. بۇنىڭدىن كېيىن قان تۆكمەسلىككە ۋەدە بېرىمەن، — ئۇ سۆزدىن توختاپ سەل ئويلىنىۋېلىپ دېدى، — سىزگە ئىشىنىمەن. سىزمۇ ماڭا ئىشىنىڭ. ئەگەر بەش ئوغلىڭىزنى ماڭا سادىق قىلىپ تەربىيىلىسىڭىز ھەربىرى بىردىن

[1] ھوججاج — زالىملىقى بىلەن نام چىقارغان ئەرەب پادىشاھى.

شەھەرگە ھاكىم ياكى ئەمىر بولىدۇ. قايسىسى مېنى دورىسا شۇ ۋارىسىم بولىدۇ. ئەكسىچە، ساداقەتسىزلىك قىلسا...، — مىرزا ئابابەكرى سۆزىنىڭ ئاخىرىنى تەئەددى بىلەن ئېيتىپ ئۈزۈپ قويدى.

— دېگەنلىرىگە ئىشىنىمەن شاھىم، بۇ سۆزلىرىنى زىنھار ئۇنتۇپ قالمايمەن، — دېدى ئۇممە گۇلسۇم ۋە كۆڭلىگە پۈككەن مۇددىئاسىنى سوئال بىلەن ئىپادىلىدى، — ئالىيلىرى، ئەزىز مۇكەررەم ۋالىدەلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، قۇللۇق قىلسام بولارمۇ؟

— ۋاقتى ئەمەس، — دەرھال جاۋاب بەردى مىرزا ئابابەكرى، — ۋالىدەم سىزنى ئەمرىمگە ئالغىنىمنى ئاڭلىسا ھەم سىزنى كۆرسە، بۇنى قوبۇل قىلالمايدۇ. ھازىر ئۇ مېنىڭ ياركەنتتە ئۆزۈمنى سۇلتان دەپ جاكارلىغىنىمدىن بەك خۇشال. ئۇمۇ مېنىڭ ئالمالىقتا، سەمەرقەنتتە تەختكە چىقىشىمنى ئۈمىد قىلىدۇ. شۇڭلاشقا ھازىرقى ئېرى بولمىش تاغام مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنى ھەرقانداق شارائىتتا ماڭا قارشى تىغ كۆتۈرگۈزمەيدۇ. مەن يۈرۈش قىلىپ خوتەننى بويسۇندۇرغىنىمدىن كېيىن قەشقەرنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىم ئاستىغا ئالىمەن. شۇ چاغدا دانىشمەن ئانام ئالدىغا سىزنى سالام بەرگىلى ئېلىپ كىرىمەن. ۋاقتى-سائىتى كەلگىچە سەبرى قىلغايسىز.

ئۇممە گۇلسۇم مىرزا ئابابەكرىنى چىڭ قۇچاقلاپ ئاستا پىچىرلىدى:

— ئاللا ئىگەم ئادىل. ئۇ سىلىنى مۇرادلىرىغا يەتكۈزىدۇ. شەپقەتلىك بولسىلا شاھىم.

دېرىزىدىن چۈشۈپ تۇرغان غۇۋا يورۇق غايىب بولدى. چۈنكى ئاي يەنە بىر توپ قارا بۇلۇتلار ئارىسىغا كىرىپ كەتكەنىدى.

# سەككىزىنچى باب

# جەمەك ئاغىچىنىڭ قەستى

## 1

باھار. شاپتۇل، ئۆرۈك، ئالما دەرەخلىرى چېچەكلەپ، سۇلتان سانىسىز مىرزىدىن قالغان چاھارباغنى ئاجايىپ گۈزەل تۈسكە كىرگۈزگەنىدى. يېڭى كۆتۈرۈلگەن كۈننىڭ شولىسى باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۆلگە چۈشكەنىدى. كۆل بويىدىكى گۈمبەز شەكلىدە سېلىنغان خاس راۋاقتا جەمەك ئاغىچا خېنىم، گۈلئايىم ئاغىچا خېنىم مۇلازىم-كېنىزەكلىرى بىلەن پىستە چېقىپ ئولتۇراتتى. ئۇلار تونۇگۈن چۈشتىن كېيىن چېچەك سەيلىسىگە چىققانىدى.

جەمەك ئاغىچىنىڭ يوغان قارا كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇزۇن قارا چاچلىرىنى ئالتۇن ئۇقا قادالغان كەمچەت تۇمىقىنىڭ ئۈستىدىن ئارتىلغان ئاق ھېلىلە رومىلى يوشۇرغانىدى. خۇشپىچىم ئۇچىسىدىكى زەر چۇچىلىق نىمچىسىنىڭ تىللادىن قىلىنغان تۈگمىلىرى ئېتىلمىگەچكە، كەڭ ئېتەكلىك بىنەپشەرەڭ يېپەك كۆينىكى ئۇنىڭ تولغان بەدىنىنى نامايان قىلىپ، يان-يېنىغا يېيىلغانىدى.

قەشقەر دىيارىدا بۇنىڭدىن ھۆرمەتلىك ئاغىچا يوق ئىدى. ئۇشتۇمتۇت قازا قىلغان سۇلتان سانسىز مىرزىنىڭ بۇ ئايالىنى سەردارلاردىن ۋەلىبەگ دېگەن نەۋقىران يىگىت ئاشىق بولۇپ قېلىپ ئالغانىدى. پادىشاھ ـ سۇلتان-لارغىلا ئۆزىنى مۇناسىپ كۆرىدىغان بۇ شەرەنداز چوكان ئۇزۇن ئۆتمەي سەردار يىگىتتىن ئاجرىشىپ ئىككى بالىسى بىلەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا تەگكەنىدى. ئۇنىڭدىن يەنە ئىككى باللىق بولدى. چوڭى مۇھەممەد ھۇسىيىن مىرزا، كىچىكى سەئىد مۇھەممەد مىرزا دەپ ئاتىلاتتى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا موغۇلىستان خانى يۇنۇسخان قېشىغا سالامغا بارغاندا مۇھەممەد ھۇسىيىن مىرزىنى بىرگە ئېلىپ بارغانىدى. خان ئەمدىلەتتىن 16 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بۇ كېلىشكەن يىگىتكە ئارزۇلۇق قىزى خوپ نىگار سۇلتان بېگىمنى بەردى. شۇ چاغدىن باشلاپ مۇھەممەد ھۇسىيىن كوراگان[1]ئاتىلىپ قېيىن ئاتىسىنىڭ يېنىدا قالغانىدى. سەئىد مۇھەممەد مىرزا جەمەك ئاغىچىد-نىڭ يېنىدا چوڭ بولۇۋاتاتتى. ئېرى گۆلئايىم ئاغىچىنى كىچىك خوتۇنلۇققا ئالغاندىن بېرى بۇ ئوغۇلنى ئۇنىڭ تەربىيەت قىلىشىغا تاپشۇرغانىدى. جەمەك ئاغىچا 45 ياشقا كىرىپ قالغىنىغا قارىماي، گۈزەل ياشلىق ۋۇجۇدىدا بەرق ئۇرۇپ تۇرغان گۆلئايىم بىلەن يۈرۈش-تۇرۇش ھەتتا كىيىم كىيىشتىمۇ بەسلىشەتتى، ياسىنىپ-تارىنىپ يۈرەتتى.

گۆلئايىم تېخى 20 ياشقىمۇ كىرمىگەنىدى. شۇڭا ئېرىنى گۆلئايىمدىن بەكرەك قاچۇراتتى. ئەگە بارسا بۇ لېۋەن چوكاننى ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ باراتتى. بۈگۈن ئۇنى باغقا بىرگە ئېلىپ چىققانىدى.

— جىگەر پارەم كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — ئەتەي سورىدى جەمەك ئاغىچا بىرنەرسىنى ئىزدىگەندەك كۆز يۈگۈرتۈپ.

— خوجام تۈنۈگۈن چۈشتە ئاتىسىنىڭ رۇخستى بىلەن ئاتۇشقا شىكارغا كەتكەنىدى. بۈگۈن كېلىپ قېلىشى مۇمكىن.

---

[1] كوراگان — خانغا كۈيئوغۇل بولغانلارغا بېرىلىدىغان مەرتىۋە.

— نىمە، ماڭا دەپ قويماي شىكارغا چىقىپ كەتتىمۇ؟ — جەمەك ئاغىچىنىڭ كۆلۈمسىرەپ تۇرغان ئاق يۈزى بۇلۇتتەك تۇتۇلۇپ كەتتى.

— غوجام يانلىرىغا كىرگەندە سىلى ئۇخلاپ قالغان ئىكەنلا. ئويغىتىشقا قىيماي ماڭا دەپ قويۇپ، ساقلاپ تۇرغان بەگزادىلەر بىلەن كەتكەندى. ئۆزلىرىگە ئېيتىشقا پېتىنالمىدىم.

بوستان چاچلىق بېشىغا ھالرەڭ پەرەڭ ياغلىق سالغان جەمەك ئاغىچا ياش كۆڭۈلدىشىگە بىر نەزەر تاشلاپ قويۇپ، ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى. پات-پات ئۇنى بىرەر ئېغىز گەپ بىلەن ئۇچۇقداپ تۇراتتى.

— ئاغىچا خېنىم، شاھىم كېلىۋاتىدۇ، — دېدى گۈلئايىم ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ يەرگە قاراپ ئېگىلدى. مۇلازىم-كېنىزەكلەرنىڭ ھەممىسى تەزىمدا تۇردى.

نەيزە بويىي كۆتۈرۈلگەن كۈننىڭ نۇرى راۋاقنىڭ پەنجىرىلىرى ئارىسىدىن چۈشۈپ تۇراتتى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا پايىدىن گۈرسۈلدەپ مېڭىپ راۋاققا چىقتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — جەمەك ئاغىچا ھېچكىمگە قارىماي ئالدىغا كېلىپ توختىغان ئېرىگە ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم قىلدى، — ئوردىدىن ئالدىراش كېلىشلىرى بىر خەۋەرنى ئېيتىش ئۈچۈن بولسا كېرەك سۇلتانىم. ئىلاھىم، مېنىڭ ئاڭلايدىغىنىم خۇش خەۋەر بولغاي.

— ۋەئەلەيك ئاغىچام، خۇدا ياخشى خەۋەر ئېيتىشقا نېسىپ قىلسۇن، — ئۇ ئۆزىدىن ئىككى ياش چوڭ بولغان بۇ خوتۇننى ئاكىسىنىڭ يۈز خاتىرىسى ئۈچۈنمۇ ياكى ئەقىللىق دەپ بىلگەنلىكى ئۈچۈنمۇ، ئەنە شۇنداق ھۆرمەت بىلەن ئاتايتتى.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا قات-قات سېلىنغان ئەتلەس كۆرپىگە ئولتۇرۇپ يەر ئاستىدىن گۈلئايىمغا ئوغرىلىقچە قارىۋالدى. ئۇنىڭ چىرايى سۆرۈن ئىدى. بىر كىشىدىن قاتتىق غەزەپلەنگەنلىكى چىرايلىق ياسالغان كەكە ساقىلىنى سىيپاپ-سىيپاپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىشىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.

ئۇ ئاخىرى ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرغان جەمەك ئاغىچىغا كۆز تىكىپ قارىدى:

— بۈگۈن ئەتىگەن خوتەن دىيارىنىڭ مۆتىۋەرلىرىدىن مەكتۇپ كەلدى. پەرىشانلىقىمنىڭ بائىسى شۇ ئاغىچا خېنىم.

— مۇنداق دېسىلە سۇلتانىم، ئۇ مەكتۇپ ئۆزلىرىگە مالالىق ئېلىپ كەلگەن بولسا، ئوغلىمىز سۇلتان مىرزا ئابابەكرىدىن تونۇگۈن كەچ كەلگەن بىر مەكتۇپ بار. بۇ مەكتۇپ سىلىنىڭ باشلىرىغا سايە تاشلىغان غەم بۇلۇتلىرىنى تارقىتىۋېتىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ، شاھانە تونىنى سېلىپ گۆلئايىمغا بەردى. جەمەك ئاغىچىنىڭ شۇ ئان خۇيى تۇتتى.

— خوتەندىن كەلگەن خەتمۇ ئوغلىمىز توغرۇلۇق يېزىلغان ئىكەن. ئاغىچا، مەن ئوغلىمىزدىن خاۋاتىرلىنىپ قالدىم، — دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا جەمەك ئاغىچىنىڭ تەقىبىگە پەرۋا قىلماي. ئۇ گۆلئايىم قويۇپ بەرگەن قوش ياستۇققا يۆلەندى.

— مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولۇشقا مۇمكىنمىكىن؟ — جەمەك ئاغىچا ئۆزىنى ئوڭلاپ، ھېچنېمىدىن خەۋىرى يوقتەك ئەجەبلەنگەن ھالدا سىلىق تەلەپپۇز بىلەن سورىدى.

— مانا، ئۆزلىرى ئوقۇپ كۆرسىلە، — ئۇ خەتنى بەردى. جەمەك ئاغىچا مەكتۇپنى ئېلىپ كۆز يۈگۈرتۈشكە باشلىدى.

مەكتۇپكە مۇنۇ خەتلەر يېزىلغانىدى:

”بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم، ئەسسالامۇئەلەيكۇم شاھىمىز مۇھەممەد مىرزا ھەيدەر ئالىيلىرى، بەختىمىزگە ئۇلۇغ ئاللا ئۆزلىرىنى سالامەت، دۈشمەنلىرىنى مالامەت قىلغاي، ئامىن. يېقىندىن بېرى يۈز بەرگەن ئىشلارنى يېزىپ مەكتۇپ يۈزىدە ئالىيلىرىغا مەلۇم قىلايلى دېسەك تىلىمىزنىڭ كۆيۈشىدىن، يازمايلى دېسەك ئەلنىڭ ئاققان قان-ياشلىرىنىڭ، تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنىڭ ۋابالىغا قېلىشتىن قورقۇپ، بىر مەزگىلنى ھەسرەت-نادامەتلىك سۈكۈت بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتتۇق. ئاخىرى يازمىساق

ئۈستىمىزدە ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغان ئىگىمىز جانابى ئاللاغا يۈز كېلەلمەيدى-غانلىقىمىزنى ئويلاپ بۇ مەكتۇپنى يازدۇق. ھىجرىيە 879-يىلى شەئىبان ئېيىدا لەشكەر تارتىپ خوتەن دىيارىغا كەلگەن سۇلتان مىرزا ئابابەكرىنى بىزنىڭ ئاكا-ئۇكا ئىككى خانىمىز — قۇل نەزەر مىرزا بىلەن خان نەزەر مىرزا تەنتەنە بىلەن كۈتۈۋالدى. لېكىن ئۇنىڭ نىيىتى توغرا بولمىغاچقا، شەھەر سىرتىدا بارگاھ قۇردى ۋە قوچقار ياساۋۇل باشلىق بەگ-ياساۋۇللار-نى «قۇرئان» بىلەن ئەۋەتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى يالغاندىن «قۇرئان» شېرىپ-نى ئەكەلگەنلەر قىلىپ كۆرسەتكەچكە، خان نەزەر «قۇرئان»نى ئېلىش ئۈچۈن قول ئۇزىتىشىغا، ئۇنى باسماداپ تۇتتى. ئارقىدىن قۇل نەزەرنىمۇ تۇتۇپ، مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. مىرزا ئابابەكرى ئۆز بوۋىسىنىڭ قېرىندىشىنىڭ ئوغۇللىرى بولغان خان نەزەر مىرزا بىلەن قۇل نەزەر مىرزىنى قوچقار ياساۋۇلغا بوغۇزلىتىپ، ئۇلارنىڭ باشلىرىنى تەنلىرى-دىن جۇدا قىلدۇردى. شۇ كۈنى پۈتۈن خوتەن ئەھلى ھازا تۇتۇپ زار-زار يىغلاشتى. مىرزا ئابابەكرى بولسا چېرىكلىرى بىلەن كەلگەن چىرايلىق قىز-جۇۋانلار بىلەن ئەيش-ئىشرەت قىلىپ كۆڭۈل ئاچتى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي ئۇ خانلىرىمىزنىڭ ئېزىز باشلىرىنى خار قىلىپ، ئاتقا غانجۇغىلاپ بازار ئارىلاپ سازايى قىلدى. بۇ خورلۇق-ئاھانەتكە چىدىيالمىغان ئۇنلىغان باشلىرىمىز ئېتىلىپ بېرىپ قارشىلىق قىلغاندا، ئۇلارنىمۇ ئۆز قانلىرىغا غەرق قىلدى. كىشىنى تېخىمۇ ئېچىندۇرىدىغىنى شۇكى، سەتەمكار سۇلتان مىرزا ئابابەكرى نەچچە كۈنگىچە خوتەن دىيارىنى چېرىكلىرىگە بۇلاڭ-تالاڭ قىلدۇردى. ئاندىن ئابدۇلۋارىس دوغلاتنى خوتەنگە ھاكىم قىلىپ قالدۇرۇپ، ئۇردا خەزىنىسىدىكى بارلىق ئالتۇن-كۈمۈش جاۋاھىرلارنى ئېلىپ ياركەنتكە كەتتى. ئۇ ياركەنتكە بارغاندىن كېيىن يارلىق چۈشۈرۈپ، قايتىدىن بىنا قىلىش نامى بىلەن خوتەن شەھىرىنى بۇزدۇردى. ئۇ تەيىنلەپ قويغان بەدكار ھاكىم ئۆي-ئىمارەتلەرنىڭ ئاستىنى كولىتىپ 27 كۈپ ئالتۇن-كۈ-مۈش تاپتى ۋە ئۇنى 100 دىن ئارتۇق تۆگىگە ئارتىپ سۇلتان مىرزا

ئابابەكرىگە ئەۋەتىپ بەردى. ئۆز قېرىنداشلىرىنى شۇنداقمۇ رەھىمسىزلىك بىلەن تالان-تاراج قىلغان بارمۇ؟ بۇ بەدكار ھاكىمنىڭ زۇلمى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، خوتۇن-قىزلىرىمىزنىڭ بىلەيزۈك، ئۈزۈكلىرىنىمۇ تارتىپ ئالدى. بىگۇناھ تۇتقۇن قىلىنغانلار زىندانلارغا پاتماي قالدى. قارشىلىق قىلىپ ئەسىرگە چۈشكەن ياساۋۇل-نەۋكەرلەرنى، ھاكىم پەرمانىغا بويسۇنمىغان پۇقرالارنى ئالتۇن كانلىرىغا ئېلىپ بېرىپ، بىر-بىرىگە تۆمۈر زەنجىر بىلەن چېتىپ مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىپ، ئالتۇن چايقىتىۋاتىدۇ. ھەر كۈنى ئۇ يەردە ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلارمۇ ئاز ئەمەس.

ھۆرمەتلىك شاھىمىز، بىز خوتەن خەلقى بۇ ۋاقىتقا قەدەر ھېچكىمگە بوزەك بولۇپ باقمىغاندۇق. ئۆز قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بوزەك قىلىشىغا، خورلىشىغا ئۇچرىغاندا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى بىلمەي قېلىۋاتىمىز. ئاخىرىدا ئالىيلىرىغا داد ئېيتىپ ئەرز قىلىشنى توغرا تاپتۇق. ئەگەر ئاللاتائالا قەشقەردىمۇ ئادالەتنى كۆتۈرۈۋەتمىگەن بولسا، خوتەن دىيارىدا ئازاب-ئوقۇبەت چېكىۋاتقان بىگۇناھ پۇقرالارغا خەيرىخاھلىق قىلىشلىرىنى ئىگىمىز ئاللاھ نامىدىن سورايمىز. ئېھتىرام بىلەن، خىزمەتلىرىگە پەرمانبەردار خوتەن دىيارىدىكى 537 مەسچىت جامائىتىدىن.»

— بۇ ئەزىز پەرزەنتىمىز مىرزا ئابابەكرىگە قىلىنغان تۆھمەت، — دېدى جەمەك ئاغىچا مەكتۇپنى ئاچچىقى بىلەن يىرتىپ پارچە-پارچە قىلىپ يەرگە ئېتىپ، — ئالىيلىرى كاززابلارنىڭ بۇ مەكتۇپىگە ئىشەنمىسىلە. كۈندىن-كۈنگە زورىيىپ روناق تېپىۋاتقان سانىسىز مىرزىنىڭ پەرزەنت-نەۋرىلىرىگە دۈشمەنلىك قىلىۋاتقان كىشىلەر يىراقتىن ئېيتقاندا خۇراسان-خارەزمدىمۇ، پەرغانە-ئالمالىقتىمۇ، تۇرپان-ئاقسۇدىمۇ، يېقىندىن ئېيتقاندا خوتەن-ياركەنتتىمۇ ھەتتا ئوردىمىز ئىچىدىمۇ بار. ئۇلار ئاشكارا ھالدا ئوغلىمىز مىرزا ئابابەكرىگە قارشى تۇرۇشنى باھانە قىلىپ، ئالىيلىرىنىڭ پېيىنى قىرقىش كويىدا بولۇۋاتىدۇ. ھوشيار بولسىلا سۇلتانىم. ئوغلىمىزنىڭ بۇ، مۇبارەك مەكتۇپىنى كۆرۈپ باقسىلا.

ئۇ سۆلكەت بىلەن ئىگىلىپ تۇرۇپ، كەشمىرنىڭ پاتلىق قەغىزىگە بېزىلغان مەكتۇپنى ئۇزاتتى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا مەكتۇپنى ئېلىپ ئاچتىيۇ، ئوقىماي گۈلئايىمغا بەردى. گۈلئايىم تىترەك ئاۋاز بىلەن ئوقۇشقا باشلىدى:

"بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم، 18 مىڭ ئالەمنىڭ ئىگىسى ئاللادۇر. ماختاش-ماختىنىش بىر ئاللاغا خاستۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بەرھەق پەيغەمبىرىمىزدۇر. تۆت چاھارىيار بىزنىڭ ساداقەتلىك دوستلىرىمىزدۇر. قەشقەر، ياركەنت، خوتەن دىيارلىرىنىڭ شاھىنشاھى — مېنىڭ ھۆرمەتلىك پەدەر بۇزرۇكۋارىم مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئالىيلىرىغا، جاھان ئانىلىرىنىڭ شاھى قەدىردان ۋالىدەم جەمەك ئاغىچا خېنىم ھەزرەتلىرىگە ئۇلۇغ ئىگەم ئاللادىن تىنچ-ئامانلىق تىلەيمەن ھەم پېقىرنىڭ پەرۋەردىگار ئالەمنىڭ پاناھىدا ياركەنت-خوتەن دىيارلىرىغا ئاۋات-ئەمىنلىك، خۇرسەنلىك بېغىشلاپ ئۆتۈۋاتقانلىقىمنى بىلدۇرىمەن.

ھۆرمەتلىك پەدەر بۇزرۇكۋارىم، قەدىردان دۇئاگۆي ۋالىدەم، ئۇلۇغ جانابى ئاللادىن شۇنىڭ ئۈچۈن مىننەتدارمەنكى، كەنت-بازارلارنى تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن 300 چاقىرىم يول ياساشقا پېقىرنى مالىك قىلدى. 17 ئېرىق-ئۆستەڭ چاپتۇرۇپ دېھقانلارنى ۋە يەرنى تەشنالىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا نېسىپ قىلدى. يۈزلىگەن باغلارنى ئەھيا قىلىپ، ئاۋامغا راھەت-پاراغەت، مەملىكەتكە ئاۋاتلىق ئاتا قىلغۇزدى. 2500 سەر ئالتۇن-كۈمۈشنى غېرىپ-مىسكىن، يېتىم-يېسىر، كاسىپ-ھۈنەرۋەنلەرگە تارقىتىپ، ئۇلارنىڭ ھال-كۈنىنى ياخشىلاشقا سەرپ قىلغۇزدى. پېقىر ئاللادىن، ئاۋام-رەئىيەت پېقىردىن رازى. زىنھار ئەندىشە قىلمىسۇنلار. بەھۇدە ئۆسەك سۆز، پىتنە-ئىغۋالارغا ئىشىنىپ خاۋاتىرلەنمىسۇنلار. چۈنكى، تاجۇ-تەختتىن تەمەسى بار، قول ئىلكىدە مېلى كۆپ، يۈزلۈك كىشىلەر ھەسەت يۈزىسىدىن پېقىرغا دۈشمەنلىك قىلماقتا. ئۇلار خوتەن-ياركەنت دىيارىدا باش كۆتۈرۈشكە پەيت كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. لېكىن ئاللا غالىپ قىلغان بەندىسىگە ھېچنېمە زىيان-زەخ-

مەت يەتكۈزەلمەيدۇ. خۇدا بۇيرۇسا دۈشمەنلىرىم ئاياغ ئاستىمدا ھالاك بولغۇسى. ئامىن! مالاللىق ۋە چوڭقۇر ئىچىنىش بىلەن يەنە شۇنى مەلۇم قىلىمەنكى، ئاقسۇدىن كېلىپ ھەربىرلىرىنىڭ ئالدىلىرىدا تۇرماي يېنىمغا كەلگەن ئەزىز دانىشمەن ئىنىم ئۆمەر مىرزىنى دۈشمەنلەر قەستلەپ كور قىلىپ قويدى. بۇ جىنايەتنى ماڭا ئارتىپ تەختىمنى تارتىۋالماقچى بولغان كىشلەرنى دارغا ئېسىپ جازالىدىم. بىچارە ئىنىمنى ياخشى كۈتۈۋاتىمەن.

شاھ ئاتا، خان ئانا، پېقىر قۇللىرىنى دۇئالىرىدا ياد ئېتىپ تۇرۇشقايلا. قوللىرىم ھەر زامان كۆكسۈمدە. بۇيرۇغان خىزمەتلىرىگە پەرمانبەردارمەن.

تۈمەنمىڭ ھۆرمەت-ئېكرام بىلەن، پەرزەنتلىرى مىرزا ئابابەكرى".

جەمەك ئاغىچا مەكتۇپنى ئوقۇتۇپ بولغاندىن كېيىن، ئېرىنىڭ چىرا-يىغا كۆلكە يۇگۇرگەنلىكىنى كۆرۈپ دېدى:

— شاھىم، ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن يېزىلغان مانا بۇ مەكتۇپ بىزگە ھەقىقەتنى ئاشكارىلىدى. پەرزەنتىمىز سۇلتان مىرزا ئابابەكرى توغرا قىلىۋا-تىدۇ. ئۇنىڭغا ئىشەنسىلە. مەدەتكار بولسىلا. ئۇ ھەرگىز سىلىگە تەتۈر قارىمايدۇ. ئۆمەر مىرزىنى مىرزا ئابابەكرى قەستلەپ كور قىلدى دېگۈچىلەر-نىڭ ئاغزىغا تاش-تۇپراق تولسۇن.

— بۇنىڭغا ئىشىنىمەن، — دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ۋە سۆزىنىڭ ئاخىرىنى دېمەي تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئېسىگە باش ۋەزىرى ئەلى سەردارنىڭ: "ئالىيلىرى، مىرزا ئابابەكرىدىن پەخەس بولسىلا. ئۇ قارا نىيەت ئىنىسى ئۆمەر مىرزىنى قەستلەپ قارىغۇ قىلىپ قويۇپتۇ. يېقىندا خوتەننى ئۆزىگە قارىتىۋالدى. ئەمدى قەشقەرگە كۆز تىكىۋاتىدۇ. بۇ يالغان ئەمەس" دېگەن گېپى چۈشتى. ئېرىنىڭ دىلىغۇل بولۇپ قالغانلىقىنى سەزگەن جەمەك ئاغىچا ئۇنىڭغا تەھدىت سېلىپ دېدى:

— ئوغلۇمغا ئىشىنىدىغانلىقلىرىنى بىلىمەن شاھىم، چۈنكى ئۇ ئاكىلى-رىنىڭ ئوغلى، بۈگۈنكى كۈندە بولسا ئۆزلىرىنىڭ بالىسى. يات — بىر داستىخاندا ئۆمۈر بويى بىللە بولغان بىلەنمۇ يەنىلا ياتلىقىنى قىلىدۇ. ئۆز

دېگەن ئۆز. لازىم تېپىلغاندا جان تىكەلەيدۇ. سىلى ئوردىدىكى تىلى شېكەر، دىلى زەھەر بەزى ۋەزىر-ئەمىرلەرگە ئالدانمىسىلا. ئۇلار سىلىنى ئوغلۇمدىن يىراقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. ئوغلۇمدىن يىراقلاشمىسىلا، بولمىسا ئۇلار قازغان ئورىغا يىقىلىشىپ قالىلا. مەن مانا شۇنىڭدىن ئەندىشە قىلىمەن. ئىلاجى بار ئۇنداق بەدنىيەتلەرنى ۋاقتىدا ئوردىدىن ھەيدەش لازىم. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسىلا مەن ئوغلۇمنىڭ يېنىغا كېتىمەن.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا چۆچۈپ خوتۇنىغا قارىدى، چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى. ئۇ ئىككى قولى بىلەن ئاق ئارىلىغان چېكىسىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ قالدى.

## 2

جەمەك ئاغىچا پاراسەتلىك، ھېلىگەر خوتۇن ئىدى. دېگىنىنى قىلاتتى ياكى باشقىلارغا قىلدۇراتتى. ئۇ خۇراسان، خارەزىم پادىشاھلىرىغا، پەرغانە قازاق-قىرغىز خانلىرىغا ئۆزىنىڭ يېنىدا تەربىيە تاپقان چۆرە، كېنىزەك، سادىق خىزمەتچىلىرىنى سوۋغا قىلىپ ئەۋەتىپ كېلىۋاتاتتى. يۇنۇسخان يېنىدىمۇ ئۇ ئەۋەتكەن ساھىبجامال كېنىزەك ئايسۇلتان ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېرىشىپ توقال خوتۇن بولۇپ قالغانىدى. جەمەك ئاغىچىنىڭ بۇنىڭدىن مەقسىتى — پادىشاھ-سۇلتانلار بىلەن ئالاقىسىنى ساقلاپ، ئۇلارنىڭ مەقسەت-نىشانلىرىنى بىلىپ تۇرۇش ئىدى. ھەتتا ئوغلى مىرزا ئابابەكرى يېنىدىمۇ ئابروي تاپقان ئادەملىرى بار ئىدى. ئۇ ئۆمرى ئاخىرلاشقىچە ئوغلى مىرزا ئابابەكرىنىڭ موغۇلىستان، ماۋارائۇننەھردىكى شاھ-سۇلتانلارنىڭ ئۈستىگە چىقىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ جەمەك ئاغىچىغا ھەر تەرەپتىن ئۇچۇر كېلىپ تۇراتتى. ئۇ يۇنۇسخاننىڭ ئوغۇللىرى سۇلتان ئەھمەدخان، سۇلتان مەھمۇدخانلارنىڭ ئالمالىقتا مىرزا ئابابەكرىگە قارشى قىلىچىنى بىلەۋاتقانلىقىدىن خەۋەردار ئىدى.

جەمەك ئاغىچا شۇ ئان ئېرى بىلەن يالغۇز سۆزلىشىشنىڭ ئۇچۇن بىر باھانە تاپماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇ ياق-بۇ ياققا قاراپ ئولتۇردى-دە، گۈلئايىمغا:

— خېنىم، سەئىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ كەلگەن-كەلمىگەنلىكىنى بىلگىلى بولارمۇ؟ ئەگەر كەلمىگەن بولسا ئۇنىڭ كەينىدىن بەگلەرنىڭ بىرىنى نەۋكەرلەر بىلەن ئەۋەتىپ باقساق، ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن، — دېدى.

گۈلئايىم ئۇنچىقماي ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ سەرۋىدەك زىبا قامىتى كۆلدە ئەكس ئەتتى.

— ئوغلۇم تېخى كەلمەپتىمۇ؟ — سورىدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ياش خوتۇنىغا قاراپ.

— شاھىم، مەن ھەرەمگە قايتىپ غوجامنىڭ دېرىكىنى ئالاي، — گۈلئايىم تەزىم قىلىپ خوشلىشىپ ئىككى كېنىزەكى بىلەن باغنىڭ بېدىشكە ئېلىنغان تاللىق يولىنى بويلاپ يۈرۈپ كەتتى.

ياش خوتۇنىنىڭ كەينىدىن قاراپ قالغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا نەزەرىنى تارتىپ كەتكەن جەمەك ئاغىچىغا يۆتكىدى:

— جۇمە نامىزىغا ئۇلگۇرۇپ شەھەرگە كىرىپ كەتمىسەم بولمايدۇ. ئاغىچا، باشقا گەپ-سۆزلىرى يوقتۇ؟

— شاھىم، سىلى كىرىپ كېتىمەن دېگەن گەپنى قويۇپ تۇرسىلا. ئەمدى چىقتىلىغۇ، بۇ يەردە مەسلىھەتلىشىدىغان مۇھىم ئىش بار.

— قانداق مۇھىم ئىش بۇ ئاغىچا؟ مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئىشىمۇ؟ — خۇشياقمىغان قىياپەتتە سورىدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا خوتۇنىنىڭ يېنىغا سۈرۈلۈپ. ئۇ ئاچچىقى كەلگەن چاغلاردا ”ئاغىچا“ دەپ ”خېنىم“نى چۈشۈرۈپ قوياتتى.

— ياق بەگزادەم، — دېدى جەمەك ئاغىچا بوش كەلمەي. ئۇ ئېرىنى ئۆز گېپىگە كىرگۈزمەكچى بولغاندا ئەركىلىتىپ شۇنداق ئاتايتتى، — ئوغلىمىز مىرزا ئابابەكرى ئاللا پاناھىدا قۇدرەت تېپىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭدىن

خاتىرجەم بولغايلا، لېكىن بۇ يەردە تاجۇ تەختىمىز خەۋپ ئاستىدا تۇرۇۋاتىـدۇ. بۇ خەۋپتىن مىرزا ئاتابەكرىسلا ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن بىزنى قۇتقۇزۇۋالالايدۇ.

— نېمە؟ بۇ قانداق گەپ ئۆزى؟ — چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا، — ئاللا تۆپىمىزدە تۇرۇپتىكى، بۇ سائەتكە قەدەر مەن ئۇنداق خەۋپتىن بىرەر نىشان كۆرگىنىم يوق ئاغىچا...

— ئەمدى ئالىيلىرىغا ئېيتمىسام بولمايدىغان يەرگە يەتتى. بۇ چاغقىچە ئۇنداق ئەمەستۇ، دەپ كېلىۋېدىم، — جەمەك ئاغىچا ئېرىنىڭ ئالتۇن توقىلىق كەمىرىدىن تارتىپ ئولتۇرغۇزۇپ قۇلىقىغا پىچىرلىدى، — باش ۋەزىرلىرى ئەلى سەردار ئەمىرلەشكەر قۇددۇس بارلاس، ئەمىر نەئمان بارلاسلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ خارەزىمگە كەتمەكچى بولۇۋېتىپتۇ. يۇنۇسـخاننىڭ ئاقسۇنى ئوغلىمىز مۇھەممەد ھۈسەيىن كوراگانىغا سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەنلىكىگە نارازى بولسا كېرەك، ئالىيلىرى ئۇلارغا كۆپ ياخشىلىق قىلغان ئىدىلە، بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە...

— ئۇلار ماڭا ئاسىيلىق قىلامدىكەن؟ — ئالدىراپ سورىدى ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا، — ئەگەر شۇنداق بولسا مەن ھەممىنى ئوردىدىن ھەيدەپ چىقىرىمەن، ھوي تۇزكورلار...

— ئۆزلىرىنى بېسىۋالسىلا بەگزادەم، مەن ئۇلارنىڭ شۇنداق يامان نىيەتكە كەلگەنلىكىنى ئىشەنچلىك خىزمەتكارىمدىن ئاڭلىدىم، — دېدى جەمەك ئاغىچا توپتەك ئۆرلەپ تۇرغان ئېرىنىڭ بېلىدىن قاماللاپ تۇتۇپ. بۇ ئايال ساددا، ئاق كۆڭۈل مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ غەزىپىنى ئۆرلىتىشكىمۇ، خۇش قىلىپ كۆلدۈرۈشكىمۇ ئۇستا ئىدى. شۇڭا ئوت ئۈستىگە ياغ چاچقاندەك قىلىپ دېدى:

— بۇ خەۋەرنى ماڭا يەتكۈزگەن كىشىنى سورىمايلىغۇ؟ ئۇ بۇۋى نىياز دەللە. ئۇنىڭغا ئەلى سەردارنىڭ خوتۇنى: "پات يېقىندا خۇراسانغا كەتمەكچى بولۇۋاتىمىز" دەپ بېرىپتىكەن، ئۇ ماڭا يەتكۈزدى. مەن ئىچكىـ

رىلەپ سوراپ بېقىشنى جېكىلىگەنىدىم، كېتىدىغانلار بىر توپ كىشى بولۇپ چىقتى. بۇۋى نىياز دەللە ھەرگىز يالغان سۆزلىمەيدۇ شاھىم. ئۇلار بۇ يەردىن كېتىپ سىلىنىڭ ئابرۇيلىرىنى چۈشۈرمەكچى. يۇنۇسخان ۋە خۇرا-سان شاھى سۇلتان ئەھمەد مىرزىلاردىن پاناھلىق تىلەپ ئۇستىلىرىگە لەشكەر باشلاپ كېلىشى مۇمكىن. يەنىلا مىرزا ئابابەكرىنى سىلىگە قارشى كۆرسىتىپ، سىلىگە ياردەم قىلىشنى باھانە قىلىپ، قەشقەر، خوتەن دىيارىدا يېڭى خانلىق تىكلەپ ئۆز مەقسەتلىرىگە يەتمەكچى.

— مەن ئۇلارغا ئەجەب ئىشىنىپ كېتىپتىمەنا! ئەلى سەردار، خەپ! يادكەنتتىن كېلىشىڭگە قارا نېمىنىڭ سەۋەبچى بولغان ئىكەن-دە! توختا سېنى... ئەمدى تاقەت قىلىپ تۇرالمايمەن. ھە، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئوردىدىن ھەيدەش كېرەك!

— ھەيدەپلا قالماي، زىندانغا تاشلاش كېرەك شاھىم.

— ئاغىچا، بۇ ئىشنى ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىمەن ھەم يۇنۇسخانغا مەلۇم قىلىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوغلىمىز مۇھەممەد ھۈسەيىن كوراگان ئۇنىڭ يېنىدا. خۇدا بۇيرۇسا خان ئۇنى خۇراسان، خارەزم تەرەپلەرگە ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ بىلىم تەھسىل قىلىپ، ھەممە جەھەتتىن كامالەتكە يېتىشى ئۈچۈن غەمخورلۇق قىلىشى مۇمكىن. ئوردا ئىچىدىكى ئەھۋالنى بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئىشلارنى مەكتۇپ ئارقىلىق يۇنۇسخانغا بىلدۈرىمەن. بۇ جەھەتتە مېنى تەڭلىكتە قويمىسىلا. ھە، تاماق تەييار بولغان بولسا ئېلىپ چىقسۇن. جۈمە نامىزىغا شەھەردىكى ئازنا مەسچىتكە بارمىسام بولمايدۇ.

جەمەك ئاغىچا ئېرىنىڭ جەھلىنى قاتۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن بېشىنى لىڭشىتتى ۋە راۋاقنىڭ ئالدىدىكى گۈلزاردا خىزمەتكە تەييار تۇرغان كېنى-زەكلەرگە تاماق ئېلىپ چىقىشنى ئىشارەت قىلدى ھەم ئاغزىنى ئېرىنىڭ قۇلىقىدا يېقىن قىلىپ پىچىرلىدى:

— ماقۇل شاھىم، مەن سىلىدىن بەك خۇش. لېكىن ئەھۋالنى بىلىپ تۇرۇپ تۈنۈگۈن كەچ باغقا چىقماي كۆڭلۈمنى يېرىم قىلىپ قويدىلا.

بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق بولمىسۇن.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ قاتتىق كۈلكىسى راۋاقنىڭ نەقىشلىق گۈلدار شوتىسىغا قونۇپ تۇمشۇق ياللىشۋاتقان ئىككى ئەنجان پاختىكىنى ئۈچۈرۈۋەتتى.

— تۈنۈگۈن كەچ ئىراندىن كەلگەن ئەلچىلەرنى كۈتۈپ چىقالمىدىم. ئەندى ئۇنداق بولمايدۇ ئاغىچا خېنىم.



## توققۇزىنچى باب

# خەتنە تويى ۋە كۆك بۆرە

### 1

ئاسمانغا بويى سوزغان قارىغاي، ئارچا دەرەخلىرى، رەڭگارەڭ گۈل-گىياھلار قىيا تۆپىلىكتىن چايقىلىپ تۇرغان سايرام كۆلگە كۆلەڭگە تاشلىغانىدى. ئەتراپ گويا باغۇ ئىرەمنى بۇ يەرگە كۆچۈرۈپ ئەكىلىپ قويغاندەك ئۆزگىچە جەلپكار ئىدى. چاڭىلداپ سايراۋاتقان بۇلبۇللارنىڭ يىقىملىق ئۈنى ئاڭلىنىپ تۇراتتى-يۇ، ئۆزىنى كۆرگىلى بولمايتتى. گۈل-گىياھلار بىلەن چۈمكەلگەن تەلكە داۋىنىدىن ئاق قاشقا تۇلپارنى دېۋىتىپ چىقىپ كەلگەن سۇلتان ئەھمەدخان كۆل بويىدىكى ياپپېشىل قىيا دۆڭ ئۈستىدە توختاپ، سايرامغا كۆز سالدى. بېشىدىكى نېپىز ئالتۇن يالتىلىغان دۇبۇلغا گويا شەپەقنىڭ شولىسىدەك يىنىك دولقۇنلار يۈزىدە ئەكس ئەتتى. ئارقا-ئارقىدىن كېلىپ خاننىڭ ئەتراپىنى چۆرىدەپ تۇرۇشقان سۇلتانلار، شاھزادىلەر، ئەمىر، بەگ، سىپاھلارنىڭ سايىسى كۆل يۈزىنى قاپلىدى.

— ھۆرمەتلىك خان ئاتا، — دېدى ئۇنىڭ كەينىدە ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ تۇرغان ئىمىن خوجا سۇلتان ئېگىلگەن ھالدا، — ئەتىگەندىن

بىرى شىكار قىلىپ چارچاپ كەتتىلە، بىرئاز ئارام ئېلىۋالامدىلا؟

بۇ دۆڭلۈك ئۈستىگە ئورنىتىلغان ئاق ئۆي تىكىلگەنىدى. پادىشاھقا خاس بارگاھ قۇرغان ئەھمەدخان ئاق ئارىلىغان قويۇق ساقىلىنى بىر قولى بىلەن سىيپاپ، ئويغا چۆمگەن هالدا دېدى:

— جانابى ئاللا بىزگە مانا شۇنداق گۈزەل زېمىندىن يۇكسەك ئورۇن ئاتا قىپتۇ. ئەمما تويماس نەپسىمىز ئىنساب سارىيىدىن چىقىپ كەتمەكتە. ھەر قېتىم سايرام بويىغا كەلگىنىمدە ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم ئالدىدىكى تۇز-كورلۇقىمىزنى ئويلاپ غەمگە چۆمىمەن. ئوغلۇم، يەرۇ-ئاسمان، پۈتۈن ئالەم ئاللانىڭ، ھەرگىزمۇ ئىنسابى يوق بەندىلەرنىڭ ئەمەس. ۋەھالەنكى، بىز ھەر كۈنى يەر-ئورۇن، بايلىق تالىشىپ قان ئاققۇزىمىز، بۇ گۇناھ ئەمەسمۇ؟

ئۇ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، چىرايلىرى ئۆڭگەن هالدا يەرگە قاراپ تۇرغان چوڭ ئوغلى مەنسۇرخاننى كۆردى. ئۇنىڭ يېنىدا بۇ نۆۋەت سەئىدخان بىلەن بىرگە خەتنە توينى قىلغان يەنە بىر ئوغلى خېلىل سۇلتانمۇ بار ئىدى. ئەھمەدخان بىر ئايدىن بېرى سوۋغا-سالاملار بىلەن ھەر ياقتىن تويغا كەلگەن پادىشاھ، ئەمىرلەرنى، يۇرت كاتتىلىرىنى ۋە ئاۋام-خەلقنى ئۇزىتىۋاتقان بولسىمۇ، تېخى مېھمانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيۋاتاتتى.

خان ئاخىرىدا ئۆز ئەللىرىگە قايتىش ئالدىدا تۇرغان پادىشاھ، سۇلتان-لارنى شىكار قىلىشقا تەكلىپ قىلىپ، ئۇلار بىلەن ئۈچ كۈندىن بېرى تەلكە تاغلىرىنىڭ ئۈستى ۋە يان باغرىدا ئوۋ ئوۋلاپ بۈگۈن سايرام بويىغا يېتىپ كەلگەنىدى.

بۇ يۇنۇسخان ۋاپاتىدىن كېيىن ئالمالىقتا ئۆتكۈزۈلگەن ئەڭ چوڭ توي ئىدى. بۇ تويغا خارەزىمنىڭ مەرھۇم پادىشاھى ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ ئىككى ئوغلى — سۇلتان ئەھمەد مىرزا، سۇلتان ئۆمەر شەيخ مىرزىمۇ بالا-چاقىلى-رى بىلەن كەلگەنىدى. ئۇلار سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىدىمۇ ياكى ئاڭلىماسلىققا سالدىمۇ، چاپچىپ تۇرغان ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ مەغرۇر هالدا تۇرۇشاتتى.

بۇ ئىككى سۇلتان سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ئىككى ئىنگىچىسى — مېھرى نىگار خانىم، قۇتلۇق نىگار خانىملارنىڭ ئەرلىرى ئىدى. بۇلار دائىم

بىر-بىرىگە خىرىس قىلىپ، بىر-بىرىنىڭ پېيىگە چۈشۈپ كېلىۋاتاتتى، شۇڭا ئەپ ئەمەس ئىدى. قېيىن ئاتىسى بولغان يۈنۇسخان ھايات ۋاقتىدا ئۇلارنى نەچچە قېتىم ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ئۇرۇش ئازابىنى كۆپ تارتقان موغۇلىستان، خارەزىم، پەرغانە قەۋمىگە ئەمىنلىك-ئاسايىشلىق بەخش ئەتكەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، خەتنە توينىڭ ئاخىرىنى بۇ يەردە ئۆتكۈزۈۋاتقان سۇلتان ئەھمەدخان ئاتىسنى يەنە ياد ئېتىپ كۆزىگە ياش ئالدى. ئۇنىڭ ئەزىز مېھمانلىرى بولغان پادىشاھ، سۇلتانلارنى ئىتتىپاق، ئادىل، سەممىي نىيەتلىك بولۇشقا، ئەلنىڭ تىنچ-ئامانلىقى ئۈچۈن بىر-بىرىگە يول قويۇشقا، بىر-بىرىنى ھۆرمەتلەشكە ئۈندەپ، ئاچچىقلىنىپ قىلغان سۆزلىرى ئوغۇللىرىنىلا ئەمەس، كۈيئوغۇللىرىنىمۇ ئويلاندۇرۇپ قويغانىدى. ئۇلار خاننىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىشتىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇپ جىم تۇرۇۋالدى.

— ئەلۋەتتە گۇناھ، خان ئاتا، — دېدى ئىككىنچى ئوغلى ئىمىن خوجا سۇلتان ئاتىسىن چۈشۈپ دادىسىغا كۆيۈنگەن ھالدا، — دۇئا قىلسىلا، جانابى ئاللا گۇناھىمىزنى كەچۈرۈپ، چاغاتاي خان ۋە پادىشاھ ئەمىر تۆمۈر ئەۋلادلىرىنى ئىناق ئۆتكىلى نېسىپ قىلغاي.

— مىڭ مەررە دۇئا قىلمەن ئوغلۇم. ھەرنە ئىش كىشىنىڭ نىيىتىگە يارىشا بولىدۇ. بىز نىيىتىمىزنى توغرا قىلمىساق، ئاللا بىر-بىرىمىزگە قىلىچ كۆتۈرگۈزىدۇ. يەتتە يىل مۇقەددەم مىرزا ئابابەكرى نىيىتىنى بۇزۇپ پېقىرنى ياركەنتتىن قوغلىغانىدى، — دېدى سۇلتان ئەھمەدخان ئەلەم بىلەن. ئۇ، چايقىلىپ تۇرغان سايرام كۆلىگە قارىغىنىچە ئاتىسى يۈنۇسخاننىڭ مىرزا ئابابەكرىگە قارشى ياركەنتكە قىلغان ئىككى قېتىملىق يۈرۈشىنى ئەسلەپ تۇرۇپ قالدى...

سۇلتان ئەھمەدخان ئىسيان كۆتۈرگەن موغۇل قەبىلىلىرىنى باستۇرۇپ ئەلنى ئەمدىلا تىنچلاندۇرۇپ تۇرۇشىغا، قەشقەر دىيارىنىڭ خانى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىدىن ئارقىمۇئارقا چاپارمەنلەر كېلىپ، مىرزا ئابابەكرىنىڭ ھۇجۇم قىلىپ يېكەسارنى تارتىۋالغانلىقى، سۇلتان يۈنۇسخاننىڭ ياردەمگە دەرھال قوشۇن ئەۋەتىشىنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكى مەلۇم قىلىنغان مەكتۇپلەرنى تاپشۇرۇشتى. قۇدىسىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەنلىكىدىن خەۋەر

تاپقان يۇنۇسخان 15 مىڭ ئەسكەر توپلاپ، ئەھمەدخان بىلەن بىرگە يولغا چىقتى. ئاقسۇدىن كەلگەندىن بېرى بارغانچە چاچقۇن بولۇپ كېتىۋاتقان سابىق ۋەزىرى ھەسەن مىرزا، شائىر ئابازىلارنىمۇ ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ ماڭغانىدى.

يۇنۇسخان ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي ئاتتا تىك ئولتۇراتتى. چارچى-دىم، ھاردىم دېمەيتتى. ئۇ قەشقەرگە بارغىچە ئۆز بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى ئوغلى ئەھمەدخان ۋە ئۆزىگە يېقىن بولغان ئەمىر، بەگ، سەردارلارغا يەنە بىر قېتىم سۆزلەپ بېرىپ دېدى:

— جانابى ئاللا شاھ، سۇلتان، ئەمىرلەرگە يەپ-ئىچىش، ياش كې-سىش، ئەيش-ئىشرەت قىلىش ئۈچۈنلا تەختتە ئولتۇرۇشنى، تاج كىيىپ ھۆكۈمدار بولۇشنى نېسىپ قىلغان ئەمەس، بەلكى ئاۋامنىڭ تىنچ-ئامان ھايات كەچۈرۈشىگە دائىم كۆڭۈل بۆلۈپ، ماجىرالارنى توغرا ھەل قىلىپ، ئادالەت بىلەن يۇرت سوراپ، ئاسايىشلىق، ئەمىنلىكنى قوغداش، ئۆز ئېلىنىڭ پۇقرالىرىغا نەپ يەتكۈزۈپلا قالماي، قوشنا ئەللەر خەلقلىرىگىمۇ نەپ يەتكۈزۈش ئۈچۈن پادىشاھ بولۇشنى نېسىپ قىلغان. بۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا ئاللا ھەرقانداق كىشىدىن تاجۇ تەختنى تارتىپ ئالىدۇ...

يۇنۇسخان قەشقەرگە كېلىپ لەشكەرلىرىنى بىر ھەپتە دەم ئالغۇزدى.

## 2

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ئەسلىدە 60 مىڭ لەشكىرى بار ئىدى. جەمەك ئاغىچىنىڭ يېتىنىسگە ئالدىنىپ كەتكەن ۋاقىتتىن باشلاپ سەمە-مىي-سادىق ۋەزىر-ئەمىرلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئوردىدىن ھەيدەپ، بىر قىس-مىنى نەزەربەنت قىلىپ قويغانىدى. ھەتتا سۇلتان ئەھمەدخان ياركەنتتىن كەتكەندە، قەشقەرگە يېتىپ كېلىپ ئۆزىگە ۋەزىر بولغان ئەلى سەردارنىمۇ زىندانغا تاشلىغانىدى. مىرزا ئابابەكرى يېگىسارغا ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىنلا ئۇلارنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى، ئالدىن بىشارەت بېرىپ قىلغان سۆزلىرى-

ىنىڭ توغرىلىقىنى بىلدى، لېكىن پۇشايمانىنى ئالدىغان قاچا تاپالماي قالدى. ئەلى سەرداردىنى زىنداندىن چىقىرىپ ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىدى.

— رەھمەت ئالىيلىرىغا، ياشىنىپ قالدىم، ۋەزىر بولغىدەك قۇربىتىم يوق. ئەگەر زىنداندىن چىقىرىپ ئەركىنلىكىمنى بەرگەنلىرى راست بولسا، ئىجازەت قىلسىلا. يالغۇز بېشىمنى ئېلىپ خالىغان يەرگە كېتەي، — دېدى ئەلى سەردار ئۆسۈپ گەردىنىگە چۈشكەن چاچلىرىنى ياغاق قولى بىلەن سىيپاپ تۇرۇپ. ئوردىدىن كەتكەن يالغۇز ئەلى سەردار بولۇپلا قالماي، يەنە ئونلىغان ئەمىر-بەگ سەردارلارمۇ مىرزا ئابابەكرىنى پاناھ تارتىپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى ئەسكەرلىرىمۇ بىللە كەتتى. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ 30 مىڭغا يېقىن يارامسىز ئەسكىرى قالغانىدى. ئۇ مانا شۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالغاندا يۇنۇسخان كەلدى. خان ئالدىدا توققۇز قېتىم يۈكۈنۈپ تەزىم قىلغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئەھمەدخانغىمۇ يەتتە قېتىم يۈكۈنۈپ تەزىم قىلدى.

— مىرزا، ئوغلىڭىز سىزگە يوت ئېتىپ، بىزگە كۆز ئالايتىۋېتىپتۇ. ئۇنى جازالاش ئۈچۈن ئوغلۇم ئەھمەدخان بىلەن كەلدىم.

يۇنۇسخان — زامانىسىنىڭ ئالىمى بولسىمۇ، ھەربىي سەركەردە ئەمەس ئىدى. ھەممە ئىشنى ئادالەت ۋە ئىنساپ بىلەن قىلىشقا ئادەتلەنگەنىدى. ئۇ مىرزا ئابابەكرىنى بىر يولىلا مەغلۇپ قىلماقچى بولۇپ، ئوغلى ئەھمەدخاننى ئۆزىنىڭ ۋە مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ قوشۇنىغا ئەمىر لەشكەر قىلىپ تەيىنلىدى. كۈيئوغلى مۇھەممەد ھۈسسەين كوراگاننى ئارقا سەپ تەمىنات ئەمىرى قىلىپ بەلگىلىدى. ئۇلار ھىجرىيە 884-يىلى[1] رەبىيە سانى[2]نىڭ 14-كۈنى ياركەنتكە يېتىپ باردى ۋە ياركەنت شەھرىنىڭ كۈن پېتىش تەرىپىگە مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا، كۈن چىقىش تەرەپكە يۇنۇسخان چۈشكۈن ياساپ بارگاھ قۇرۇپ، بۇ قەلئەنى ئىككى تەرەپتىن

---

① مىلادى 1480 — 1479-يىللىرى.

② رەبىيە سانى — 6-ئاي.

قورشاپ ھۇجۇم باشلىدى. مىرزا ئابابەكرى تاللانغان باتۇرلىرىنى يۇنۇسخاننىڭ لەشكەرلىرىگە سالدى. ئارقىدىنلا ئاتلىق ۋە پىيادە مەرگەنلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈردى. ئەمىر لەشكەر سۇلتان ئەھمەدخان ئۆز ئەسكەرلىرىنىڭ سەپىنى بۇزۇپ قېچىشقا باشلىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئەلەمدىن يېرىلاي دېدى-دە، ئەتراپتىكى بەگ-ئەمىرلەرگە يۇنۇسخاننى قوغداشنى تاپشۇرۇپ، قىلىچىنى سۇغۇرۇپ، ئۆزى جەڭگە ئېتىلىپ كىردى. بىراق ھەرقانچە قىلىپمۇ قېچىۋاتقان ئەسكەرلىرىنى توسىيالمىدى. ئاخىرى ئۇ ئاتىسى يۇنۇسخاننى مۇھاپىزەت قىلغان ھالدا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. بۇنى كۆرگەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىمۇ جەڭ قىلمايلا قاچتى. مىرزا ئابابەكرى بۇلارنى تاكى يېڭىسارغىچە قوغلاپ كېلىپ، ئاندىن ياركەنتكە قايتتى. سۇلتان يۇنۇسخان قەشقەر، ئاقسۇدىمۇ تۇرماي، ئالمالىققا بېرىپ بىر يىل تەييارلىق قىلىپ 60 مىڭ ئەسكەر بىلەن قەشقەرگە 2-قېتىم كەلدى.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئاران 15 مىڭ ئەسكەرنى سەپكە تۇرغۇزدى. 15 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرى ھەر تەرەپكە قېچىپ، چېچىلىپ تۈزۈپ كەتكەنىدى. بىر قىسمى مىرزا ئابابەكرىگە ئەل بولغانىدى.

جەمەك ئاغىچا ئوغلى مۇھەممەد ھۈسىيىن كوراگانىغا نەۋرىسى مىرزا ھەيدەرنى ئېلىپ كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن خېلى ئاچچىقلاندى:

— ئۆتكەن يىلى قايتىشىڭدا شۇنچە تاپىلىساممۇ، يەنە ئېلىپ كەلمەپسەن. بەلكىم بىر قورساقتىن چىققان ئاكاڭنىڭ ئەدىپىنى بېرىشكە ئالدىراپ كەتكەنسەن-ھە! ئۇنچە قىلمىساڭمۇ كوراگان دېگەن نامىڭدىن ئايرىلىپ قالمايتتىڭ. ئەپسۇس، ئىككى ئوغلۇمنىڭ بىر-بىرىگە قىلىچ كۆتۈرۈشىنى خىيالىمغا زادى كەلتۈرمىگەن ئىكەنمەن. تۇۋا، مىڭ تۇۋا، تۇل بولۇپ ئولتۇرۇۋەرگەن بولسام سىلەرمۇ تۇغۇلمىغان، مەنمۇ بۇنداق شەپقەتسىزلىكنى كۆرمىگەن بولار ئىدىم. تۇۋا، تۇۋا...

— ئانا، بولدى قىلسىلا، خاپا بولمىسىلا. ئەمدى مەن ئۆزلىرىگە بىر ئاچچىق ھەقىقەتنى ئېيتىشقا مەجبۇر بولۇۋاتىمەن. سىلى بىباھا سوۋغا

سۈپىتىدە ئەۋەتكەن ساھىبجامال چۆرە ئايسۇلتان ئاتىمىز يۇنۇسخانغا نەچچە يىل چۆرە بولۇپ تۇرۇقلۇقمۇ تۇزكورلۇق قىلىپ، شاراب ئىچىدىغان جامىغا زەھەر سېلىپ قويغانىكەن. بۇنى ئوغلۇم مىرزا ھەيدەر كۆرۈپ قېلىپ ئانىسىغا دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن زەھەر سېلىنغان جامنى سۇلتان ئەھمەدخان ئايسۇلتانغا بېرىپ: "ئىچكىن، ئەگەر زەھەر سالمىغان بولساڭ يالغان ئېيتقانلىقى ئۈچۈن مىرزا ھەيدەرنى 20 دەررە ئۇرىمەن" دېدى. ئايسۇلتان جامنى قولىغا ئېلىپلا ئىچىۋەتتى. ئۆلىدىغان چېغىدا: "راست گېپىمنى دەي، مەن جەمەك ئاغىچىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن شۇنداق قىلدىم" دېدى-دە يىقىلىپ جان بەردى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان خان ئوغلى ئەھمەدخانغا قاتتىق كايىدى. ئايسۇلتاننى دەپنە قىلغۇزۇپ ئۈچ كۈنگىچە قۇرئان تىلاۋەت قىلىشقا بۇيرۇدى. ئۇنى شۇنچە ياخشى كۆرىدىكەن، شۇنداق ئادالەتلىك خانغا قەست قىلىشتىن مۇددىئالىرى مىرزا ئابابەكرى ئۈچۈن ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇشمىدى ئانا؟

— بولدى بەس! — جەمەك ئاغىچا ئوغلىنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى، — سەن قارا چاپلاش ئۈچۈن كەلدىڭمۇ؟ بەدرەكنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ ماڭا تۆھمەت قىلماقچىمۇسىلەر؟ ئۆتكەن يىلدىن بېرى داداڭمۇ ماڭا چىراي ئاچماي كېلىۋاتىدۇ. سەن قالماقلارنىڭ گېپىگە كىرىپ ئەسلى نەسەبىڭنى ئۇنتۇپسەن. قالغىنىنى خۇداغا قويدۇم. بولدى، چىقىپ كەت!

مۇھەممەد ھۇسەيىن كوراگان ئانىسىدىن ئازار يەپ، ئاستا ئورنىدىن تۇردى. ئۇ بۇ قېتىم ھەم پۈتۈن لەشكەرلەرنىڭ تەمىنات ئەمرى بولۇپ ياركەنتكە قاراپ يول ئالدى. ھىجرىيە 885-يىلى[1] جامادىيەل ئەۋۋەلنىڭ[2] بېشىدا ئۇلار ياركەنتكە يېتىپ باردى. ئۇلاردىن ئۈچ كۈن بۇرۇن كېچىسى يولغا چىقىپ ياركەنتكە يوشۇرۇن كەلگەن جەمەك ئاغىچا ئەھۋالنى مىرزا ئابابەكرىگە يەتكۈزۈپ بولغانىدى. ئۆتكەن يىلدىن بېرى تېخىمۇ چوڭ

---

① مىلادى 1481-1482-يىللىرى.
② جامادىيەل ئەۋۋەل — 7-ئاي.

جەڭگە تەييارلىق قىلىپ كېلىۋاتقان مىرزا ئابابەكرى 5000 دىن ئارتۇق جەڭ ماھارىتىگە ئىگە ئەسكەرنى سەپراس قىلىپ قويغانىدى. ئۇ ئانىسىدىن ئاڭلىغان ئەھۋاللارغا ئاساسەن ئاتلىق ئەسكەرلەرنى ئوڭ ۋە سول قانات قىلىپ ئىككى سەپكە ئايرىدى. يۇنۇسخانىڭ كۆن چىقىش تەرەپتە، مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ كۆن پېتىش تەرەپتە بارگاھ قۇرغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ 2000 دىن ئارتۇق خىللانغان مەرگەننى كېچىلەپ جەنۇبىي دەرۋازىدىن چىقىرىپ، يۇنۇسخان بارگاھىنىڭ ئارقا تەرىپىگە يوشۇرۇن ئۆتكۈزۈپ مۆكتۈرۈپ قويدى. ياركەنت شەھىرىنىڭ ھەرقايسى دەرۋازىلىرىدىن جەڭ دۇمبىقى چېلىپ چىققان مىرزا ئابابەكرى قوشۇنلىرى روھلۇق ئىدى. ئۇمۇت، گۇرزە كۆتۈرگەنلەر، قىلىچ-نەيزە تۇتقانلار مىرزا ئابابەكرى بارگاھىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئايرىم-ئايرىم ھالدا سەپراس بولغانىدى. 1200 ئاتلىق ئەسكەر ئىككى ياندا غاز قانىتىدەك سەپ تۈزگەنىدى. بۇنى كۆرگەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ئىمانى ئۇچۇپ كەتتى. لەشكەرلىرى بولسا قېچىش كويىغا چۈشتى. يۇنۇسخان سەل چۆچۈگەن بولسىمۇ جەڭ قىلىپ ياركەنتنى ئېلىش قارارىغا كەلدى. ئەھمەدخان بولسا ئۆز دۈشمىنىنىڭ بۇنچىلا ھەيۋەت كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. ئۇ دۈشمەننى قورشاۋغا ئالدۇق دېگەن بىلەن ئۆزىمۇ قورشاۋغا چۈشۈپ قالغانىدى. جەڭ باشلىنار-باشلانمايلا ئارقا تەرەپتىن ئوق يېگەن يۇنۇسخانىڭ ئەسكەرلىرى ئالدى تەرەپتىن باستۇرۇپ كەلگەن ئاتلىقلارنى كۆرۈپ قالايمىقانلىشىپ كەتتى. ئۇزۇن يول يۈرۈپ چارچىغان ئەسكەرلەر كۈچ-قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان دۈشمەن قوشۇنىغا تەڭ كېلەلمەي قالدى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ لەشكەرلىرى تېخى ھۇجۇمغا ئۇچرىماي تۇرۇپلا ۋەھىمە-قورقۇنچ بېسىپ پىتىراپ قېچىشقا باشلىدى. شۇ چاغدا خانىڭ خاس نەۋكەرلىرىدىن بولغان ئېگىز بويلۇق ئىلمشاھ باتۇر ئۆزىنى بىر كۆرسەتكۈسى كېلىپ، قىلىچىنى شارت قىلىپ سۇغاردى-دە، ئات چاپتۇرۇپ دۈشمەن ئىچىگە بېسىپ كىردى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ خاس نەۋكىرى جەمشىت قىلىچۋاز ئۇنىڭ ئېتىنىڭ

ئايغىغا قالپىقىنى تاشلىدى. ئات ئۈركۈپ ئىلمشاھنى تاشلىۋەتتى. ئىلمشاھ ئورنىدىن تۇرغىچە يوپۇرۇلۇپ كەلگەن دۈشمەن بىلەن قىلىچۋازلىق قىلىشقا تۇتۇندى. ئۇ بىر قىلىچ ئۇرۇپ جەمشىتنى يىقىتتى. ئەمما ئارىغا ئېلىۋالغان جەمشىتنىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭغا تەرەپ-تەرەپتىن قىلىچ ئۇردى. بۇنى يىراق-تىن كۆرۈپ ئەھمەدخان يۇنۇسخانغا مەلۇم قىلدى. يۇنۇسخان ئۇنى قۇتقۇ-زۇۋېلىشقا ئەھمەدخاننى سىپاھلار بىلەن ئەۋەتتى. ئۆزىمۇ ئاتقا مىنىپ ئۇلار-نىڭ كەينىدىن چاپتى. ئەسكەرلەر خان قاچقان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قېلىپ، ئۆزلىرىمۇ قېچىشقا يۈزلەندى.

مىرزا ئابابەكرىنىڭ مۆكتۈرۈپ قويغان مەرگەنلىرى بۇلارنىڭ ئۈستىگە يامغۇردەك ئوق ياغدۇردى. يۇنۇسخاننىڭ نەچچە مىڭ ئەسكىرى ئاتتىن يىقىلدى. يۇنۇسخاننىڭ ئەسكەرلىرى ئەمدى تاقەت قىلالماي بۆرىدىن قاچ-قان جەرەندەك تېز قاچتى. سۇلتان ئەھمەدخان دادىسىنى مۇھاپىزەت قىلىپ باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، دۈشمەن پالۋانلىرىنى يۇنۇسخانغا يېقىن كەلتۈرمىدى.

مۇھەممەد ھۈسەين كوراگان ئاتىسىنىڭ باشتىلا قاچقىنىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ توخۇ يۈرەكلىكىدىن نەپرەتلەندى. ئەھمەدخانغا ياندىشىپ، يۇنۇس-خاننى مۇھاپىزەت قىلىپ، دۈشمەن قورشاۋىدىن مىڭ تەسلىكتە ئېلىپ چىقتى. ئۇلار قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىنلا جەمەك ئاغىچىنىڭ سەئىد مۇھەممەد مىرزىنى ئېلىپ ئوردىنىڭ بىرمۇنچە ساتقىن بەگلىرى بىلەن ياركەنتكە كەتكەنلىكىنى بىلىشتى. مىرزا ئابابەكرىنىڭمۇ يېڭىسارغىچە كېلىپ قايتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان يۇنۇسخان:

— خۇدا نۇسرەتنى ئۇنىڭغا بەرگەن يەردە بىزنىڭ قەشقەردە يەنە تۇرۇشىمىزغا ئورۇن يوق. بىز ئاقسۇغا كېتەيلى، — دېدى.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا كىچىك خوتۇنى گۈلئايىمنى ۋە ئۇنىڭ كېنىزەكلىرىنى ئېلىپ يۇنۇسخانغا ھەمراھ بولۇپ ئاقسۇغا كەلدى. ئۇلار قىشنى ئاقسۇدا تىنچ-ئامان ئۆتكۈزۈشتى. كۆك چىقىپ، تېرەك پوتلا تاشلى-

غاندا يۇنۇسخان ئالمالىققا قاراپ يولغا چىقماقچى بولدى. ئۇلار ئەتە-ئۆگۈن يولغا چىقىمىز دەپ تۇرغان كۈنلەردە:

"يۇنۇسخان ئاقسۇنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلغۇدەك" دېگەن پىتنە-پاسات چاقماق تېزلىكىدە ئاقسۇ دىيارىغا تارالدى. يەنە بىر قەلئەدە تۇرۇۋاتقان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا گاللۋاگراق، ئۇگايلا پىتنە-پاساتقا ئىشىنىدىغان ساددا ئادەم بولغاچقا، شۇ ئان ئىسيان بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇ ئۆز ئەسكەرلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ دەسلەپتە سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ئوردىسىغا باستۇرۇپ كىرىپ ئۇنى نەزەربەنت قىلدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان يۇنۇسخان ئۆز ئورنىدا قالغان سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ سەككىز كۈن ئىچىدە ئاقسۇغا يېتىپ كېلىشىنى بۇيرۇپ ئالمالىققا چاپارمەن ئەۋەتتى. سۇلتان مەھمۇدخان دەل ۋاقتىدا 30 مىڭ ئەسكىرى بىلەن يېتىپ كېلىپ، ئاقسۇ شەھىرىگە بېكىنىۋالغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بىلەن جەڭ باشلىدى. بۇ جەڭ 40 كۈن داۋام قىلدى. ئاقسۇ شەھىرىدىكى پۇقرالار بىلەن ئەسكەرلەر قەھەتچىلىك ئىچىدە قالدى. ئاخىرى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا سۇلتان ئەھمەدخاندىن كەچۈرۈم سوراپ، ئاقسۇنى بۆلۈپ ئىدارە قىلماق ئۈچۈن ئۇنى سۈلھى تۈزۈشكە يۇنۇسخاننىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. تۆپىلىكتە بارگاھ قۇرۇپ ئولتۇرغان دادىسى سۈلھىنى رەت قىلدى.

— سەن ئاسىينىڭ ۋەكىلى بولدۇڭمۇ؟ — دېدى ئاكىسى سۇلتان مەھمۇدخان بىرنەچچە يىلدىن بېرى كۆرۈشمىگەن ئىنىسىغا ئالىيىپ قاراپ.

— ياق، گۇناھىنى تونۇغان قېرىندىشىمىزنىڭ سالىمىنى ئېلىپ كەلدىم ئاكا، مېنى ئەيىبكە بۇيرۇماڭ.

— قىلىچ كۆتۈرگەن دۈشمەننى قىلىچ بىلەن ئەل قىلىش لازىم، — دېدى سۇلتان يۇنۇسخان ئەھمەدخانغا كۆز تىكىپ، — شەھەرگە ھۇجۇم باشلاڭلار، ئاقسۇنى ئىككىگە بۆلۈشكە بولمايدۇ.

شەھەرگە بىرىنچى بولۇپ سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئەسكەرلىرى بېسىپ كىردى ۋە مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنى باغلاپ خوجا مۇھەممەد فىزالىدىن

ۋە بەگ-ئەمىرلىرى بىلەن بىرگە ئېلىپ كەلدى.

— مىرزا، بىز تۇغقانغۇ! چاغاتاي ئەۋلادىغۇ، ئۆگەي ئوغلۇڭ ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتىپ ساڭا قارشى قىلىچ كۆتۈردى. سېنى قۇتقۇزغىلى كەلگەن قېرىنداشلىرىڭغا قىلىچ كۆتۈرسەڭ خۇدا راۋا كۆرەرمۇ؟ قېنى ئېيتقىن! — يۇنۇسخان ئاق كىگىز ئۈستىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى، — سەن بۇ شەرمەندە ئىغۋاغا قانداق قىلىپ ئىشەندىڭ؟ ئىغۋاچى زادى كىم؟

— مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا يۈكۈنۈپ تىز چۆكتى:

— ئىغۋاچى مېنىڭ ئەمىرىم ئابدۇللا قۇددۇس دوغلات بولۇپ چىقتى شاھىم. ئۇ مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئادىمى ئىكەن.

— ئۇ قېنى؟

— بايا مەن ئوردىدا چېپىپ تاشلىدىم.

— بۇنىڭ قولىنى يېشىڭلار، — دېدى يۇنۇسخان ۋە ئۆزى بېرىپ خوجا مۇھەممەد فىزالدىننىڭ قوللىرىنى يەشتى.

— ھەزرىتىم، سىپاھلىرىم بىلمەي ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلىپتۇ. كەچۈرسىلە...

— پىقىرمۇ ئىغۋاغا ئىشىنىپ مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ئاسىي بولۇشىغا سەۋەبچى بولدۇم. ئاللادىن گۇناھىمنى تىلەيمەن شاھىم.

يۇنۇسخان ئۇنىڭ ئالدىغا تون-سەرپاي، كۈمۈش تەڭگە قويۇپ دېدى:

— نادانلىق ھەممە بالا-قازانىڭ مەنبەسى تەقسىر. پەقەت ناماز ئوقۇشنىلا بىلىپ، قانداق ياشاشنى بىلمىگەن كىشىنى ئاللا كولىپەتتە قالدۇ-رىدۇ. نادان قېرىنداشلىرىمىزغا ياشاشنىڭ توغرا يولىنى كۆرسىتىپ بەرگەيلا.

خوجا مۇھەممەد فىزالدىن قۇللۇق قىلىپ ئۆز جايىغا قايتتى. مۇھەم-مەد ھەيدەر مىرزا ئاقسۇدا قېلىشنىمۇ خالىماي، يۇنۇسخان ۋە ئۇنىڭ باللىرى بىلەن ئالمالىققا كەلدى.

مىرزا ئابابەكرى قەشقەرنى ئېلىپ ئاقسۇغا كەلدى. ئاقسۇ خەلقى بىر نەچچە ئايغىچە ئۇنى شەھەرگە كىرگۈزمەي، قاتتىق قارشىلىق قىلدى. ئاخىرى يېڭىلىپ، ئۆز ئۆيلىرىگە يوشۇرۇنۇۋالغان بولسىمۇ، يەنىلا چاپقۇن قىلىندى. خوجا مۇھەممەد مىرزالىدىنىنىڭ ئاپئاق ساقاللىرىنى قويماي يۇلغۇزغاندىن كېيىن، ئەپۇ سوراپ ئۇنى قارارگاھىغا قايتۇردى. ھايات قالغان كىشىلەرنىڭ بىر قىسمىنى قەشقەر، خوتەنلەرگە سۈرگۈن قىلدى. ئاقسۇ شەھىرى بىر مەزگىل خارابىلىققا ئايلىنىپ قالدى. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان يۇنۇسخان سۇلتان ئەھمەدخاننى لەشكەر يىغىشقا بۇيرۇپ مىرزا ئابابەكرىگە قارشى كەڭ كۆلەملىك جازا يۈرۈشى قىلماقچى بولۇپ تۇراتتى. پەرغانە شاھى ئۆمەر شەيخ مىرزا ئۇنى ئەنجانغا تەكلىپ قىلدى. چۈنكى ئاكىسى سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئۇنىڭغا قارشى لەشكەر تارتماقچى بولغانىدى.

يۇنۇسخان ئۆز ئورنىغا سۇلتان ئەھمەدخاننى قويۇپ، مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن ئەنجانغا كەلدى. ئۆمەر شەيخ مىرزا بۇ قېتىم ئاتىسىنى داغدۇغا بىلەن كۈتۈۋېلىپ، ئوش ۋىلايىتىنى ئۇنىڭغا سۇيۇرغاللىققا بەردى. يۇنۇسخان ئەمىر-بەگلىرىنى ئەۋەتىپ ئالمۇتا، توقماق، قاراقۇل شەھەرلىرىنى بىنا قىلدۇردى ۋە ئۇ يەرنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالدى.

ئاكىسىنىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىشىدىن خاۋاتىرلەنگەن ئۆمەر شەيخ مىرزا:

— ئى خان ئاتىلىرى، ئاكامنىڭ نىيىتى يامان. پېقىر ئىنىسىدىن ئەنجان، پەرغانە، تاشكەنت ۋىلايەتلىرىنى تارتىپ ئالماقچى. مەنمۇ بۇ دىيارلاردىن كەچتىم. ئۇ يەرلەرنى ئۆز ئىلكىلىرىگە ئېلىپ جاھانگىر ئاكامنىڭ قانخورلۇقىغا خاتىمە بەرگەيلا، — دەپ ئىلتىماس قىلدى.

— سىلەر ئاكا-ئۇكا سۇلتانلارنىڭ غەلۋەڭلار توگىمەي كەتتىغۇ! ماڭا قاراشلىق زېمىن ناھايىتى كۆپ. ئارتۇقچە يەر بىھاجەت. مەن سىلەرنىڭ يارىشىپ قېلىشىڭلارنى خالايمەن، — دېدى يۇنۇسخان.

ئۇ ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ مۇشۇ ۋاقىتتا تۇغۇلغان ئوغلىغا مۇھەممەد زاھىرىددىن بابۇر دەپ ئات قويۇپ بەردى.

يۇنۇسخان خاتۇنى ئىسەن دۆلەت بېگىمنىڭ ئارىغا چۈشۈشى بىلەن ئالماللىقتا قايتىپ، چوڭ ئوغلى مەھمۇدخاننى 30 مىڭ ئەسكىرى بىلەن تاشكەنتكە ئەۋەتتى. ئاقسۇدىن قۇمۇلغىچە بولغان ۋە پۈتۈن جۇڭغارىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يەرلەرنى سۇلتان ئەھمەدخانغا بېرىپ، ئۆزىمۇ تاشكەنتكە كەلدى ۋە خوجا نەسرىددىن ئابدۇللا ئەھرار[1]نىڭ ياراشتۇرۇپ قويۇشىنى ئۆتۈنۈپ، سەمەرقەنتكە كىشى ئەۋەتتى. خوجا ئابدۇللا ئەھرار ھەزرىتىم يۇنۇسخاننىڭ بۇ ئاقىلانە تەشەببۇسىنى توغرا تېپىپ ھەرقايسى تەرەپنىڭ ئۇرۇشماي جايىدا توختاپ تۇرۇشى ئۈچۈن پەرمان چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن سۇلتان ئەھمەد مىرزا، سۇلتان ئۆمەر شەيخ مىرزا ۋە سۇلتان يۇنۇسخان، سۇلتان مەھمۇدخان ئوتتۇرىسىدا سۇلھى تۈزۈلدى.

ئەمما بىر كېچىسى ھارغىنلىق تۈپەيلى مېگىسىگە قان چۈشكەن يۇنۇسخان ئوڭ تەرىپى پالەچ بولۇپ يېتىپ قالدى. بۇ كېسەل ئازابىنى خېلى يىللار تارتىپ ساقىيالماي ھىجرىيە 892-يىلى تاشكەنتتە ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا يىراق-يېقىندىكى پادىشاھ، خان-سۇلتانلارنىڭ كۆپ قىسمى كەلدى. مېيىتى شەيخ خاۋەندە تۆرە قەبرىستانلىقىغا قويۇلۇپ، قەبرىسى چوڭ گۈمبەزلىك مەقبەرە ئىچىگە ئېلىندى. ئوغۇللىرىدىن سۇلتان ئەھمەدخانلا ئۇنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتنىشالمىدى. ئەھمەدخاننىڭ يۈرىكى قان-زەرداپ بولۇپ، چوڭ نەزىر بەردى.

يىللار ئۆتتى. مانا، ئوتتۇرانچى ئوغلى سەئىدخان بەتتە ياشتىن ئاشقاندا ئالتە ياشلىق ئوغلى خېلىل سۇلتان بىلەن بىرگە خەتنە تويىنى قىلىۋاتماقتا ئىدى...

---

[1] خوجا نەسرىددىن ئابدۇللا ئەھرار — شۇ زاماندا ئوتتۇرا ئاسىيادا "ئاللانىڭ مەقبۇلى" نامى بىلەن تونۇلغان مەشھۇر شەخس بولۇپ، سۇلتانلار ئۇنىڭغا قول بېرىپ شاگىرت بولغانىدى.

# 3

— بوۋاڭ يۇنۇسخان ۋە مرزا ئابابەكرى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەندلىرىم ئېسىڭدە بارمۇ ئوغلۇم؟ — سورىدى ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەپ چىققان ئەھمەدخان ياداڭغۇ چىرايىنى غەم بۇلۇتى باسقان چوڭ ئوغلى مەنسۇرخانغا قايرىلىپ قاراپ.

— ئېسىمدە خان ئاتا، بىرنەچچە قېتىم سۆزلەپ بەرگەن ئىدىلە، — مەنسۇرخان ئېگىز قامىتىنى پۈكۈپ جاۋاب بەردى.

— ئەلۋەتتە ئېسىڭدىن چىقماسلىقى كېرەك. چۈنكى مرزا ئابابەكرىنىڭ قانلىق قىلىچى ياۋغا ئەمەس، ئۇنى دوست بىلگەن ماڭا تەڭلەنگەندى. ئوغلۇم، چۈنكى مەن سەلتەنەتنى كۆرۈپ ئاۋام-خەلقىنىڭ ھالىغا يەتمىگەندىم، دوست بىلەن دۈشمەننى پەرق ئەتمىگەندىم. شۇڭا قىلىچ كۆتمىگەن يەردە ماڭا تەڭلەندى. مەن ئىنىڭ سەئىدخانىنى ئېلىپ ئاقسۇغا كەتتىم. بۇنى كەچۈرگىلى بولارمىدۇ؟ ياق، ئەل كەچۈرگەن تەقدىردىمۇ ئاللا كەچۈرمەيدۇ. بۇنى ھەم ئەستە تۇتقىن.

— ئەستە تۇتىمەن خان ئاتا، ئۇ بەختسىز كۈنلەرنى ساۋاق قىلىمەن، — دېدى مەنسۇرخان يېنىدىكى خېلىل سۇلتانىنىڭ مۈرىسىگە: ”ئاڭلىدىڭمۇ؟“ دېگەندەك نوقۇپ. بېلىگە كىچىك قىلىچ، يەلكىسىگە ساداق ئاسقان خانزادە كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ دېدى:

— مەن ھەرگىز تەختىمنى تارتقۇزۇپ قويمايمەن.

— ئوغۇل بالا، — دەپ تووۋلۇۋەتتى ئۇنىڭ گېپىنى ياقتان سۇلتان ئۆمەر شەيخ مىرزا، — زېرەكلىكىنى بۇ گۆدەكنىڭ، ئەھمەدخانىنىڭ باللىرى ئىچىدە بۇ ئاتىسىنى يەرگە قاراتمىغۇدەك.

سۇۋادان تېرەكتەك بويلۇق سۇلتان ئەھمەد مىرزا پاكار بولسىمۇ دوغلاق، تەمبەل كەلگەن ئىنىسىنىڭ سۆزىنى ماقۇللاپ باش لىڭشىتىپ قويدى. ئەتراپىدا ئۇلار بىلەن بىرگە كەلگەن شەيخ زەيىد بەگ، ئەلى مەزىد

بەگ، قەۋچىن بەگ، جانىبەگ دولداي، ئەھمەد ھاجىبەگ، سەئىد يۇسۇپ ئوغلاقچى، ئەھمەد تەنبەل قاتارلىق بەگ-ئەمىرلەر سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشتى.

— پېقىر مەرھۇم پەدەر بۇزرۇكۋارىم بېشىغا كەلگىنىمدىن كېيىن، ئاكام مەھمۇدخان تاشكەنتكە كەتتى. مەن موغۇللارنىڭ ئىسيانلىرىنى باستۇردۇم. "ئادىلخان" دېگەن نام بىلەن ئەمەس، "ئالاچىخان①" دېگەن نام بىلەن تونۇلدۇم ئوغلۇم. ھەر نامازدىن كېيىن گۇناھىمنى تىلەپ تۆۋبە قىلىمەن. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە مىرزا ئابابەكرى قەشقەرنى بېسىۋېلىپلا قالماي، ئاقسۇنىمۇ ۋەيران قىلدى. پەدەر بۇزرۇكۋارىم مەرھۇم ئاتامنىڭ كۆزى شۇنىڭ ئۈچۈن يۇمۇلماي كەتتى.

— خان ھەزرەتلىرىنىڭ سۆزى قىيىن ئاتام يۇنۇسخاننىڭ "بۆلۈنگەننى بۆرە يەيدۇ" دېگەن سۆزىنى ئەسلەتتى، — دېدى شاھ-سۇلتانلار ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا ئولتۇرغان خارەزىم شاھى سۇلتان ئەھمەد مىرزا سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — مىرزا ئابابەكرى ئۆزئارا زىددىيىتىمىزدىن پايدىلىنىپ ئوش-ئۆزگەنچىنى بېسىۋالدى. بەدەخشان دىيارىغا لەشكەر تارتىپ بېرىپ ۋاخاننىمۇ قولىغا كىرگۈزدى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي ھازارجان ۋىلايىتىنىڭ كۆپ قىسمىنى تارتىۋالدى. ئىككى قولىمىزنى بۇرنىمىزغا تىقىپ قاراپ تۇردۇق. بوسۇغىمىزغا كەلگەن دۈشمەننى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇنىڭغا ئۆزىنى بوشىتىپ بېرىش كېرەكمۇ، ياكى بىر-بىرىمىزنى ئەپۇ قىلىپ ئىتتىپاق بولۇپ، دۈشمەن قەيەردىن كەلگەن بولسا شۇ يەرگە كەتكۈزۈۋېتىش كېرەكمۇ؟ بۇنى ئويلاپ دەرھال چارە قىلمىساق ئىككى يۇتىمىز بىر ئۆتۈككە تىقىلىپ قالىدۇ.

باياتىن بېرى ئۈندىمەي ئۆيكىدەك ئېسىلىپ ئولتۇرغان ئۆمەر شەيخ مىرزا ئاكىسىنىڭ ئۆزىگە دارىتىملاپ قىلغان سۆزىدىن قاتتىق ئاچچىقلاندى. قىمىز ئىچىۋاتقان كۈمۈش جامنى داستىخانغا دوققىدە قويۇپ دېدى:

---

① ئالاچىخان — چاپقۇن قىلغۇچى خان. "قانخور" دېگەن مەنىدە.

— ئالاچىخان توغرا ئېيتتى. خارەزىم شاھى بولغان ئاكامۇ توغرا ئېيتتى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ بوشاڭلىقىمىزدىن يەرلىرىمىزنى بېسىۋالغىنى راست. مەن ئۇ ياۋۇز سەتەمكارنىڭ زۇلمىغا خاتىمە بېرىش ئۈچۈن تەييارلىنىۋاتىمەن. باشقىلار پۇتلىكاشاڭ بولمىسىلا ئۇ ئەبلەخنى قەشقەر دىيارىغىچە سۈرتوقاي قىلىشقا كۈچ-قۇدرىتىم يېتىدۇ.

ئۇنىڭ سۆزى سۇلتان ئەھمەدخاندىن كۆرە دائىم ئۆزى بىلەن قارشىلىشىپ كېلىۋاتقان ئاكىسى ئەھمەد مىرزىغا قارىتىلغانىدى. بۇنى سەزگەن ئەھمەدخان بۇ يەردە ئاكا-ئۇكا سۇلتانلارنىڭ ئارازلىشىپ قېلىشىغا سەۋەب بولۇپ قالماي دەپ، مىجەزى ئىتتىك بولغان سۇلتان ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ قوپاللىقىسىمۇ كەچۈرۈۋەتتى.

— مەن ھەربىرلىرىنىڭ ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي مەرھۇم ئاتام يۇنۇسخاننىڭ يۈزىنى قىلىپ تويغا كېلىشكەنلىكلىرى ئۈچۈن ئاللادىن مىننەتدارمەن. ئەسلىدە بۇ بوستانلىقتا شىكار پەيزىنى سۈرۈشمىز كېرەك ئىدى. نېمە ئۈچۈنكى پېقىر ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ قېلىپ، ھەربىرلىرىنىڭ كۆڭۈللىرىنى چىگىپ قويدۇم. ئەپۇ قىلىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن. يەنە شۇنى ئۆتۈنىمەنكى، ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن جاھان غەملىرىدىن خالاس بولۇپ، بۇ نېمەتلەردىن ھۇزۇرلىنايلى. قېنى، ئاۋۋال ئەللىرىمىزنىڭ تىنچ-ئاۋاتلىقى ئۈچۈن شاراب ئىچەيلى.

— شاراب ئىچەيلى!

— غەلبىمىز ئۈچۈن شاراب ئىچەيلى.

چۇقان سېلىشتى سۇلتان-ئەمىرلەر. چېدىرلار لەرزىگە كېلىپ، تەلكە تاغلىرى ئۈستىدە ئەكس سادا پەيدا قىلدى. سايراۋاتقان بۇلبۇللارنىڭ ئاۋازى پەسلەپ، ئاتلارنىڭ قۇلاقلىرى دىڭ بولدى. بۇ چۇقانغا ئاۋاز قوشمىغان ئىككى كىشى قالدى. بۇلار قەشقەرنىڭ سابىق ھۆكۈمرانى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بىلەن ئوغلى مۇھەممەد ھۈسسەيىن كوراگان ئىدى. باياتىن ئەگىتىپ قىلىنغان گەپ-سۆزلەر ھەممىدىنمۇ ئۇلارغا قاتتىق تەگكەنىدى. ۋاقتىسىز

قېرىپ مۈكچىيىپ قالغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا شاراب ئىچىشتىن قالغىنىغا بىرقانچە يىل بولغان بولسىمۇ، بۈگۈن چىداپ تۇرالماي ئارقا-ئارقىدىن جامنى بوشاتتى. ئۇ نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟ دەردىنى شارابتىن چىقاردى. نەچچە يىلدىن بېرى سەئىدخاننىڭ بەگ ئەتكىسى[1] بولۇپ كېلىۋاتقان مۇ-ھەممەد ھۈسەيىن كوراگانمۇ زۇۋان سۈرەلمىدى. ئۇ ئاتىسىنىڭ يېنىدا شارابمۇ ئىچمەي باش سىلكىپ ئولتۇراتتى. ئۇلار مەغلۇپ بولۇشنىڭ ئۆلۈم بىلەن باراۋەر ئىكەنلىكىنى مانا بۇ سورۇندا تونۇپ يەتكەنىدى.

سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ بۇ ئاتا-بالىغا كۆزى چۈشكەندە ئۇنىڭ ئىسگە ئوغلى سەئىدخان كەلدى. ئۇنىڭ بۇ سورۇندا يوقلۇقىغا ئەجەبلىنىپ سورىدى:

— سەئىدخان قېنى؟

— ئوغلۇم مىرزا ھەيدەر ئىككىسى كەڭ سايغا چۈشۈپ كەتكەنىدى. مىجەزى يوق ئاتامغا قاراش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۇلارنى ئىسىمدىن چىقىرىپتىمەن خان ھەزرەتلىرى، — دېدى مۇھەممەد ھۈسەيىن كوراگان. ئۇ غەرق مەست بولۇپ كەتكەن ئاتىسىنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ تەزىمدا تۇردى.

— گۆدەك بالىلارنى ئۆز بېشىمچىلىقىغا قويۇپ بەرسەڭ قانداق بولىدۇ؟ ئىزدەڭلار.

بىردىن خاۋاتىرلىنىپ قالغان سۇلتان ئەھمەدخان ئوغۇللىرىغا بۇيرۇپ، بەگ-نەۋكەرلەرنى سەئىدخاننى دەرھال تېپىپ كېلىشكە ئەۋەتتى.

**4**

تىلى بىر غېرىچ ساڭگىلاپ قالغان بىر كۆك بۆرە يانغا بۇرۇلۇپلا قېلىن

---

[1] بەگ ئەتكە — تەربىيىلىگۈچى، خەۋەر ئالغۇچى دېگەن مەنىدە.

قارىغايلىق ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەن يەتتە ياش چامىسىدىكى قارا كۆز بالا جايىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغىنىچە ساداق كىرىچىنى تارتىپ ئوق ئۈزدى. "ئاپلا، يەنە تەگمىدى..." ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ چىملىق نەم يەردىن تىزىغا يېپىشقان لايىنى قولى بىلەن ئۈگىلىدى. ئالتۇن قۇببىلىق دۇبۇلغىنى سىكىلەك قويۇلغان بېشىغا ئوڭلاپ كىيىپ، توپا بولۇپ كەتكەن زەر تونىنىڭ پەشلىرىنى قاقتى. ئارقىسىغا قاراپ دەل-دەرەختىن باشقا ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىدى. ھەمراھلىرىنىڭ يىراقتا قالغانلىقىدىن خاۋاتىرلەنگەن ھالدا ئالدىغا مېڭىشىنىمۇ، ئارقىسىغا مېڭىشىنىمۇ بىلمەي تۇرۇپ قالدى. خاس نەۋكەرلىرى ۋە قولدىشى مىرزا ھەيدەر بىلەن بىر دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىققاندا ھاجىتىنى راۋا قىلىش ئۈچۈن ئېتىنى ئۇلارنىڭ يېنىدا قويۇپ، بىر چاتقاللىقتا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، باراقسان قېيىن دەرىخىنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرغانىدى. شۇ چاغدا ئالدىدىن بىر بۆرە ئۆتتى. شاھزادىنىڭ ئوۋ خۇمارى تۇتتى-دە، ئولتۇرالماي قالدى. ھاجىتىنى تۈگىتىپلا مۈرىسىگە ئېسىقلىق ساداقنى قولىغا ئالدى. "سەن مېنى ئاتالامسەن؟" دېگەندەك قىلىپ كۆز يېتىم يەردە قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ تۇرغان بۆرىنى كۆرگەندە ھەمراھلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ ئالدىغا قاراپ يۈگۈردى. بۆرە ئۇنىڭ كېلىشىنى قانداقمۇ كۈتۈپ تۇرسۇن؟ قۇيرۇقىنى قىسقىنىچە بەدەر تىكىۋەتتى.

ئارقىسىغا قايتسا بولاتتى، ئەمما بۇ گۆدەك بالا بۆرىنى يالغۇز ئوۋلاشقا قىزىقىپ كەتكەن بولسا كېرەك، پىشىلداپ ئىز قوغلاپ كېتىۋەردى. بىر چاغدا بۆرە كۆرۈنمەي قالدى. "ئاپلا، قاچۇرۇپ قويدۇم"، ئۇنىڭ كىچىككىنە كاللىسىدىن بۇ خىيال ئۆتكەندە، ئاتالماي قالغىنى ئۈچۈن بەكمۇ ئەپسۇسلى-نىپ كەتتى. بۇ چېتى كۆرۈنمەس چاتقاللىقتىن قانداق قىلىپ يول تېپىپ چىقىپ كېتىش تېخى ئۇنىڭ ئېسىگە كەلمىگەنىدى. قايرىلىپ كەينىگە بىر قاراپ قويۇپ، ساداقنى مۈرىسىگە ئاستى-دە، دەرەخلەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋەردى.

*　　*　　*

سايرام كۆلىنىڭ غەربىدىكى دۆڭلۈك ئۈستىگە تىكىلگەن ھەيۋەتلىك ئاق ئۆي ئالدىدا تۇرغان ئەھمەدخان يىراقتىن كۆتۈرۈلگەن توزانغا ئەنسىزلىك بىلەن تىكىلدى. توزان سوزۇلۇپ كۆردىكى، كونا ئارغامچا بويى ئۆرلىگەندە كەتكەن مۇھەممەد ھۇسىيىن كوراگان كونا غەربكە قىيسايغان چاغدا نەۋكەر-ياساۋۇللىرى بىلەن قايتىپ كەلگەنىدى.

— سەئىدخان قېنى؟ — ئەھمەدخان مەيۈسانە تۇرغان مۇھەممەد ھۇسىيىن كوراگانغا قارىدى.

— قاراقچىلار باغلاپ ئېلىپ ماڭغان مىرزا ھەيدەر بىلەن ياساۋۇل-نەۋكەرلەرنى تاپتىم، بىراق ...

ئەھمەدخاننىڭ كۆز قارىچۇقى چانىقىدىن چىقىپ كەتكىدەك ھالدا يوغىناپ، ئاغزىغا گەپ كەلمەي قالدى. ئۇ مىرزا ھەيدەر بىلەن سەئىدخاننى مۇھاپىزەت قىلىپ ماڭغان ياساۋۇل-نەۋكەرلەرنىڭ باشلىقى شەيخ مەزىدبەگنى تىز پۈكۈپ ئولتۇرغان جايىدىن تارتىپ تۇرغۇزغىنىچە بىرنەچچە قامچا ئۇرۇۋەتتى.

— پېقىر قۇللىرىغا ئۆلۈم ھەق، بىخەستەلىك قىلىپتىمەن. بۇنداق بولارنى بىز پەقەت بىلمەي قالدۇق. تەرەتكە كېتىپلا غايىب بولۇپ كەتتى. ئاھ خۇدا... بىز ساقلاپ تۇرساق، تۆت تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ كەلگەن قاراقچىلار ھەممىمىزنى ئەسىر قىلىپ باغلاپ ئېلىپ ماڭدى. شۇ چاغدا ئالدىمىزدىن ئۆزىمىزنىڭ ياساۋۇل-نەۋكەرلىرى چىقىپ كېلىشتى. ئۇلار ھۇجۇم قىلىپ بىزنى قاراقچىلاردىن قۇتقۇزدى. شۇنىڭ بىلەن بىز قاراقچىلارنى ئەسىر قىلىپ ئېلىپ كەلدۇق. ئەمما شاھزادىمىزنىڭ ھازىر نېمە كويدا ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي ئەقلىمدىن ئادىشاي دەپ قالدىم، — دېدى شەيخ مەزىدبەگ دۇدۇقلاپ.

بىردىن ئەتراپتىكى نەۋكەر-ياساۋۇللار پات-پاراق بولۇپ كېتىشتى.

ئەھمەدخان ئىگىز كۆتۈرگەن قىل قامچىسىنى چۈشۈرۈپ قارىدى. چاتقاللىقتىن چىقىپلا توختاپ قالغان بىر بۆرە ھەيران بولغان ھالدا قۇلاقلىرىنى دىك قىلىپ تۇراتتى. يۇزلىگەن ساداق ئۇنىڭغا بەتلىنىپ، يۇزلىگەن قىلىچ-نەيزە كۆتۈرۈلگەنىدى. ئەھمەدخانمۇ ئات ئىگىرىنىڭ بېشىغا ئېسىقلىق ساداقنى ئېلىپ بەتلىدى. مىرزا ھەيدەر ساداقنى بەتلەپ بۆرىنىڭ قاشقىرىنى قارىغا ئالدى.

— ئاتماڭلار! — ئىنچىكە، ياڭراق بىر ئاۋاز چاتقاللىقنىڭ بىر يېرىدىن ئاڭلاندى، — ئاتماڭلار! ئاتماڭلار!...

— سەئىدخاننىڭ ئۇنىغۇ، — دېدى مىرزا ھەيدەر ۋە ساداقنى كۆتۈرگىنىچە ئوقتەك ئېتىلدى... سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ قولىدىكى ساداق يەرگە چۈشۈپ كەتتى.

— بالام، ئوغلۇم...

ھەممەيلەن ساداقلىرىنى تۆۋەن قىلىشتى. بۆرە تۇيۇقسىز قانداق پەيدا بولغان بولسا شۇنداق تېز غايىب بولغانىدى. چاتقاللىق ئىچىدىن يۈگۈرگىنىچە چىقىپ كەلگەن بالا ئالدىغا ئېتىلىپ كەلگەن مىرزا ھەيدەرنى قۇچاقلىدى. ئاندىن يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە دادىسى ئۇدۇلىدا تىزلاندى.

— خان ئاتا، ئۆزلىرىنى بىئارام قىلىپ قويدۇم، كەچۈرگەيلا.

— ئاھ، مېنىڭ كۆز نۇرۇم، كۈچ قۇۋۋىتىم، ئورنۇڭدىن تۇرغىن بالام، خۇدا سېنى ئۆزى ئەكىلىپ بەردى.

— خان ئاتا، مەن نەۋكەرلىرىم بىلەن سىلەردىن ئايرىلىپ كەڭ سايغا چۈشكەنىدىم. ئۆزۈمچە يا تۈلكە، يا بۆرە ئېتىۋېلىپ ئۆزلىرىگە سوۋغا قىلىشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ كېتىۋاتاتتىم. تەرىتىم قىستىدى. نەۋكەرلىرىمنى قولدىشىم مىرزا ھەيدەر بىلەن توختىتىپ قويۇپ، يىراقراق بېرىپ ھاجەتكە ئولتۇردۇم. بىر چاغدا ئالدىمدىن بىر بۆرە ئۆتتى. بۇ بۆرە يا ماڭا يېقىنلاشماي ياكى يىراقلاشماي كۆز يېتىم يەردە كۆرۈنۈپ قويۇپ كېتىۋەردى. ئۇنى ئوۋلاش ھەۋىسىدە ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن. بىر چاغدا بۆرە كۆرۈنمە-

ـدى. مەنمۇ قانداق قىلىشىمنى بىلمەي كېتىۋەردىم. بۆرە يەنە كۆرۈندى. ساداقىنى قولۇمغا ئېلىشىمغا يەنە غايىب بولدى. ئاخىرى چاتقاللىقنىڭ چېتىگە چىقسام بۆرە تۇرۇپتۇ. ئەھۋالنى كۆرۈپ "ئاتماڭلار" دەپ ۋارقىرىدىم. شۇ ئان بۆرە كەينىگە يېنىپ چاتقاللىق ئىچىگە كىرىپ كەتتى. مېنىڭمۇ ئۇنىڭغا ئوق ئاتقۇم كەلمىدى.

— بارىكاللا، — دېدى ئەھمەدخان. "بارىكاللا" دېگەن سادا ئەتراپنى چاڭ كەلتۈردى.

— بالام ئەگەر ساڭا بۆرە ئۇچرىمىغان بولسا قاراقچىلارغا ئەسىر بولۇپ قالاتتىڭ. سېنى ئىگىمىز ئاللا ساقلاپ، ئاشۇ كۆك بۆرىنى خۇددى ئۇلۇغ بوۋىمىز ئوغۇزخانغا ئۇچراشتۇرغاندەك ئۇچراشتۇرۇپتۇ. ئۇ سېنى توپتوغرا بىزنىڭ ئالدىمىزغا باشلاپ كەلدى. بۇ بىر مۆجىزە. بۇ كەلگۈسىدە پادىشاھلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئۇلۇغ خان بولۇشۇڭدىن بىشارەت. بوۋاڭنىڭ ئورنىنى سەنلا باسقۇدەكسەن. كەل بالام، مەن ساڭا دۇئا بېرەي: سەن كۆتۈرگەن قىلىچ زالىمى بەدكاردىن ئەلنى خالاس قىلسۇن. سەن ئاياغ باسقان يەر باياشات-ئاۋات بولسۇن. كۈندىن-كۈنگە دۈشمىنىڭ ئازىيىپ دوستلىرىڭ كۆپەيسۇن. ياخشى نىيەت پادىشاھ ئۇچۇن ئوق ئۆتمەس قالقاندۇر. ئاللا ئىگەم بۇ قالقاننى چىڭ تۇتقۇزۇپ ھەممە جەڭلەردە سېنى زەپەر تاپقۇزسۇن، ئامىن!

— ئامىن! — گۈرۈلدىگەن بۇ سادا داۋالغۇپ تۇرغان سايرام كۆلىنىڭ شاۋقۇنىغا قوشۇلۇپ كەتتى.



# ئونىنچى باب

# سەئىدخاننىڭ جازا ھۆكۈم قىلىشى

## 1

ئەھمەدخان ئۆزىنىڭ شاھانە چېدىرىغا ھەرقايىسى ئەل-يۇرتلاردىن كەلگەن پادىشاھ، سۇلتان، ئەمىر-بەگلەرنى يەنە بىر قېتىم چاقىردى. تاشكەنت خانى سۇلتان مەھمۇدخان تويغا كېلەلمىگەنىدى. ئەھمەدخان دۈشمەنلىك بولغان ئاكىسىنىڭ تويغا كەلمىگەنلىكىنى توغرا چۈشەندى. توي نېسىۋىسى دەپ 500 تۇياق قوي، 200 ئات، 3000 گەز تەتىللا قاتارلىق رەخت-ماللارنى تاشكەنتكە ئەۋەتىپ بەردى.

بۈگۈن سايرام بويىدا ئۆزىنىش زىياپىتى باشلىناتتى.

ئەھمەدخان پاكلىق، ساداقەت بەلگىسى بولغان ئاق كىگىز ئۈستىدە بەداشقان قۇرۇپ ئولتۇراتتى. ئوڭ يېنىدا چوڭ ئاچىسى مېھرىنىگار خېنىمنى ئەمرىگە ئالغان سۇلتان ئەھمەد مىرزا، سول يېنىدا ئىككىنچى ئاچىسى قۇتلۇق نىگار خېنىمغا ئۆيلەنگەن سۇلتان ئۆمەر شەيخ مىرزا ئورۇن ئالغانىدى. ئىككى ئاكا-ئۇكا كۈيئوغۇللىرىغا كۆرسىتىلگەن بۇ ھۆرمەت بەدەخشان

شاھى سۇلتان مۇھەممەدخاننىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈردى. ئۇ تۆردىن ئورۇن ئېلىپ ئولتۇرماي، مېھمانلارنى كۈتۈش باھانىسى بىلەن باشقا ئورۇنغا بېرىۋالدى. ئەھمەدخان ئانا تەرەپ بوۋىسى بولمىش بۇ بەستلىك، چىرايىدىن خاپىلىق بىلىنىپ تۇرغان شاھنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ ئالاھىدە ھۆرمەت كۆرسەتتى.

— مەرھابا ئاتا، كېلىپ بۇ يەردە ئولتۇرغايلا، — سۇلتان ئەھمەد مىرزا بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدىن ئورۇن كۆرسەتتى. مۇھەممەد ھەيدەر، مۇھەممەد ھۈسەيىن ئاتا-بالا مىرزىلارغا سۇلتان ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ پېشىدىن جاي بەردى.

سەئىدخاننى قولدىشى مىرزا ھەيدەر بىلەن ئالدىدا ئولتۇرغۇزدى. شادىيانە كۈيلەر چېلىندى. بۇرغا-كانايلارنىڭ ساداسى سايرامنى لەرزىگە كەلتۈردى. بۇ مەرىكە ئۈچۈن 170 قوي، 77 ئات، 77 كالا، 33 تۆگە، 33 ئوغلاق، 77 قوزا، يەتتە موزاي، يەتتە بوتىلاق، يەتتە تاي سويۇلغانىدى. يا بىلەن ئېتىۋالغان قۇشلاردىن ئۆلاي، كەكلىك، بۆدىنە، قىرغاۋۇللار، بۈركۈت سېلىپ ئوۋلىغان ھايۋانلاردىن كېيىك، جەرەن، توشقانلار... كاۋاپ قىلىنىۋاتاتتى. نامازدىگەر ۋاقتىدا زىياپەت يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. ئەھمەدخان قىمىز ئىچىپ ھۆل بولۇپ كەتكەن ساقىلىنى قوللىرى بىلەن سىيپاپ سۆز باشلىدى.

— سۇلتانلار، پادىشاھلار، ئەمىرلەر، ۋەزىرلەر، بەگلەر، سىپاھلار ۋە بارلىق قېرىنداشلىرىم، ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن بولغان توي-مەرىكە ياخشى ئۆتتى. ئايرىلىش ئالدىدا شىكارغا چىقىپ ئاللانىڭ قۇدرەت-كامالىدىن بەھرى ئالدۇق. بىچارە ھەممىلىرىنىڭ قەدەم رەنجى قىلىپ غېرىب خانىمىزنى ئاۋاتلاشتۇرغانلىقلىرىغا تەشەككۈر ئېيتىمەن. يەنە قاچان، قايسى چاغدا كۆرۈشىمىز، بۇ ياراتقۇچىمىز ئاللاغا ئاياندۇر. قايتا دىدار كۆرۈشكىچە تىنچ-لىق-ئاسايىشلىق مەقسىتىمىز بولسۇن، — ئۇ سۆزدىن توختاپ قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئالدى-دە، يېنىدا ئولتۇرغان چوڭ ئوغلىغا ئۇزاتتى، — سۇلتان

مەنسۇرخان بۇ چاغقىچە بوۋىمىز چاغاتايدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان خانلىقىمىزنىڭ بىر شاھزادىسى سۈپىتىدە تونۇلۇپ كەلمەكتە. ئۇ تۇرپان- قۇمۇل دىيارىنىڭ ھۆكۈمدارى. مەن بۇ ئوغلۇمدىن رازى. مەن ئۇنىڭ ئادالەتلىك ۋە باھادىر خانلاردىن بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

سۇلتان مەنسۇرخان ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەھمەدخان ئۇزاتقان قىلىچنى قولىغا ئېلىپ باش ئۈستىگە كۆتۈردى. ئاندىن دەستىسىگە سۆيۈپ تىزلىنىپ ئولتۇردى-دە:

— ئاللانىڭ ئىلتىپاتىدىن مىننەتدارمەن. خانىنىڭ ئىشەنچىسىگە داغ چۈشۈرمەيمەن، — دەپ قەسەم قىلدى.

— مۇبارەك، مۇبارەك، سۇلتان مەنسۇرخاننى ئاللا ئامان قىلغاي، — دېيىشتى ھەممەيلەن.

ئەھمەدخان يەنە بېلىگە ئېسىۋالغان كۈمۈش ساپلىق خەنجىرىنى سەئىدخانغا بەردى.

— ئاللا ھەر ۋاقىت دۈشمىنىڭنى تاپىنىڭ ئاستىدا خار قىلسۇن بالام.

شاھزادە ئورنىدىن تۇرۇپ خەنجەرنى ئۈچ قېتىم بېشى ئۈستىگە كۆتۈرۈپ، ئاندىن ئالماس كۆزلۈك دەستىگە سۆيۈپ بېلىگە ئېسىۋالدى.

— ئىگىمىز ئاللا خان ئاتامغا ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلغاي.

زىياپەت خۇپتەنگىچە داۋام قىلدى.

## 2

ئىككىنچى كۈنى سەھەردە بامدات نامازدىن كېيىن سۇلتان ئەھمەد- خان مۇنداق دېدى:

— ئاللا كۆڭلۈمگە مۇنداق بىر ئىشنى سالدى: ئالدىنقى كۈنى شەيخ مەزىد بەگ ئەسىر ئېلىپ كەلگەن 14 قاراقچىنى ئەتىگەنلىك غىزادىن كېيىن سوراق قىلىپ ھۆكۈم چىقارساق، ئۇلارنىڭ ئىشى ھېكمەتلىك ۋە ئىبرەتلىك

ئىش قاتارىدا يېزىلسا.

— خان ئالىيلىرىنىڭ قارارى ھەق، ئۇلارنى ئىقرار كەلتۇرۇپ ئىبىسىش كېرەك، — دېدى يۈزى ئاناردەك قىزىرىپ كەتكەن ئۆمەر شەيخ مىرزا.

— خان ئالىيلىرى توغرا ئېيتىدۇ. ئۇلارنى سوراق قىلىپ ئاندىن ھۆكۈم چىقىرايلى، چىقارغان ھۆكۈمىمىز ئادىل بولسۇن.

سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئىنىسىنىڭ سۆزىگە قوشۇلمىغاندەك قىلىپ چىرايلىق ياسالغان كەكە ساقىلىنى تۇتاملاپ قويدى.

— ئۇلارنى بىر-بىرلەپ ئېلىپ كىرىڭلار، — دېدى ئەھمەدخان ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن ئىمىن خوجا سۇلتانغا. ئىمىن خوجا دەسلەپ قاراقچىلارنىڭ باشلىقىنى ئېلىپ كىردى. ئۇ ئوتتۇرا ياش، ئېگىز بويلۇق، شالاڭ ساقاللىق، چىرايى قارىغا مايىل ئادەم بولۇپ بېشىغا سىپاھلاردەك تۆمۈر دۇبۇلغا، ئۇچىسىغا ساۋۇت، پۇتىغا چورۇق كىيىۋالغان، قوللىرى چەمبەرچاس باغلىۋېتىلگەنىدى.

ئەھمەدخان سۇلتان مەنسۇرخانغا ”سوراقنى باشلا“ دېگەن مەنىدە كۆز ئىشارىسى قىلدى. مەنسۇرخان تىكىلىپ سورىدى:

— ئېتىڭ نېمە؟

— سابىر، قەشقەر ئاتۇشىنىڭ كاسىپلىرىدىن تامچى ئارىپ چوگامنىڭ ئوغلىمەن. كىشىلەر مېنى سابىر يەل تاپان دېيىشىدۇ، — مەگىستىمگەندەك جاۋاب بەردى ئۇ.

— سۇلتان سوتۇق بۇغراخان ياتقان ئەزىز يۇرتىنىڭ كاسىپ ئىكەن-سەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن ئاللانىڭ ئەمرىگە قارشى قاراقچىلىق يولىغا ماڭدىڭ؟

— قانائەتتىن يىراق ئادەممەن. قانائەت قىلمىغان ئادەمدىن قاراقچىمۇ، قانخورمۇ چىقىدۇ.

بۇ جاۋاب ئەھمەدخاننى ئويلاندۇرۇپ قويدى. سەئىدخانغا بۇ قاراقچى-نىڭ جاۋابى نېمە ئۈچۈندۇر يوللۇقتەك بىلىنىپ قىزىقىپ قالدى.

— قاراقچىلىق قىلىشتىكى مۇددىئايىڭ نىمە؟ — سورىدى سۇلتان مەنسۇرخان ئاچچىقلىنىپ.

— بايلىق توپلاپ ھەممىنى باش ئەگدۈرۈش.

— ساڭا ئەگەشكەنلەرنىڭ مۇددىئاسى ھەم شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەن بىلەن بىر يۇرتلۇق.

— ئىلىپ چىقىپ كىتىڭلار.

بىرنەچچە ياساۋۇل قاراقچىلار باشلىقىنى دۈشكەلىگىنىچە ئىلىپ چىقىپ كەتتى. ئىلىپ كىرىلگەن ئىككىنچى قاراقچى چاچ-ساقىلى ئاقارغان چال ئىدى. سۇلتان ئەھمەدخان سورىدى:

— ئىتىڭ نىمە؟

— ناسىر.

— قانچە ياشقا كىردىڭ؟

— 68 گە.

— بىر پۇتــۇڭ گۆرگە ساڭگــىلىغاندا نىمشــقا قاراقــچىلىق يولىغا ماڭدىڭ؟

— بايلىق توپلاش ئۈچۈن.

— بايلىق توپلاپ نىمە قىلىسەن؟

— ئۆمــرۈمنىڭ ئاخىرىنــى ھەممىنــى باش ئەگدۈرۈپ، راھەتتە ئۆتكۈزمەكچىدىم.

— ئۇنداق بولسا قاراقچىلارنىڭ باشلىقى بولالماپسەنغۇ!

بوۋاي كۈلدى.

— مەن باشلىقنىڭ مەسلىھەتچىسى، يول كۆرسەتىدىغان ئەقىلدارى.

— بولدى، ئىلىپ چىقىپ كىتىڭلار!...

ئىلىپ كىرىلگەن ئۈچىنچى قاراقچى 15-16 ياشلارغا كىرگەن ئۆسمۈر بالا ئىدى. پۇتىدا چورۇق، بېشىدا ئاق دوپپا بار ئىدى. ئۈچىسىغا تونچە كۆڭلەك كىيگەن بولۇپ، قوي كۆزلىرى چوغدەك يىنىپ تۇراتتى.

— قاراقچىمۇ شۇنداق ياش بولىدىكىنا! — ئەجەبلىنىپ ئويلىدى ئۇنىڭغا قاراپ قالغان سەئىدخان. شۇ ھەيرانلىقتا دادىسىغا كۆز سالدى. ئەھمەدخان ھېچ ئىش بولمىغاندەك تەمكىن ئولتۇراتتى. سۇلتان مەنسۇرخاننىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، چىرايى قەھرلىك تۈس ئالدى. ئۇ سورىدى:

— ئېتىڭ نېمە؟

— سۇلتان.

— سۇلتان؟

— ھەئە. غۇربەتچىلىكتە ئۆتكەن دادام چوڭ بولغاندا سۇلتان بولۇشۇمنى تىلەپ مۇشۇ ئىسمنى قويغانىكەن.

— نېمىشقا قاراقچىلىق يولىغا ماڭدىڭ؟

— بايلىق توپلاپ سۇلتان بولۇش ئۈچۈن.

— ...

14 قاراقچىنىڭ ھەممىسى بايلىق توپلاش ئۈچۈن قاراقچىلىق يولىغا ماڭغانلىقىنى ئىقرار قىلدى. ئەمدى ئۇلارغا جازا ھۆكۈم قىلىش كېرەك ئىدى.

بىرئاز ۋاقىتتىن كېيىن بۇ قاراقچىلارنىڭ ھەممىسى يەنە چېدىرغا ئېلىپ كىرىلدى. «بۇلارنىڭ ھەممىسى دارغا ئېسىلىشى ياكى چېپىپ ئۆلتۈرۈلۈشى مۇمكىن» دەپ ئولتۇرغان سۇلتان، ئەمىرلەر چىرايى سۇرلۇك تۈس ئالغان سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ئاغزىغا قاراشتى. ئەمما كۈتمىگەندە ئەھمەدخان دېدى:

— بۇلارغا سۇلتان مەنسۇرخان ئەمەس، تېخى نارسىدە، گۇناھتىن خالىي شاھزادە سەئىدخان جازا ھۆكۈم قىلسا ئاللانىڭ ئادالىتى شۇ چاغدا ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىدۇ، دېگەن ئوي كاللامدىن كەچمەكتە. بۇنىڭغا سۇلتانلار، ئەمىرلەر قانداق قارايدىكىن؟

ئورنىدىكى كۆركەم بېزەلگەن كاتتا چېدىر ئىچىنى جىمجىتلىق قاپلىدى. زەر چۇچۇلۇق دەرپەردە تارتىلغان چېدىر ئىشىكىدىن سايرام كۆلىدىن

چىققان غۇر-غۇر شامال كىرىپ ھاۋانى يېڭىلاپ تۇراتتى.

— كۆك بۆرە ئوغۇزخانغا يول باشلاپ، ئۇنى پۈتۈن قەبىلىلىرى بىلەن يورۇقلۇققا چىقارغان، شاھزادە سەئىدخانغا كۆك بۆرە يولۇقۇپ، ئۇنى قاراقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلاپ بۇ يەرگە باشلاپ كەلگەن. بۇ نارسىدە گۆدەكتە ھېكمەت بار.

— سۇلتان ئەھمەدخان ئالىيلىرى ئېيتقاندەك ھۆكۈمنى سەئىدخان چىقارسۇن، — دېدى سۇلتان ئەھمەد مىرزا.

— ھۆكۈمنى سەئىدخان چىقارسۇن.

— ئاللا سەئىدخاننىڭ كۆڭلىنى ھەققانىيەت قۇياشى بىلەن يورۇتقاي.

— ئادالەت قىلىچى سەئىدخان قولىدا ئۆزىنى كۆرسەتكەي.

سۇلتان-ئەمىرلەر ئەھمەدخاننىڭ تەكلىپىگە قوشۇلۇشتى.

پەقەت ئۇيغا چۆمۈپ ئولتۇرۇپ قالغان مەنسۇرخانلا زۇۋان سۈرمىدى.

— قېنى بالام سەئىدخان، بۇلارغا جازا ھۆكۈم قىلغىن! — بۇيرۇدى ئەھمەدخان.

ھەممە كۆزنىڭ ئۆزىگە قادالغىنىدىن ئوڭايسىزلانغان گۆدەك شاھزادە ئورنىدىن تۇردى.

”ئۇ قانداق ھۆكۈم چىقىرار كىن؟“ دەپ دىققەتتە ئولتۇرۇشتى باشقىلار.

— خان ئاتا، راستىنلا مەن جازا ھۆكۈم قىلامدىمەن؟ — سورىدى سەئىدخان جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن. ئۇنىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتكەنىدى.

— راست ئوغلۇم، ئىككىلەنمەي جازا ھۆكۈم قىلغىن، — ئەھمەدخان ئۇنى رىغبەتلەندۈردى.

سەئىدخان قامىتىنى تىك تۇتۇپ دېدى:

— خان ئاتا، بۇ 14 قاراقچى باشلىرىنىڭ كېتىشىدىن قورقماي جىنايىتىگە ئىقرار بولدى. ھەتتا بىر قوشۇق قېنىدىن كېچىشنى تىلەپ يىلىنىپ-يالۋۇرمىدى، ئەپۇ ھەم سورىمىدى. بۇ ئۆلارنىڭ ئۆلۈمگە تەييار

تۇرغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بىراق، تويدا ئادەم قىنى تۆكۈش ياخشىلىقنىڭ بىشارىتى ئەمەس. مەن جانابى ئاللا خالىسا شۇنداق ھۆكۈم قىلىمەنكى: بۇ 14 نەپەر قاراقچى قانۇنىي جازادىن خالاس قىلىنسۇن ۋە بۇ يەردە ئولتۇرغان ھەرقايسى سۇلتان-ئەمىرلەرگە بىردىن تەقسىم قىلىپ بېرىلسۇن. تەقسىم قىلىنغان ھەربىر كىشىنىڭ ئامانلىقىغا ئىگىدارلىق قىلغۇچى كاپالەت-لىك قىلىپ خىزمىتىگە سالسۇن. بۇنىڭ بىلەن يامان نىيەت ياخشى نىيەتكە، يامانلىق ياخشىلىققا ئايلانغۇسى.

— ماشائاللا، ماشائاللا! ... — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ئەھمەد-خان، — ئارزۇ قىلغىنىمدەك ھۆكۈم چىقاردىڭ. خۇدا خالىسا مىرزا ئابابەك-رىنىڭ ياركەنت، قەشقەر دىياردىكى ھۆكۈمرانلىقىغا ئاخىرقى ھېسابتا خاتىمە بەرگۈچى سەن بولۇپ قالىدىغان ئوخشايسەن بالام.

ئەھمەدخان سۆزدىن توختاپ، ئالدىدا قول باغلاپ تۇرغان ئوغلىنى قۇچاقلاپ ئىگىز كۆتۈرۈپ بىر ئايلاندى-دە، ئاق كىگىز ئۈستىگە دەسسەتتى.

— سەرمۇنشى! — ئەھمەدخان پۈتۈكچى چاقىرىپ بۇيرۇدى، — سەلتەنەتلىك تاجۇ-تەختىمىز تارىخىغا تويىنىڭ ئاخىرقى كۈنى يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ئەينى بويىچە يېزىپ قالدۇرۇلسۇن.

— باش ئۈستىگە، — دېدى سەرمۇنشى خوجا سۇلايمان ۋە چاڭگا ساقاللىرىنى تىترەتكەن ھالدا ئالدىغا بىر قەدەم بېسىپ تىزلاندى. ئۇ قولىدا تۇتۇپ تۇرغان «نامەئى تارىخ موغۇلستان»نىڭ ئاق بېتىگە شۇ يەردىلا يۈز بەرگەن ئەھۋاللارنى بىرمۇبىر يازدى. ئالىملىقتىكى ئورنىغا قايتقاندىن كېيىن مۇنداق خۇلاسە قىلدى:

... خاننىڭ چوڭ ئوغلى سۇلتان مەنسۇرخانمۇ بۇ ھۆكۈمنى ئۆزىنىڭ چىقارمىغانلىقىدىن ئەمدى ئەپسۇسلانمىدى. مىرزا ئابابەكرىگە ئۆز تەختىنى تارتقۇزۇپ قويغان يەتتە-سەككىز يىلدىن بېرى خاراموش ھالدا چىرايى ئېچىلماي كېلىۋاتقان سۇلتان ئەھمەدخان ئوغلى سەئىدخانغا قايىل بولۇپ كۆلۈمسىرىدى. شۇنىڭ بىلەن 14 قاراقچى سۇلتان-ئەمىرلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىلدى ۋە ھەرقايسى ئەللەرگە ئېلىپ كېتىلدى.

## ئون بىرىنچى باب

# ئېنىكى تىللا بىلەن تولىمايدىغان قىز

### 1

جۇڭغار دالىسىدا جەرەندەك تاقلاپ بالىلىق دەۋرىنى ئۆتكۈزگەن سەئىدخاننىڭ تەگرىتاغ ئەتراپىدا بارمىغان يېرى قالمىغانىدى. خەتنە تويىدىن كېيىن سۇلتان ئەھمەدخان بىلەن تۇرپانغا باردى. ئۇ يەردىن قۇمۇلنى بۆلۈۋالماقچى بولغان ئىسيانچىلارنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن لەشكەر تارتىپ ماڭغان دادىسىغا ھەمراھ بولۇپ تۇنجى قېتىم جەڭگە قاتناشتى. ئۇنىڭ ئات چېپىشتىكى ماھارىتى، قىلىچ ئۇرۇشتىكى چەبدەسلىكى، ھۇجۇمغا ئۆتۈشتىكى قورقۇمسىزلىقى دادىسىنى ھەيران قالدۇردى.

— يارايسەن ئوغلۇم. جەڭ قىلىشنى كىمدىن ئۆگەندىڭ؟ — سورىدى ئەھمەدخان ئۇنى ئالدىغا چاقىرىپ.

— ئۆزلىرىنىڭ سەردارلىرىدىن، — خان ئاتا.

— كىم مەشىق قىلدۇردى؟

— سەردار ئايازى، مۇھەممەد ھۈسەيىن كوراگان، داۋاتاجى ئاغىلىرىم.

— ئۇلار سىنىڭ بەگ ئەتكىلىرىڭغۇ.

— شۇنداق دادا، يەنە بىر بەگ ئەتكەممۇ بار.

— ئۇ كىم؟

— مىرزا ھەيدەر، خوپ نىگار ئاپامنىڭ ئوغلى، مانا ئۇ.

— ھە، بىر نەۋرە ئاكاڭغۇ بۇ.

سۇلتان ئەھمەدخان ئىككى قەدەم نېرىدا تۇرغان سەئىدخاندىن ئېگىز-رەك، غوللۇق كەلگەن قوي كۆز يىگىتكە قارىدى. بۇرۇتى ئەمدىلا خەت تارتقان، بۇرنى ئېلىپتەك تۈز، بۇغداي ئۆڭ بۇ يىگىت سەئىدخاندەك ساۋۇت، دۇبۇلغا كىيىپ تولۇق قوراللانغانىدى. ئۇ قارا بويۇن ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ تۇراتتى.

— مىرزا ھەيدەر ئاغام ھەر كۈنى كەچتە كىتاب ئوقۇپ نەزم يازىدۇ، — دېدى سەئىدخان بەگ ئەتكىسىنى ماختاپ، — بەزىدە ماڭا ھېكايە ئېيتىپ بېرىدۇ.

— مۇنداق دە ئوغلۇم. سەن قابىل ئۇستازغا ئېرىشىپسەن، — سۇلتان ئەھمەدخان مىرزا ھەيدەرگە كۆز تىكىپ سورىدى:

— قايسى كىتابنى ئوقۇۋاتىسەن بالام؟

— پىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىنى.

— ئوغلۇمغا قايسى ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بەردىڭ؟

— شەيخ سەئىدىنىڭ «گۈلىستان» دىكى بەزى ھېكايىلەرنى.

— دۇرۇست قىلىپسەن بالام. يازغان نەزمىلىرىڭ نېمە توغرىسىدا؟

— يازغىنىم نەزمە ئەمەس، جايلار ۋە مۇھىم ۋەقەلەرنىڭ خاتىرىلىرى.

— بارىكاللا! — سۇلتان ئەھمەدخان ئىنىچىسىنىڭ ئوغلى بولغان مىرزا ھەيدەرگە يەنە بىر قېتىم سەپسىلىپ چىقتى. خۇشپىچىم، كېلىشكەن قەددى قامەتكە ئىگە مىرزا ھەيدەر خان تاغىسىدىن تەپتارتىپ ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى.

— ھەر ئىككىڭلار بىر نەۋرە، ئوخشاشلا بالام. ۋاپادار تۇغقان، سادىق

دوستلاردىن بولۇپ قېلىشلار، — دېدى سۇلتان ئەھمەدخان نەسىھەت قىلغان تەرىزدە. ئاندىن ئوغلىغا قاراپ دېدى، — بالام، بەگ ئەتكەشنى ياخشى تاللاپسەن. قارىغاندا سەردار ئايازدىن سەربازلىق-مەرگەنلىكنى، مۇھەممەد ھۈسەين كوراگان ئاغادىن دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى، مىرزا ھەيدەردىن تارىخ، ئەدەبىيات ئىلمىنى ئۆگەنسەڭ كامال تاپقىدەكسەن.

سەئىدخان ئاتىسىنىڭ بۇ نەسىھىتىنى ئىسىدىن زادى چىقارمىدى. ئۇ كۈندۈزى چەۋەندازلىق، مەرگەنلىك، قىلىچۋازلىقنى مەشىق قىلسا، كېچىلىرى تارىخ، ئەدەبىيات، ئىلمىي نۇجۇم، ھېساب ئۆگىنەتتى. زادى تىنىم تاپمايتتى. نەگىلا بارسا مىرزا ھەيدەردىن ئايرىلمايتتى. ئۇچتۇرپان، قاراقول، ئوشلارغىمۇ بىرگە بېرىپ كەلگەنىدى.

ئۇنىڭ تېزرەك چوڭ بولۇپ نۇرغۇن لەشكەرلەرگە ئەمىر بولغۇسى كېلەتتى. دېمىسىمۇ خېلىلا بوي تارتىپ يىگىت بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئەنجان تەرەپلەرگە بەكمۇ بارغۇسى كېلەتتى. كۆتكىنىگە يارىشا تاغىسى سۇلتان مەھمۇدخاندىن دادىسىغا تاشكەنتكە كېلىپ ئۆزىگە ياردەملىشىش توغرىسىغا جىددىي مەكتۇپ كەلدى.

سۇلتان ئەھمەدخان ئاكىسىدىن خاپا ئىدى. دادىسى يۇنۇسخان تاشكەنتتە ۋاپات بولغاندا، ئۇنى نېمە ئۈچۈندۇر ۋاقتىدا ۋاقىپلاندۇرمىغانىدى. سەئىدخان ۋە ئابدۇخېلىل سۇلتانىنىڭ سۈننەت تويىغا كەلمەيلا قالماستىن، تويى نېسۋىسىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىنمۇ جاۋابەن سوۋغا ئەۋەتمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ شايبانىخان بىلەن بىرلىشىپ ئۆز ئىنىچىلىرىنىڭ ئەرلىرى بولغان سەمەرقەنت ۋە پەرغانە شاھلىرى سۇلتان ئەھمەد مىرزا، سۇلتان ئۆمەر شەيخ مىرزىلارنىڭ زېمىنلىرىنى ئىگىلىۋالماقچى بولغانىدى. سۇلتان ئەھمەد مىرزا، سۇلتان ئۆمەر شەيخ مىرزا ئارقا-ئارقىدىن ۋاپات بولۇپ، سەمەرقەنت، پەرغانىنى شايبانىخان بېسىۋالدى. بۇ ئىككى سۇلتاننىڭ ئەھمەد تەنبەل، ئۇزۇن ھەسەندەك ئەمىر-ھاكىملىرىمۇ شايبانىخان تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. 12 يېشىدا تەختكە ئولتۇرغان ياش پادشاھ زاھىرىد-

دىن مۇھەممەد بابۇر مىرزا نەچچە يىلغىچە بويۇن ئەگمەي گاھ قېچىپ، گاھ قوغلاپ پەرغانە، خارەزىم، خۇراسان زېمىنلىرىنى كېزىپ يۈرۈپ، شايبانىخان بىلەن قاتتىق ئېلىشتى. ئۇنىڭ تاغىسى سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈمىدىن كېيىن خارەزىم پادىشاھلىقىنى قولىغا كىرگۈزۈۋالغان خىسراۋ شاھ ئۆز پادىشاھىنىڭ خەزىنە-بايلىقىنى ئىگىلىۋېلىپلا قالماستىن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى بايسۇنغۇر مىرزىنى ئۆلتۈرۈپ، مەسئۇد مىرزىنىڭ كۆزىگە مىل تارتىپ كور قىلىپ قويىدى. بۇ ئىش بابۇر مىرزىغا قاتتىق ئەلەم قىلدى. بىرنەچچە يىل ئىچىدە بۇ ياش پادىشاھ نۇرغۇن ئۇرۇشلارنى باشتىن كەچۈردى. پىيادە، ئاتلىق بولۇپ باشقا پادىشاھلار بېسىپ باقمىغان يوللارنى باستى، تارتىپ باقمىغان جاپالارنى تارتتى. ئاخىرىدا تاغىسى سۇلتان مەھ-مۇدخاننى پاناھ تارتىپ تاشكەنتكە كەلدى. سۇلتان مەھمۇدخان شايبانىخان-دىن ئۈمىد كۈتكىنىگە پۇشايمان قىلغاچقىمۇ بابۇر مىرزىنى ياخشى كۈتۈۋال-دى. ئەمما دەرھال ئەسكەر چىقىرىپ ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە شايبانىخانغا قارشى چىقىشقا پېتىنالمىدى. شۇڭا ياردەم تەلەپ قىلىپ ئىنىسى ئەھمەدخانغا مەكتۇپ ئەۋەتكەنىدى...

ئەھمەدخان ماۋارائۇننەھردە يۈز بەرگەن ئىشلارنى بىر قۇر ئويلاپ تاشكەنتكە بېرىش قارارىغا كەلدى. ئۇ تۇرپانغا ھۆكۈمران قىلىپ قويغان چوڭ ئوغلى مەنسۇرخاننى ئورنىغا خان قىلىپ، ھەسەن مىرزا، ئايازى قاتارلىق سادىق ئەمىرلەر بىلەن خوتۇن-بالىلىرىنى ئېلىپ،نۇرغۇن لەشكەر-لەرنى باشلاپ تاشكەنتكە قاراپ يولغا چىقتى. سەئىدخان كۆڭلىدە ناھايىتى خۇشال بولدى. ئۇ مەرھۇم بوۋىسى يۇنۇسخاننىڭ تەختىگە ئولتۇرغان تاغىسى سۇلتان مەھمۇدخاننى تېخى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ياش تۇرۇپلا داڭقى چىقىپ كەتكەن مۇھەممەد بابۇر مىرزا بىلەن بىر ئۇچرىشىشنى نېمە ئۈچۈنكى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى.

سۇلتان ئەھمەدخان قوشۇنىنى سالامەت تاشكەنتكە يەتكۈزۈش كويىدا مۇھەممەد شايبانىخان لەشكەرلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىپ، زىيان-زەخ-

ـمەت تارتىپ قالماسلىق ئۈچۈن تاغ-داۋان، چۆل-جەزىرىلەر ئارقىلىق ماڭـ
ـدى. ئالاتاغ باغرىنى بويلاپ يۇنۇسخان هايات چېغىدا بەرپا قىلدۇرغان
ئالمۇتا، قاراقول، توقماق شەهەرلىرىنىڭ سىرتىدىن ئايلىنىپ ئۆتتى. سەئىدـ
خانغا دۇنيانىڭ هەممە يېرى تاغ-داۋان، چۆل-دەشتتەك بىلىنىپ كەتتى.
ئۇ تاشكەنت شەهىرىگە تېزرەك يېتىش ئۈچۈن ئاق قاشقا ئېتىنى چاپتۇرۇپ،
گاه سەپىنىڭ ئالدىغا ئۆتسە، گاه سەپنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ لەشكەرلەرنى
تېزرەك مېڭىشقا دەۋەت قىلاتتى. ئەهمەدخان ئوغلىنىڭ بىتاقەت بولغىنىغا
قاراپ كۈلۈپلا قوياتتى.

ئۇلار 20 كۈنچە يول يۈرۈپ ئوشقا كەلدى. ئۇلارنى بۇ يەرگە نەچچە
يىلنىڭ ئالدىدا هۆكۈمران بولۇپ كەلگەن مۇهەممەد هۈسەيىن كوراگان
كۈتۈۋالدى. ئۇنىڭ ئايالى خوپ نىگار خېنىم ئۇزۇن يىللاردىن بېرى
كۆرمىگەن بالىسى مىرزا هەيدەرنىڭ سەئىدخانغا هەمراه بولۇپ كەلگىنىدىن
بەكمۇ خۇرسەن بولدى. چوڭلا يىگىت بولۇپ قالغان مىرزا هەيدەر دەسلەپ
ئاتا-ئانىسى بىلەن دىدار كۆرۈشكەنلىكىدىن خۇشاللىنىپ يىغلاپ تاشلىدى.
كېيىن بوۋىسى مۇهەممەد هەيدەر مىرزىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىدىن قايغۇـ
رۇپ كۆز يېشىنى توختىتىپ ئالالمىدى. رەهمەتلىك بوۋىسى كىچىكىدە
ئۇنىڭغا بەكمۇ ئامراق ئىدى. مۇهەممەد هۈسەيىن كوراگان ئوغلىغا ئاتىسىـ
ـنىڭ ئۆلۈمى هەققىدە سۆزلەپ بەردى:

— ئوغلۇم، ئېسىڭدە بولسا كېرەك، بىز ئالمالىققا كەلگەندىن كېيىن،
ئۇلۇغ خان بوۋاڭنىڭ كۈيئوغلى سۇلتان ئۆمەر شەيخ مىرزا ئۆزى قېيىن
ئاتىسىغا سوۋغا قىلىپ بەرگەن ئوخشى دىيارنى قايتۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن
كۆپ نەسىهەت قىلسىمۇ ئۇنىماي ئۇرۇش قوزغىغانىدى. ئاخىرىدا پەرغانە
دىيارىدىكى تېكە سەكرەتكۈ دېگەن ئېقىن بويىدا جەڭ بولدى. ئۆمەر شەيخ
مىرزا ئەسىر چۈشۈپ باغلانغان هالدا يۇنۇسخاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىندى.
يۇنۇسخان بۇ ”ئەدەبسىز“ كۈيئوغلىنىڭ قولنى ئۆزى يېشىپ: ”سۇلتان،
ئالەم پادىشاهلارنىڭ ئەمەس، ئاللانىڭ. يەر كېرەك بولسا ماڭا چىرايلىقچە

دېسگىز بولماسمىدى؟ مەن سىزدىن زىنھار ئاللانىڭ زېمىننى تالاشمىغان بولاتتىم» دەپ تەربىيە قىلدى ۋە ئۇنى ئوردىدىن تۇرغۇزۇپ ئېتىغا مىندۇرۇپ يولغا سېلىپ قويغانىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ قېيىن ئاتىسىغا ئىخلاس باغلىغان سۇلتان ئۆمەر شەيخ مىرزا قېيىن ئاتىسى 2-قېتىم ئەنجانغا كەلگەندە مۇشۇ ئوش ۋىلايىتىنى سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەنىدى. يۇنۇسخان بۇ مۇنبەت زېمىننى ئۆزى بىلەن كەلگەن ئاتامنىڭ باشقۇرۇشىغا بەردى. كېيىن ئۆمەر شەيخ مىرزا ئوشنى قايتۇرۇۋېلىش تەلپىنى قويغاندا، ئاتام بىزنى ئوشتا قويۇپ قەشقەرگە كەتكەنىدى. ئۇ يەردە ئۆگەي ئاكام مىرزا ئابابەكرى ئۆزىنى كىچىكىدىن بېقىپ چوڭ قىلغان، ھەم تاغا ھەم ئاتا ئورنىدىكى بۇزرۇكۋارىنى زىنداندا بىر يىل ياتقۇزۇپ بەدەخشانغا ھەيدىۋەتكەنىكەن. ئۇ يەردىن سەمەرقەنتكە بېرىپ سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ قېشىدا بىر يىل تۇرۇپ ئاندىن خان ئاتىمىز يۇنۇسخانىنىڭ قېشىغا كەتكەنىدى. كېسەل بولۇپ ۋاپات تاپتى ئوغلۇم. خان ئاتىمىز يۇنۇسخانمۇ تاشكەنتتە تۈگەپ كەتتى. ئۆمەر شەيخ مىرزا يار ئۇستىدىكى كەپتەرخانىسىدىن غۇلاپ كېتىپ قازا قىلدى. ئاكىسى سۇلتان ئەھمەد مىرزىمۇ ئالەمدىن ئۆتتى. ۋاي، بۇ دۇنيا ھېچكىمگە ۋاپا قىلمايدىكەن. يىغلىما، كۆز يېشىڭنى ساقلا. يەنە لازىم بولىدۇ ئوغلۇم.

مىرزا ھەيدەر شۇ كېچىسى ئاتىسىنىڭ دېگەنلىرىنى بىرمۇبىر خاتىرىلەپ قويدى.

— مەنمۇ كۆڭلۈمگە خاتىرىلەپ قويدۇم، — دېدى سەئىدخان ۋە ماڭۇق چۇشەككە باش قويدى. ئۇ خاتىرە يازمىغان بىلەن كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىنى ئېسىدە چىڭ ساقلايتتى.

ئۇلار ئوشتا بىر ھەپتە تۇرۇشتى. بۇ جەرياندا ئۇلار سۇلتان مەھمۇدخان باربكوھ تېغىنىڭ ئۇستىگە ياساتقان تاش ئۆيگە چىقىشتى. بۇ ئۆي تامامەن رەڭگارەڭ تاشتىن نەپىس ياسالغان بولۇپ، سالقىن ئىدى. سېھىرلىك تۈس ئالغان بۇ ئۆينىڭ پېشايۋانىدا تۇرۇپ قارىغان كىشىگە ئوشنىڭ گۈزەل

مەنزىرىسى ھوزۇر بەخش ئېتەتتى. شۇ ئەسنادا سەئىدخاننىڭ كۆزىگە ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتقان بىر لاچىن چېلىقىپ قالدى.

لاچىن بىردىنلا شۇڭغۇغان پېتى تۆۋەندە تېرەك بويى ئۇچۇپ كېتىۋاتقان كەپتەرلەر توپىغا ئۆزىنى ئۇردى. بىر كەپتەرنى چاڭگاللاپ، بىرقانچە كەپتەرنىڭ پەيلىرىنى توزىتىۋەتتى ۋە يۇقىرى ئۆرلەپ تاغنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىغا قوندى...

## 2

سەئىدخان ئەنجان يولىدا كېتىۋاتقاندىمۇ ئاشۇ لاچىن كۆز ئالدىدىن نېرى بولمىدى. ئۇنىڭ يېنىدا ئەمىر ئايازى، مىرزا ھەيدەرمۇ بار ئىدى. بۇلار دەريانى ياقىلاپ مېڭىپ لەشكەرلەردىن خېلىلا ئۇزاپ كەتكەنىدى. شارقىراپ ئېقىۋاتقان سۈپسۈزۈك سۇ سەئىدخاننىڭ ھەۋىسىنى قوزغىدى.

— ئاغىلار، سۇغا چۆمۈلۈۋالاي، — دېدى ئاتتىن ئىرغىپ چۈشۈپ.

دەريانىڭ ئىككى قاسنىقى باغبارانلىق ئىدى. رەڭگارەڭ گۈللەر ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەنىدى.

— شاھزادەم، ئادەملىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالساق بولمايدۇ، — دېدى تەرلەپ-پىشىپ كەتكەن ئايازى باش-كۆزىنى يېپىۋالغان يوپۇقنىڭ ئۇچىغا سۈرتۈپ. ئېغىر جەڭ ئەسلىھەسى ئۇنىڭ سېمىز گەۋدىسىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەچكە ھاسىراپ قالغانىدى.

ياركەنتتىن تارتىپ سۇلتان ئەھمەدخاندىن ئايرىلماي كېلىۋاتقان ھەسەن ۋەزىر يۇنۇسخان ھايات ۋاقتىدىن باشلاپ خەزىنە ۋەزىرى، شائىر ئايازى بولسا ئوردا ئەمىرى بولغانىدى. سەئىدخاننىڭ سۈننەت تويىدىن كېيىن، ئايازى مۇھەممەد ھۈسەيىن كوراگان بىلەن بىللە سەئىدخانغا بەگ ئەتكىسى بولدى. گەرچە دائىم بۇ گۆدەك بىلەن بىرگە بولمىسىمۇ، ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۇنى نەزەردىن ساقىت قىلمايتتى. بولۇپمۇ يولغا چىققاندىن

كېيىن بۇ شوخ، ئۆز بېشىمچى شاھزادىدىن نېرى بولمىدى.
— سۇغا چۈشسەم يامانمۇ؟ ئۇنداق بولسا شاھ ئاتامدىن سوراي.
— بۇنچىلىك كىچىك ئىشقا خاننى ئاۋارە قىلمىسىلا شاھزادەم، — دېدى مىرزا ھەيدەر، — ئەمىر ئاپايزى ئاغىنىڭ سۆزى ئورۇنلۇق. بۇ ياقا يۇرتتا ئۆزىمىزگە ئاگاھ بولمىساق بولمايدۇ.
— قورققاقلار، — مەسخىرە قىلدى سەئىدخان ئېقىن بويىدا كېيىم-لىرىنى سېلىۋېتىپ، — بۇنداق توخۇ يۈرەكلىك بىلەن قانداق جەڭ قىلىسىلەر؟

ئۇ ئىككى بەگ ئەتكىسىنىڭ سۆزىگە قۇلاقمۇ سالماي، شارقىراپ ئېقىۋاتقان دەرياغا تامبال بىلەن سەكرەپ ئۈزۈپ كەتتى. نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغان ئەمىر ئاپايزى: "سەن قاراپ تۇرامسەن؟ بول، شاھزادىنى سۇدىن ئېلىپ چىق" دېگەن مەنىدە مىرزا ھەيدەرگە قارىدى.
— شاھزادىنى مەيلىگە قويۇۋەتكەن ئۆزىڭىز ئاغا، ئاتام خاننىڭ يېنىدا بولغاچقا بىزنى قېتىغا ئېلىپ قويمىدى. ئەمدى كۈتۈپ تۇرماقتىن باشقا ئىلاج يوق.

ئەمىر ئاپايزى باش لىڭشىتقان ھالدا غۇلاچ تاشلاپ ئۈزۈپ كېتىۋاتقان سەئىدخانغا قاراپ قولىنى شىلتىپ قويدى. سەئىدخان توختىماي ئۈزۈپ ئۇ ياققا ئۆتتى. قىرغاق قۇمساز ئىدى. مەجنۇنتاللار سايە تاشلىغانىدى. سەئىدخان قىزىغان كۆك قۇمغا باغرىنى يېقىپ، ئۇدۇلدىكى قاشالىق باغقا كۆز سېلىپ ياتتى. ئۇنىڭغا ئالما دەرىخى تۈۋىدە بىر قىز كۆرۈنگەندەك بولدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ زەڭ سېلىۋىدى، ئۆزىگە قاراپ تۇرغان بىر قىز غىل-پال كۆرۈندىيۇ، كۆزدىن غايىب بولدى. "جىنمۇ نېمە؟" سەئىدخان ئويلاپ ئورنىدىن تۇردى. بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ قاشاغا يېقىنلاشتى. راستىنلا ئەمدىلا رېسىدە بولغان بىر قىز پىشقان شاپتۇلنى شېخىدىن ئۈزۈپ قولىدىكى سېۋەتكە سېلىۋاتاتتى. سەئىدخاننىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ كەلدى. بىردىن ئۇنىڭ بالىلىق شوخلۇقى تۇتتى. قاشادىن

ئاتلاپ ئۆتۈپ قىزغا شاپتۇل ئۈزۈشۈپ بەرمەكچى بولۇپ، قولىنى ئۇزىتىشىغا، بارمىقىغا تىكەن سانجىلىدى.

— ئوغرى... ئوغرى...، — بىر ياش يىگىت ۋارقىرىغىنىچە پىچاق كۆتۈرۈپ كېلىپ، قاشانى ئۆرۈپ، سەئىدخان تەرەپكە ئۆتتى. ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالغان سەئىدخان يىگىت پىچىقىنى پارلىدىتىپ ئېتىلىپ كەلگەن چاغدىلا ئىشىنىڭ چاتاقلىقىنى بىلىپ چىرايى تۇتۇلدى. ئۇ سەل تولگۇلۇپ ئۆزىنى يانغا ئېلىۋېدى، يىگىت شىلتىغان پىچاق قاشانىڭ بىر ياغىچىنى يېرىم كېسىپ توختاپ قالدى.

— مىرزا ھەيدەر ئىنىم، چاتاق بولدى، بىرسى سەئىدخاننى ئۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ، — دېدى ئۇستى كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلىغان ئەمىر ئايازى.

— كۆردۇم، — مىرزا ھەيدەر باشقا گەپ قىلماستىن كىيىمى بىلەنلا سۇغا سەكرىدى.

قولىدا ھېچنېمە يوق سەئىدخان پىچاق تەڭلەپ تۇرغان يىگىتتىن كۆز ئۈزمىدى.

— سەن ئوغرى خۇدادىن قورقماسەن؟ — دېدى يىگىت.

— مەن ئوغرى ئەمەس ئاكا، بىز بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ سۇغا چۆمۈلگىلى كەلدۇق. شۇنىڭ بىلەن...

يىگىت سەئىدخاننىڭ سۆزىنى تولۇق ئاڭلاپ بولماستىنلا ئەزۋەيلەپ كەتتى:

— سەن سىگىلىمنى ئېلىپ قاچماقچى. بۇ ئۇخلاپ چۈشۈڭ. قولۇڭنى بېغىشىڭدىن كېسىۋەتمەيدىغان بولسام ئوغرى، — ئۇ قەھرى بىلەن ئېتىلدى. سەئىدخان كاپ قىلىپ ئۇنىڭ پىچاق تۇتقان بىلىكىنى بىر قولىدا تۇتۇۋالدى. بىر قولىدا يىگىتنىڭ مۇرىسىنى قاماللىدى. يىگىتنىڭ بىر قولى سەئىدخاننىڭ گېلىدا ئىدى. ئەمدىلا 15 نىڭ قارىسىنى ئالغان سەئىدخان ئۆزىدىن خېلىلا چوڭ بولغان يىگىتكە بوي بەرمەيۋاتاتتى، — قولۇڭنى تارت! ئالدىڭدىكى سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ئوغلى، — دەريادىن ئۈزۈپ

ئۆتۈۋاتقان مىرزا ھەيدەرنىڭ سۆزى ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. ئۇلار نەچچە قېتىم يۆگۈشۈپ، نەچچە قېتىم بىر-بىرىدىن ئايرىلىشىپ، يىراقلاشتى. شاپتۇل ئۈزۈۋاتقان قىز ئاكىسىنىڭ پىچاق كۆتۈرۈۋالغانلىقىنى كۆرۈپ ۋارقىرىۋەتتى.

— ئاكا، ئادەم ئۆلتۈرمەكچىمۇسەن؟ ياش بالىغۇ ئۇ. پىچاقنى تاشلا، بولمىسا دادامنى چاقىرىمەن.

يىگىت سىڭلىسىنىڭ سۆزىگە پىسەنت قىلماي پىچاق ئۇردى. لېكىن ئۇرغان پىچىقى قاڭقىپ يەرگە چۈشتى. چۈنكى سەئىدخان چاققانلىق قىلىپ ئۇنىڭ پىچاق كۆتۈرگەن قولىغا تەپكەنىدى.

يىگىت پىچاقنا قول سوزغىچە سەئىدخان ئېلىۋالدى.

— سەن پىچاق ئۇرۇشنىمۇ ئانچە بىلمەيدىكەنسەن، ئاكا. ئۇ بىر شىلتىپ قاشانىڭ بىر تال ياغىچىنى شارتتىدە كېسىۋەتتى.

— توختاڭلار بالىلىرىم، — قىز ئۆيدىن باشلاپ چىققان ئاقساقال بوۋاي قاشا يېنىغا كېلىپ توۋلىدى، — بالام قاناتبەگ، نېمە گەپ بۇ؟

سەئىدخان بوۋاينى كۆرۈپ سالام قىلدى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم بوۋا.

— بۇ ئوغرى دادا، يامان ئوغرىكەن. كىچىككىنە تۇرۇپ پىچىقىمنى تارتىۋالدى. قارىمامسەن، — دېدى قاناتبەگ.

— توختاڭلار چۆجە خورازلار، — بوۋاي ئاۋال يىگىتنى توستى. ئاندىن ئۆزىنىڭ يالىڭاچلىقىدىن ئوڭايسىزلىنىپ تۇرغان سەئىدخانغا قارىدى. ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىقلىق تۇمارىنى كۆرگەن بوۋاي چۆچۈپ كېتىپ:

— ئوغلۇم، شاھزادىلەردىن ئوخشىمامسەن؟ تۇمارىڭدا گۆھەر پارىلداپ تۇرۇپتىغۇ؟ — دەپ سورىدى.

دەريادىن ئۆتۈپ كېلىشكەن ئەمىر ئايازى، مىرزا ھەيدەر تەڭلا:

— شاھزادەم! — دېيىشىپ ئۇنىڭ ئىككى يېنىغا ئۆتۈپ سوراشتى،

— نېمىش بولدى؟

— ھېچ ئىش ئاغىلار. مۇنۇ يىگىت مېنى خاتا چۈشىنىپ قالغان

چېغى.

بوۋاي سەئىدخاننىڭ ھەقىقەتەن شاھزادە ئىكەنلىكىنى بىلىپ ھودۇ-قۇپ كەتتى.

— شاھزادەم، بالامنى كەچۈرسىلە، تونۇماي ئەدەپسىزلىك قىلىپ قويۇپتۇ.

— كىرەك يوق بوۋا، — دېدى سەئىدخان بوۋايغا ئىللىق نەزەر تاشلاپ، — ئەسلىدە قاشا يېنىغا كەلمىسەم بولاتتى. ئەيىب مەندە.

ئۇ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ يوگۈرگىنىچە بېرىپ دەرياغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ قىرغاققا ئۆتتى-دە، چاپىنىنىڭ ئىچ يانچۇقىغا ئانىسى سېلىپ قويغان ھەمياننى ئالدى. كۆڭلىكىنى كىيىپ دەرياغا يەنە سەكرىدى.

— نېمىدېگەن چېچەن-ھە... خۇدا كۆز تېگىشتىن ئۇنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلا، — بوۋاي سەئىدخاننىڭ نېمە ئۇچۇن كېتىپ يەنە كېلىۋاتقاننىنى چۈشىنەلمەي تۇرۇپ كېتىپ، ئۆزىگە ياندىشىپ تۇرغان قىزىغا قارىدى.

— بالام يۈگۈر، ئۆيگە كىرىپ ئانار شەربىتىدىن بىر خومرا ئېلىپ چىق، شاھزادە ئۇسساپ كەتكەندۇ.

بۇ قىزنىڭ قامەت دەرىخىدىن پەسكە ساڭگىلاپ تۇرغان مەجنۇنتاللار سەلگىنە كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ساغرىسىنى يېپىپ تېقىملىرىغا تېگىپ تۇراتتى. ئەتلەس كۆڭلىكى زىبا تېنىنى يوشۇرغانىدى. ئۇنىڭ قوي كۆزلىرى دەريادا ئۈزۈپ كېلىۋاتقان سەئىدخاندا ئىدى. قىز ئىتتىك مېڭىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. سەئىدخان بوۋاي ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە قىزمۇ يۈزىگە چۈمبەل تارتقان ھالدا ئۆيدىن بىر كىچىك خومرا بىلەن ئىككى چىنىنى كۆتۈرگىنىچە چىقىپ كەلدى. شۇ چاغدا سەئىدخاننىڭ ئۇنىڭغا، ئۇنىڭ سەئىدخانغا كۆزى چۈشتى. ئاناردەك قىزىرىپ كەتكەن قىز ئوتلۇق نىگاھىنى يەرگە قاراش بىلەن يوشۇردى. سەئىدخان باياتىن بېرى بوۋايغا دېمەكچى بولۇپ ئويلاپ قويغان سۆزلىرىنى ئۇنتۇپ قىزغا قاراپلا قالدى.

— شاھزادەم، قايتايلى، خان ئۇزاپ كەتتى، يېتىشەلمەي قالىمىز، —

دېدى ئايازى ئالدىرىتىپ. سەئىدخان ئۇندىمەي ھەميانىدىن بىر تىللا ئېلىپ بوۋاينىڭ قاداق بېسىپ كەتكەن ئالقىنىغا قويۇپ:

—بوۋا، بۇ مېنىڭ بوسۇغىلىرىڭغا بىسوراق قەدەم قويغىنىمنىڭ ھەققى بولۇپ قالسۇن. نۇسرەت بىلەن قايتىشىمىزغا دۇئا قىلىپ قويسىلا، —دېدى.

بوۋاي تىللا قويۇلغان ئالقىنىنى بىر ئېچىپ، بىر تۈگۈپ، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى.

— شاھزادە، بىز سائىللاردىن ئەمەس، تېخى بوسۇغىلىرى ئالدىغا بارغىدەك بولمىدۇق. بوسۇغىمىز ئالدىغا سىلى كېلىپلا. بىز سىلىگە بەرسەك بولىدۇ. تىللايىمىز بولمىغىنى بىلەن كىشىنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرغىدەك شەربىتىمىز بار. مەرھەمەت قىلسىلا.

قىز يەردىن كۆز ئالماي ئانار شەربىتى قويۇلغان چىنىنى سۇندى.

بۇلبۇلنىڭ ئاۋازىدەك چاڭىلداپ چىققان يېقىملىق ئاۋاز سەئىدخانىنى ھەيران قالدۇردى. ئەمدىگىنە ياشلىقنىڭ بىرىنچى بالدىقىغا قەدەم قويغان سەئىدخان ئىختىيارسىز ھالدا سۆز ئويۇنى قىلدى:

— ئى بوۋا، مەن بۇ جەزىرىدە يانتاق بىلەن ئەمەندىن باشقا گۈل-گىياھ يوق دەپ ئاڭلىۋېدىم، بۇ جەننەت گۈلى قايدىن پەيدا بولۇپ قالدى؟ ماڭا ئېيتىپ بېرەلەملا؟ ئۇنىڭ ئېتىكىنى تىللا بىلەن توشقۇزۇشنى خالايمەن.

— بۇ دىيارغا نادىر يىگىتنىڭ كېلىشىنى ئىرادە قىلغان ئاللا ئۇنىڭغا مۇناسىپ جەننەت گۈلىنىمۇ ئاپىرىدە قىلىپ قويغان-دە، شاھزادەم، — دېدى مىرزا ھەيدەر كىنايە قىلىپ.

— جەننەت گۈلىنىڭ ئېتىكى تىللا بىلەن ئاسان توشمايدۇ شاھزادەم، — قىزمۇ ئالمىدەك مەڭزىنى توسۇپ تۇرغان چومبىلىنى سەل قايرىپ جاۋاب بەردى، — ھەميانلىرى بەك كىچىك ئىكەن.

— قىز دېگەننىڭ ئېتىكىنى بىر نۆۋەتتىلا توشقۇزغىلى بولمايدىغانلىقى



ماگا ئايان، — دېدى سەئىدخانمۇ بوش كەلمەي ۋە ھەمياندىن بەش تىللانى ئېلىپ قىزنىڭ ئېتىكىگە تاشلىدى، — ئۈمىدسىزلەنمەڭ سىڭلىم، 2ـ، 3ـنۆۋەتتە يەنە تاشلاپ ئېتىكىڭىزنى توشتۇرماي قويمايمەن...

ئۇ چىنىدىكى لىغىلداپ تۇرغان گۈلگۈن ئانار شەربىتىگە قاراپ مىرزا ھەيدەردىن ئۆگىنىۋالغان بۇ غەزەلنى ئوقىدى:

چاقىندى قەدەھتە كۈندەك، قىلدى ھىدايەت جۇلا،
يار جامالىن مەيدە كۆر دەپ جامدىن چىقتى سادا[1]...

سەئىدخان تېخىچە گاڭگىراپ تۇرغان بوۋايغا "خوش" ئېيتقان تەرىزدە باش ئەگدى ۋە بىر قولى بىلەن رومىلىنى قىيا قايرىپ باققان قىزغا چىنىنى قايتۇرۇپ بەردى. ئاندىن تېز بۇرۇلۇپ دەريا بويىغا كەلگىنىچە كۆۋەجەپ ئېقىۋاتقان سۇغا ئۆزىنى ئاتتى. ئەمىر ئايازى بىلەن مىرزا ھەيدەرمۇ ئانار شەربىتىنى بىر چىنىدىن ئىچىپ سەئىدخاننىڭ كەينىدىن دەريا بويىغا قاراپ ماڭدى.

[1] ناۋائىنىڭ غەزىلى.

# ئون ئىككىنچى باب

# تاشكەنتتىن ئەنجانغا كەلگەندە

## 1

سەئىدخان ئىتنى چاپتۇرۇپ خېلىلا ئۇزاپ كەتكەن خان ئاتىسىنىڭ قوشۇنىغا تېزلا يېتىشىۋالدى. ئۇ خۇش كەيىپ ئىدى. ئەنجاننىڭ قوغۇن پۇراپ تۇرغان يېزا-قىشلاقلىرىدىن ئۆتكىچە دەممۇدەم بىشەكچىرىن، كۆك-چىلەرنى يەپ، ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرغان بولسىمۇ، قىز قولىدىن ئىچكەن ئانار شەربىتىدەك يۈرىكىنى سەگىتەلمىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى پىژىلداپ كۆيۈپ تۇراتتى. مەرغىلانغا كەلگەندە سۇبھانى دەپ ئاتىلىدىغان ئۆرۈك پىشىپ ئاخىرلاشقانىدى.

ئەسلىدە ئۇلار ئۇدۇل خوجەنتكە كېتىۋەرسە بولاتتى. بىردەم شىمالغا، بىردەم جەنۇبقا، بىردەم ئالدىغا، بىردەم ئارقىغا — ئۆزلىرىنى دۈشمەندىن قاچۇرۇپ ماڭغانلىقى ئۈچۈن جەنۇبتىكى سەقەرە قورغىنىنى ئايلىنىپ بىر ئېدىرلىققا يېتىپ كېلىشكەندە "سەنگى تاش①" دەپ ئاتىلىدىغان يالتىراق

① سەنگى تاش — ئەينەك تاش (كرىستال).

قىيا تاشقا يولۇقۇشتى. سەئىدخان ئاتتىن چۈشۈپ ”سەنگى تاش“قا قاراپ ئۆز جامالىنى كۆردى.

ئايالالار قارايدىغان نەرسىگە ئەرلەر قارىسا بولمايدۇ دېگەن ئۇقۇم كاللىسىغا ئورنىشىپ قالغان سەئىدخان دەرھال باشقا ياققا قارىۋالدى. ئەمما ئۇنىڭ مەشھۇر ”سەنگى تاش“نى ئوبدان كۆرۈۋالغۇسى بار ئىدى. شۇڭا ئۇ تاشنىڭ قايسى يېنىغا قارىمىسۇن ئۆز جامالى ۋە ئۆز قىياپىتىنى كۆردى. ”ئەجەب ھە!“ دەپ قىزىقىپ قاراۋەردى، ”ھېلىقى قارا كۆز، بوستان چاچ قىز كۆرۈنۈپ قالغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى-ھە...“ دەپ ئويلاپ، سەنگى تاشنى بىرقانچە قېتىم ئايلاندى. ئاخىر مىرزا ھەيدەر چاقىرغاندىلا نائىلاج يولغا چۈشتى. ئۇلار خوجەنت، ئوخسى شەھەرلىرىنى ھەم ئارقىدا قالدۇرۇپ، تاشكەنت دىيارىغا قەدەم قويۇشتى.

سەئىدخان ھەممە نەرسىگە — گۈل-گىياھلارغا، تاغۇ دەريالارغا قىزىقىپ كۆز سالاتتى. ”ياغا“ دەپ ئاتىلىدىغان يېزىغا يېتىپ كېلىشكەندە ئالدىغا چىققان بىر بۆلۈك كىشىلەر بىلەن ئۇچراشتى.

سەئىدخان ئوتتۇرا بويلۇق، پېشانىسى كەڭ، غوللۇق كەلگەن بىر يىگىتنىڭ دەسلەپ ئاتتىن سەكرەپ چۈشكەنلىكىنى كۆردى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدا جەڭ كىيىمى بولماستىن، پەش ۋە ياقىلىرىغا تەتىللادىن پەۋاز تۇتۇلغان شايى تون، بېشىدا ئالتۇن قۇببىلىق تاج بار ئىدى. بېلىدىكى ئالماس كۆز قويۇلغان كەمەرگە كۈمۈش غىلاپلىق خەنجەر ئېسىقلىق ئىدى. ئىككى ئۇچى قىرقىلغان بۇرۇتى ئۇنىڭغا سۈلەت بېغىشلىغانىدى. ”پادىشاھمىدۇ ياكى شاھزادە؟“ دەپ ئويلىدى سەئىدخان قىزىقىش بىلەن سەپسېلىپ.

— كىچىك خان ئاتامنىڭ قۇتلۇق قەدىمى مۇبارەك بولغاي، — ئۇ يىگىت ئات ئۈستىدە خىيالچان ئولتۇرغان سۇلتان ئەھمەدخانغا ئېگىلىپ سالام بەردى. خان بېشىنى سەل ئېگىپ قويۇپ سورىدى.

— كىم بولىسەن يىگىت؟

— مەرھۇم سۇلتان ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ چوڭ ئوغلى زاھىرىددىن

مۇھەممەد بابۇر بولمەن. موغۇلستانغا بېرىپ خىزمەتلىرىدە بولۇش ئارزۇ-يۇم بار ئىدى. ئۆزلىرى كېلىپ قالدىلا.

سۇلتان ئەھمەدخان ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ ئاتتىن دەرھال چۈشتى.

— پادىشاھ بابۇر مىرزا ئىكەنلىگۇ بالام، تونۇماپتىمەن.

بابۇر شاھ موغۇل خانلىقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە خان ئالدىدا يۈكۈنۈپ توققۇز قېتىم تەزىم قىلىشى، ھېچ بولمىغاندا ئۈچ قېتىم تەزىم قىلىشى كېرەك ئىدى، ئەمما يەر توپا، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشقا ئەپسىز بولغاچقا يۈكۈنمىدى. سۇلتان ئەھمەدخانمۇ بۇنى ئېغىر ئالمىدى. بابۇر مىرزا بىلەن چىققان سەئىد مۇھەممەد مىرزا خان ئالدىدا يۈكۈنۈپ تەزىم قىلدى. ئۇ مىرزا ئابابەكرىدىن يۈز ئۆرۈپ، خاننىڭ خىزمىتىگە كەلگىنىگە بىر يىل بولغانىدى.

ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئاغا، — سەئىدخان بابۇر مىرزىغا سالام بېرىپ يەرنىڭ توپىلىقىغا قارىماي يۈكۈنۈپ تەزىم قىلىشقا باشلىۋىدى، بابۇر مىرزا ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزدى.

— ئىنىم، تۇرۇڭ. سىز بىلەن بىر دىدارلىششنى ئارزۇ قىلاتتىم. سىزنى كۆرۈپ شجائەتىڭىزگە قايىل بولدۇم.

باشتىن ئاياغ جەڭ كىيىمى كىيگەن سەئىدخان بابۇر مىرزىغا پىشقان چەۋەندازدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. بىر نەۋرە ئاكىسىنى قىلىچ-ئۇمۇدلار بىلەن قورااللانغان ھالدا كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئۆگىنىپ قالغان سەئىدخانغا ئۇ پادىشاھتىن كۆرە مىرزىلاردەك تۇيۇلدى. جاۋابەن تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ سالام بەرمىگىنى كۆڭلىگە كەلگەندەك قىلىپ، توپا بولۇپ كەتكەن تىزىنى قېقىپ ئورنىدىن ئىتتىك تۇردى.

سۇلتان ئەھمەدخان بىلەن بىللە كەلگەن ئەسكەرلەر 22 مىڭغا يېقىن ئادەم ئىدى. پادىشاھ بابۇر مىرزا ئادەملىرىنى ئۇلار ئۈچۈن قونالغۇ راسلاشقا بۇيرۇپ، سۇلتان ئەھمەدخاننى ئۆز چېدىرىغا باشلىدى. يۈزلىگەن قوي-كالا

سۈيدۈرۈپ، ئىسسىق شورپا بىلەن كۆپچىلىكنىڭ ھاردۇقىنى چىقاردى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئەھمەدخان بابۇر مىرزىغا شاھانە كىيىم ۋە ئۆزىنىڭ ئالماس كۆز قويۇلغان كەمىرى بىلەن جەرەن ئېتىنى سوۋغا قىلدى. ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن بابۇر مىرزا چۆرىسىگە كالوتون بىلەن قىياق چىقارغان بۆك، كىمخاپتىن تىكىلگەن ئىزمىلىك تونىنى كىيىپ، ئوڭ ۋە سول تەرىپىگە تۇمارچە ئەنبەردان ئېسىلغان كەمەرنى باغلىدى. ئەمدى سەئىدخانغا ئۇ ھەقىقىي بىر نەۋرە ئاكىسىدەك كۆرۈنۈش بەردى. ئەگەر ئۆزىدەك جەڭ كىيىمى كىيگەن بولسا تەسەۋۋۇرىدىكى قەھرىمان بابۇر مىرزا بولغان بولاتتى. ئۇنىڭغا بولغان ئىخلاسىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن سەپەرگە چىقىشتىن بۇرۇن دادىسى ئالاھىدە بۇيرۇپ ياسىتىپ بەرگەن ئىككى زۇلپىقارنىڭ بىرىنى بابۇر مىرزىغا تەقدىم قىلدى.

— شاھ ئاغا، بۇ قىلىچنى سىزگە تۇتتۇم. ئۇنىڭ بىلەن شايباقخاننىڭ[1] ياۋۇز كاللىسىنى تەنىدىن ئايرىغايسىز. ئاللا سىزگە زەپەر ئاتا قىلسۇن، — دەپ بۇ شېئىرنى ئوقىدى:

ئۆچۈرگىن تېز قولۇڭدىن دەرمەھەل كەلسە،
جاھاننى كۆيدۈرەر ئوت ئۇلغىيىپ كەتسە.
مەگەر بىر ئوق بىلەن ياۋنى يېڭەر بولساڭ،
كېرىشكە ياسىنى ئۇنىڭ ۋاقىت بەرمە.

سىزنىڭ بۇ شېئىرىڭىزنى ناھايىتى ياقتۇرۇپ قالغانىدىم ئاغا. قولۇمغا يانى ئالساملا بۇ شېئىرىڭىز ئېسىمگە چۈشۈپ سىزنى كۆرگۈم كېلىپ كېتەتتى. ئاخىر كۆردۈم.

ئۆز شېئىرىنى سەئىدخاننىڭ شۇنچە كېلىشتۈرۈپ ئوقىغىنىدىن زوقلانغان بابۇر مىرزا قىلىچنى ئىككى قوللاپ ئالدى-دە، بېلىگە ئېسىۋالدى.

— ئىنىم سەئىدخان، قۇرۇق تەشەككۇر ئېيتسام ئالدىغان بولمەن.

---

[1] شايباقخان — شايبانىخان، شاھبەگخان (كەمسىتىپ شۇنداق ئاتىغان).

باخشى ئىلكىڭىزنىڭ جاۋابىنى جەڭدە قايتۇرغايمەن.

— جەڭدە سىز بىلەن بىرگە بولىمەن ئاغا، — دېدى سەئىدخان ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ تۇرۇپ.

بابۇر مىرزا ئۇلارنى باشلاپ تاشكەنتتىن بەش-ئالتە چاقىرىم يىراق يەرگە چىقىپ كۈتۈپ تۇرغان چوڭ خان — سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ بارگاھىغا ئېلىپ كەلدى. كىچىك خان ئاتتىن چۈشۈپ توققۇز قېتىم يۈكۈنۈپ ئاكىسى سۇلتان مەھمۇدخانغا سالام بەردى. چوڭ خان ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ قۇچاقلىدى. بۇ ئاكا-ئۇكىلارنىڭ كۆرۈشمىگىنىگە ئون يىللاردىن ئاشقانىدى. قارا چاچ، قارا ساقال ۋاقتىدا ئايرىلغان بۇ ئاكا-ئۇكا خانلار ھازىر ئاق چاچ، ئاق ساقال بولۇپ قېلىشقانىدى.

— شاھىنشاھ خان ئاتام ئۆتۈپ كەتتى، — دېدى سۇلتان مەھمۇدخان كۆز ياشلىرى تاراملاپ، — ھۆرمەتلىك پېشۋا ئانىمىز ئىسەن دۆلەت بېگىم ھەم قازا قىلدى.

— ئاللا ئۇلارنىڭ جايىنى جەننەتتە قىلغاي خان ئاكا. ئانىمىز شاھ بېگىمنىڭ سالامەتلىكى قانداقراق؟ — سورىدى ئەھمەدخان مەھمۇدخاننى كىمخاپ چۈشەك ئۈستىدە ئولتۇرغۇزۇپ. ئاكىسى ئۇنىڭغا يېنىدىن جاي كۆرسىتىپ دېدى:

— ئانىمىز شاھ بېگىم ئوبدان تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، خان ئاتىمىزغا ھازىرغىچە ئىچ ئاغرىقى تارتىپ جۇدەپ قالدى.

سەئىدخانمۇ توققۇز قېتىم يۈكۈنۈپ تەزىم قىلىپ تاغىسى بىلەن كۆرۈشتى. سۇلتان ئەھمەدخان ئون نەچچە نەپەر قىز-ئوغۇلنى ئاكىسىغا تەزىم قىلدۇردى.

— خان ئۇكام، خېلى باللىق بولۇپ كېتىپسىز. چوڭ ئوغلىڭىز مەنسۇرخاننى كۆرگەنىدىم. سەئىدخان، ئىمىن خوجا سۇلتان، خەلىل سۇلتان، باباخان سۇلتانلارنىڭ تۇغۇلغانلىق خەۋىرىنى ئىشتكەن بولسامۇ، بۈگۈن ئۇلار بىلەن دىدار كۆرۈشتۈم، بەك خۇرسەن بولدۇم. يۇنۇسخان

ئەۋلادى جەمەت، سان، بايلىق تەرەپتىن ئۈستۈن تۇرۇشى كېرەككى، تۆۋەن تۇرسا بولمايدۇ. ئاللا بىزلەرگە رەھمەت قىلسۇن.

خەدىچە سۇلتان بېگىم قاتارلىق سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ خانىش-توقال-لىرى سۇلتان مەھمۇدخانغا سالام بېرىش ئۈچۈن شاھانە چېدىرغا تىزلىنىپ كىرىشتى.

قوي-كالىلار سويۇلۇپ، قىرغاۋۇللار پۈتۈنسېرى زىققا ئۆتكۈزۈلدى. كېچىچە دېگۈدەك دىدار كۆرۈشۈشنىڭ پەيزىنى سۈرۈشتى. سەئىدخان چوڭلار بىلەن ئولتۇرۇپ بىرىنچى قېتىم شاراب ئىچتى. مەست بولغان بابۇر مىرزا بىلەن بىر چېدىردا ياتتى. ئەنجان يولىدا ئانار شەربىتى قۇيۇپ بەرگەن قىزنى كېچىچە چۈشەپ چىقتى. "سىز شاھزادە بولسىڭىز مەنمۇ جەننەتتىن چىققان ھۆر، سىز بىلەن تەڭ تۇرالايمەن" دېگىندەك. "ئىسمىڭىز نېمە؟" دەپ سورىسا، "بۇ قېتىم ئېيتىسكىمگە تىللا تاشلىسىغاندا ئېيتىپ بېرىمەن" دەپ كۈلگىندەك. بىر چاغدا سەنگى تاش يۈزىدە ئۇ قىزنىڭ سىماسى پەيدا بولۇپ كۈلۈمسىرەۋاتقۇدەك ... ئەتىسى ئۇلار چاشكا ۋاقتىدا تاشكەنتكە يېتىپ كېلىشتى. سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ھەيۋەتلىك ئوردىسى ئالدىدا ۋەزىر، ئەمىر-سەربازلار سەپ تۈزۈشكەنىدى. يولغا پاياندار سېلىنغا-نىدى. ئەڭ ئاۋۋال شاھ بېگىم ئوغلى ئەھمەدخان توققۇز قېتىم يۈكۈنۈپ سالام بېرىپ بولغىچە تاقەت قىلالماي ئۆزىنى ئۇنىڭغا ئاتتى. شاھ بېگىمگە خەدىچە سۇلتان بېگىم ۋە باشقا خانىش-كېنىزەكلەر يۈكۈنۈپ توققۇز قېتىمدىن تەزىم قىلىشتى.

— ئوغلۇم، بالام ... ئاتاڭ يۇنۇسخان ...، — دەپ پىچىرلىغىنىچە ھوشىدىن كەتتى. خەدىچە سۇلتان بېگىم ئۇنى يۆلەپ قۇچىقىغا بېشىنى ئالدى. سەئىدخان: "مومام ئۆلۈپ قالارمۇ؟" دەپ بەك قورقۇپ كەتتى. خان مومىسى ھوشىغا كەلگەندىن كېيىنلا كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى. ھەرەم-خانا قەسرىگە كىرىپ ئورۇن ئالغاندىن كېيىن مومىسىغا ئېلىپ كەلگەن ئالمالىقنىڭ شېرىن ئالمىسى قاچىلانغان چىغ سېۋەتنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى.

— موما، بۇ يۇرتلىرىنىڭ مېۋىسى، يەپ باقسىلا.

— چوڭ خانغا بەرمىدىڭمۇ بالام، — سورىدى شاھ بېگىم قىزىرىپ پىشقان تاش ئالمىدىن بىرنى قولىغا ئېلىپ.

— ياق، بۇنى بۇزرۇكۋارىمىز بولغان ئۆزلىرىگە ئېلىپ كەلدىم خان موما، سۇلتان مەھمۇدخان تاغامغا دادام كۆپ نەرسىلەرنى ئېلىپ كەلدى.

— ماڭىچۇ بالام، — دېدى ھامىسى قۇتلۇق نىگار خېنىم.

— ئۆزلىرىگىمۇ ئېلىپ كەلدىم خان ھاما، — سەئىدخان چاچلىرى ئاقىرىشقا باشلىغان يوغان قارا كۆزلۈك ھامىسىغا ئالمىدىن بىرنى ئېلىپ تۇتتى.

— ئوغلۇم بابۇر مىرزا بىلەن قەيەردە ئۇچراشتىڭلار بالام؟

— ياغىدا.

— ئۇنىڭغا نېمە ئېلىپ كەلگەنىدىڭ؟

— زۇلپىقار ئېلىپ كەلگەنىدىم.

— ئوغلۇمنىڭ كۆڭلىدىكىنى تېپىپ ئېلىپ كەلگىنىڭگە رەھمەت بالام.

— رەھمەت ئۆزلىرىگە مەلىكە خېنىم، ئوغلۇمنىڭ بۇ ئەرزىمەس سوۋغىسى ئۆزلىرىگە مەزۇر بولغان بولسا تاشكەنتكە كەلگىنىمىزدىن زادى ئەپسۇسلانمايمىز، — دېدى خەدىچە سۇلتان بېگىم قىران چاغدا ئېرىدىن ئايرىلىپ تۇل بولۇپ قالغان قۇتلۇق نىگار خېنىمغا ئىچى ئاغرىپ.

كەچكىچە ئۇرۇق-تۇغقان، ۋەزىر-ئەمىرلەر ھەم ئۇلارنىڭ بالا-چاقىلىرى پاتىھە ئوقۇشۇپ، ئۇلارنىڭ كەلگەنلىكىگە خۇرسەن بولغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. ئەتىسى سەھەردە "شەيخ خاۋەندە تۆرە" قەبرىستانلىقىغا بېرىپ يۇنۇسخاننىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىشتى.

ياپيېشىل گۈل-گىياھلار بىلەن قاپلانغان قەبرىستانلىقتىن يېنىپ، يۇنۇسخان ھايات چېغىدا بىنا قىلغۇزۇپ ئۆزى تۇرغان ئوردىغا بېرىشتى. سۇلتان مەھمۇدخان دادىسى يۇنۇسخاننىڭ ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەتلىرىنى

بايان قىلىپ دېدى:

— ئۇ خارەزىم، خۇراسان، ماۋارائۇننەھر، موغۇلىستانىنىڭ خان-سۇل-تانلىرى ئىچىدە ئادالەتلىك، ئالىم پادىشاھ ئىدى. ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈش-كەنلەرنى قۇل قىلىشقا، قۇل ئېلىپ-قۇل سېتىشقا يول قويمايتتى. ھەممە ئادەم ئاللانىڭ بەندىسى، بىر-بىرىگە زۇلۇم قىلماسلىقى كېرەك دەيتتى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئاقسۇ خەلقىنى قىرغىن قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، پالەچ بولۇپ قالغانلىقىدىن تولىمۇ ھەسرەتلەندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ماۋارائۇننەھردىن شاي-بانىخان باش كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇنىڭ زۇلمى مىرزا ئابابەكرىدىن ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ. شۇڭا لەشكەر باشلاپ مىرزا ئابابەكرى ئۈستىگە يۈرۈش قىلىش-تىن ئىلگىرى شايبانىخانغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئىنىم ئەھمەدخان سىزنى بۇ يەرگە تەكلىپ قىلىشىم زۆرۈر بولۇپ قالدى.

— خان ئاكا، قانداق يارلىق چۈشۈرسىلە بىز پەرمانبەردار، — دېدى ئەھمەدخان قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ.

— شايباقنى تېزرەك يوقىتىپ، مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئەدىپىنى بېرىش ئۈچۈن مەنمۇ جەڭگە قاتنىشاي خان دادا، — دېدى سەئىدخان سۇلتان مەھمۇدخان ئالدىدا تېز چۆكۈپ.

— يارايسەن بالام، بابۇر مىرزىغا ھەمراھ بولۇپ جەڭ قىلىشنى ئۆگەن.

## 2

شايبانىخانغا زەربە بېرىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن سۇلتان ئەھمەد تەنبەلنى تۇيۇق چۈشۈرمەي يېڭىش زۆرۈر ئىدى. چۈنكى ئۇ ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ ئۇششۇمتۇت قازاسىدىن پايدىلىنىپ پەرغانىنىڭ پادىشاھلىقىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپلا شايبانىخان بىلەن بىرلىشىۋالغانىدى. شۇڭا 30 مىڭ

ئەسكەرنى باشلىغان ئاكا-ئۇكا خانلار تاشكەنتتىن يولغا چىقىپ كەندەرلىك[1] داۋىنى يولى بىلەن ماڭدى. ئاھەڭگەران[2] دالىسىغا بارغاندىن كېيىن، كىچىك خان ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىدا بابۇر مىرزا بىلەن سەئىدخاننى ئۆز نەۋكىرى بىلەن مېڭىشقا بۇيرۇدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا مۇھەممەد سەئىد مىرزا ماڭدى. سەئىدخان بۇنىڭدىن قەۋەت خۇشال بولدى. بىر قولىدا ئۇقيانى تۇتتى. يەنە بىر قولىدا تىزگىننى سىلكىپ ئاتنى تېزلەتتى. ئۇ كېتىۋېتىپ بۇغداي ئە سىڭىزلىقىدا دان تېرىپ يەۋاتقان بۆدىنىنى كۆرۈپ قالدى ۋە يانى بەتلەپ ئاتتى. ئوق بۆدىنىنىڭ دۇمبىسىگە سانجىلدى. بۇنى كۆرگەن بابۇر مىرزا:

— سىزنى سەل چاغلىغىلى بولمايدىكەن سەئىدخان، — دېدى-دە، بەتلىگەن ياسىدىن ئوق ئۈزدى. پەيلىرى توزىغان قىرغاۋۇل دەرەخ ئۈستىدىن پالاقشىدە قىلىپ يەرگە چۈشتى.

— سىزمۇ مەرگەن ئىكەنسىز، — دېدى سەئىدخان ھەم ئېتىنى چاپتۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتتى. بابۇر مىرزىنىڭ بۇ "ئەدەبسىز" بالىغا ئاچچىقى كەلدى. ئەمما گەپ قىلماي ياسىدىن ئىككىنچى ئوقنى ئۈزدى.

— مەن شايبانىخاننىڭ قارا يۈرىكىگە مانا شۇنداق تەگكۈزىمەن، — دېدى ئۇ مەغرۇرلانغان ھالدا. ئەمما يانىڭ ئوقى ئېتىزدا دان تېرىپ يەۋاتقان كەپتەرنىڭ پېيىغا سانجىلىپ قالدى. چۆچۈگەن كەپتەر قانات قېقىپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى.

— ئەجىبا تەگكۈزەلمىدىم. بۇ نۆۋەتمۇ شايبانىخان بويۇن بەرمەمدۇ نېمە؟ — دېدى بابۇر مىرزا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان كەپتەرلەرگە نەزەر سېلىپ. بىر چاغدا كەپتەرنىڭ پەيلىرى توزۇپ پىرىلداپ موللاق ئاتقىنىچە يەرگە چۈشتى. ئۇنىڭغا سەئىدخاننىڭ ئوقى تەگكەنىدى.

— مەن مىرزا ئاتابەكرىنىڭ قازان كاللىسىغا ئەنە شۇنداق تەگكۈزـ

---

[1] كەندەرلىك — جاي ئىسمى.
[2] ئاھەڭگەران — جاي ئىسمى.

مەن، — دېدى ئۇ كەينىگە قايرىلىپ قاراپ.

بابۇر مىرزا ئىختىيارسىز كۈلۈپ قويدى.

ئانىسى ۋاپات بولغاندىن بۇيان ئۇ پەرغانىگە كۆز تىككەن پادىشاھ-سۇلتانلارنىڭ تەقىبىدىن بىر كۈنىمۇ خاتىرجەم ئۆتكۈزمىگەنىدى. ئانا تەرىپى چاغاتايخانغا، ئاتا تەرىپى ئەمىر تۆمۈرگە تۇتىشىدىغان بۇ شاھزادە ئۆزىنى خۇراسان، خارەزىم، ماۋارائۇننەھردە بىردىنبىر قانۇنلۇق مىراسخور پادىشاھ دەپ بىلەتتى. پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا بىرلىككە كەلگەن كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. نەچچە يىلنىڭ مابەينىدە تىنىم تاپماي ھۇجۇم قوزغاپ مىڭبىر تەسلىكتە سەمەرقەنتنى ئالغان بابۇر مىرزا تەختتە ئالتە ئايمۇ ئولتۇرالمىدى. ئۆزى ئېغىر كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى. تالاش-تالاشتا قېلىپ نامراتلىشىپ كەتكەن بۇ شەھەرنىڭ بەگ-سىپاھلىرى ئارقا-ئارقىدىن قاچتى. قاچقۇنلارنى ئۆز ئەتراپىغا توپلىغان ئەھمەد تەنبەل ئەنجاننى قورشىۋالدى. بۇ يەردە بابۇر مىرزىنىڭ ئانىسى قۇتلۇق نىگار خېنىم، مومىسى ئىسەن دۆلەت بېگىم ۋە ئىگىچى-سىڭىللىرى بار ئىدى. بۇلار ئۇنىڭ دەرھال كېلىپ قۇتقۇزۇۋېلىشىنى تەلەپ قىلىپ مەكتۇپ ئەۋەتتى. كېسەلدىن تېخى ساقىيالمىغان بابۇر مىرزا كۆزى قىيمىغان ھالدا سەمەرقەنتتىن ئايرىلدى. ئۇ يېتىپ بارغىچە ئەنجاننى ئەھمەد تەنبەل ئىگىلىۋالدى. بابۇر مىرزىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەنىدى. ئۇ ئازغىنا بەگ-ئەسكەرلىرى بىلەن ئايلىنىپ كېلىپ خوجەنتتە تۇرۇپ قالدى. ئانىسى، مومىسى، ئىگىچى-سىڭىللىرىمۇ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىشتى. ئانا باشقا، ئاتا بىر ئىنىسى جاھانگىر مىرزا بولسا ئەھمەد تەنبەللەر تەرىپىدە ئىدى. بابۇر مىرزا كۆرمىگەننى كۆرۈپ دەشت-چۆللەردە قېلىپ، تاغ-داۋانلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ ئاخىرى تاشكەنتتىكى تاغىسى چوڭ خان — سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ يېنىغا كەلگەنىدى...

ئۇ شۇلارنى ئويلاپ، ئاق قاشقىنى چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقان سەئىدخانغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن تىزگىننى قويۇۋەتتى.

سەئىدخان شايبانىخان ئەسكەرلىرى بىلەن تېزرەك ئۇچرىشىپ جەڭ قىلىشقا ئالدىراپتتى. ئۇلار كەرنان تەۋەسىگە كەلگەندە ئاكا-ئۇكا خانلار مەسلىھەتلىشىپ بابۇر مىرزىنى ئالدىغا چاقىرتتى.

— ئى باتۇر شاھزادە، بىز سىزنى ئۇشقا ئەۋەتىپ دۈشمەنىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتكۈزۈش قارارىغا كەلدۇق، — دېدى سۇلتان مەھمۇدخان.

— مەن تەييار، خانلارنىڭ ئىشەنچىسىدىن چىقىمەن، — بابۇر مىرزا قولىنى كۆكسىگە ئالدى.

— خان ئاتا، سەمەرقەنتنى ئېلىشتا بابۇر مىرزىغا مەن ياردەمگە بارغاندىم. بۇ نۆۋەتمۇ بابۇر مىرزا بىلەن بىرگە بارسام، — دېدى شاھزادە سۇلتان مۇھەممەدخان. ئۇ ياشلىقىغا قارىماي سەمرىپ كەتكەنىدى. سۇلتان مەھمۇدخانىڭ چوڭ ئوغلى بولغان بۇ شاھزادە خىزمەت كۆرسىتىپ تەخت ۋارىسلىقىغا پەقەت ئۆزى مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى بۇ سوقۇشتا كۆرسىتىپ قويماقچى، شۇنداقلا بابۇر مىرزىنىڭ خەلقى ئالەم ئالدىدا تېخىمۇ ئابروي قازىنىپ كېتىشىنىڭمۇ ئالدىنى ئالماقچى ئىدى.

— بابۇر مىرزىنىڭ ئۆزى بارىدۇ، — دېدى ئەھمەدخان ئاكىسى بىلەن كۆز سوقۇشتۇرۇۋېلىپ، — سىز بىز بىلەن ئەنجاننى ئېلىش جېڭىگە قاتنىشىسىز.

— مەنچۇ؟ مەنمۇ بابۇر مىرزا ئاغام بىلەن بارمامدىمەن؟ — سەئىدخان يۈگۈنۈپ ئولتۇرۇپ تاغىسى سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن دادىسى سۇلتان ئەھمەدخاندىن جاۋاب كۈتتى.

— ئوغلۇم سەن بىز بىلەن قالىسەن. ئاكاڭ سۇلتان مۇھەممەدخان بىلەن بىرگە بولىسەن. مىرزا ھەيدەرمۇ سىلەر بىلەن بىرگە بولىدۇ.

سۇلتان مەھمۇدخان ئىنىسىنىڭ سۆزىنى ماقۇللاپ:

— مانا، بۇنىڭ بىلەن شايبانىخانىنىڭ پېشانىسىگە ئېتىڭ، — دەپ بېشىل ئۇچلۇق ئوقنى بابۇر مىرزىغا بەردى. ئۇ ئوقنى ياسىنىڭ ئوقدېنىغا سالدى. ئاندىن خوشلىشىپ بىرنەچچە بەگ-سەردارلار بىلەن 2000 چە

ئەسكەرنى باشلاپ يۈرۈپ كەتتى.

سەئىدخان بابۇر مىرزا تاكى چاڭ-توزان ئىچىدە غايىب بولغىچە قاراپ تۇردى.

## 3

ئىككى ئاي داۋامىدا ئوخسى، خوجەنت، مەرغىلان ئەتراپىدا يۈرۈپ دۈشمەن لەشكەرلىرىنى ئۈچرىتالمىغان سۇلتان مەھمۇدخان 3000 ئادىمى بىلەن كېلىپ ئەنجاننى ئۈچ تەرەپتىن قورشىدى. ئۆزى ۋە بەش ئوغلى ئەنجان قورغىنى يېنىدىكى ئانىسى ئىسەن دۆلەت بېگىمنىڭ قوش تىگىرمەن ناملىق باغچىسىغا چۈشتى.

سۇلتان ئەھمەدخانمۇ سەئىدخان باشلىق ئوغۇللىرى بىلەن تەۋەككۇل لەنگىرى دەپ ئاتىلىدىغان بازار قېشىدىكى چوڭ بىر باغقا چۈشتى. سەئىدخان "ئەمدى ئەنجان شەھىرىنى ئېلىش جېڭى باشلىنىدىغان بولدى" دەپ ئويلاپ، مىرزا ھەيدەر بىلەن بىرگە ئاتىسىدىن ئىجازەتمۇ ئالماستىن ئۆز قارىمىقىدىكى ئەسكەرلەرنى باشلاپ ئەنجاننىڭ شەرق تەرىپىگە ئۆتۈپ، بۇ شەھەرگە تۇيۇقسىز بېسىپ كىرىش پىلانىنى تۈزدى. بۇلار بىرىم كېچىدە تۇيدۇرماي چېدىرلىرىدىن چىقىپ ئاتلىرىنى يېتىلىگەن ھالدا ئېھتىيات بىلەن مېڭىشتى. بىر كىچىك ئېقىنىدىن ئۆتۈپ تۇرۇۋىدى:

"تاشكەنت" دېگەن ئاۋاز ئىشىتىلدى.

ئەجەبلەنگەن سەئىدخان مىرزا ھەيدەرگە قارىدى.

— ئالدى تەرىپىمىزدە ئادەم باردەك قىلىدۇ. بىزنىڭ بەلگە سۆزىمىزنى دەۋاتىدۇ، جاۋاب بېرەمدۇق؟

مىرزا ھەيدەر ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە دىققەت بىلەن قارىدى. ئاي يورۇقى بولغاچقا بىرمۇنچە قوراللىق كىشىلەرنىڭ دەرەخ قاپتاللىرىغا مۆكۈنۈپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

— مەيلى، جاۋاب بېرىپ باقايلى، ئۆز ئادەملىرىمىز بولۇپ قالسا بەھۇدە قان تۆكۈشتىن ساقلىنىپ قالىمىز.

«سايرام!» دېدى سەئىدخان ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ تۇرۇپ.

ئۇ ياقتىن ئۈچ ئاتلىق چىقىپ كەلدى. سەئىدخان ئۇلارغا سەپسېلىپ قاراپ، ئوتتۇرىدىكى نەۋقىران كىشىنى تونۇپ ۋارقىرىۋەتتى.

— بابۇر مىرزا ئاغا!

— سەئىدخان!

ئۇ مىرزا ھەيدەر بىلەن يۈگۈرۈپ بېرىپ يۈكۈنۈپ سالام قىلدى. بابۇر مىرزىنىڭ يېنىدا مۇھەممەد ھۈسەيىن كوراگان بىلەن قەمبەر ئەلى ئىسمىلىك بەگ بار ئىدى. بابۇر مىرزىنىڭ بېشى ھەم يۈتى تېڭىقلىق ئىدى. سەئىدخان ئۇنىڭ يارىدار بولغانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ سورىدى:

— شاھ ئاغا، يارىڭىز ئېغىرمۇ؟

— ئەھمەد تەنبەلنىڭ قىلىچى ئوي-پىكىر بىلەن بەنت بېشىمغا بىر ئاز ئارام بېغىشلىدى. ئۇنىڭ ئوقى يۈتۈمنىڭ ھاردۇقىنى چىقىرىپ قويىدى. بولغان ئىش مۇشۇ ئىنىم.

ئۇ ئەنجان قەلئەسىدىن باشقا ئوش، ئۆزگەنج قاتارلىق ئەنجانغا تەۋە جايلارنىڭ ھەممىسىنى قولغا كىرگۈزگەنلىكىنى ئېيتىمىدى.

— سىز بۇ كېچىدە قەيەرگە كېتىۋاتىسىز ئىنىم؟ — سورىدى ئۇ.

— ئەنجان قەلئەسىگە! — جاۋاب بەردى سەئىدخان جىددىي قىياپەتتە.

— ئېچى گۆدەكسىز-دە ئىنىم. بۇ قەلئە چوڭ، بۆسۈپ كىرىشكە بولمايدۇ. ئۇرۇن ھەسەن مەككار، رەھىمسىز ئەبلەخ. ئۇ ئەنجاننى قاتتىق مۇداپىئە قىلماقتا. يوختا پىلان، كۈچلۈك ئەسكىرىي كۈچ بولمىسا بۇ قەلئەنى ئالغىلى بولمايدۇ، بىز تەييارلىق قىلىشىمىز لازىم.

سەئىدخان تۇرۇپ قىلىپ مىرزا ھەيدەرگە قارىدى.

— بابۇر مىرزا توغرا ئېيتىدۇ شاھزادە. بىز سەبرى قىلىپ، كەينىمىزگە

يانغىمىز تۇرۇك. غەلىبىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، — مىرزا ھەيدەر سۆزلەۋېتىپ ئاتىسىنى تونۇپ قالدى ۋە دەررۇ ئالدىغا بېرىپ ئېھتىرام بىلەن سالام بەردى.

— دادا، سىزمۇ كېلىپسىزدە.

— ھەئە ئوغلۇم ... شايانىخانىغا خىزمەت قىلىشنى ۋىجدانىم كۆتۈرمىدى. بابۇر شاھ بىلەن ئۆرە تۆپىدىن كەلدىم.

— ئانامچۇ؟

— مەن بىلەن بىللە كەلدى.

— قېنى؟ — ئالدىراپ سورىدى مىرزا ھەيدەر دادىسىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ.

— كەينىمىزدە مەپىدە كېلىۋاتىدۇ.

— مەن ئالدىغا باراي، — ئۇ ئېتىغا مىنىپ چاپقىنىچە ئىككى ئات قوشۇلغان مەپىگەياندىشىپ توختىدى. ”ئۇخلاۋاتقان بولسائانامنى بۇزماي“ دەپ ئويلىغان ئىدى. ئەمما ياستۇقتا يۆلىنىپ ئولتۇرغان خوپ نىگار خېنىم مەپىنىڭ يېنىدا بىر ئاتلىقنىڭ پەيدا بولۇپ قالغىنىنى تۇيۇپ سورىدى:

— كىم ئىكەن بۇ!

— ئانا، بۇ مەن، پېقىر ئوغلۇلىرى...

— ئاھ خۇدا، بالام قېنىسەن؟

خوپ نىگار خېنىم يوپۇقنى قايرىپ مەپىدىن بېشىنى چىقاردى. مىرزا ھەيدەر ئانىسىنىڭ مۈرىسىگە باش قويدى.

— جېنىم بالام، سەن بىلەن كۆرۈشمىگىنىمگە بىر يىلدىن ئېشىپتۇ. ھازىرمۇ سەئىدخان بىلەن بىرگە بولۇۋاتامسەن؟

— شۇنداق ئانا، بۇ قېتىم ھەم ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ كەلدىم.

بابۇر مىرزىلارنىڭ ئالدىغا كەلگەندىلا ئۇلار ھال-مۇڭدىشىشتىن توختىدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن تىنچلىق-ئامانلىق سوراشتى.

— سەئىدخان ئىنىم، سىلەرنىڭ پىلانىڭلاردىن خانلارنىڭ خەۋىرى بارمۇ؟ — سورىدى بابۇر مىرزا ھامىمىسى بىلەن يىغلىشىپ كۆرۈشكەن

شاھزادىدىن تاقەتسىزلىنىپ.

— خەۋىرى يوق، — سەئىدخان ئالدىراڭغۇلۇق قىلغانلىقىدىن ئەمـ
ـدى خىجىللىق ھېس قىلىپ، بابۇر مىرزىنى باشلاپ ئۆز چېدىرىغا قايتتى.
مىرزا ھەيدەر خوپ نىگار خېنىمنى ئۆز چېدىرىغا چۈشۈردى.

— شايباقنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن جەڭ قىلدىڭىزمۇ؟ — سورىدى
سەئىدخان مۇزدەك ئانار شەربىتىنى بابۇر مىرزىغا سۇنۇپ.

— بىرقانچە قېتىم. ھازىر شايباقخان سەمەرقەنتتە جىددىي تەييارلىق
قىلىۋېتىپتۇ. ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىكى ھاكىم، بەگلىرىگە ئۆز يېرىنى ساقـ
ـلاش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرۈپتۇ. ئۆزى قوشۇن تارتىپ پەرغانىگە
كەلگىدەك. ئەھمەد تەنبەل ئوخسى قەلئەسىدە لەشكەر توپلاۋېتىپتۇ. ئەتە
خانلار بىلەن كۆرۈشۈپ يا ئەنجاننى ھۇجۇم بىلەن ئېلىش، يا سەمەرقەنتكە
يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا بىر قارارغا كېلىشىمىز زۆرۈر.

— خۇدا نېسىپ قىلسا بۇ قېتىم شايباقخاننىڭ كاللىسىنى پىكىر
قىلماس قىلىپ قويىمەن، — دېدى سەئىدخان.

قاتتىق چارچاپ كەتكەن بابۇر مىرزا يېتىپلا ئۇخلاپ قالدى. سەئىدـ
ـخاننىڭ توخۇ چىللىغىچە ئۇيقىسى كەلمىدى. ئۇنىڭ كاللىسىغا يولدا تاساـ
دىپىي ئۇچراپ ئانار شەربىتى قۇيۇپ بەرگەن قىز كىرىۋالغانىدى...

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇلار سوغۇق گۆش، ھەسەل، قايماق، سېرىق ماي،
قاتلىما نان بىلەن غىزالىنىپلا چوڭ خاننىڭ يېنىغا بېرىشتى.

خان باغدىكى كۆل بويىدا غاز كاۋىپى يەپ ئولتۇراتتى. ئۇ خانىشقا
ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتىشنى بۇيرۇپ بابۇر مىرزىنى يېنىغا ئولتۇرغۇزدى.

— بالام، سىزگە خۇدا رەھمەت قىلسۇن. ئوش، ئۆزگەنج، خوجەنت
ئەتراپىنى ئىنىم ئەھمەدخانغا بېرەي. ئۇلار ناھايىتى يىراقتىن بىزگە ياردەمگە
كەلدى. سەمەرقەنتنى قولغا كەلتۈرگىنىمىزدىن كېيىن ئۇ يەرگە سىز پادىشاھ
بولىسىز. بۇ تىلىكىمنى يەردە قويماڭ، — دېدى.

— بۇ يەرلەرنىڭ ھەممىسى ئاللانىڭ خان ئاتا.سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزـ

چە بولسۇن، — خالار-خالىماس رازى بولدى بابۇر مىرزا.

ئۇ چوڭ خانىنىڭ يېنىدىن چىقىپ كىچىك خان تۇرغان باغقا كەلدى. ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغان قەمبەر ئەلى قۇلىقىغا پىچىرلاپ دېدى:

— قولغا كەلتۈرگەن جايلارنى خان تارتىۋالدى. بۇلارغا ئەگەشسىڭىز ئىشىڭىز ئوڭدىن كەلمەيدۇ. دەرھال ئۇشقا قايتىپ كېتەيلى ھەم ئەھمەد تەنبەلگە ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ بىلەن يارىشىۋالايلى. شۇنداق قىلساق قولغا كەلتۈرگەن جايلارنى ئىنىڭىز بىلەن بۆلۈشۈپ، پادىشاھلىقىڭىزنى ساقلاپ قالالايسىز.

— ئاللا كۆڭلۈمگە بۇنداق يامان نىيەتنى سالغىنى يوق. بەگ-خانلار مېنىڭ يېقىن تۇغقىنىم. بۇلارغا ئەسكەر بولغىنىم تەنبەلگە شاھلىق قىلغىنىمدىن ئارتۇق. ئىككىنچى بۇنداق گەپلەرنى قىلغۇچى بولماڭ، — دېدى بابۇر مىرزا قەمبەر ئەلىنى ئاگاھلاندۇرۇپ.

كىچىك خان ئىچى تىت-تىت بولغان ھالدا مۇھەممەد ھۈسەيىن كوراگان، مۇھەممەد سەئىد مىرزىلار بىلەن ئۇنى كۈتۈپ سالاسۇنلۇق ئايۋاندا ئولتۇراتتى. بابۇر مىرزا يۈكۈنۈپ ئولتۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن ئېگىلىپ تەزىم قىلدى. ئەھمەدخان ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم قىلدى. ئاكا-ئۇكا مۇھەممەد ھۈسەيىن مىرزا ۋە مۇھەممەد سەئىد مىرزىلار يۈكۈنۈپ سالام بېرىشتى.

— ئۇش، ئۆزگەن قاتارلىق جايلارنى چوڭ خان ئالدىدا سىزگە ئۆتۈنۈپ بەردىم، — دېدى مەغرۇر ھالدا بابۇر مىرزا. ئۇنى يېنىدا ئولتۇرغۇزغان ئەھمەدخان رەھمەت ئېيتىشنىڭ ئورنىغا كۈلۈمسىرەپ قويدى.

# ئون ئۈچىنچى باب

# ئەخشىد توختامى

## 1

قاش قارايغان چاغ ئىدى. باغ ئىچىدىكى كۆل بويىدا تۇرغان سەئىد-خان ئىككى سەردارنىڭ دەرۋازىدىن ئالدىراپ كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆردى. "بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلگەن بولسا كېرەك. بۇ قېتىم بابۇر مىرزا ئاغا نەگە بارسا شۇ يەرگە مەنمۇ بارىمەن. ئاتامنىڭ تەييارغا ئىگە بولۇپ قالغانلىقى ياخشى بولىدى. سۇلتان مەھمۇدخان تاغام ئۇنداق قىلمىسا بولاتتى". ئۇ شۇنداق ئويلاپ بەگلەرنىڭ ئارقىسىدىن ئاتىسىنىڭ قارار گاھى بولغان باغنىڭ ئايۋانلىق مېھمانخانىسىغا كىردى. قارىسا بايىقى ئىككى سەردارنىڭ بىرى ئەمىر ئايازى، يەنە بىرى مۇھەممەد سەئىد مىرزا ئىكەن. ئۇلار شاھزادىگە سالام بەردى. بۆرە تېرىسى ئۈستىدە ئولتۇرغان ئەھمەدخان سەئىدخانغا "جىم تۇر!" دېگەن مەنىدە ئىشارەت قىلىپ، ئايازغا قارىدى.

— بابۇر مىرزا ئىگىلىگەن يەرلەرنى خان ئاكام ماڭا تارتۇق قىلىپ بېرىپتۇ. قوبۇل قىلمىسام ھۆرمەتسىزلىك قىلغان بولىمەن. قوبۇل قىلاي

دىسەم تەييارغا ھەييار بولغان خىسراۋ شاھتىن پەرقىم قالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەنجاننى ھۇجۇم بىلەن ئېلىش قارارىغا كەلدىم. بۇ قەلئەنىڭ ھاكىمى ئۆزۈن ھەسەن ناھايىتى ئالدامچى، خۇپسەن ئىكەن. بۇ ۋاقىتقىچە: "شەھەرگە ھۇجۇم قىلماڭلار. دەرۋازىنى ئۆزۈم ئېچىپ بېرىمەن. سەل تەخىر قىلىڭلار" دەپ بېكىنىپ ياتتى. نەچچە ئايدىن بېرى پەرغانىدە ئايلىنىپ يۈردۇق. بۇ يەرگە كېلىپ ياتقىنىمىزغىمۇ خېلى كۈنلەر بولدى. قارىغاندا ئۇ شايباقخاننىڭ سەمەرقەنتتىن قوشۇن باشلاپ كېلىشىنى كۈتۈۋاتقان ئوخشايدۇ. ئەھمەد تەنبەلمۇ ئوخسىدا جىم يېتىۋالدى.

— بىز مانا مۇشۇ مەسىلە توغرىسىدا خەۋەر ئېلىپ كەلدۇق ئالىيلىرى، — دېدى ئايازى، — مۇھەممەد سەئىد مىرزا تىڭتىڭلاش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئايغاقچىلار سەمەرقەنت، ئوخسىدىن قايتىپ كېلىشتى. ئالىيلىرى دېگەندەك شايبانىخان 30 مىڭ ئەسكەر بىلەن سەمەرقەنتتىن چىقىپ پەرغانىگە كېلىۋې-تىپتۇ. ئەھمەد تەنبەل ھەم 10 مىڭدەك چېرىك بىلەن ئوخسىدا جەڭگە تەييار بولۇپ تۇرۇپتۇ. ئەنجاننى ئېلىشتىن بۇرۇن شايبانىخاننىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئۇنى يوقىتىش لازىم. ئۇنى يوقاتماي تۇرۇپ ئەنجان، ئوخسى شەھەرلىرىنى ئالىمىز دېسەك ئۆزىمىز قورشاۋغا چۈشۈپ قالىمىز.

— بۇنى خان ئاكام بىلدىمۇ؟

— بىلدى، بابۇر مىرزىمۇ دەرھال ئاتلىنىپ شايبانىخانغا قارشى جەڭ ئېلان قىلىشقا قوشۇلدى. بىز ئۆزلىرىنى خەۋەردار قىلغىلى كەلدۇق.

ئايازى سۆزدىن توختاپ ئالدىغا قويۇلغان چايغا قول ئۇزاتتى.

— لەشكەرلەرنىڭ ھاردۇقى ئوبدان چىقتى. ئاتلىنىشقا بۇيرۇق بەر-سەكلا دەرھال يولغا چىقالايدۇ. خان ئاكام قايسى ۋاقىتتا يولغا چىقىشنى ئېيتتى؟ — سورىدى سۇلتان ئەھمەدخان.

— تاڭ قاراڭغۇسىدا، — جاۋاب بەردى مۇھەممەد سەئىد مىرزا.

— بۈگۈن كېچە تاڭ قاراڭغۇسىدىمۇ؟

سەئىدخاننىڭ بۇ سوئالى ئەھمەدخاننى تېرىكتۈردى:

— بۇگۈن كىچە بولماي قاچان بولاتتى؟ چوڭلار ئالدىدا جىم ئولتۇرۇشۇڭ كېرەك ئوغلۇم.

— سورىغانىنىڭ نېمە يامىنى بار خان ئاتا؟ — دېدى سەئىدخان، — بىلىۋالسام ياخشى ئەمەسمۇ؟ ئانام، ئۇكىلىرىم بىلەن خوشلىشىپ، بابۇر مىرزا ئاغام بىلەن بىللە شايباق ئۈستىگە قوشۇن تارتىپ بېرىشقا تەييارلىق قىلىۋالمامدىمەن؟

ئەھمەدخاننىڭ تۇتۇلغان چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.

— بارغىن، ئاناڭ بىلەن يىغلىماي خوشلىشىۋالغىن. تۈن يېرىمدىن ئۆتكەندە يولغا چىقىمىز...

سەئىدخان بۇ كېچە ئۇخلىمىدى. تۈن يېرىم بولغاندا بۇرغا-كاناي-لار چېلىنىپ، 30 مىڭدىن ئارتۇق لەشكەر ئانچە يىراق بولمىغان ئەنجان قەلئەسىگە قاراپ ئاتلاندى.

ئەھۋالنى كۆزەتكىلى ئەنجان سېپىلى ئۈستىگە چىققان ئۇزۇن ھەسەن بەگ-سەردارلىرىغا سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ھۇجۇمنى قايتۇرۇپ، شەھەرگە كىرگۈزمەسلىك توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئۇزاق ئۆتمەي خانلارنىڭ قوشۇنى ئاستا-ئاستا شەھەردىن يىراقلاشتى. ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن قىلىچ يالىڭاچلاپ دەرۋازا ئۈستىگە كەلگەن ئۇزۇن ھەسەن نېمە ئۈچۈن خانلارنىڭ ئەنجاننى ئېلىشتىن ۋاز كەچكەنلىكىنى چۈشىنەلمەي تېڭىرقاپ قالدى.

## 2

سەئىدخان ئۆز نەۋكەرلىرى بىلەن بابۇر مىرزىغا يانداشىپ كېتىۋاتات-تى. ئۇلار بىر كۈندۈز، ئىككى كېچە يول يۈرۈپ ئەخشى دېگەن يەرگە كېلىپ توختىدى. شايبانىخانمۇ 30 مىڭ ئەسكىرى بىلەن سەمەرقەنتتىن بۇ يەرگە ئەمدىگىنە يېتىپ كەلگەنىدى.

تاڭ قاراڭغۇسى سۈزۈلۈپ ئاسماننىڭ يۈزى ئاقىرىشقا باشلىدى.

"ئاللاھۇئەكبەر، ئاللاھۇئەكبەر..."

شايبانىخان ۋە سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ قوشۇنى ئىچىدىن تەكلا ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى. ھەر ئىككى تەرەپ جەڭ قىلمايدىغاندەك بىر سىرلىق قىياپەتتە بامدات نامىزىنى ئۆتىدى.

ئۇپۇق يۈزىدە قىزىل شەلپەر پەيدا بولدى. كۆلگە، دەرياغا، ياپراق يۈزىگە شەپەق جۇلا تاشلىدى.

شەرق تەرەپتىكى ئاسمان بىلەن يەرنىڭ تۇتاشقان جايىدا قان دەريا-سى دولقۇنلانغاندەك بىر ھالەت كۆرۈندى. ياق، ئوت كەتكەندەك بولۇپ يالقۇن كۆتۈرۈلدى.

بىردىن كۈن يالقىپ چىقتى. ھەر ئىككى تەرەپتىكى پىيادە، ئاتلىق ئەسكەرلەر جەڭگە كىرىش ئالدىدىكى جىددىيلىك ئىچىدە سەپراس بولدى.

ئەھمەدخان ئۆز ئەمىر-سەردارلىرى بىلەن سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئوڭ تەرىپىدىن، ئەمىر مۇھەممەد ھۈسەيىن كوراگان، سەئىد مۇھەممەد مىرزا سول تەرىپىدىن، بابۇر مىرزا ئۆز ئادەملىرى بىلەن ئايرىم ھالدا ئورۇن ئىگىلىدى. سەئىدخان شايبانىخان بارگاھىنىڭ ئىككى قانىتىدىكى ئاتلىق، پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ ھەرىكىتىگە كۆز سالغان ھالدا بابۇر مىرزىغا يانداشىپ تۇراتتى. ئۇ مۇشۇ تاپ جەڭنىڭ باشلىنىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتات-تى. شايبانىخان تەرەپتىن جەڭ دۇمبىقىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ قول سىلكىشى بىلەن بۇ تەرەپتىمۇ جەڭ دۇمبىقى چېلىنىپ ئەسكەرلەر جىددىي ھالەتكە ئۆتتى.

شايبانىخاننىڭ بىر چەۋەندازى ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە مەيدانغا كىردى. ئۇ ئۆزۈن نەيزىسىنى ئاسمانغا ئېتىپ تۇتۇۋېلىپ دېدى:

— ئى ئۆزىنى چاغلىماي خوجا ئاكىسىغا شىلتىڭ ئاتقان ئەقلى قىسقا خان، بېشىڭ تېنىڭدە ۋاقتىدا قىلىچىڭنى بوينۇڭغا ئېسىپ شۆھرەتلىك شاھىجاھان شايبانىخان ئالىيلىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ گۇناھىڭنى تىلە! بولمى-

سا سېسىق قېنىڭنى بۇ قاغجىرىغان يەرگە ئاققۇزۇشقا مەجبۇر بولمەن.

غەزەپتىن قىزارغان يۈزىنىڭ گۆشلىرى تارتىشىپ كەتكەن سۇلتان مەھمۇدخان ئوڭ ۋە سول تەرىپىدىكى ئەمىر-سەردارلىرىغا قارىدى. ئەھمەدخان، سەئىد مۇھەممەد مىرزا باشلىق ئون نەچچە سۇلتان ۋە تۇمەن بەگلەر ئۇنىڭ ئالدىغا تەگلا كېلىپ، شايىبانىخان مەيدانغا چۈشۈرگەن چەۋەندازنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ كېلىش ئۈچۈن ئىجازەت سورىدى. ئۇلارغا يانداشىپ كەلگەن سەئىدخان:

— خان ئاتا، ماڭا[1] رۇخسەت بېرىڭ. ئۇ ئەبلەخنىڭ جاجىسىنى مەن بېرىپ كېلەي، — دېدى سۇلتان مەھمۇدخانىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ. ئەھمەدخان ئۇنىڭغا نارازى بولغاندەك ھومىيىپ قاراپ قويدى.

— جەڭنىڭ دەسلەپىدىلا سىلەر مەيدانغا چۈشسەڭلار قانداق بولىدۇ؟ سەربازلىرىڭلار ئىچىدە ئۇنىڭغا تاقابىل كەلگىدەكلىرى يوقمۇ؟ — سورىدى سۇلتان مەھمۇدخان.

— بار، — دېيىشتى تۇمەن بەگلەر.

— نېمىشقا بولمىسۇن، — دېدى ئەھمەدخان. ئاچچىقلانغىنىدىن ئۇنىڭ قېنى يۈزىگە تېپىپ، چېكە تومۇرلىرى كۆپۈپ چىققانىدى.

— بار، — دېدى سەئىد مۇھەممەد مىرزىمۇ، — ئەلۋەتتە بار.

— ئۇنداق بولسا سىپىڭلارغا قايتىپ شۇنداق ئەزىمەتتىن بىرنى مەيدانغا چۈشۈرۈڭلار.

ئەھمەدخانلار كەتكەندىن كېيىن ئۇ سەئىدخانغا دېدى:

— بالام، بۇنداق ئالدىراقسانلىق قىلما. باتۇرلارنىڭ جەڭ مەيدانىدىكى ماھارىتىنى ئوبدان كۆرۈپ ئۇلاردىن ئۆگەن. سەن تېخى ياش، يەكمۇيەك جەڭگە كىرىدىغان چاغلىرىڭ تېخى ئالدىڭدا. ھازىرچە سەبرى قىلىپ جەڭ مەيدانىغا قاراپ ماھارەت ئىگىلە.

سەئىدخان تاغىسىغا تىكىلىپ قاراپ گەپ قىلماستىن ئارقىسىغا ياندى. رۇخسەت قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ناھايىتى ئاچچىقى كېلىپ لىۋىنى چىشلەپ

قانتتۇەتتى. بابۇر مىرزا ئۇنىڭ لېۋىدىن ئېقىپ تۇرغان قاننى كۆرۈپ دېدى:
— ئىنىم سەئىدخان، ئىنسانىنىڭ لېۋى ئاچچىقى كەلگەندە چىشلەپ
قان ئاققۇزۇش ئۈچۈن يارىتىلمىغان. ئۇ دوستلارنى شاد ئېتىدىغان، دۈش-
مەنلەرنى مات ئېتىدىغان سۆزلەرنى قىلىش، يۈرەكنى تىترىتىدىغان ناخشى-
نى ئېيتىش، گۈزەل دىلبەرنى ئۆپۈش، يىغلاش، كۈلۈش ئۈچۈن يارىتىل-
غان. ئۇنى نابۇت قىلىشقا بولمايدۇ. دۈشمەنگە سىر بەرمەسلىك ئۈچۈنلا
كالپۇكنى چىشلەش دۇرۇس بولىدۇ، — بابۇر مىرزا سۆزدىن توختاپ
جىددىي تۈس ئالدى، — بۇ گېپىمنى چۈشەنگەن بولسىڭىز، بىلىپ
قېلىڭكى، جەڭ ئەمدىلا باشلاندى. يالغۇز مەيدانغا چۈشكەن پالۋانلار مەيلى
يېڭىلسۇن، مەيلى يەڭسۇن ئۆز هاياتى بەدىلىگە جەڭنى قىزىتىش رولىنى
ئوينايدۇ. يېڭىش — ئەمىر لەشكەر بولغان كىشىنىڭ جەڭنى پىلانلىق،
قەيسەرلىك بىلەن ئېلىپ بېرىشىغا، ئەسكەرلەرنىڭ يېڭىشكە ئىشەنچ باغلاپ
باتۇرلۇق بىلەن ئېلىششىغا باغلىق. كۆزۈڭىزنى ئېچىپ قاراڭ. شايبانىخان
ئەسكەرلىرى قانداق رەتلىك سەپ تۈزگەن-هە... هەممىسى بىزگە ئېتىل-
مەن دەپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ. بىزنىڭچۇ؟ تۇغ-ئەلەملىرىمىز شۇنچە كۆپ،
تۈزۈلگەن سەپلەر رۇست ئەمەس. ئەسكەرلىرىمىز هارغىن، بوشاڭ. ئەمىر
لەشكەر بولسا قارامىلىق بىلەن بولۇشىغا جەڭ قىلىپ كەلگەن كىشى.
باشقىلارنىڭ گېپىگە كىرمەيدۇ. ئەسكەرلىرى بولسا قېچىشقا تەييار تۇرغاندەك
بىر كۆزى ئارقىدا. مەن بىللە كەلمىسەم بوپتىكەن. سەئىدخان ئۇكام،
سۇلتان مەهمۇدخان تاغىمىز مېنى ئەمىر لەشكەر قىلىپ تەيىنلىگەن بولسا،
بۇ ئەسكەرلەرنىڭ يېرىمىنى ئۆيلىرىگە قايتۇرۇۋېتىپ، قالغان يېرىمىنى جەڭ-
گىۋار سەپ قىلىپ تۈزۈپ، شايبانىخاننى پۈتۈنلەي تارمار قىلغان بولاتتىم.
ئەپسۇسكى، هازىر تېخى ماڭا ئۇنداق بەخت نېسىپ بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ.
لېكىن ئاقىۋەت بىر كۈنى يېقىلماس بىر تۇغنى تىكلەيمەن، — بابۇر مىرزا
قولىنى بىر سىلكىپ سۆزدىن توختىدى.
— ئاغا، سىز يۈكسەك جاسارىتىڭىز بىلەن كۆڭلۈمنى مايىل قىلىۋال-

دىڭىز. ھېلى ھەم بولسىمۇ چوڭ خانغا پىلانىڭىزنى بىلدۈرۈپ باقامسىز؟ مەغلۇپ بولغاندىن كۆرە، غەلىبە قىلىش يولىنى ئىزدەپ تېپىۋالسا ئەجەب ئەمەس، — دېدى سەئىدخان تاقەتسىزلىنىپ.

— پىلانىمنى چوڭ-كىچىك خان تاغاملار بىلىدۇ. لېكىن ماڭا يول قويمايدۇ. ئۆزلىرىمۇ قىلىشالمايدۇ. ئاچچىق ساۋاققا ئىگە بولىدىغان بولدۇق. ئىنىم، جەڭ مەيدانىغا قاراڭ، بىز تەرەپتىن تاغىمىز چوڭ خاننىڭ پالۋان-سەردارلىرىدىن بىرى بولغان ھەسەنبەگ بارلاس مەيدانغا كىردى...

بابۇر مىرزا قولى بىلەن مەيداننى كۆرسەتتى.

ھەسەنبەگ بارلاس بىر ئومۇتنى[1] باش ئۈستىدە ئايلاندۇرغىنىچە مەيدانغا كىرىپ، شايبانىخاننىڭ پالۋانىغا:

— ئى تۇزكور، زالىم شايباقنىڭ پەسەندە غالچىسى، نېمە دەپ ئالجىۋاتىسەن؟ — دەپ توۋلىدى-دە، ئومۇتنى ئۇردى.

شايبانىخاننىڭ پالۋىنى ئېتىنى دەررۇ چەتكە بۇرىدى. ئومۇتنىڭ پۇتاق-لىق چويۇن بېشى ئايلىنىپ كېلىپ ھەسەنبەگ بارلاس ئۆزى مىنگەن ئاتنىڭ ئالدى پۇتىغا تەگدى. ئات شۇ ھامان ئالدىنقى ئىككى تىزىنى پۈكۈپ دۈم يىقىلدى. ھەسەنبەگ بارلاس ئىككى مېتىر يىراقلىققا ئۇچۇپ چۈشتى. قويۇقچە شايبانىخاننىڭ پالۋىنى ئۇنىڭ گەجگىسىگە نەيزە سانجىدى...

— باركاللا، سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ بىر قانىتىنى سۇندۇردۇڭ. ئىك-كىنچى قانىتىنىمۇ سۇندۇر. ئۇ ئەبەدى ئۇچالماي قالسۇن. بۇ دۇنيادىن ئارماندا كەتسۇن. ئاپىرىن ساڭا باتۇرۇم! ئۇنىڭ بېشى ئۈستىدىن تىللا چېچىڭلار، — دېدى ئات ئۈستىدە ئولتۇرغان شايبانىخان ھاياجانلىنىپ. قىرقىما بۇرۇت، قارا ساقال، يىلانكۆز بۇ ئادەمنىڭ يۈزى يۇملاق بولۇپ، قۇلاقلىرى ئېڭىكىگە تۇتاشقانىدى. كېلىشكەن قامىتى ئالتۇن يالىتىلغان دۇبۇلغا، كۈمۈش ساۋۇت بىلەن بەھەيۋەت كۆرۈنەتتى. بۇ ئادەم مەيلى ئەمىر

[1] ئومۇت — ئۇزۇن ساپلىق، پۇتاقلىق توقماق، ياغاچتىنمۇ، تۆمۈردىنمۇ ياسىلىدۇ.

تۆمۈر، مەيلى چاغاتاي ئەۋلادى بولسۇن ھەممىسىنى ئۆچ كۆرەتتى. خارەزىم، ماۋارائۇننەھردە ئۆز ھامىلىقىدىكى چوڭ دۆلەتنى بەرپا قىلىش ئۇنىڭ نىشانى ئىدى. سۇلتان مەھمۇدخاننى يوقاتساملا ئارزۇيۇمغا يېتىمەن، دەپ ئويلايتتى. تولۇق ئىسمى مۇھەممەد شاھىبەگخان ئىدى. كىشىلەر ئۇنى شايبانىخان دەپ ئاتاپ ئادەتلىنىپ قالغانىدى. مىرزا ئابابەكرىدەك رەھىمسىز ئىدى. ئەمما دائىم كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. سۇلتان شايبانىخاننىڭ خەزىنىدارى بىر ئېدىشتىقا ئون تىللانى سېلىپ ئاتلىق بىر چەۋەندازغا بەردى. ئۇ مەيدانغا كىرگىنىچە قىلىچ ئويىنىتىپ تېرىسىگە سىغماي قالغان پالۋان ئۈستىگە تىللا چاچتى. ئۇنىڭ تۆمۈر ساۋۇت يېپىپ تۇرغان مۈرىلىرىدىن جىرىڭلاپ توپا يەرگە چۈشكەن تىللا پارىلداپ، ھەر ئىككى تەرەپتىكى ئەسكەرلەرنى جەلپ قىلدى.

ھەسەن بارلاسنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى سۇلتان مەھمۇدخان ئەسكەرلىرىنىڭ سېپىدە ئەنسىزلىك پەيدا قىلدى.

— قېنى، قايسى باتۇر ھەسەن بارلاس ئۈچۈن ئىنتىقام ئالىدۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى قەھرى بىلەن ئەھمەدخان.

— مانا مەن، — مايمۇنبەگ لەقەملىك سەردار ئات يۈگۈرتۈپ ئالدىغا چىقىپ چوڭ خاندىن ئىجازەت سورىدى. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى قارا سۇلتان بولۇپ، يۈز-كۆزلىرىنى قاپقارا تۈك بېسىپ كەتكەن ئادەم ئىدى.

— بار، ئاللاغا تاپشۇردۇم سېنى، — دېدى سۇلتان مەھمۇدخان.

ئۇ ئات چېپىپ بارغىنىچە ئېڭىشىپ ئون تىللانى تېرىۋالدى.

— ئى شايباقخان، بەرگەن ئۈستىڭگە رەھمەت. ئەمدى بۇ مىلىگ-ىنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن ئىسقات[1]تەييارلاپ قوي! — قارا سۇلتان كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ تۇرغان شايبانىخان پالۋانغا قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئۆلۈپ كېتىشىڭدىن بۇرۇن ئات-جونۇڭنى دەۋال. بولمىسا پۇشايماننى

① ئىسقات — كىشى ئۆلگەندىن كېيىن كەمبەغەللەرگە بېرىلىدىغان نەپىقە.

ئالغىلى قاچا تاپالماي قالسەن كالۋا!

— كۆرمىگەن بولساڭ كۆرۈۋال، بىلمىگەن بولساڭ بىلىۋال. پالۋانى جاھان، جەڭلەر ئارا ئارسلان، ئالەم كېزەر يەل تاپان، پىداكارى شايانىخان ئىلياس ئابدۇلقۇددۇس باھادىر بولىمەن. يۇرتۇم بۇخارا، كەسپىم نەيزىۋاز، ئۆزۈڭگە ئاگاھ بول، — ئۇ سۆزلەۋېتىپ نەيزىنى ئاسمانغا ئاتتى.

— قارا سۇلتان دۈشمىنىنىڭ ئاۋۋال قول سېلىشىنى كۈتۈپ پىسەنتىگە ئىلمىغان قىياپەتتە تۇردى. ئۇنى يەردىن تېرىۋالغان ئون تىللا مەغرۇرلاندۇ-رۇپ قويغانىدى.

ئىلياس پىرقىراپ چۈشكەن نەيزىسىنى ئوڭ قولىدا تۇتۇۋېلىپ قارا سۇلتانىنىڭ گېلىغا تىقماقچى بولۇۋېدى، ئۇ بېشىنى ئىگەرگە قويۇپ ئۆزىنى قاچۇرماقچى بولدى. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ئىلياس چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ دۈمبىسىگە نەيزە ئۇردى. ساۋۇت كارغا يارىمىدى. نەيزە كۆكرەك قىسمىنى تېشىپ ئۆتۈپ ئىگەرگە ھەم سانجىلدى. قارا سۇلتان ”قىخ... قىخ...“ قىلغىنىچە قىڭغىيىپ ئاتتىن يىقىلدى. ئىلياسمۇ ئاتتىن چۈشۈپ ئۇنىڭ قوينىدىكى ھېلىقى ئون تىللانى ئالدى ۋە جىرىڭلىتىپ ئېتىپ ئوينىلاپ:

— ماڭا مەنسۇپ بۇ بايلىقنى تارتىپ ئالدىغانلار يەنە بارمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

بابۇر مىرزا چوڭ خان ئالدىغا كېلىپ تىزلانمايلا قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ دېدى:

— خان تاغا، ماڭا ئىجازەت بېرىڭ، ئۇ مەلئۇننىڭ ھايات چىرىغىنى ئۆزۈم ئۆچۈرەي.

ئىككى باتۇرىدىن ئايرىلغان سۇلتان مەھمۇدخان يۈرىكى ئېچىشىپ ئۇلتۇرالماي قالغانىدى. ئۇنىڭ ئىككىنچىسىنىڭ بۇ ئوغلىغا رۇخسەت قىلغۇسى يوق ئىدى. بابۇر مىرزىنىڭ جاسارەتلىك قامىتىگە، ۋۇجۇدىدىن ئۇرغۇپ تۇرغان قورقۇمسىزلىقىغا قايىل بولۇپ:

— بار ئوغلۇم، خۇدا ساڭا ئۆزى مەدەت قىلسۇن، — دېدى. بابۇر مىرزا ھەم قولىغا نەيزە ئالغاندى. ئۇدۇل بارغىنىچە:

— ئى تېگى پەس قۇل، سەن خوجايىنىڭ ئىتقا سۆڭەك تاشلىغاندەك تاشلاپ بەرگەن ئاشۇ 10 تىللانى بايلىق سانامسەن؟ مەن ئۇ بايلىقىڭنى ئەمەس، جېنىڭنى ئەزرائىلغا تاپشۇرتقىلى كەلدىم. قېنى، ئۇر نەيزەڭنى — دېدى ئۇ بىر قولى بىلەن ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، يەنە بىر قولىدىكى نەيزىنى ئىلياسقا كۆز-كۆز قىلىپ.

— ئى چىرايلىق بەچچە، سەن بىزگە چۆرىلىككە يارايدىكەنسەن. ساڭا نەيزە ئۇرمايمەن. ئات ئۈستىدىن يۇلۇپ ئېلىپ، ئوغلاقتەك تېقىمىمغا باستۇرۇپ ئېلىپ كېتىمەن.

ئىلياس ئۇنىڭغا قول ئۇزاتتى. بابۇر مىرزا نەيزىسىنى ئىلياس مىنگەن چىلان تورۇقنىڭ بىقىنىغا تىقىۋەتتى. قاتتىق ئاغرىققا چىدىيالمىغان ئات ئالدى پۇتلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئىككى قېتىم قاتتىق چاپچىدى ۋە سەنتۈرۈلۈپ يىقىلدى. ئىلياسنىڭ بىر پۇتى ئاتنىڭ ئاستىدا قالدى. بابۇر مىرزا قىلىچىنى غىلاپتىن سۇغۇرۇپ، ئىلياسنىڭ بوغۇن-بوغۇن بولۇپ كەتكەن گەردىنىگە ئۇردى. تەندىن ئاجرىغان كاللا سەكرەپ-سەكرەپ بابۇر مىرزىنىڭ ئېتىنى ھۈركىتىۋەتتى. ئۇ تىزگىنىنى قاتتىق تارتىپ، توپىغا مىلەنگەن كۆزى ئوچۇق كاللىغا شۇنداق كۆز سېلىپ تېنى شۈركەنگەندەك بولدى. ئۇ ئېتىنى ئۇدۇل شايبانىخان بارگاھى تەرەپكە چاپتۇردى.

— ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئەۋلادىغا خاس باتۇرلۇق قىلدىڭ!

— خارەزىمنىڭ شاھلىقى مەڭگۈ ساڭا مەنسۇپ!

— شايبانىخانغا ئۆزۈڭلا تېتىغۇدەكسەن!

سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئەمىر-بەگلىرى قاتتىق ۋارقىرىشىپ ئۇنىڭغا مەدەت بەردى.

”بۇ نەۋرە ئاكام ھەقىقەتەن باتۇر ئىكەن. بەستى ئۆزىدىن بىر ھەسسە چوڭ دۈشمەننى يەر چىشلەتتى. ئۇنىڭ رەھىمىتىنى جەڭدە ئېيتىمەن،

دېگىنى راست ئىكەن. مەن قايىل بولدۇم“ دەپ ئويلىغان سەئىدخان بىرنەچچە نەۋكىرى بىلەن ئات چاپتۇرۇپ مەيدانغا كىرىپ بابۇر مىرزىغا يىراقتىن كۆز سېلىپ تۇردى.

— ئى شاياقخان، — دېدى بابۇر مىرزا 50 قەدەم ئارىلىق قالغاندا توختاپ، — ئۆزۈڭنى مەردلەردىن ھېسابلىساڭ سۆزۈم تۈگىگىچە قۇلاق سالىسەن. نامەرد بولساڭ سۆزۈمنى ئاڭلاشنى خالىمايسەن-دە، مېنى تىرىك تۇتۇش قەستىدە بولىسەن ...، — بابۇر مىرزا توختاپ جاۋاب كۈتتى.

— چىرايلىق يىگىت، سۆزۈڭنى داۋاملاشتۇر. ئاۋازىڭمۇ يېقىملىق ئىكەن. قېنى ئاڭلاپ باقاي. ئەمدى قېچىپ قۇتۇلالمايدىغىنىڭ ئۆزۈڭگە ئايان بولغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئات ئۈستىدە گېدىيىپ ئولتۇرغان شايبانىخان. ئۇنىڭ مىيىقىدىكى كۈلكىسى يوغان بۇرۇن تۆشۈكلىرىنى كېڭەيتىپ، يۈزىنى تارتىشتۇرۇپ قويغانىدى. ئۇ غەزەپلەنگەندە چىرايىدا ئەنە شۇنداق يېقىمسىز كۈلكە جىلۋىلىنەتتى.

— سەن شاياقخان ماۋارائۇننەھردە پەيدا بولۇپ قالغان زەھەرلىك يىلانسەن. كۈشۈلداپ تىلىڭنى چىقىرىپ نەشتەر سالمىغان ئەمىر تۆمۈر ئەۋلادىدىن بىرەرمۇ ئادەم قالمىدى. ئەمدى چاغاتاي ئەۋلادىغا نەشتەر تەڭلەپ تۇرۇپسەن نامەرد. سېنىڭ نامەردلىكىڭ شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، ئالدانغان مەزلۇمە ئانىغا[1] بەرگەن ۋەدەڭگىمۇ ۋاپا قىلماي، بىگۇناھ سەبىي ئىنىمىز سۇلتان ئەلىنى ئۆلتۈردۈڭ. يەنە قايسى بىگۇناھلارنىڭ بېشىغا چىقىسەن؟ بۇنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. ئەگەر سەندە قىلچىلىك ئادىمىيلىك غۇرۇر بولسا مەيدانغا چىق! بىر ئېلىشىپ كۆرەيلى.

شايبانىخان قاقاقلاپ كۈلۈپ قولى بىلەن ئىشارەت قىلىۋېدى، بىر توپ ئاتلىق قويۇندەك يوپۇرۇلۇپ بابۇر مىرزىغا ھۇجۇم قىلدى. كۆز سېلىپ

---

① ئالدانغان ئانا — سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ ئارزۇلۇق توقال خوتۇنى ئىدى. شايبانىخانىنىڭ ئادەم قويۇپ ئالدىشى بىلەن يوشۇرۇن ھالدا ئوغلى سۇلتان ئەلىنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغابارىدۇ. شايبانىخان سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ كۆزدەك ئوغلى سۇلتان ئەلىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.

تۇرۇشقان بابۇر مىرزىنىڭ ئەسكەرلىرى ئۇنى قوغداش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئاتتى. سەئىدخان ساداقنى قولىغا ئېلىپ ئاتنى چاپتۇرغىنىچە جەڭ مەيدانىغا چۈشتى. ئۇ ئۆزى سوۋغا قىلغان قىلىچ بىلەن شۇنچە دۈشمەن ئەسكىرىگە بوي بەرمەي جەڭ قىلىۋاتقان بابۇر مىرزىدىن جاۋابقا ئېرىشكەندەك بولدى. خىيالىدا: «قايسىڭ بابۇر مىرزىنىڭ جېنىغا قەست قىلماقچى بولىشىدىكەن-سەن، جاجاڭنى يەيسەن» دەپ يانىڭ كىرىپچىنى كېرىپ ئوقنى بەتلىدى. بابۇر مىرزا ياندىن كېلىپ چاپماقچى بولغان دۈشمەننىڭ قولىنى يەلكىسىدىن كېسىپ تاشلىدى. يەنە بىر دۈشمەن ئۇنىڭ بېشىغا ئۇمۇت ئۇرماقچى بولۇۋىدى، قىلىچ بىلەن قارنىنى چۇۋۇۋەتتى. سەئىدخان ئاپىرىن ئوقۇپ ئىختىيارسىز ھالدا ئاتنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋەتتى. ئېگىز بويلۇق بىر دۈشمەن بابۇر مىرزىنىڭ كەينىدىن تۇيدۇرماي كېلىپ نەيزە ئۇرماقچى بولدى. بۇنى كۆرگەن سەئىدخان تىزگىننى تارتىپ ئېتىنى توختاتتى-دە، تېزلىكتە قارىغا ئېلىپ ساداقتىن ئوق ئۈزدى. نەيزىسىنى بابۇر مىرزىنىڭ تاغىقىنىڭ ئاستىغا ئۇرماقچى بولغان دۈشمەننىڭ گەجگىسى كۆيگەندەك بولۇپ، كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى-دە، كېسىلگەن تېرەكتەك ئوڭدىسىغا ئۆچۈپ كەتتى. بابۇر مىرزا ئۇنى سەئىدخاننىڭ ئوقى يىقىتقانلىقىنى بىلمىدى. دەم ئالدىغا، دەم ئارقىغا، گاھ ئوڭغا، گاھ سولغا ئات يۈگۈرتۈپ جەڭ قىلىپ، ئاخىرى قورشاۋنى بۆسۈپ چىقتى.

شۇ ئەسنادا شايبانىخان پۈتۈن قوشۇنى بىلەن سۇلتان مەھمۇدخان ئەسكەرلىرىگە تەرەپ-تەرەپتىن ھۇجۇم باشلىدى. ئىككى ياقا مۆكتۈرۈپ قويغان چەۋەندازلىرىمۇ سۈرەن سالغىنىچە باستۇرۇپ كەلدى...

ئۈچ كۈن قاتتىق جەڭ بولدى. قەدىردان دوستى ھەسەن مىرزا دۈشمەن ئارىسىدا قېلىپ تېنى پارە-پارە بولۇپ كەتتى. تۆتىنچى كۈنى سەپ بۇزۇلۇپ ئەسكەرلەرنىڭ قېچىشقا باشلىغانلىقىنى كۆرگەن سۇلتان ئەھمەدخان قىلىچىنى غەزەپ بىلەن سۇغاردى.

— دۈشمەندىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. جەڭ مەيدانىغا مەردلەر-

چە كىرگەن ئىكەنمىز، مەردلەرچە ئىلىشايلى، — دەپ ۋارقىراپ ئات سالدى. ئۇ ناھايىتى ماھىر قىلىچۋاز ئىدى. بۆرىدەك ئېتىلىپ كەلگەن دۈشمەننى سۇلتان مەھمۇدخان تەرەپكە يېقىن يولاتمىدى. ئۇ ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ ئوغلى سەئىدخاننى كۆرەلمىدى. شۇ چاغدا شائىر ئاپازى ئەھمەدخانغا ئۆزىنى ئېتىپ، دۈشمەن بىلەن ئېلىشىۋاتقان خاننى ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالدى. ئەھمەدخانغا ئېتىلغان يا ئوقى ئاپازىنىڭ كۆكسىگە تېگىپ دۈمبىسىدىن چىققانىدى. ئۇ ئەھمەدخاننىڭ قۇچىقىدا شاھادەت ئېيتىپ جان ئۈزدى.

سەئىدخاننى كۆزدىن يوقىتىپ قويغان بابۇر مىرزا بىردىنلا ئۇنىڭ ساداقىنى بەتلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى.

«ئاۋۇ يەردە ئىكەنغۇ، يېنىغا باراي» دەپ تۇرۇشىغا سەئىدخان ئوق ئۈزدى. ئۇنىڭ ئاتقان بۇ ئوقىنىڭ شايبانىخاننىڭ مۇرىسىگە تېگىدىغانلىقىنى ھېچكىم خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. شايبانىخان مۇرىسىگە بىرنەرسە قادالغانلىقىنى سېزىپ ئاتتىن يىقىلىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن كۈمۈشتىن قىلىنغان ئىگەر بېشىنى چىڭ تۇتۇۋالدى.

— خان ھەزرەتلىرى، مۇرىلىرىگە ئوق تېگىپتۇ. بارگاھقا قايتقان بولسىلا، — دېدى ئۇنى قوغداپ كېلىۋاتقان لەشكەر بېشى جانىبەگ سۇلتان ۋە ئاتنىڭ تىزگىنىدىن تارتىپ بارگاھقا ئېلىپ كەلدى. شايبانىخاننىڭ تېۋىپى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن يا ئوقىنى ئۇنىڭ مۇرىسىدىن ئېلىپ، يارىغا مەلھەم سۈرتۈپ تېڭىپ قويدى.

— ئارام ئالسىلا شاھىم، — دېدى جانىبەگ سۇلتان.

— خۇراسان، ماۋارائۇننەھرنى تولۇق قولۇمغا كىرگۈزمەي تۇرۇپ تەكىيە تۇتۇپ يېتىشنى ئۆزۈمگە ھارام بىلىمەن. ماڭا ئوق ئۈزگەن مەرگەننى دەرھال تىرىك تۇتۇپ كېلىڭلار، — شايبانىخاننىڭ چىرايىدىكى كۈلكە جانىبەگ سۇلتاننى «خوپ» دېيىشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇ بارگاھتىن چىقىپ سۇلتان مەھمۇدخان ئەسكەرلىرىنىڭ پىتىراپ ھەريانغا قاچقىلى تۇرغانلىقى-

نى، ئارقا-ئارقىدىن ئەسىرگە چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردى. شايىانىخانغا ئوق ئاتقان كىشىنىڭ ياشلا يىگىت ئىكەنلىكىنى بايا بىلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ سەئىدخان ئىكەنلىكىدىن بىخەۋەر ئىدى. ئۇ قويۇق بۇرۇتىنى سىلاپ قويۇپ، بىر توپ ئەسكەر تويلىشىۋالغان يەرگە ئات چېپىپ باردى. ئوتتۇرىدا بايا شايىانىخانغا ئوق ئاتقان ياش يىگىت باغلانغان ھالدا تۇراتتى. ئەھمەد تەنبەلنىڭ ئەسكەرلىرى ئۇنى سالما تاشلاپ، ئوق ئېتىپ يارىلاندۇرۇپ تۇتۇۋالغانىدى. بىرلىرى قىلىچ ئۇرماقچى، بىرلىرى نەيزە سانجىماقچى بولۇپ تۇرۇشاتتى.

— توختاڭلار، — جانىبەگنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئەسكەرلەر جىم بولۇشتى.

— بۇنى تېزدىن بارگاھقا ئېلىپ بېرىڭلار، — بۇيرۇدى ئۇ.

— مەن ئېلىپ بارىمەن، — دېدى ئەھمەد تەنبەل. ئۇنىڭ كۆزلىرى قانغا تولغانىدى.

ئۆزىنىڭ ئەسىرگە چۈشۈپ قالغىنىغا قاتتىق ئېچىنغان شاھزادە لېۋىنى چىشلەپ ئاستا ماڭدى. جەڭ مەيدانى ئۆلۈك بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. ئەھمەد تەنبەل ئۇنى شايىانىخاننىڭ بارگاھى ئالدىدا توختاتتى. تۆشەكتە يېنىچە ئولتۇرغان خان كۆز سېلىپ ھەيرەتتە قالدى. "ئەجىبا، مېنى مۇشۇ ئاغزىدىن سۈت تېمىپ تۇرغان گۆدەك ئاتتىمىكىنە؟ كىمنىڭ ئوغلىدۇبۇ؟"

— ئېتىڭ نېمە؟ — سورىدى شايىانىخان كۆزگە ئىلمىغان ھالدا سوغۇق نەزەر تاشلاپ. ئۇنىڭ يەلكىسى قاتتىق ئاغرىپ تۇرغاچقا چىرايىدىكى سوغۇق كۈلكە غايىب بولغانىدى.

— سەئىدخان، — جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن جاۋاب بەردى.

— كىمنىڭ ئوغلى؟

— ئەھمەدخان بىننى يۇنۇسخان ئوغلىمەن.

— ھە، مۇنداق دە، شاھزادە.

— نېمىشقا ماڭا ئوق ئاتتىڭ؟

— ئەل-يۇرتۇمنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن.
— تۇتۇلۇپ ئۆلتۈرۈلۈشۈڭدىن قورقمىدىڭمۇ؟
— جېنىمنى ئەلگە ئاتىغانمەن.
— ماڭا خىزمەت قىلىشنى خالامسەن؟
— ياۋۇز بېشىڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىشنى خالايمەن.

شايىانىخان چۆچۈپ زۇۋان سۈرمەي تۇرۇپ قالدى. ئۇ بۇنداق جاۋاب ئالىمەن دەپ ئويلىمىغانىدى. ئۇنىڭ خىيالىغا سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ ئوغلى سۇلتان ئەلى مىرزا كەلدى. ئۇ: "مەن سىزنى ئاتا تۇتۇش ئۈچۈن ئانام بىلەن كەلدىم" دېگەنىدى. سەئىدخان بولسا يارىلانغان، قولى باغلان-غان ئەسىر تۇرۇپمۇ تەپتارتماستىن "ئۆلتۈرىمەن" دەۋاتاتتى. شۇ ئارىدا بارگاھ ئالدى پاتپاراق بولۇپ كەتتى. جانبەگ كىرىپ كېلىپ تەزىم بىلەن دېدى:

— شاھىم، سۇلتان مەھمۇدخان، سۇلتان ئەھمەدخانلار بالا-چاقىلىرى بىلەن ئېلىپ كېلىندى.

شايىانىخان ئۆرە بولۇپ كېرىلىپ ئولتۇردى. غولىنىڭ ئاغرىۋاتقىنىغا قارىماي قاقاقلاپ كۈلدى.

— يىگىت، ئەمدى نېمە دەيسەن؟ — سورىدى ئۇ سەئىدخاندىن.
— خان تاغام، ئاتاملار ئەسىر چۈشكەن بىلەن ساڭا باش ئەگمەيدۇ.
— باش ئەگسىچۇ؟
— مەن بۇنى كۆرۈشنى خالىمايمەن.
— قەيسەر ئىكەنسەن شاھزادە. سەن ئەمدى مېنىڭ قولۇمدىن قۇتۇلالمايسەن، — دېدى شايىانىخان. ئاندىن ئەھمەد تەنبەلگە قارىدى:
— ئۇ زىندانغا تاشلانسۇن!
— ئاللا جېنىمنى ئامان قىلسىلا سەندىن ھېساب ئالماي قويمايمەن.

ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ياساۋۇللار يالاپ ئېلىپ كېتىۋاتقان سۇلتان ئەھ-مەدخان ئاڭلىدى. سۇلتان مەھمۇدخان يارىدار بولغانلىقى ئۈچۈن ئاڭلىيال-

ماي قالدى. ئۇنىڭ بېشىغا پۇتاقلىق ئومۇت ئۇرۇلغاچقا ھوشىدىن كەتكەندى. مۇھەممەد ھۈسەيىن كوراگان، مۇھەممەد سەئىد مىرزا، مىرزا ھەيدەر ۋە باشقا ئەمىر-بەگلەر 15 مىڭ ئەسكىرى بىلەن ئەسىر ئېلىنغانىدى. خانلارنىڭ ئانىسى شاھبېگىم، سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ رەپىقىسى رابىيە سۇلتان بېگىم، سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ رەپىقىسى خەدىچە سۇلتان بېگىم، ئىگىچىسى مېھرى نىگار خېنىم، خوپ نىگار خېنىم، سىڭلىسى خېنىمخان بېگىم، قىزلىرى ئائىشە سۇلتان خېنىم، رۇقىيە سۇلتان خېنىم قاتارلىق مەلىكە-خانىشلار ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ بار ئىدى. شايبانىخان ئائىشە سۇلتان خېنىم، خېنىمخان بېگىم، رۇقىيە سۇلتان خېنىملارنى ئىشارەت بىلەن توختىتىۋالدى ۋە ئۇلارنى جانىبەگ سۇلتانغا تاپشۇردى.

ئۇرۇش توختىدى. شايبانىخان سەيھۇل دەرياسىدىن ئۆتۈپ يېشىل تۆپىلىكتە جايلاشقان خوجەنت قەلئەسىنىڭ ئوردىسىغا كىرىپ ھېچكىمنى قوبۇل قىلماي بىر كېچە-كۈندۈز ئۇخلىدى. 2-كۈنى چۈشتىن كېيىن سۇلتان مەھمۇدخان، سۇلتان ئەھمەدخانلارنى ئوردىغا چاقىردى:

— سىلەر مېنىڭ قېرىنداشلىرىم، ئۆلتۈرۈشكە قانداقمۇ قولۇم بارسۇن؟ جەڭ تۈگىدى. ئەمدى ئاللانىڭ پاناھىدا تېخىمۇ يېقىن تۇغقان بولۇپ ئۆتەيلى. مەن مۇنداق قارارغا كەلدىم: بىرىنچى، سىلەر موغۇلىستانغا قايتىپ كېتىسىلەر. سەئىدخان يېنىمدا قالىدۇ؛ ئىككىنچى، بۈگۈندىن باشلاپ پەرغانىنىڭ غەربىگە قوشۇن تارتىپ كەلمەيسىلەر؛ ئۈچىنچى، ئائىشە سۇلتان خېنىمنى مەن ئەمرىمگە ئالىمەن. خېنىم سۇلتان بېگىمنى ئوغلۇم تۆمۈر سۇلتانغا ئېلىپ بېرىمەن. رۇقىيە سۇلتان بېگىمنى جانىبەگ سۇلتان ئەمرىگە ئالىدۇ. بۇ قارارىمغا ماقۇل بولساڭلار سوۋغا سالام بىلەن ئوبدان ئۇزىتىپ قويىمەن. ماقۇل بولمىساڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ شورى.

ئاكا-ئۇكا خانلار جىمىدە ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇلارغا ماقۇل بولماقتىن باشقا چارە يوق ئىدى. "ياق" دېيىشكەن بولسا باشلىرىدىن ئايرىلاتتى.

ھىجرىيە 908-يىلى شەئبان ئېيىدا توختام تۈزۈلۈپ، سۇلتان مەھـ

ـمۇدخان، سۇلتان ئەھمەدخانلار توختامغا قول قويدى. بۇ توختام جەڭ بولغان يەرنىڭ نامى بىلەن «ئەخشىد توختامى» دەپ ئاتالدى.

مۇھەممەد شايبانىخان يەتتە كېچە-كۈندۈز توي قىلىپ بەردى. سۇلـ ـتان مەھمۇدخان بىلەن سۇلتان ئەھمەدخان موغۇلىستانغا يول ئالدى. مۇھەممەد ھۈسسەيىن كوراگان ئۇغلى مىرزا ھەيدەر بىلەن ئۇشقا قايتتى. شايبانىخان ئەسكەرلىرىنىڭ قورشاۋىنى بۆسۈپ چىقىپ كەتكەن بابۇر مىرزا بولسا كابۇلغا كەتكەندى.

ئەھمەد تەنبەل سەئىدخاننى ئوخسىغا ئېلىپ بېرىپ ھاكىم بايزىدقا تاپشۇردى. بايزىد ئۇنى زىندانغا سالدى...



# ئون تۆتىنچى باب

# ئالتۇن ئاپتۇۋا

## 1

كۈزنىڭ غۇر-غۇر شاملى ھىم ئېتىلگەن دېرىزىنى سىرتىدىن ئاستا چېكەتتى. دېرىزىگە تارتىلغان ھاۋارەڭ پەردە ئۆيگە ئالاھىدە زىننەت كىرگۈزۈپ تۇراتتى. بىر يوغان چىۋىن دېرىزە كۆزنىكىگە ئۆزىنى ئۇرۇپ گىژىلداشقا باشلىدى.

— ئو ... ھوش! ... ئەجەب بىزار قىلدىغۇ بۇ چىۋىن، — دېدى ئۇممە گۈلسۈم لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ. ئۇ چىۋىننى ئۇرۇپ ئۆلتۈرگىدەك بىر نەرسە ئىزدەپ ئۆي ئىچىگە قارىدى. قوش راملىق ئىككى دېرىزىنىڭ ناۋات سۈيى بىلەن پەرداز بېرىپ قاتۇرۇلغان تەكچىلىرىدە بىردىن گۈللۈك لوڭقا بار ئىدى. ئىچىگە سېلىپ قويغان رەيھانگۈلدىن تارالغان خۇش بۇي ئۇنىڭ دىمىقىغا ئۇرۇلدى. بىر-بىرىنىڭ ئىچىگە ئېلىنغان، يۇپيۇمىلاق چەمبەر قاپارتما قىلىپ چىقىرىلغان تورۇسقا ئېسىلغان مىس شامدانىدىكى 12 تال شام پىلىلداپ كۆيۈپ، ئۆينى سۈس يورۇتقانىدى. پەرۋانە شام ئەتراپىدا

پىرىلداپ ئايلىناتتى. بۇمۇ ئۇنىڭ ئىچىنى پۇشۇردى. كۆزى خىلمۇخىل نەقىش كۇنگۈرە چىقىرىلىپ نەپىس ياسالغان ئەگمە شەكىللىك مېھراپقا چۈشتى.

تاۋاردىن تىكىلگەن زەر چۇچۇلۇق ياپقۇ مېھراپقا بەكمۇ ياراشقانىدى. بىر يوغان قارا ئۆمۈچۈك تاۋار ياپقۇنىڭ ئۈستىدىن تۆۋەنگە چۈشۈۋاتاتتى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇۋالدى ۋە ئۆزىنى قات-قات كۆرپە سېلىنغان كارىۋاتقا تاشلىدى. چوغدەك ئىران گىلىمى سىلىقلىق ئۆي ئىچى تىپتىنچ بولۇپ، ئۇنىڭغا خۇددى گۆردەك ۋەھىمىلىك كۆرۈنۈۋاتاتتى. "ئۆزى خۇپتەندىن يانغاندا بارىمەن دەپ ئادەم كىرگۈزگەن تۇرۇقلۇق نېمىشقا كەلمەيدىغاندۇ؟ بىرىم كېچە بولۇپ قالدى. كەلمىسە بىراقلا كەلمەي قويسۇن!" دەپ غۇدۇڭشىدى ئاچچىقلانغان ئۇممە گۈلسۇم. ئۇ چىشىنىمۇ ئۆلتۈرمىدى، قارا ئۆمۈچۈكنىمۇ ئېلىپ تاشقىرىغا تاشلىۋەتمىدى، پەرۋانىغىمۇ تەگمىدى. بىر-دىنلا بۇقۇلداپ قاتتىق يىغلاپ كەتتى... "بۇ زالىمنىڭ ئەمرىگە ئۆتكىنىمگە 15 يىلدىن ئاشتى. بالىلىرىممۇ چوڭ بولدى. تۇنجى ئوغلۇمنىڭ تويىنىمۇ ئۆتكۈزىۋالدىم. ئۇ يۈز بېشى بولۇپ خىزمەت قىلماقتا. ئۆزىنىڭ ئاتىسى كىم ئىكەنلىكىنى تېخى بىلمەيدۇ. خۇدايا، مەندەك ئاجىز مەزلۇمنى گۇناھى ئەپۇ قىلىنغان بەندىلەرنىڭ قاتارىدا قىلغىن. بالىلىرىمنى ياخشى تەربىيەت قىلىشىمغا مەدەت بەرگىن..."

بالىلىرى كۆز ئالدىغا كېلىپ خىيال يىپى ئۈزۈلدى...

مىرزا ئابابەكرى 15 يىلدىن بېرى ئۇنى مەخپىي خوتۇن قىلىپ كېلىۋاتاتتى. ھېچكىم ئۇنىڭ نام-ئەھۋالنى ئۇقمايتتى. ھەتتا ئۆز بالىلىرىمۇ ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان قورۇنىڭ قايسى مەھەللىدە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ-تى. ئۇ ھەر پەيشەنبە ئاخشىمى ئالدىغا پەردە تارتىلغان مەپىگە چۈشۈپ بېرىپ بالىلىرىنى يوقلاپ قايتاتتى. بالىلىرىغا بۇۋى ئايىسخان ئاتلىق ئوتتۇرا ياش بىر خوتۇن قارايتتى. ئۇ گاچىدەك زادىلا زۇۋان سۈرمەيتتى. قارامتۇل چىرايىدىن يا خاپا، يا خۇشال ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان بۇ ئايال

كۆزلىرىنى سانجىپ، بىزىرىپ تۇراتتى. ئەمما باللارغا ياخشى قارايتتى. ئاش-تامقىنى ۋاقتىدا بېرەتتى. كىيىم-كېچەكلىرىنى پاكىز تۇتاتتى. چىرايلىق چوڭ بولۇۋاتقان بۇ باللارنى كۆرگەن كىشلەر مانا شۇ خوتۇننىڭ بالىسى ئىكەن دەپ قالاتتى، باللارمۇ ئۇنىڭغا ئامراق ئىدى.

مىرزا ئابابەكرىنىڭ بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشى ئۇممە گۈلسۈمنى كىشىلەرگە بىلدۈرمەسلىك تۈپەيلىدىن ئىدى. قىلچە ئىشمۇ مىرزا ئابابەكرىنىڭ نەزەرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. ئۇ سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ قىزى خۆرلىقا بېگىمنى ئەمرىگە ئالغان بەش يىلدىن بېرى، ئۇممە گۈلسۈمنى باللىرى بىلەن قوشۇپ كۆزدىن يوقاتماقچىمۇ بولدى. ئەمما بۇ لاتاپەتلىك ئايالنىڭ سۈتتەك ئاق بەدىنى، ناز-كەرەشمىسى، سۆزلىگەن چاغدىكى سۇلكىتى، جۈرئەت بىلەن بەرگەن مەسلىھىتى ئالدىدا مىرزا ئابابەكرى ئۇنداق نىيەتتىن كۆپ قېتىم يانغانىدى.

خۆرلىقا بېگىم ياش ھەم چىرايلىق بولغىنى بىلەن ئۇممە گۈلسۈمدەك نازاكەتلىك، چېچەن ئەمەس ئىدى. تېنى گۈل شېخىدەك نازۇك بولسىمۇ، ئۇممە گۈلسۈمنىڭكىدەك تازا تولمىغانىدى. ئېرىنىڭ قۇچىقىدا ئاسلاندەك شۈمشىيىپ قالاتتى. ئۇممە گۈلسۈم بولسا ھەر قېتىم ئېرى بىلەن بىللە بولغاندا ئۆزىنى ئۇنىڭغا قىزدەك ھېس قىلدۇرالايتتى، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى سىماپتەك ئېرىتىپ ھالسىزلاندۇرۇۋېتەتتى. مانا شۇ چاغدىكى ھۇزۇرىنى مىرزا ئابابەكرى ھېچنېمىگە تەڭ قىلمايتتى. گاھ خۇيلىنىپ، گاھ نازلىنىپ قىيا بېقىشلىرى ئۇنى ماگنىتتەك ئۆزىگە تارتىۋالاتتى. ھېچقايسى خوتۇنى بۇ كەبى جەلپكار ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مىرزا ئابابەكرى ئۇنى ”خۇمار خاتۇن“ دەپ ئاتىۋالغانىدى. ئۇنى كۆزدىن يوقاتمايلا قالماستىن، بەلكى ئوغلى ئەلىبەگنىڭ تويىنى قىلىشقا يول قويىدى.

— خۇمارخاتۇن، تويغا بۇۋى ئايىسخان ئىگە بولىدۇ. سىز پەقەت مېھمان سۈپىتىدە قاتنىشىپ بېرىسىز. سالاھىيىتىڭىزنى ئاشكارىلاش — خۇن تۆكۈلۈشكە سەۋەب بولۇپ قالىسۇن. بۇنى ئېسىڭىزدىن چىقارماڭ،

— دېگەنىدى ئۇ.

ئۇممە گۇلسۇم "مېھمان" بولۇپ تويغا باردى. توي ياخشى ئۆتتى. ئوغلى ئەلىبەگكە تون ياپتى. ھېچكىم ئۇنىڭ مىرزا ئابابەكرىنىڭ خانىشى ئىكەنلىكىنى بىلمىدى. كېلىن چىرايلىق قىز بولۇپ، نەسرىدىن باي ئاتلىق سودىگەرنىڭ قىزى ئىدى.

مىرزا ئابابەكرى بۇ تويغا ناھايىتى قىممەتلىك سوۋغا تەقدىم قىلىشقا ۋەدە قىلغانىدى. بۈگۈن ئاخشام ئەنە شۇ سوۋغىسىنى ئېلىپ كەلمەكچى ئىدى. ئۇممە گۇلسۇم ئۇنى كۈتۈپ كەلمىگەنسېرى ئىنتىزارلىق ئىلكىدە تىت-تىت بولۇۋاتاتتى.

ئىشىك ئېچىلدى. مىرزا ئابابەكرى بىر ئاپتۇۋانى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. ھەرقاچان ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ تەزىم بىلەن كۈتۈۋالىدىغان ئامراق خوتۇنىنىڭ كارىۋاتتا ئۇنچىقماي ياتقىنىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى.

— خۇمار خاتۇن، — چاقىردى ئۇ قولىدىن تارتىپ.

قاقاقلاپ كۈلگىنىچە ئورنىدىن تۇرغان ئۇممە گۇلسۇم شۇنداق سۈل-كەت بىلەن باقتىكى، مىرزا ئابابەكرىنىڭ يۈرىكى جىغىدە قىلىپ كەتتى.

— جىممىدە ياتقىنىڭىزنى كۆرۈپ بىرەر ئىش بولدىمۇ-نېمە دەپ چۆچۈپ كەتتىم، — دېدى ئۇ.

— ئاخشامدىن بېرى يوللىرىغا تەلمۈرۈپ ئۆلەي دېدىم، يەنە سەل كېچىككەن بولسىلا جان قۇشۇم تېنىمدىن ئۇچۇپ كەتكەن بولاتتى شاھىم، — ئۇممە گۇلسۇم خۇيلانغاندەك قىلىپ، قارا چاچلىرى يېپىپ تۇرغان ئاق بويىنىنى تولغىدى.

— ئەمىسە ۋاقتىدا كېلىپتىمەن-دە.

— ياق، نەدە ۋاقتىدا بولسۇن؟ ھۆرلىقا بېگىمدىن ئايرىلىشقا كۆزلىرى قىيماي كېچىكىپ كېلىشلىرى بۇ قېتىملا ئەمەسقۇ؟ ئالىيلىرىنى كۈتۈپلا تۈگۈشۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن.

— ئۇنداق بولمايدۇ خۇمار خاتۇن، خاتۇنلار ئىچىدە سىزنى بېسىپ

چۈشەندىغىنى يوق. گەرچە سىزنىڭ خانىشلىقىڭىز ئەلدىن مەخپىي تۇتۇلغان بولسىمۇ، مەن ھەر ۋاقىت چىكىملىكىكە ئەمەس، سىزگە خۇمار بولىمەن. ئەمما مەن پادىشاھ. سىزنى سېغىنغان، سىزنى ئويلىغان چېغىمدا ئەل-يۇرتىنى ئەستىن چىقارسام، دۇنيانى ئەستىن چىقارسام، دۈشمەنلىرىمنى ئەستىن چىقارسام بولمايدۇ. ئەل-يۇرتنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك، مېنىڭ ھەل قىلىشىمغا تېگىشلىك ئىشلار ئاز ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز مېنىڭ خۇپىيانە ئىگىدارلىق قىلىدىغان خاتۇنۇم. مەن بۈگۈن ئوغلىڭىزنىڭ تويىغا ئاتاپ قويغان سوۋغاتنى ئەنە شۇنداق چىگىش-سەۋەبلەر تۈپەيلى كېچىكىپ ئېلىپ كەلدىم، مانا قاراڭ.

ئۇممە گۈلسۇم ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاۋېتىپ مەرھۇم ئېرى تۆمۈربەگنىڭ سىيپىل ئاستىغا بېسىلغانلىقىنى ئەسلىدى. مۆڭلانغان قارا كۆزلىرىدە ياش لىغىلدىدى.

— شاھىم، چۈشەندىم. سىلىدىن خاپا بولسام ئۆزۈمنى نابۇت قىلىدىكەنمەن. تۆمۈر بويى خۇددى زىنداندىكىدەك بۇ ئۆيدە كۆزۈمدىن ياش قۇرۇمايدىغانلىقىدىن، ئېرىم بولسىمۇ دائىم تەنھالىقىمدىن، ھەتتا باللىرىم بىلەنمۇ تاماقتا بىللە بولالماي ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىمدىن زارلانسامۇ بولمايدىكەن. مېنى سىلىگە تەقدىر ئەنە شۇنداق باغلاپ قويۇپتۇ. ئېلىپ كەلگەن سوۋغىلىرى ئۈچۈن رەھمەت، — ئۇ بولۇڭغا قويۇپ قويۇلغان ئاپتۇۋاغا كۆز قىرىنىمۇ سالمىدى.

— ئىلاھى تەقدىر پۈتكەن قىسمەتلەر بەندىلەرنى بىر-بىرىگە ئەنە شۇنداق باغلاپ قويۇپ چەرخى پەلەكنى ئايلاندۇرىدۇ.

— قان-ياش بىلەنمۇ-ھە؟ — سورىدى ئۇممە گۈلسۇم ئېغىر ئۇھ تارتىپ، — مۇلايىم كېنىزەك دىلارانى چىپىپ تاشلىدىلا. جان-جىگەر ھەمشىرىلىرىنى زىندانغا سالدىلا. قارا تۈندە، قارا كىگىز ئۈستىدە قارا چۈمۈلىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى خۇدا بۇ ئىشلارنى راۋا كۆرەرمۇ؟

— خۇمار خاتۇن، — دېدى مىرزا ئابابەكرى قوشۇمىسىنى تۈرۈپ،

— دىلارا ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولغان سۇلايمان يۈز بېشى بىلەن ئوشقا قېچىپ كەتمەكچى بولغان تۇرسا، ئۆلتۈرمىسەم بولامدۇ؟ ئانام: "ئۇكاڭ ساڭا ئاسىيلىق قىلمايدۇ" دەپ نىيىتىمدىن ياندۇرغانىدى، لېكىن قانداق بولدى؟ ماڭا جان جىگەر ئىنى بولغۇچى سەئىد مۇھەممەد مىرزا ئاسىيلىق قىلىپ ماۋارائۇننەھرگە كەتتىغۇ! ئۇ كۆڭلەرنىڭ بىرىدە قىلىچ كۆتۈرۈپ پېيمنى قىرقىغىلى كەلمەي قالارمۇ؟ كىمكى ماڭا قارشى چىقىدىكەن، ئۇ هالاك قىلىنىدۇ. خۇمار خاتۇن، ھەمشىرەم خان سۇلتان خېنىم باشتىن-ئاخىر مېنىڭ ئىشلىرىمغا قارشى چىقىپ كەلدى. خارەزىمدە باش كۆتۈرگەن سۇلتان شايبانىخانغا ياتلىق قىلماقچى بولغانىدىم، ئۇ جان-جەھلى بىلەن قارشى چىقتى. ئۇ ماقۇل بولغان بولسا، شايبانىخان بىلەن بىرلىشىپ خارەزىم، خۇراسانلارنىمۇ قولغا كىرگۈزەتتىم. ئۇ ماقۇل بولمىدى. شۇڭا ئۇنى زىندانغا تاشلىدىم. شايبانىخان ئالدىنقى ئايدا سۇلتان مەھمۇدخان، ئەھمەد-خان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى سەئىدخاننى 15 مىڭ ئەسكىرى بىلەن ئەسىر ئاپتۇ. مانا شۇنداق پادىشاھقا ئۇنىمىدى-دە، ئەقلى قىسقا.

— مۆھتىرەم بۈزرۈكۋار ئانىمىز جەمەك ئاغىچا سۇلتان خېنىم بۇنى بىلەمدۇ شاھىم؟ — سورىدى ئۇممە گۇلسۇم ئېھتىيات بىلەن ئاستاغىنا.

— ھەمشىرەمنى شايبانىخانغا ياتلىق قىلىش — ھۆرمەتلىك ئانامنىڭ مەسلىھەتى ئىدى. لېكىن ئۇ مەرەز ئۇنىمىدى. ئۆزىگە قىلدى. مەن بەش ۋاق ناماز ئوقۇپ، جەينىماز ئۈستىدىن قوپمايدىغان ئۇ ھەمشىرەمنى شاراب ئىچىشكە مەجبۇر قىلىمەن.

ئۇممە گۇلسۇم ئەندىكىپ كەتتى. "ئاللا قانداق ھېكمەت بىلەن مۇشۇنداق رەھىمسىز بەندىسىنى ياراتتىكىنا!— " دېدى ئۇ كۆڭلىدە. سەل تۇرۇۋېلىپ كۆزلىرىنى ئويناتقان ھالدا سورىدى:

— مۇسۇلمان تۇرۇپ مۇسۇلمانغا شۇنداق زۇلۇم قىلسا بولارمۇ؟

— بولىدۇ،مەن شەيخۇلئىسلامدىن سورىدىم. ئۇ ئەتە جاۋاب بەرمەك-چى. مېنىڭچە ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغان پەرزەنتنى چانۋەتسىمۇ ئۇۋال

بولمايدۇ.

ئۈممە گۈلسۈم بۇ توغرۇلۇق ئېغىز ئاچقىنىدىن ئەپسۇسلىنىپ قالدى.

— شاھىم، تاماق يەمدىلا؟

— نەدىكى تېتىقسىز گەپلەرنى قىلىپ تاقىلداۋاتقان نەپسىمنى بېسىپ قويدىڭىز خۇمار خاتۇن.

ئۈممە گۈلسۈم ئۇنىڭ كېيىنىك تېگىدە گەپ بارلىقىنى بىلىپ پىسسىڭ-ڭىدە كۈلۈپ قويدى-دە، يەرگە تېگىپ تۇرغان ئۇزۇن ئاق شايى كۆڭلىكى-نى سېلىپ زەڭگەررەڭ ئىچ كۆڭلىكى بىلەنلا قالدى.

— ھېرىپ چارچىغانلا شاھىم، بەدەنلىرىنى تۇتۇپ قوياي، — دەپلا مىرزا ئابابەكرىنىڭ شاھانە كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋەتتى.

— شارابىڭىز يوقمۇ خۇمار خاتۇن؟

— يەتتە يىللىق مۇسەللەس بار، — ئۈممە گۈلسۈم دەس ئورنىدىن تۇرۇپ جاۋەندىن قارامتۇل قەھرىۋادەك يالتىراپ تۇرغان بىر خۇمرىنى ئالدى. ئۇ ھەر نۆۋەت بۇ سۇلتان ئېرىنى كۈتۈۋېلىشقا ئالاھىدە باش قاتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىنىمۇ، ئاغزىنىمۇ، ئۇچىسىنىمۇ خۇش قىلىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ئەر-ئايال خىزمەتچىلەرنى تەرەپ-تەرەپكە ئەۋەتىپ، لازىملىق نەرسىلەرنى ئالدۇراتتى. بۇ بىر خۇمرا مۇسەللەسنى ئۇ خوتەندىن ئالدۇرۇپ كەلگەنىدى.

ئۈممە گۈلسۈم كۈمۈش چىنىگە بىلىق كۆزى قىلىپ مۇسەللەس قۇيدى.

— شاھىم، پەرزەنتلىك بولۇشىمىز ئۈچۈن ئىچكەيلا، — ئۇ مىرزا ئابابەكرىنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ كۆڭلىكىنىمۇ سالغۇزدى.

— پۈتۈن خارەزىــم، ماۋارائۇنــنەھــرىگە پادىشاھ بولۇشۇم ئۈچۈن ئىچەي!

مىرزا ئابابەكرى تىنماستىن بىر چىنە مۇسەللەسنى ئىچىپ تۈگەتتى.

— ئەمدى خۇمارىم تۇتۇشقا باشلىدى خۇمار خاتۇن.

ئۇ ئىككىنچى، ئۈچىنچى چىنىنى بوشاتتى-دە، ئۆزىنىڭ كالتە ئىشتان-دىن باشقا كىيىملىرىنىڭ سالدۇرۇۋېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ كۈلۈپ كەتتى.

— بۇقىغا ئوخشامدىكەنمەن؟

— ئېيىققا، — دېدى ئۇممە گۈلسۇم، — «مىڭ بىر كېچە» دىكى ۋەردان قاسساپ① ئۆلتۈرگەن ئېيىققا.

مىرزا ئابابەكرى يېنىدا نازىلىنىپ ياتقان ئۇممە گۈلسۇمگە كۆز سالغان هالدا قاقاقلاپ كۈلۈپ، ئاغزىدىكى مۇسەللەسنىڭ قالدۇقىنى پۈرقۇۋەتتى.

— ئەجەپ ئايالسەن-دە خۇمار خاتۇن. ۋەردان قاسساپ ئۆلتۈرگەن ئېيىققا سادىق خاتۇندەك، ماڭا سادىق بولۇپ جانىدىن كېچەلەمسەن؟

— كەچمەمدىغان شاھىم، بىر بېشىم ئەمەس، ئون بېشىم بولسىمۇ سىلىدىن ئايلانسۇن.

## 2

مىرزا ئابابەكرى ئۇممە گۈلسۇمدىن كۆپ رازى ئىدى. ئۇممە گۈلسۇم مىرزا ئابابەكرىنىڭ باشقا خاتۇنلىرىدىن قامەتلىك، تەمبەل بولغاچقا، ئۇنىڭ خالىغانچە نەپسىنى قاندۇرۇشقا قادىر ئىدى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، مىرزا ئابابەكرى چۈشەنگىلى بولمايدىغان بۇ شوم ئېغىز خاتۇننى ئۆلتۈرۈ-ۋېتىش نىيىتىگە كەلگەن بولسىمۇ، ئۆلتۈرمەي ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. ئالتۇن ئاپتۇۋىنىمۇ شۇنىڭ ئۈچۈن سوۋغا قىلغانىدى.

مىرزا ئابابەكرى تاڭ سەھەردە يۇيۇنۇپ بولۇپ كىيىمىنى كىيدى-دە، سىرتتا كۈتۈپ تۇرغان مۇلازىملىرى بىلەن ئوردىغا كەلدى. دەل شۇ چاغدا بامداتقا ئەزان چىقتى. كۆزنىڭ غۇر-غۇر شاملى ئۇ ناماز ئوقۇپ بولغىچە مەسچىتنىڭ كۆكگۈرلۈك دېرىزىلىرىدىن كىرىپ، قىزىغان تېنىگە ئۇرۇلۇپ

① ۋەردان قاسساپ — مىڭ بىر كېچىدىكى پېرسوناژ.

تۇردى. دۇئا قىلىۋاتقاندا ئىككى تامچە ياش مەڭزىدىن سىرغىپ قارا ساقىلىغا چۈشتى. ”ئىلاھا، گۇناھىمنى كەچۈرگىن!“

ئۇ بامداتتىن يېنىپ ئۇدۇل زىندانغا كەلدى. زىندان باشلىقى پاكار، سېمىز گەۋدىسى بىلەن پۈكۈلۈپ، تىترىگەن پېتى بۇيرۇق كۈتۈپ تىزلاندى.

مىرزا ئابابەكرى سورىدى:

— خان سۇلتان تاماق يېمىگىلى قانچە كۈن بولدى؟

— شاھ ئالىيلىرى، بۇيرۇقلىرى بويىچە تاماق بەرمىگىنىمىزگە ئۈچ كۈن بولدى. تۈنۈگۈندىن بېرى تولا نالە قىلىپ ”بىر قوشۇق سۇ بولسىمۇ بېرىڭلار“ دەپ قاقشاپ كەتتى.

— ھازىر بىر چىنە شاراب كەلتۈر.

— خوپ شاھ ئالىي ھىممەتلىرى.

زىندان باشلىقى بىر چىنە شاراب ئېلىپ كەلدى.

— ئىشىكنى ئاچ.

— خوپ ئالىيلىرى.

قۇلۇپنىڭ شاراقلىشى بىلەن تەڭ ئىشىك ئېچىلدى. تاڭ يورۇغان بولسىمۇ زىندان قاراڭغۇ ئىدى.

— چىراغ! — تووۋلىدى مىرزا ئابابەكرى. زىندان باشلىقى ھايال ئۆتمەي چىن چىراغنى يېقىپ كەلدى.

— ھە، مېھرىبان ھەمشىرەم، قانداق تۇردىڭىز؟

— ئاللا پاناھىدا مانا شۇنداق تۇرۇۋاتىمەن سۇلتان، — ئاجىز بىر ئاۋاز مىرزا ئابابەكرىنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلاندى. رەڭگى سارغىيىپ سامانداك بولۇپ كەتكەن بىر ئايال كونا كىگىز ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى. ئېھتىمال ئىبادەت قىلىۋاتقان بولسا كېرەك.

— ھەمشىرەم، مەن سىزگە شەربەت ئېلىپ كەلدىم. چاڭقاپ كەتكەندەك تۇرىسىز، ئىچىۋېلىڭ.

ئايال ئىككى قولى بىلەن يەرنى تىرەپ ئورنىدى تۇردى-يۇ، سەنتۈرۈ-

لۇپ تامنى تۇتتۇۋالدى.

ئۇ چىننى قولىغا ئېلىپ ئاغزىغا يېقىن ئاپىرىپلا يەرگە تاشلىۋەتتى.

— ھۇ ئاللادىن قورقمايدىغان زالىم!

— ئاللادىن باشقا ھېچكىمدىن قورقمايمەن! — دېدى مىرزا ئابابەكرى ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ، — سەن شاييانىخانغا ياتلىق بولۇشنى قوبۇل كۆرمىسەڭ ئېچىرقاپ-چاڭقاپ ئۆلىسەن، مۇشۇ سائەتتىن باشلاپ ساڭا شارابتىن باشقا نەرسە بېرىلمەيدۇ.

— مېنى زورلىما قانخور! — دېدى ئايال بىردىن ئۈن سېلىپ يىغلاپ، — شاييانىخانمۇ ساڭا ئوخشاش زالىم. ئۇنىڭغا خوتۇن بولۇشتىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرىمەن. چىقىپ كەت، ئىككىنچى كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما. قىيامەت كۈنى — ئاللا قازى بولۇپ ياخشى-يامان ئۇستىدىن ھۆكۈم چىقىرىدىغان كۈنى سەن بىلەن بىر ئۇچراشتۇرۇشنى ئۇل ياراتقۇچى ئىگەمدىن تىلەيمەن. ماڭ چىقىپ كەت! چىقىپ كەت! ...

مىرزا ئابابەكرى ئاچچىق كۈلدى.

— سەن ھەرقانچە جاھىللىق قىلساڭمۇ ئاشقىڭ زەيىندىن بارلاس بىلەن ئەمدى قوشۇلالمايسەن. بىلىپ قوي، تۇنۇگۈن كېچە ئۇ سېنى قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن مۇشۇ زىندان تېمىدىن چۈشۈۋاتقاندا تۇتۇلۇپ، بېشى تېنىدىن جۇدا قىلىندى.

— ئاھ خۇدا...

مىرزا ئابابەكرىنىڭ سۆزىنى خان سۇلتان خېنىمنىڭ پەريادى بېسىپ كەتتى.

## 3

ئۇممە گۈلسۈم مىرزا ئابابەكرىنىڭ چىقىپ كەتكەنلىكىنى تۇيۇپ ياتتى. ئۇ قاتتىق چارچاپ كەتكەنىدى. يېنىغا ئۆرۈلۈپ دېرىزىنىڭ پەردىسىنى

قايرىدى. كۆكتە پارلاپ تۇرغان چولپان ئۇنىڭغا كۆز قىسقاندەك قىلدى. «ناماز بامداتقىچە يۇيۇنۇپ پاكلىنىۋالاي، پاسكىنا يۈزۈم بىلەن چولپانغا ھەجەپ قاراپ سالدىما...»

ئۇممە گۈلسۈم پەردىنى قويۇۋېتىپ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، خاس ئۆيگە يانداش سېلىنغان دەھلىز①گە چىقتى. باياتىن ئوت يېقىپ ھامامنى ئىسسىتىپ ئۇنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرغان مۇلازىم ئاياللار تاش سۇپىغا ئىككى چېلەك سۇ چېچىۋېدى، پاژىلدىغان ئاۋاز دەھلىزدە تۇرغان ئۇممە گۈلسۈمنى چۆچۈتىۋەتتى.

— ئەمدى چىقىپ كېتىڭلار.

ئۇ مۇلازىم ئاياللار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن تاش سۇپىدىن ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ھامامغا كىردى. ئۇممە گۈلسۈم كۈمۈش ئاپتۇۋا بىلەن بېشىغا ئىسسىق سۇ قۇيۇۋېتىپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. «باللىرىمنى سالامەت چوڭ قىلىۋېلىشنى ئويلاپ 15 يىلدىن بېرى رەھمەتلىك ئېرىمنىڭ قاتىلى مىرزا ئابابەكرىگە خۇپىيانە خوتۇن بولۇپ كەلدىم، ئەمدى باللىرىمغا ئەينى ئەھۋالنى ئېيتىپ، بۇ زالىمدىن قىساس ئالمىسام ئاللا نامى بىلەن نارەسىدە باللىرىمغا بەرگەن ئەھدىمگە خىيانەت قىلغان بولىمەن ...»

ئۇممە گۈلسۈم سۇ بىلەن ئەمەس، كۆز ياشلىرى بىلەن يۇيۇنۇپ ھامامدىن چىقتى. ئۇ قەتئىي ئىرادىگە كەلگەنىدى. ئوتتۇرا ياشلىق ئايال خىزمەتكارى جەملە خانىنى چاقىرىپ بۇيرۇدى:

— مەيىكەش ساھىپقا دەڭ، مېنى قاتسۇن.

— خوپ خېنىم...

ئۇممە گۈلسۈم قارا يىپەك رەختتىن تىكىلگەن ئۇزۇن كۆڭلىكىنى كىيىپ ئاق رومىلىنى ئارتتى. شۇ ئەسنادا مىرزا ئابابەكرى ئېلىپ كەلگەن ئالتۇن ئاپتۇۋاغا كۆز يۇگۈرتتى. ئاپتۇۋا چىرايلىق ياسالغانىدى. ئايغى

---

① دەھلىز — مېھمانخانىلارغا يانداپ سېلىنغان كىچىك ئۆي.

تەخسە شەكلدە بولۇپ، بىر يەردە قويۇشقا ئەپلىك ئىدى. ئاپتۇۋا ئۈستىگە چىقىرىلغان ھەر خىل نەقىشلەر كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. ئۇممە گۇلسۇم بىرىنچى ئاپتۇۋانى كۆتۈرمەكچى بولدى. تەستە ئىككى قوللاپ كۆتۈرۈپلا قويۇپ قويدى . بەكلا ئېغىر ئىدى. ئۇ ئاپتۇۋانىڭ ئاغزىنى ئېچىپ قاراپ، يالتىراپ تۇرغان ئۈنچە-مەرۋايىتلارنى كۆردى.

— ياھ! — دەۋەتتى ئۇممە گۇلسۇم.

ئۇ كېيىندە نازلىق خۇيلىنىپ، مىرزا ئابابەكرى ئېلىپ كەلگەن ئاپتۇ-ۋانىڭ ساپ ئالتۇن ئىكەنلىكىگە ئانچە ئىشەنمىگەنىدى. كۆرۈپ تۇرۇپتىكى، مىس ياكى تۇچ ئەمەس، ئاپتۇۋا ئالتۇندىن ياسالغانىدى. "ئوغلۇمغا ئېلىپ باراي، بۇمۇ ئالللانىڭ بەرگىنى. ئەھۋالنى ئۇ ئۇقسا نېمە دەركىن؟ خۇي-پەي-لى ماڭا تازا مەلۇم ئەمەس."

— خېنىم، مەپىكەش ساھىپ پېشايۋاندا ئۆزلىرىنى ساقلاپ تۇرىدۇ، — جەمىلىخانىنىڭ سۆزى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلىۋەتتى.

— نېمە؟ مەپىنى تەييار قىلدىمۇ؟ — يېنىچە قاراپ سورىدى ئۇممە گۇلسۇم.

جەمىلىخان تەزىم بىلەن جاۋاب بەردى:

— ئاتنى مەپىگە قوشۇشتىن بۇرۇن خېنىم بىلەن كۆرۈشمىسەم بولمايدۇ، — دەيدۇ.

ئۇممە گۇلسۇم پېشايۋانغا چىقتى:

— مەپىكەش ساھىپ، مەپىگە چۈشۈپ چوڭ ئوغلۇم ئەلىبەگنىڭ قېشىغا شاھ مىرزا ئابابەكرىنىڭ سوۋغىسىنى ئېلىپ بارماقچىمەن. سوۋغا ھۇجرامدا. ئېلىپ چىقىڭ...

مەپىكەش بىرنېمە دېمەكچى بولدىيۇ، گېپىنى ئىچىگە يۇتۇۋېتىپ، ئۇنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن ئاپتۇۋانى تەستە كۆتۈرۈپ ھويلىغا ئېلىپ چى-قىپ، گىلەم سېلىنغان سۇپىغا قويدى.

— مەن ئاتنى قوشۇپ مەپىنى ئېلىپ كېلەي خېنىم.

ئۇممە گۇلسۇم تېخىچە مەيىنى تەييار قىلمىغانلىقىنىڭ سىرىنى چۈشەندـ
ـگەندەك قىلىپ ئۈنچىقمىدى. ھايال ئۆتمەي كولدۇرمىنىڭ جىرىڭلىغان
ئاۋازى ئاڭلاندى، قامچىنىڭ قارسىلدىغان ئاۋازى چىقتى.

— مەيە تەييار بولدى خېنىم، — دېدى ئىڭىلىپ مەيكەش ساھىپ
ۋە ئالتۇن ئاپتۇۋانى كۆتۈرۈپ مەينىڭ ئۈستىگە ئالدى. ئۇممە گۇلسۇم
جەملىخان بىلەن مەيىگە چىقىپ ئالدىدىكى پەردىسىنى چۈشۈرۈپ
ئولتۇردى.

— تىرت... چۇھ...

مەيكەش ساھىپ ئافغان ئىدى. مىرزا ئابابەكرى بەدەخشانغا لەشكەر
تارتىپ بارغاندا، ئۇنى ئەسىر قىلىپ ئېلىپ كەلگەنىدى. بۇ يۇۋاش،
ھۆكۈزدەك ئىشلەيدىغان يىگىت دەسلەپ زىنداندا گۇندىپاي بولدى. كېيىن
ئوردا ئىچىنى سۈپۈرىدىغان مالايلارغا قوشۇپ قويۇلدى. سېرىق ساقال،
بويلۇق بۇ ئادەم مىرزا ئابابەكرىنىڭ نەزىرىنى تارتتى. ئۇنى مەخسۇس ئۇممە
گۇلسۇم چۈشىدىغان مەينى ھەيدەشكە قويدى ۋە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بۇيرۇقىد
ـسىز بىر يەرگە بارماسلىقنى، بەلگىلەنگەن ۋاقتتىن باشقا چاغلاردا بىر يەرگە
بېرىشقا توغرا كەلسە سوراش لازىملىقىنى، بولۇپمۇ بۇۋى ئايىسخاننىڭ
ئۆيىگە پەيشەنبە كۈنلىرىدىن باشقا ۋاقىتتا زادىلا بارماسلىقنى قاتتىق جېكدـ
ـلىگەنىدى. بۇ چاغقىچە يۇقىرىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلمىغان مەيدـ
ـكەش ساھىپ خېنىمنىڭ بۈگۈن ئەتىگەندىلا بۇۋى ئايىسخاننىڭ ئۆيىگە
بارماقچى بولغىنىدىن گۇمانلىنىپ چۆچۈدى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ سوۋغىسىنى
ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، سۇلتاننىڭ بۇيرۇقى شۇنداق بولۇشى كېرەك
دېگەن ئويغا كەلدى. ئۇنىڭ ئەندىشىسى تۈگىگەن بولسىمۇ، تازا خاتىرجەم
بولالماي مەينى ھەيدەپ ماڭدى.

ئۇممە گۇلسۇم مەيە توختىغىچە باللىرىغا نىمە دېيىشنى، قانداق
مەسلىھەت بېرىشنى، نىمە ئۈچۈن بىۋاقىت كەلگەنلىكىنى، مىرزا ئابابەكرىنى
قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەكلىكىنى ئويلاپ سىرتقىمۇ تۈزۈككىنە كۆز

سالمىدى.

— خېنىم، يېتىپ كەلدۇق.

ئۇ تۆمۈر ھالقىلىق چوڭ دەرۋازا ئالدىدا مەپىدىن چۈشتى. مەپىكەش ساھىپ ھەم ئېتىلگەن دەرۋازىغا بىر قاراپ ئاندىن باش سىلىپ تۇردى.

— دەرۋازىنى قېقىڭ! — بۇيرۇدى ئۇممە گۈلسۈم مەپىدىن چۈشۈپ.

مەپىكەش ساھىپ دەرۋازىنىڭ ھالقىسىنى بىر-بىرىگە ئۇردى. خېلى بىر ۋاقىتتىن كېيىن دەرۋازا ”غىچ“ قىلىپ قىيا ئېچىلدى.

— كىم؟ — بىر ئايالنىڭ ئاچچىقلانغان تەرىزدە چىققان قوپال ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئۇممە گۈلسۈم خېنىم شاھ مىرزا ئابابەكرىنىڭ سوۋغىسىنى ئېلىپ كەلدى. دەرۋازىنى چوڭ ئېچىڭ قەدىرلىكىم...

دەرۋازا چوڭ ئېچىلدى.

ئۇممە گۈلسۈم قارا يوللۇق ئەتلەس كۆڭلەك كىيىپ بېشىغا كەشمىر ياغلىقى سېلىۋالغان بۇۋى ئايىسخاننى كۆردى.

— ئەسسالام خېنىم، ھارمىغايلا!

— تىنچ تۇرغانلا ئايىسخان ئاچا.

بۇ كەمگىچە كەلسە-كەتسە زۇۋان سۈرمەي گۆشىيىپ تۇرۇۋېرىدىغان بۇ خوتۇننىڭ بىردىنلا تىلى چىقىپ قالغىنىدىن ئۇممە گۈلسۈم ھەيران بولدى، ھەم چۆچۈدى.

— خېنىم، ئەدەپسىزلىك قىلغىنىمنى كەچۈرسىلە. سورىمىسام بولماي-دۇ. سوۋغا ئېلىپ كېلىدىغانلىرىدىن سۇلتان بىزنى خەۋەرلەندۇرمىگەنىغۇ؟

— سۇلتان كىچىچە يېنىمدا بولۇپ سەھەر كەتتى. بۇ سوۋغىنى ئوغلۇمنىڭ توينى مۇبارەكلەپ ئېلىپ كەلگەنىكەن. كەچكىچە كۈتۈشكە قانداقمۇ تاقەت قىلاي؟ ئوغلۇم شاھنىڭ بۇ مەرھەمىتىدىن بۇرۇنراق خۇشال بولسۇن دەپ ئەتىگەندىلا ئېلىپ كەلدىم.

— شاھ سىزنى خەۋەرلەندۇرگەنمىدى؟ — بۇۋى ئايىسخان مەپىكەش

ساھىپقا تەبەسسۇم بىلەن تىكىلدى.

— ياق خاتۇن، كېچىدە سۇلتانىنىڭ بۇ ئالتۇن ئاپتۇۋانى مۇلازىملار بىلەن ئېلىپ كەلگىنى راست. لېكىن ماڭا باشقا گەپ قىلمىغانىدى.

— ھە، — دېدى بوۋى ئايىسخان، — سۇلتانىنى بىز خەۋەرلەندۇرۇپ قويساق بولغىدەك.

ئۇممە گۇلسۇم مەپكەش ساھىپنىڭ بوۋى ئايىسخاننى "خاتۇن" دەپ ئاتىشىدىن ئېخىمۇ ھەيران بولدى. بۇ ۋاقىتقا قەدەر بۇلارنىڭ ئەر-خوتۇن ئىكەنلىكىنى ئۇ زادىلا بىلمىگەنىدى.

— خېنىم، ھەيران بولمىسىلا، سۇلتانىنىڭ تايىن قىلىشى ئارقىلىق ساھىپ بىلەن تۇرمۇش قۇرغىنىمغا ئۈچ يىل بولدى. ئەمما بالا يۈزى كۆرمىدۇق. خۇدايىم سىلىنىڭ باللىرىنى بېقىشنى پېشانەمگە پۈتۈۋەتكەن بولسا كېرەك.

"ئاجايىپ ئىش، — ئويلىدى ھويلىغا كىرىپ كېتىۋېتىپ ئۇممە گۇلسۇم، — بۇ ھايات نېمانداق سىرلىقتۇ..."

— ئوغۇللىرىم تىنچ-ئامانمۇ؟ — سورىدى ئۇ بوۋى ئايىسخاندىن.

— ئاۋۋال خۇدا، ئاندىن قالسا سۇلتانىمىزنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن پەرزەنتلىرىنىڭ ھەممىسى سالامەت، ئوبدان تۇردى. ھازىر باغدا ئاكىسىدىن قىلىچۋازلىقنى ئۆگىنىۋاتىدۇ. ئۇلار ھەر كۈنى ئەتىگەنلىك ناشتىدىن بۇرۇن ئەنە شۇنداق قىلىچۋازلىقنى مەشىق قىلىشىدۇ. كېلىن خېنىممۇ بەك ئوبدان. ئەلبەگ بىلەن ئاشىق-مەشۇقنىڭ ئۆزى، — ئۇ جاۋۇلداپ سۆزلەپ قوشۇپ قويدى، — بۇرۇن مۆرىمەس بۇ خوتۇن ھەجەپ ۋىتىۋالداقنەك ۋاتىلدايدىغان بولۇپ كېتىپتۇ، دەپ قالغانلا خېنىم. گاس- گاچا بولۇپ يۈرۈشۈممۇ، ۋىتىــۋالداقــتەك توخــتىماي جاۋۇلدايدىغان بولۇپ قېلىشىممۇ تەقدىر - قىسمەتتىن.

— سىلە بېقىملىق بولۇپ قاپتىلا ئايىسخان ئاچا، ئوغۇللىرىمنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىرسىلە.

— ماقۇل خېنىم، — دېدى ئۇ ۋە مەپكەش ساھىپقا قارىدى، — سەن دەرۋازىغا ھېزى بول.

— ھازىر سوۋغاتنى مەپكەش ساھىپتىن باشقىمىز كۆتۈرەلمەيمىز. سوۋغاتنى ئوغلۇمغا تاپشۇرغاندىن كېيىن دەرۋازىغا قارىسۇن.

— ماقۇل خېنىم، ئۇنداق بولسا ئوغۇللىرىغا ئۆزلىرىنىڭ كەلگەنلىكلىرىنى ئېيتاي. ئۇلار ئالدىلىرىغا چىقسۇن. ئۆزلىرى مېھمانخانىغا مەرھەمەت قىلسىلا خېنىم.

كەڭ پېشايۋانلىق مېھمانخانا باغ بىلەن ھويلىنى ئايرىپ تۇراتتى. ھويلا بىردىشكە ئېلىنغان ئۈزۈم تېلى بىلەن قاراڭغۇلىشىپ قالغانىدى. تاللار پېشايۋان ئۆگزىسىگە ياماشقانىدى. ساپاق-ساپاق ئۈزۈم مەرۋايىت سۆكىدەك ياپراقلار ئارىسىدىن ساڭگىلاپ تۇراتتى.

ئۇممە گۈلسۇم مېھمانخانىغا كىرمەي، ئەگمىلەر بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان گۈلدار تۈۋرۈكلۈك پېشايۋاندا باللىرىنى كۈتۈپ تۇردى. ئەڭ ئاۋۋال باغدىن يۈگۈرۈپ چىققىنى ئوغۇللىرىنىڭ كەنجىسى 16 ياشلىق تۆمۈربەگ بولدى. ئۇ كەلگىنىچە ئانىسىدىن ئىككى قەدەم نېرىدا توختاپ سالام بەردى. ئانا بۇ بالىسىغا دادىسىنىڭ ئېتىنى قويۇپ قويغانىدى. قالغان تۆت ئوغۇلمۇ ئارقا-ئارقىدىن چىقىپ سەل ھېيىققان ھالدا سالام بېرىشتى.

— خۇدا سىلەرنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن باللىرىم، — ئۇممە گۈلسۇمنىڭ ئويچان كۆزلىرىدىن ياش تاراملىدى. ئۇ ھەقىقىي سەركەردىدەك كېيىنىپ، قىلىچ ئاسقان چوڭ ئوغلىغا قارىدى، — بالام، ئوبدان ئۆتۈۋاتامسىلەر، كېلىنىم قانداقراق؟

— ئاللا پاناھىدا ئوبدان تۇرۇۋاتىمىز، — جاۋاب بەردى چوڭ ئوغلى ئەلىبەگ، — ئىنىلىرىمغا قىلىچۋازلىقنى، دۈشمەنگە قانداق تاقابىل تۇرۇشنى، دۈشمەن بىلەن قانداق جەڭ قىلىشنى ئۆگىتىۋاتىمەن. ئانا، سىز بولسىڭىز راھەت-پاراغەتتە باللىرىڭىزنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتىسىز.

— خۇدا ھەربىرىڭلارغا نۇسرەتنى يار قىلسۇن، — ئانا كۆز ئالدىدا

تاغ قارغايلىرىدەك بوي تالىشىپ تۇرغان ئوغۇللىرىغا مېھرى بىلەن قارىدى. باللارنىڭ ھەممىسى قارا كۆز، دوقا ماڭلاي بولۇپ، چىرايى بىر-بىرىگە ئوخشىشىپ كېتەتتى. بوي-بەستى جەھەتتىن پەرقلىنىپ تۇراتتى.

يۈز بېشىغا لايىق مالخاي كىيگەن ئەلبەگدىن باشقا تۆتىنىڭ بېشىدا بادام دوپپا بار ئىدى. ئىككىنچىسىنىڭ ئېتى ئوسمانبەگ، ئۈچىنچىسىنىڭ ئېتى تۇرغۇنبەگ، تۆتىنچىسىنىڭ ئېتى ۋەلىبەگ ئىدى. "خۇداغا شۈكرى، يېتىم باللىرىمدىن مۇشۇنداق ئەزىمەتلەر چىققىنىغا! ئەمدى ۋاقىت يېتىپتۇ. بۇلارغا ئاتىسى توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرەي..." كۆڭلىگە شۇلارنى پۈككەن ئانا پېشايۋان تەرەپكە ئېچىلغان مېھمانخانا دېرىزىسى يېنىغا قويۇلغان ئاپتۇ- ۋانى كۆرسىتىپ ئەلبەگكە دېدى:

— ئوغلۇم، بۇنى سۇلتانىمىز مىرزا ئابابەكرى تويۇڭغا سوۋغات قىلىپ مەندىن ئەۋەتتى. قوبۇل قىلغايسەن.

ئەلبەگنىڭ قارا قاشلىرى لىككىدە كۆتۈرۈلۈپ قوشۇمىسى تۈرۈلدى. بۇغداي ئۆڭ يۈزى بىردىنلا تاتىرىپ كەتتى. كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ ئاپتۇۋاغا قادالغىنىچە تۇرۇپ قالدى. ئۇممە گۈلسۇم ئەنسىزچىلىك ئىچىدە:

— بالام، نېمە بولدۇڭ؟ چىرايىڭ ئەجەب ئۆزگىرىپ كەتتىغۇ! — دەپ ئالدىغا بېرىشىغا، ئەلبەگ ئانىسىغا گۈلەيدى:

— سەن ئاتامنىڭ قاتىلىغا تېگىۋېلىپ، بىزنى بولسا غالچىلارغا تاشلاپ بەردىڭ. "بۇلار ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ" دەپ راھەت-پاراغەتتە ئۆتتۈۋاتىسەن، راست، بۇ ئىنىلىرىم بىلمىگىنى بىلەن مەن ھەممىنى بىلىپ بولدۇم. سەن نومۇس قىلماي ياۋۇز قاتىلنىڭ سوۋغىسىنى كۆتۈرۈپ كېلىپسەن. بۇ شەپ- قەت ئەمەس، قىلتاق! بىلەمسەن بۇنى؟! رەھمەتلىك ئاتامغا قانداقمۇ يۈز كېلەلەيسەن؟ ئاۋۋال سېنى بوغۇزلاپ، ئاندىن ئۇ زالىمنىڭ كاللىسىنى ئالىمسام! — قاتتىق غەزەپلەنگەن ئەلبەگ يېنىدىكى قىلىچىغا قول ئۇزاتتى.

— ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ ئاناڭغا تىغ كۆتۈرەمسەن! — يۈگۈرۈپ كەل- گەن مەيكەش ساھىپ بار كۈچى بىلەن ئۇنى قۇچاقلاپ تۇتۇۋالدى.

— ئوغلۇمنى قويۇپ بېرىڭلار. ئۇ مېنى ئۆلتۈرسۇن. ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى راست. دادىسىنى ئۆلتۈرۈپ بالىلىرىنى يېتىم قىلغان باغرى تاش زالىمغا خوتۇن بولۇشنى راۋا كۆرگەن مەندەك ئەقىلسىز ئانىنىڭ بېشى كېسىلسۇن! چاپ ئوغلۇم، زالىم دۈشمەنگە ئېگىلگەن بوينۇمغا چاپ! — ئۇممە گۈلسۇم مەيكەش ساھىبنىڭ تۇتۇۋېلىشىغا قارىماي يۈگەنلەنگەن ئاتتەك يۇلقىنىپ تۇرغان ئوغلىغا يېقىن كېلىپ بويۇن ئېگىپ تۇردى. ھاڭۋېقىپ قالغان تۆت ئوغۇل، دەم غەزىپىگە پايلىماي يولۋاستەك ھۆركىرەپ تۇرغان ئاكىسىغا، دەم يامغۇردەك ياش تۆكۈپ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرغان ئانىسىغا قاراپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قېلىشتى.

— ئىنىلىرىم، سىلەر بىلىپ قويۇڭلار، بىزنىڭ دادىمىز مىرزا ئابابەكرى ئەمەس. ئۇ سېپىل ئاستىغا تىرىك كۆمدۈرۈۋەتكەن، ئوردا ياساۋۇللىرىنىڭ يۈز بېشى تۆمۈربەگ، ئانام مىرزا ئابابەكرىدەك رەھىمسىز قاتىلغا خۇپىيانە خوتۇن بولۇشقا رازى بولغان شەرمەندە ئايال. مەن بۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەقىقىتىنى يېقىندا ئاڭلىدىم...

ئەلبەگ غەزەپ-ئاچچىقىدىن تىترەپ كەتتى ۋە سەل تۇرۇۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— تاش يۈرەك زالىم مىرزا ئابابەكرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇنىڭ زۇلمىغا قارشى قوزغالغان مادۇ، چىكراك ئايمىقى ۋە ئۆزگەن[1]ئادەملىرىدىن 2000 نى قەتلى قىلىپ، 3000 نىڭ پۇتىنى تىزىدىن كېسىپ تاشلاپ، قايتىپ كېلىۋاتقان چېغىمىزدا خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى دېگەن سەرسان كىشى بىلەن چۆلدە ئۇچرىشىپ قالدۇق. بۇ زات بىزنىڭ نېمە ئىشلانى قىلىپ كېلىۋاتقىنىمىزنى سوراپ بىلگەندىن كېيىن، ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى. "سىلەردىن بىگۇناھ يېتىم-يېسىرلەرنىڭ قېنى پۇراپ تۇرىدۇ. مەن يىراق كېتەي" دەپ، بىرنەرسە بەرسەكمۇ ئالماي بىزدىن يىراقلاشتى. مەن ئارقى-

[1] ئۆزگەن — يەر نامى.

سىدىن بىرىپ بىر توغراق تۈۋىدە ئۇنى توختاتتىم. ئۇ مېنىڭ كىملىكىمنى سورىدى. مەن ئۇنىڭغا مانا بۇ ۋاپاسىز ئاتامنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بەردىم. ئۇ تۇرۇپ كەتتى. باش كۆزۈمنى سىلىدى. ”ئاتاڭ سىلەرنى سالامەت چوڭ قىلىش مەقسىتىدە مىرزا ئاتابەكرىگە خوتۇن بولۇشقا رازىلىق بەرگەن بولۇشى مۇمكىن“ دەپ، ئۆز ئاتامنىڭ كىملىكىنى ۋە قانداق ئۆلگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. مەن ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن ئۆزۈمنىڭمۇ بىگۇناھ قېرىنداشلىرىمنى ئۆلتۈرگەن قاتىل بولۇپ قالغىنىمدىن قاتتىق ئەپسۇسلاندىم ۋە مىرزا ئاتابەكرىدىن ئاتامنىڭ، بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەن قېرىنداشلىرىمنىڭ قىساسىنى ئېلىشقا بەل باغلىدىم. شۇنداق تۇرۇپ ئۇ بەدنىيەت سۇلتاننىڭ سوۋغىسىنى قانداقمۇ قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ قاپقىنىغا دەسسەي؟ ئۇ بەدبەخ ئۆز پىغىمبىز بىلەن ئۆز گۆشىمىزنى قورىماقچى. بۇنى بىلەمسەن ئانا! ئېيتىپ باقە، زادى نېمە ئۈچۈن بۇ بەدكار زالىمغا خوتۇن بولۇشنى ئۆزۈڭگە راۋا كۆردۈڭ؟

ئىككى مۇشتۇمنى تۈگۈپ نەپرەت بىلەن قارىغان ئوغلىنىڭ ئالدىدا باش سىلىپ يىغلاپ تۇرغان ئۇممە گۈلسۇمنىڭ پۈتۈن بەدىنى بوشىشىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئانىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن ئوغۇللار ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. ئەلبەگمۇ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتكەن ئانىسىدىن ئەنسىرەپ ئېگىـشىپ كۆز سالدى.

— ئېيتقىنا ئانا، زادى نېمە ئۈچۈن؟

ئۇممە گۈلسۇم ئىككى قولى بىلەن يەرنى تىرەپ بېشىنى كۆتۈردى. ئېگىشىپ تۇرغان ئەلبەگ ئۇنىڭغا مەرھۇم ئېرى تۆمۈربەگدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ ئەس- ھوشىنى يىغىپ دېدى:

— ئوغلۇم، باللىرىم، مەرھۇم ئاتاڭلار تۆمۈربەگ تىرىك پېتى سىپىل ئاستىغا بېسىۋېتىلگەندىن كېيىن، مەندىمۇ قىساس ئېلىش ئىستىكى بولغانـدى. جانابى ئاللا ماڭا شۇنداق بىر جۈرئەت ئاتا قىلدىكى، ئۇ زالىمنىڭ يولىنى توستۇم. قۇدرەت ئىلاھىنىڭ كارامىتى بىلەن ئۇ باغرى تاش مېنى

ئۆلتۈرمەي ئۆز نىكاھىغا ئالماقچى بولدى. مەنمۇ سىلەرنى سالامەت چوڭ قىلىش ۋە ئاتاڭلارنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن ماقۇل بولدۇم. ئاللاغا مەلۇم، كۆپ قېتىم ئۇنى قانخورلۇق قىلىشتىن توستۇم. سىلەرنىمۇ ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن چوڭ قىلىۋالدىم. قىساس ئېلىش پەيتىنى كۈتۈپ چاچلىرىم ئاقىرىشقا باشلىدى، مەن بۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمنى ئاقلىماقچى ئەمەسمەن. مەن گۇناھكار، يولنى خاتا باسقان ئانىمەن. ئوغلۇم، ئەلۋەتتە دېگەنلىرىڭ راست. سەن مېنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلساڭ ھەرگىز ئاغرىنمايمەن. ئاخىرقى قېتىم ساڭا دۇئا بېرەي. ئىنىلىرىڭگە ياخشى قارا. ئۇلاردىن ئايرىلماي، مىرزا ئابابەكرىدىن ئاتاڭنىڭ قىساسىنى ئېلىپ مۇرادىڭغا يەتكىن. ئامىن... دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ تۇرغان چېغىمدا چېپىپ تاشلىغىن بالام، ئەلۋىدا جانجىگەر-لىرىم...

ھويلا ئىچى تىمتاس بولۇپ كەتتى. ھەممەيلەننىڭ كۆزى ئوغلىنىڭ ئالدىدا بويۇن ئېگىپ تۇرغان ئانىدا ئىدى.

ئېغىر ئويغا چۆمگەن بۇۋى ئايسىخان بىرىنچى بولۇپ جىملىقنى بۇزدى:

— بالام، مەنمۇ سېنى بېقىپ چوڭ قىلدىم. بۇ كەمگىچە مىرزا ئابابەكرىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلىپ كەلگەندىم. ئۇ پادىشاھ، ناھەق ئىش قىلمايدۇ دەپ ئويلايتتىم. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ رەھىمسىز، زالىم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن بولسامۇ، ئۇنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقماي كەلگەندىم. گېپىڭنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن رايىم پۈتۈن-لەي ياندى ئوغلۇم. ئۇ، تويۇڭ بولۇش ئالدىدا ماڭا بىر قۇتا زەھەر بېرىپ: "بۇ شۇملارنى كۆزدىن يوقاتمىسام ئاخىر بېشىمغا بالا بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. مۇۋاپىق پەيتنى قولدىن بەرمەي بىراقلا ئۇجۇقتۇرۇۋەت" دەپ بۇيرۇغانىدى. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگىچە "مۇۋاپىق پەيت كەلمەي" سىلەر ھايات قالدىڭلار بالىلىرىم. ئەگەر بۈگۈن خېنىم كەلمىگەن بولسا ئۆزۈڭنىغا قالماي جېنىڭلارغا زامىن بولار ئىكەنمەن. خۇدا ساقلىدى. بۈگۈندىن باشلاپ مىرزا

ئابابەكرىنىڭ ئەمەس، سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلاردا بولىمەن. خاتىرجەم بولۇپ مۇددىئاغا يېتىشنىڭ كويىدا ھوشيار تۇرۇڭلار.

بۇ دۇنياغا ياخشى نىيەت تۇۋرۇك، يامان نىيەت — كولانغان ئورا. ئانىنىڭ ياخشى نىيىتى بالىلارنى قۇتقۇزۇپلا قالماستىن، سۇلتانغا سادىق قۇللارنىمۇ يامان پەيلىدىن ياندۇردى.

ئۇممە گۇلسۇم تەقدىرنىڭ بۇ كارامىتىدىن بىر بىشارەتنى سەزگەندەك بولدى. ئەلبەگ ئىككى ئانا ئالدىدا تىزلاندى:

— رەھمەت ئانىلىرىم، ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن بىز سىلەردىن قايتا تۆرەلگەندەك بولدۇق. مىرزا ئابابەكرىنىڭ تويۇمغا قىلغان سوۋغىسىنى ئەمەدى قوبۇل قىلىمەن ۋە ئۇنى سىز ئانام بىلەن سىز ئاتامغا تۇتىمەن، — ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ دېرىزە ئالدىدىكى پارىلداپ تۇرغان ئالتۇن ئاپتۇۋانى كۆتۈرگىنىچە مەيكەش ساھىپ بىلەن بۇۋى ئايسخان ئالدىدا قويدى، — قوبۇل قىلغايسىلەر...

— بالىلىرىمنى مانا شۇنداق ئەزىمەت قىلىپ يېتىشتۈرۈپ بەرگىنىڭلار ئۈچۈن تاغ-تاغ ئالتۇن بەرسەڭ ئازلىق قىلىدۇ، قوبۇل قىلىڭلار. بىز ئۆمۈرۋايەت ئايرىلمايدىغان تۇغقانلاردىن بولۇپ قالايلى، — دېدى ئۇممە گۇلسۇم بۇۋى ئايسخاننى قۇچاقلاپ.

مەيكەش ساھىپ ئالتۇن ئاپتۇۋاغا زەڭ سېلىپ، ئاغزىنى ئېچىپ قارىدى-دە، ئۇنى كۆتۈرۈپ دۇم قىلدى. شارىرىدە ئۈنچە-مەرۋايىت، ياقۇت-مارجانلار يەرگە تۆكۈلدى. قاتلانغان بىر پارچە پاتلىق كەشمىر قەغىزى ھەم ئاپتۇۋا ئىچىدىن چۈشتى. ئۇ قەغەزنى ئاچتى. ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا خۇش خەت بىلەن مۇنۇ خەت يېزىلغان ئىدى:

”خۇمار خاتۇن ئوغلىنىڭ تويى ئۈچۈن“

بۇ خەتنى ئايسخان قولىغا ئالدى ۋە ئوقۇپ ئۇممە گۇلسۇمگە بەردى. ئۇ ئوقۇپ ئەلبەگكە بەردى. ئۇ ئىنىلىرىغا ئۈنلۈك ئوقۇپ بەردى.

— خۇمار خاتۇن كىم ئۆزى ئانا! — سورىدى كەنجى ئوغلى

تۆمۇربەگ.

ئۇمىە گۇلسۇم جاۋاب بەرمەي ئۇنى باغرىغا باستى.

— ئەسسالام خان ئانا! — قوشۇما قاش، زىلۋا، ئاق يۈزلۈك ياش بىر ئايال رومىلىنى قىيا قايرىغىنىچە ئايۋاندىن چىقىپ ئۇمىە گۇلسۇمگە تەزىم قىلدى. ئۇ ئۆي ئىچىدە — دېرىزە يېنىدا تۇرۇپ بولغان گەپ-سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئاجايىپ ھەيران قالغانىدى. ئۆزىنىڭ ھەققىي قېيىن ئانىسى ئۇمىە گۇلسۇمخان ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، باياتىن بېرى قورقۇنچ بېسىپ ئالاقزادە بولغان كۆڭلى ئارامغا چۈشۈپ، سالام بەرگىلى چىققانىدى.

ئۇمىە گۇلسۇمخان ئۇنى كۆرۈپلا كېلىنى ئىكەنلىكىنى بىلدى. مەڭزىگە مەڭزىنى يېقىپ كۆرۈشۈپ، تىنچ-ئامانلىق سورىدى.

— ئوبدان تۇرۇۋاتامىلا قىزىم؟ ئەھۋالنى ئاستا-ئاستا چۈشىنىپ قالىلا بالام، — ئۇ بارمىقىدىكى پارقىراپ تۇرغان ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈكنى كېلىنىنىڭ قولىغا سېلىپ قويدى.

— ئانا، كېلىنلىرىنىڭ ئىسمىنى ئەسلىرىدە ساقلىيالمىغان بولسىلا كېرەك، فاتىمە دەپ چاقىرسىلا بولىدۇ، — دېدى ئەلبەگ، ئۇنىڭ سورىغىنىسى كەلگىنىنى بىلىپ.

— قۇتلۇق ئىسمىكەن بالام. خۇدا بەختىڭلارنى بېرىپ كۆپ پەرزەنتلىك بولغايسىلەر.

— خەتتە يېزىلغان خۇمار خاتۇن زادى كىم بولىدۇ ئانا؟ — سۆزىنى بۆلۈپ يەنە سورىدى تۆمۈربەگ، ئۇنىڭ بەكمۇ بىلگۈسى كەلگەنىدى.

— سوراۋەرمىگىن بالام، — دېدى بۇۋى ئايىسخان تۆمۈربەگنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ.



# ئون بەشىنچى باب

## ئاشىق قىزنىڭ تەقدىرى

### 1

قۇدۇق شەكلىدە چوڭقۇر كولانغان زەي، تار زىنداندا ئالقاندەك يورۇق چۈشتى. پاخال سېلىنغان نەم يەردە ئولتۇرۇپ «سۈرە يۇسۇپ»نى ئوقۇۋاتقان سەئىدخان ئەجەبلىنىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ يۇقىرىغا قارىدى. زىنداننىڭ ئۈستىگە يېپىلغان تاش ياپقۇ بىر يانغا قايرىپ قويۇلغانىدى. زەيدەپ شورلىشىپ كەتكەن زىندان تېمىدىمۇ بالداق شەكلىدە يورۇقلۇق پەيدا بولغانىدى. دەل شۇ چاغدا ئۈنىڭغا بىر سېۋەتكە سېلىنغان تاماق چۈشتى. سەئىدخان ”پېقىر قۇلۇڭغا ئۆزۈڭ نىجاتلىق بەرگەيسەن“ دەپ دۇئا قىلىپ سېۋەتتىن بىر نان، بىر خۇمرا چاي، بىر چىنىگە ئۇسۇلغان پولو، كاۋاپ قىلىنغان قىرغاۋۇل گۆشى، بىر پىيالە ئانار شەربىتى ۋە تۇمارچە قاتلانغان بىر پارچە خەتنى ئالدى. ئۇ تېخىمۇ ھەيران بولۇپ، يۇقىرىغا ئىككىنچى قېتىم قارىدى. سېۋەتكە چىگىلگەن تانا لەپپەڭشىپ تۇراتتى. باشقا ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى.

ئادەتتە ھەر كۈنى ئىككى ۋاق يېمەكلىك — ئەتىگەندە بىر خۇمرا چاي بىلەن بۇغداي ياكى ئارپا نېنى، پېشىن نامىزىدىن خېلى كېيىن بىر قاچا سۇيۇق ئاش ياكى شويلا بىلەن بىر خۇمرا چاي سېۋەت بىلەن چۈشۈرۈلەتتى. سەككىز ئايدىن بېرى شۇنداق بولۇپ كەلگەنىدى. ئەجىبا، بۇگۈن قۇياش مەغرىپتىن چىققاندەك ئۆزگىرىش بولدىغۇ! ھەتتا تاڭنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ تۇرغان زىندان قاراۋۇلىمۇ كۆرۈنمەيدىغۇ. سەئىدخان يۇقىرىدىن كۆزىنى ئۈزۈپ خەتنى قولىغا ئالدى.

بۇ نېمە خەتتۇ؟

ئۇ ئاۋايلاپ ئېچىپ خەتنى ئوقۇماقچى بولدى. ئۇنىڭ قىلىچ تەگكەن پۇتىدىكى يارا ساقىيىشقا باشلىغان بولسىمۇ، ساداق ئوقى تەگكەن چېكىسى تېخى شەلۋەرەپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن كۆز-قاپاقلىرى ئىششىپ كەتكەنىدى. شۇڭا خەتنى تەستە ئوقىدى:

"بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم، ئى باتۇر شاھزادە، سالام سىزگە! ياراتقۇچىمىز ئاللانىڭ تەقدىرى بىلەن سىزنى باغلاپ ئوردىدىن زىندانغا ئېلىپ كېتىۋاتقاندا قەسىر دېرىزىسىدىن كۆرگەنىدىم. شۇ دەقىقىدىن باشلاپ ئىشقىڭىزغا مۇپتىلا بولدۇم. ئاللادىن تىلىدىم. بىرنەچچە ئايدىن بېرى سىزدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇش كويىدا ئويلىنىپ-ئويلىنىپ ئاخىرى تەۋەككۈل قىلىشقا بەل باغلاپ، بوۋاق ۋاقتىمدىن تارتىپ تەربىيەت قىلىپ چوڭ قىلغان بۇۋى ھەجەر ئېنىك ئانامغا بۇ سىرىمنى ئېيتتىم. ئۇ ماڭا بەكمۇ كۆيۈنەتتى، سۇلغۇن ھالىمغا، كۆز ياشلىرىمغا چىداپ تۇرالماي، خۇپىيانە ئوقۇشۇپ، سىزنىڭ كىملىكىڭىزنى بىلىپ مېنى خەۋەردار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن سىزگە بولغان غايىۋانە ئىشقىمغا ياغ چېچىلغاندەك بولۇپ، پىراقىڭىزدا يۈرەك باغرىم داغلاندى. ئاھ، مەن بۇ دۇنياغا تۆرەلمىسەم بوپتىكەن. تۆرەلگەن بولسامۇ سىزنى كۆرمىسەم بوپتىكەن... تاقىتىم تاق بولۇپ تاماقتىن قالدىم. شۇ ھالدا بۇۋى ھەجەر ئېنىك ئانام سىزگە قارايدىغان زىندان قاراۋۇلى بىلەن كۆرۈشۈپ، كۆپ نەرسىلەرنى بېرىپ سىزگە نان-ئاش ئەۋەتىپ بېرىشىمگە

ئۇنى ماقۇل كەلتۇرۇپتۇ. مانا بۈگۈنجۈمە كۈنى بىرىنچى قېتىم ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن سىزگە نان-تاماق ئەۋەتتىم. مۇمكىن بولسا تاماق قاچىسىنى چىقارتقاندا ئىككى ئىلىك جاۋاب بېرىپ، سىزگە شەيدا كۆڭلۈمنى ئۈمدۋار قىلغايسىز. سىزنى ئاللاغا تاپشۇردۇم.

دىدارىڭىزغا تەشنا مەشۇقىڭىزدىن".

سەئىدخان ھەيرەتتە قالدى. ئۇ شايانىخان بىلەن «ئەخشىد توختامى» تۈزگەندىن كېيىن ئەنجان ئارقىلىق موغۇلستانغا قايتقان ئاتا-ئانىسى، ئاكا-ئىنىلىرىنى ناھايىتى سېغىنغانىدى. ئۆزىنىڭ ئېلىپ قېلىنغىنىغا تولىمۇ ئەپسۇسلانغانىدى. خوجەنتتىن ئوخشىغا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن قايغۇسى تېخىمۇ ئاشتى. 12 ياش چېغىدا مىرزا ھەيدەرنىڭ ئۆگىتىشى بىلەن ياد ئېلىۋالغان «سۇرە يۇسۇپ» سۈرىسىنى ئوقۇش بىلەن زېرىكىشلىك، ئازابلىق زىنداندىكى كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈشكە باشلىغانىدى. كۈتمىگەن ئىش ئۇنىڭغا ئۈمىد بەخش ئەتتى.

سەئىدخان كۆزىنىڭ ئېچىشىپ ئاغرىغىنىغا قارىماي خەتنى ئۈچ قېتىم ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، ئىشتىھا بىلەن غىزالاندى. زىندان تېمىدىكى ئۆچلۈق تاشنى ئوتتۇرا بارمىقىنىڭ ئۇچىغا پاتۇردى. قان چىقتى، چۆرىسى كەشتىلەنگەن ئاق قول ياغلىقنى تىزىغا قويۇپ:

"ئى گۈزەل دىلرەبا، ئاللا سىزگەرەھمەت قىلسۇن. سەئىدخان" دېگەن سۆزنى قان بىلەن يازدى. ئاندىن باش بارمىقىنى قان چىقىپ تۇرغان ئوتتۇرا بارمىقىنىڭ ئۇچىغا چىڭ بېسىپ تۇرۇپ قاننى توختاتتى. ئۇنىڭ چىرايى ئاپتاپتەك ئېچىلىپ روھلىنىپ كەتكەنىدى. خەتنى پىيالە ئىچىگە سېلىپ داستىخانغا ئوراپ سېۋەتكە سالدى. ھەمياندىن ئىككى تىللانى ئېلىپ ئۈستىگە قويدى. بىر چاغدا تاتا لەپپەڭشىپ، سېۋەت يۇقىرىغا تارتىلدى. سەئىدخان قاراپ زىندان ياساۋۇلىنى كۆردى.

ھەر كۈنى ناماز دېگەر ۋاقتىدا ئىككىنچى قېتىم سېۋەت چۈشەتتى. مېزىلىك تائامنى يەپ، ئانار شەربىتىنى ئىچىپ، ئۇنىڭ سالامەتلىكى خېلىلا

ئەسلىگە كېلىپ قالغانىدى.

بەزى كۈنلىرى ئۇنىڭ ئېسىگە ئەنجان يولىدا دەريا بويىدىكى قاشالىق باغدا ئۇچراتقان ھېلىقى قىز كېلەتتى. گويا بۇ تاماقلارنى شۇ قىز چۈشۈرگەندەك ھېس قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن قايتا دىدار كۆرۈشۈش ئارزۇسىدا بولاتتى.

بارات ئېيىدا[1] ئۇنىڭغا كۆجە، سۈمۈلەك ئېتىپ چۈشۈردى. سەئىدخان ھەر يىلى ئالاھىدە ساناپ ئېتىلىدىغان بۇ ئاشلارنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ نورۇز كۈنى سېۋەتتە كۆك چۆچۈرىسى بىلەن بۆدىنە كاۋىپىنى كۆرۈپ زىيادە خۇش بولدى. ئاق يىپەك ياغلىققا ئورالغان قىزىرىپ پىشقان بىر سامسا، ئۈچ تال غورا، بىر تال ئۇزۇن قارا چاچنى كۆرگەندە ھاياجاندىن يۈرىكى تىپچەكلىدى. سامسا تونۇردىن يېڭى قومۇرۇلغاچ شۇنداق قىزىق ئىدى. سەئىدخان سامسىنى قىزنىڭ يۈرىكىگە قىياس قىلدى. "يۈرىكىم مانا شۇ سامسىدەك پىراق ئوتىدا پۇچۇلانماقتا" دېگىنى بولسا كېرەك. بۇ ئۈچ غورىچۇ؟ ئۈچ كۈنگە بىشارەت، بىر تال قارا چاچچۇ؟ مىرزا ھەيدەر: "چاچ — ئاياللارنىڭ سىرى" دەپ بەرگەنىدى. خوش، شۇنداق بولسا قانداق مەنە چىقىدۇ؟ — ئۇ ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ "ھە، مانا تاپتىم، چاچنىڭ قارىلىقى — كېچىگە بىشارەت. بۈگۈندىن باشلاپ ئۈچ كۈن ئۆتسە، ئىنىدىنلىققا كېچىدە ئۇ كېلىدىكەن" دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. "راست، شۇنداق بولامدۇ-بولمامدۇ؟ بۇ ئاللانىڭ ئۆزىگە مەلۇم. شۇ پاك مۇھەببەتكە مۇپتىلا بولغان قىزنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغىن ئۇلۇغ ئاللا" دەپ دۇئا قىلغانىدا، ئۇنىڭ كۆزىگە "ئېتەكنى تىللا بىلەن ئاسان توشقۇزغىلى بولمايدۇ " دېگەن ئاشۇ قىز كۆرۈنگەندەك بولدى. "ئەجەب ھال... بۇ دۇنيا ئۆزىنىڭ ئاجايىپلىقى بىلەن شۇنداق گۈزەل، جەلپكارمىدۇ؟ ياكى ئىنسان ئۆز خاھىش-مۇھەببىتى بىلەن ۋىسالغا يېتىش كويىدا تۇرمۇشنى شۇنداق

---

[1] بارات ئېيى — 3-ئاي.

سرلىقلاشتۇرۇۋەتكەنمىدۇ؟" سەئىدخان ئويلاپ ئولتۇرۇپ تاماقنى بىر غورا بىلەن يېدى. "سامسىنى ئەتە ئەتىگەن بىر غورا بىلەن يەيمەن. ئۆگۈنى يەنە بىر غورىنى يەيمەن. ئۇ دىلرەبا بىلەن خۇدا خالىسا ئىندىنلىقتا كېچىسى دىدار كۆرۈشىمەن. «سۈرە يۇسۇپ»نى ئوقىغانلىقىمنىڭ خاسىيىتىدىن شۇنداق بولۇۋاتسا كېرەك." سەئىدخان بوشىغان قاچىلارنى سېۋەتكە سالـ دى. بويىندىكى تۇمارنى ئېلىپ ياغلىققا ئوراپ ئۇنىمۇ سېۋەتنىڭ بىر بۇرجىكىدە قويدى. سېۋەت تارتىلىپ زىنداننىڭ ئۈستىگە چىقىپ كەتكىچە قاراپ تۇردى.

## 2

شايبانىخان سەمەرقەنتكە كېلىپ كۆك سارايدا تەختكە ئولتۇردى ۋە ئالتە ئاينى ئەيش-ئىشرەت بىلەن ئۆتكۈزدى.

ئەبۇ سەئىد مىرزا زامانىدا ھەشەمەتلىك ياسالغان بۇ سارايدا ھەم تەختتە ئولتۇرۇش، ھەم جاندىن جۇدا بولۇشتىن ئىبارەت ئىككى دەبدەبە- لىك، قورقۇنچلۇق ئىش ئادا قىلىنىپ كېلىۋاتاتتى. سۇلتان مەھمۇدخاننى موغۇلىستانغا كەتكۈزۈۋېتىپ كۆچىيىپ قالغان شايبانىخان كۆك سارايدىكى تەخت ئۈستىدە خۇراسان، خارەزم، ئىران تەرەپلەرگە كەتكەن ئايغاقچىلار- دىن ئۈچۈر كۈتۈپ خىيالغا چۆككەنىدى. "پۇرسەت كەلدى، ھۈسەيىن بايقارانى مەغلۇپ قىلىپ خۇراساننى ئېلىشكە ئالسام، خارەزم دەرۋازىسى ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىدۇ. خۇسراۋ شاھمۇ كاللىسىنى قولتۇقىغا قىسىپ ئالدىمغا كېلىدۇ..."

— ئى شاھلارنىڭ شاھى، ئەھمەد تەنبەل ئالىيلىرىغا تۇزكورلۇق قىلىپ ئىسيان كۆتۈرۈپتۇ. ئەنجاندىن ئايغاقچى كەلدى، — دېدى جانىبەگ تەزىم بىجا كەلتۈرۈپ.

شايبانىخاننىڭ ماڭلىيىدىن سوغۇق تەر چىقىپ كەتتى. ئۇ ئۆمەر

شەيخ مىرزا ۋاپات بولۇش بىلەنلا ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىپ، ئۆزى تەرەپكە ئۆتكەن ئەھمەد تەنبەلگە بۇ چاقىچە ئىششىپ كەلگەنىدى.

— نېمە دېدىڭ؟ ئەھمەد تەنبەل ھالىغا باقماي ماڭا قىلىچ كۆتۈرۈپتىمۇ؟ — دېدى سوغۇق كۈلۈپ، — ئۇنداق بولسا مەن ئۆزۈم ئاتلىنىپ مەرھۇم ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ روھىنى خۇش قىلىپ قوياي. بۈگۈن كەچ پۈتۈن ئەسكەر ئاتلانسۇن!

— خوپ شاھىم.

جانىبەگ نامازدىگەرگە قالماي سەمەرقەنتتىكى بارلىق ئەسكەرلەرنى ئاتلاندۇردى. ئۇلار تېرەك ياپراقلىرى تەڭگە بولغاندا ئۇخسىغا يېتىپ كەلدى. ئەھمەد تەنبەلمۇ ئاتلىنىپ چىققانىدى. ئۇ كۆڭلىدە ئۇخسى ھاكىمى بايىزىدنى ئۆزىگە ھەمكارلىشىدۇ دەپ بىلەتتى. ئەمما ئۇنداق بولمىدى. بايىزىد شايبانىخان تەرەپتە تۇردى. جەڭ قاتتىق بولدى، جانىبەگ قوشۇنىنىڭ خىللانغان قىسمىنى ئەھمەد تەنبەل ئەسكەرلىرىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇن ئۆتكۈزۈۋالدى. ئىككى ئارىلىقتا قالغان ئەھمەد تەنبەل ئاخىرى ئەسىرگە چۈشتى. ئۇ شايبانىخان ئالدىغا ئېلىپ كېلىنگەندە پۇتى ۋە ئوڭ مۈرىسىدىن زەخىملەنگەنىدى.

— سەن ئەزەلدىن ۋاپاسىز قۇل ئىدىڭ، ئېشەككە مۈڭگۈز بەرمىگەندەك، ئاللاتائالا ساڭا پادىشاھلىقنى نېسىپ قىلمىدى. ئۆلۈمۈڭ ئالدىدا بۇنىڭغا ئىقرارمۇسەن؟ — سورىدى شايبانىخان چىرايى قارىداپ كەتكەن ئەھمەد تەنبەلدىن.

— راست، دېدىڭ زالىم، — دېدى ئەھمەد تەنبەل كۆكرىكىنى كەرگەن ھالدا، — مەن ئۆز پادىشاھىمغا ئاسىيلىق قىلغانىدىم، بۈگۈن ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىۋاتىمەن، قېنى چېپىپ تاشلا!

— بوينۇڭدىن ئەمەس، پۇتۇڭدىن چانايمەن. جاللات!

يۈزىگە قارا نىقاب تارتقان ئىككى جاللات ئەھمەد تەنبەلنى سۆرىگىنىچە ئېلىپ چىقىپ، ئەسىر چۈشكەن ئەسكەرلىرى ئالدىدا پۇتىدىن بېغىشچە

پالتا بىلەن چاناپ ئۆلتۈردى.

شايبانىخان غەزەپلەنگەنىدى. ئۇ سەمەرقەنتكە قايتماي ھىسار، قۇندۇز تەرەپكە يۈرۈش قىلدى. ئاتلىنىش ئالدىدا ئەنجان ۋىلايىتىگە جانىبەگ سۇلتاننى ھاكىم قىلىپ، سەئىدخاننى ئۇنىڭغا تاپشۇردى.

— بۇ جاھىل شاھزادىگە كۈن نۇرىنى كۆرسەتمەڭ. خۇراساننى ئالغىنىمدىن كېيىن مۆمىن مىرزىدەك① بۇ دۇنيانىڭ ئازابىدىن ئۇنى قۇتۇلدۇرىمەن.

— خوپ شاھىم.

جانىبەگ سۇلتان بىلەن بايزىد سەئىدخان ياتقان زىندانغا كەلدى. ئۇنى قاراڭغۇ زىنداندىن چىقاردى.

— شاھزادەم، سىز ئەركىنلىككە چىقتىڭىز. ئەمدى مەن بىلەن ئەنجانغا كېتىسىز.

سەئىدخان بۇنىڭغا بىردىنلا خۇشال بولۇپ كەتمىدى.

— كەتمەيمەن. ئوخشىدا قالىمەن — دېدى ئۇ قەتئىيلىك بىلەن.

— كېتىسىز شاھزادە. خاننىڭ ئەمرىگە قارشى تۇرغىلى بولمايدۇ، — زەردە قىلدى بايزىد قوڭۇر ساقىلىنى سىقىمداپ تۇرۇپ.

— مەن ئەھدىمنى بۇزالمايمەن، — سەئىدخاننىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى.

— كىم بىلەن ئەھدى قىلىشقانىدىڭىز؟ — سورىدى بايزىد ھەيران بولۇپ.

— قىزىڭىز بىلەن.

— قايسى قىزىم بىلەن؟

— ئۇنى تېخى بىلمەيمەن.

— ياتلىق قىلىنمىغان بىرلا قىزىم بار. ئەگەر شەرىئەت ھۆكۈمىگە

---

① مۆمىن مىرزا — پادىشاھ ھۈسەيىن بايقارانىڭ نەۋرىسى بولۇپ، ھۈسەيىن بايقارا چۈشۈرگەن يارلىققا ئاساسەن زىنداندا قەتلى قىلىنغان.

خىلاپ ھالدا نامەھرەم ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەن بولسا كالللىسىنى ئۈزۈپ تاشلايمەن، — دېدى بايىزىد ساقاللىرىنى تىترىتىپ. ئۇنىڭ چېقىر كۆزلىرىگە قان تولدى.

سەئىدخان ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى بىردىنلا سېزىپ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ باغرى تاش ئاتا ئالدىدا قىزىنىڭ سىرىنى ئاشكارىلىماسلىقى كېرەك ئىدى. ئەپسۇس، گۆدەكلىك قىلىپ قويغانلىقىنى بىلىپ لەۋلىرىنى چىشلەپ قانىتىۋەتتى.

— جانىبەگ سۇلتان، بۇ شۇم ئېغىز شاھزادىنى ئېلىپ كېتىۋېرىڭ، بىنومۇس قىزىمنىڭ جازاسىنى ئۆزۈم بېرىمەن.

بايىزىد زىنداندىن ئوردىغا كېلىپ، ئەڭ كىچىك قىزى گۈلسۇرۇخنى ئالدىغا چاقىردى. بۈگۈن كېچە سەئىدخان بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن ئېنىك ئانىسى بىلەن تەييارلىق قىلىۋاتقان قىز ئەجەبسىنغان ھالدا ئاتىسىنىڭ ئالدىغا چىقتى.

— سەن سەئىدخاننى بىلەمسەن؟

قىزنىڭ يۈزى شەلپەردەك قىزىرىپ تۇرۇپ قالدى.

— خۇدا ھەققى، راست گەپ قىل. سەئىدخاننى بىلەمسەن؟

— ئاللا ماڭا بىلدۈرگەن ئاتا، — ئاستا جاۋاب بەردى قىز.

— ئۇنىڭ بىلەن ئەھدى قىلىشقانمۇ؟

— بىز يۈزتۇرانە ئەھدى قىلىشقان ئەمەس.

— مۇنداق-دە، — دېدى بايىزىد، ئۇ قىزىنى ئۆزى ئىخلاس باغلىغان بابۇر مىرزىغا ياتلىق قىلىشقا ئەھدى قىلغانىدى. شۇنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ سورىدى:

— قانداق ئەھدى قىلىشقان؟

— بۈگۈن كېچە ئۇچرىششقا.

— قانداق ئۇچرىششقا؟

— بۇنى ئېيتالمايمەن، — قىز ئاتىسىنىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ ئولتۇ-

روپ قالدى.

— ناھايىتى ئوبدان، قىزىم، سەن ئۆز بەختىڭنى يوقىتىپلا قالماستىن، ھاياتىڭنىمۇ ئاخىرلاشتۇردۇڭ، خەير، بۇمۇ تەقدىر، جاللات!

كۆك كىيىملىك، يۈزىگە نىقاب تارتقان دوغلاق بىر ئادەم ئۇنىڭ ئالدىدا تىز چۆكتى.

— بۇ شەرمەندىنى ئۇ دۇنياغا ئۇزىتىپ قوي، — دېدى بايزىد قەھرى بىلەن ۋارقىراپ، — قۇشخانىغا تېز ئېلىپ چىق!

— دادا، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟! ئانا...ئانا...، — گۈلسۇرۇخنىڭ نالىسىغا ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى.

جاللات ئۇنىڭ قارا چاچلىرىنى قاماللاپ تۇتۇپ سۆرىگىنىچە "قۇشخانا" دەپ ئاتىلىدىغان ئادەمنى ھەرخىل ئۇسۇل بىلەن يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ئۆيىگە ئېلىپ كىردى. ئۆي ھاكىم ئوردىسىنىڭ يان تەرىپىدە بولۇپ، ئەتراپىنى ئېگىز ئۆسكەن سۆۋادان تېرەكلىرى ئوراپ تۇراتتى. ھېچقايسى پادىشاھقا بويسۇنۇشنى خالىمايدىغان بايزىد ئۆزىگە قارشى چىققان ھەرقانداق ئادەمنى كەچۈرمەيتتى. ئوخشىدا پادىشاھتەك ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلغۇچىنى ياش-قېرىلىقىغا قارىماي ئۆلۈمگە بۇيرۇيتتى. پادىشاھ بابۇر مىرزىغا ئاتاپ قويغان قىزىنىڭ "نومۇسسىزلىقى" ئۇنىڭ ئوغىسىنى قايىتىپ غەزەپ-قەھرىنى ئاشۇرغانىدى. سۆرۈلۈپ كېتىۋاتقان قىزغا قاراپ يۈرىكى پىچاق ئورۇلغاندەك زىڭىلداپ كەتكەن بولسىمۇ، مەگزىدىن ئاققان ياشنى يەڭ ئۇچى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ، "سېنىڭ تەقدىرىڭ شۇنداق ئىكەن شۇم!" دەپ كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى.

## 3

جاللات ئاستا ماڭدى، ئۇ بايزىدنىڭ ئۆز قارارىدىن يېنىپ دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ قىزنى ياندۇرۇپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. كۆپ ئادەملەر-

نىڭ بېشىنى كەسكەن بولسىمۇ، بۇ گۈزەل قىزغا كەلگەندە ئۆزىنىڭ بايىزىدتىن باغرى يۇمشاق ئىكەنلىكىنى سەزدى. لېكىن ئادەم كەلمىدى. ئۇ گۈلسۇرۇخنى قاراڭغۇ قۇشخانىغا ئېلىپ كىردى. بۇ ئۆي گۆردەك جىمجىت ھەم سۈرلۈك ئىدى. جاللات ئەتراپقا قاراپ-قاراپ قويۇپ قىزنىڭ يۈزىدىكى چۈمبەلنى قايرىدى. "ئاھ خۇدا، نېمىدېگەن لەۋەن نازىنىن قىز بۇ! ئۇنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلغىچە پېقىرغا خاتۇن قىلىپ بېرىشنى راۋا كۆرسەك بولماسمىدى؟ دۇنيادا مەن بۇنداق گۈزەل قىزنى كۆرۈپ باقمىغان..." — ئۇ ئويلاپ تۇرۇپ قالدى-دە، بىردىن سۈرلۈك چىرايىدا بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىغان غەلىتە تەبەسسۇم پەيدا بولدى ۋە قىزنى چىڭ قۇچاقلاپ يۈز-كۆزلىرىگە سۆيۈپ كەتتى. گۈلسۇرۇخ ئۇنىڭ ساقال باسقان يۈزىگە بىر تەستەك ئۇردى.

— ئى قارا كۆڭۈل نامەرد، ھوشۇڭنى يىغىپ، ئاتامنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىل.

جاللات شاپىلاق تەگكەن مەڭزىنى سىلاپ ھىجايدى.

— مەلىكەم، باغرى تاش ئاتىڭىزنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلغۇم يوق. مەن سىزنى يىراقلارغا ئېلىپ كېتەي دەيمەن. ئەمدى سىز ئازاد، — جاللات ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ قىيا ئوچۇق ئىشىك تەرەپكە تارتتى.

— ئىپلاس قولۇڭنى پاك تېنىمگە تەگكۈزگۈچى بولما ئەبلەخ! — دېدى قىز قولىنى تارتىۋېلىپ، — ئاتامنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلمىساڭ بىرىپ ئېيتىمەن، — گۈلسۇرۇخ ئىشىككە قاراپ ماڭدى. جاللاتنىڭ يۈزلىرى چىملداپ، لەۋلىرى تىترەپ ئاغزىغا سۆز كەلمەي قالدى. ئۇ قىزنىڭ قارا چاچلىرىدىن بىر تارتىپلا يەرگە ياتقۇزدى. "ئىشىكنى ئەجەب ئەتمەپتىمەنا" دېدى ئۇ پىچىرلاپ. ۋەھىمە باسقان ھالدا بىر قولى بىلەن قىزنىڭ پېشانىسىنى يەرگە قاتتىق بېسىپ، ئالماس زۇننار ئېسىلغان بويىنىغا كۆز تىكتى. قاپقارا كىرپىكلەر يۇمۇلۇپ، ئۇنىڭ ھايات چىرىغىنى يوشۇرغانىدى. پەقەت گۈل ياپرىقىدەك لەۋلىرى تىترەپ بويۇن تومۇرلىرى لىپىلداپ تۇراتتى. جاللات گەز باغلاپ كەتكەن بىرىق كالپۇكىنى يالاپ، ئۇنىڭغا خەنجەر ئۇرۇش ئالدىدا ئاخىرقى قېتىم سۆيۈۋالماقچى بولۇپ ئېگىلدى. شۇ چاغدا

ئىشىكتىن يۈزىگە نىقاب تارتقان بىر چەۋانداز ئېتىلىپ كىرگىنىچە جاللاتنىڭ ئىككى تاغىقى ئارىسىغا خەنجەر ئۇردى. جاللات ئاغرىقتىن تولغىنىپ يېنىچە يىقىلدى. ئاغزىدىن بۇلدۇقلاپ قان چىقتى. خارتىلداپ پۇت ئېتىشقا باشلىغاندا نىقابلىق ئادەم گۈلسۈرۈخنى يۆلەپ تۇرغۇزدى، قىزنىڭ ئۇزۇن، قارا كىرپىكلىرى بىر ئېچىلىپ، بىر يېپىلىپ ئاخىرى بىراقلا ئېچىلدى. ھايات چىرىغى پالىلدا يېنىپ ئالدىدا تۇرغان نىقابلىق ئادەمنى ۋە يەردە سۇنايلىنىپ ياتقان جاللاتنى كۆردى.

— سىز سەئىدخانمۇ؟ سىزنىڭ كېلىپ قۇتقۇزۇۋېلىشىڭىزنى ئاللادىن تىلىگەنىدىم، — دېدى قىز ئاران سۆزلەپ.

نىقابلىق ئادەم نىقابىنى ئېلىۋەتتى. قىز بۇرۇتى ئەمدىلا خەت تارتقان نەۋقىران يىگىتنى كۆردى. ”سەئىدخان شۇ! — ... ئاھ خۇدا! ئۇنى مېنى قۇتقۇزۇشقا ئەۋەتىپسەن!...“

— مېنى بۇ ئۆلۈم سارىيىدىن تېز ئېلىپ كېتىڭ شاھزادە.

يىگىت سەل ھەيران بولغان ھالدا قىزنىڭ قولىدىن تۇتۇپ يېتىلىگىنىچە ”قۇشخانا“دىن چىقتى. ئېرەككە باغلاپ قويۇلغان تورۇقنى يەشتى-دە، سەكرەپ مىنىپ قىزنى ئالدىغا ئالدى.

— چۇھ بايقۇش!

ئات ئۇچقاندەك چېپىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن دەرەخلەر ئارىسىدا كۆزدىن غايىب بولدى.



# ئون ئالتىنچى باب

# ئانا دۇئاسى

## 1

— شاھزادە، مەن شايبانىخاندەك قانخور ئەمەسمەن. يېنىمدا ئەر-كىن-ئازادە، قەدرى-قىممىتىڭىز بىلەن تۇرۇشقا ئىشىنەمسىز؟

— ياق، سۇلتان ئاغا، مەن ئىشەنمەيمەن. سۇلتانلارنىڭ قان ئاققۇز-مايدىغىنى يوق. مەنمۇ سۇلتان بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن ۋە شۇ ئارزۇغا يېتىش ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلىمەن. شۇنداق ئىكەن قانداقمۇ قان تۆكمەي سۇلتان بولالايمەن؟ قان تۆكمەيدىغان سۇلتان دۇنيادا يوق. — شاھزادە، سۆزىڭىز ناھايىتى ئورۇنلۇق. قان تۆكمەيدىغان سۇلتانىنىڭ يوقلۇ-قى راست. ئەمما قانخورلۇق — بۇ باشقا. شايبانىخان باشقىلارنىڭ قېنىنى تۆكمەكتە. ئاقىۋەت ئۆزىنىڭمۇ قېنى تۆكۈلىدۇ. گەرچە مەن ئۇنىڭ يېقىن سەركەردىسى بولسامۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىر يولدا ئەمەسمەن. بۇنى چۈشىنىپ قالىسىز. ئەنجانغا بارغاندا مەن سىزنى ئۆز بالامدەك ئاسرايمەن.

جانىبەگ سۇلتان سەئىدخاندىن جاۋاب كۈتمەي، ئات چاپتۇرۇپ ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتتى. شاھزادە تىزگىننى تارتىپ ئاتنى توختاتتى. "ئۇ قىزنىڭ ھالى نېمە بولغاندۇ؟ راستتىنلا ئانىسى ئۇ قىزنى ئۆلتۈرۈۋېتەر-

مۇ؟ ئەجەب ئامالسىز بولۇپ قالدىما. ئۇنى شۇ هالدا تاشلاپ كېتىشىم نامەردلىك بولماسمۇ؟» ئۇ ئېتىنى ئارقىغا بۇراپ قامچا ئۇردى. ئەمما جانىبەگنىڭ بىرقانچە بەگ-سىپاھلىرى ئۇ يىراقلىماي تۇرۇپلا توسۇۋالدى.

— شاهزادە، سىز ئارقىغا قايتىڭ. ناهەق ئۆلۈمگە ئۇچرايسىز، — دېدى تېز يېتىپ كەلگەن جانىبەگ سۇلتان، — سائادەت ئالدىڭىزدا.

— مەن ئۇ بىگۇناھ قىزنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىپ ئۆزۈم هايات قالسام خۇدا راۋا كۆرەمدۇ؟ جانىبەگ ئاغا ...؟ — چېكە تومۇرلىرى كۆپكەن سەئىدخان «يولۇمنى توسما» دېگەن مەنىدە ئۇنىڭغا تىكىلدى.

— جانابى ئاللا راۋا كۆرمىگەن بولسا سىز شۇ يەردىلا قەتلى قىلىنغان بولاتتىڭىز. هالبۇكى ئۇ قىزنى ئۆز ئاتىسى بولغان بايزىدنىڭ ئۆلتۈرۈشىمۇ ناتايىن. بۇ يەردىكى هېكمەت ئالدىمىزدىكى مەنزىللەردە ئېچىلغۇسى شاهزا-دە. ئارقىغا يېنىش — ئاللانىڭ ئەمرىگە مۇخالىپ كېلىدۇ.

سەئىدخان ئېتىنى بۇراپ هېچكىمگە سۆز قىلماستىن يەنە ئەنجانغا قاراپ يول ئالدى. جانىبەگ سۇلتان ئۇنى قاچۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن خوجا ئېلى باشچىلىقىدا يەتتە-سەككىز ياساۋۇلنى ئۇنىڭغا قارىتىپ قويدى. ئۇ ئەنە شۇنداق ئىززەت-ئىكراملىق تۇتقۇن بولۇپ ئەنجانغا كەلدى. مەرهۇم چوڭ ئانىسى ئېسەن دۆلەت بېگىمنىڭ تاشلىنىپ قالغان بېغىدا تۇردى. هېچكىمگە ئارىلاشمىدى. ئاتا-ئانىلىرىدىن، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىنمۇ خەۋەر ئالالمىدى. ئۇ ئۆزى ئېتىكىگە تىللا تاشلاپ بەرگەن شوخ قىز بىلەن ئۆزىگە غايىبانە ئاشىق بولغان بايزىدنىڭ قىزىنى ئويلاپ، كۆڭلەرنى خامۇش ئۆتكۈ-زەتتى. ئۇنىڭغا قاراۋاتقان خوجا ئېلى شارابخور ئادەم ئىدى. ئۇ سەئىدخاننى ياقتۇرۇپ قالدى. گايىدا: «بۇيىگىت پادىشاھ بولسا مېنى ۋەزىر قىلارمۇ؟» دېگەن ئوي ئۇنىڭ كۆڭلىدە تېخىمۇ شېرىن خىياللارنى پەيدا قىلاتتى.

— شاراب خېمىردىن قىل سۇغۇرغاندەك ئادەم كۆڭلىدىكى غەمنى سۇغۇرۇپ ئالىدۇ، شاهزادە شاراب ئىچ! ئىشلىرىڭ بۇنىڭ بىلەن ئوڭشىلىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن، — دەيتتى ئۇ پات-پات. سەئىدخان ئۆزۈم شارابىدىن

ئىچتى. ئۆزىنى يېنىك ھېس قىلدى. جانىبەگ ھىسارنى ئېلىپ قۇندۇزغا يۈرۈش قىلغاندىمۇ شارابقا ئۆگىنىپ قالغان سەئىدخاننى ئۆز يېنىدىن ئايرىمىدى. ئەمما جەڭگە قاتناشتۇرمىدى. خۇددى قەپەزگە سولانغان لاچىندەك ئۇنىڭ ئىچى سىقىلىپ ھېچكىمگە گەپ قىلماس بولۇۋالدى. موغۇلىستانغا ئاتا-ئانىسىنىڭ يېنىغا قېچىپ كېتىش ئۈچۈن خۇپىيانە ھەرىكەت قىلىشقا باشلىغانىدى. بۇ شاھزادىگە چىن كۆڭلىدىن ئىخلاس باغلىغان خوجا ئېلى ئەسىر چۈشۈپ جانىبەگ ئەسكەرلىرىگە قوشۇۋېتىلگەن سۇلتان مەھمۇدخان، ئەھمەدخاننىڭ نەۋكەرلىرىدىن 17 ئادەمنى ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم-ئايرىم ئۇچراشتۇردى.

— مەن ئەمدى تاقەت قىلىپ تۇرالمايمەن قېرىنداشلىرىم، يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلدى. دۈشمەن ئىسكەنجىسىدىن قېچىپ قۇتۇلماقتىن باشقا چارە يوق ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتىم. ئەگەر ماڭا ھەمراھ بولۇشنى خالىساڭلار، سىلەرنى خەلقى ئالەم ئالدىدا يەرگە قاراتمايمەن.

— شاھزادەمگە جېنىم پىدا، — دېدى ئۆزىنى سەئىدخانغا يېقىن تۇتقان خوجا ئېلى. باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا سادىق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

## 2

سەئىدخان ئەھمەد تەنبەلنىڭ نازارىتى ئاستىدا، ئۇ قەيەرگە بارسا شۇ يەرگە ئېلىپ بېرىلاتتى. شۇنداق يول يۈرۈپ كۆپ ئادەملەر بىلەن تونۇشتى، سىرداشتى، ھىساردىن قۇندۇزغا كېتىۋاتقاندا خوجا ئېلى ئۇنىڭغا ئىچ-باغرىنى تۆكۈپ دېدى:

— مىرزا ئابابەكرى ئاقسۇنى بېسىۋالغاندا، ئاتا-ئانام باشلىق نەچچە يۈز ئادەمنى بوغۇزلىتىپ، ئاققان قاندا تۈگمەن چۆگىلەتكەنىدى، مەن

كېچىسى ئۇچتۇرپانغا قېچىپ كەتكەنىدىم. ئۇ يەردىمۇ تۇرالماي سىرىق قول،[1]قارا قول[2]تەرەپلەرگە باردىم. ئاخىر ئەنجانغا كېلىپ بالا-چاقىلىق بولۇپ تۇرۇپ قالغانىدىم. بۇ يەردە كۆڭلۈم خېلى ئوبدان ئىدى. ئەسلىدە مەن سۇلتان ئۆمەر شەيخ مىرزىغا نەۋكەر ئىدىم. ئارزۇيۇم سۇلتاننىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ بەگ بولۇش، سەردار-ئەمىر بولۇش ئىدى. سۇلتان ئۆمەر شەيخ مىرزا قازا قىلغاندىن كېيىن ئالەم مالىمانىلىشىپ كەتتى. شېرىن ئارزۇلىرىم سۇغا چىلاشتى. ئەنجان قولدىن-قولغا ئۆتۈپ تۇردى، بىر كۈنى نامەلۇم بىر توپ ئادەم ئۆيۈمگە باستۇرۇپ كىرىپ: ”سەن ھىيلىگەر ئالدام-چى، قانچە-قانچە ئادەملەرنى سۇلتانغا چېقىپ نابۇت قىلدىڭ، ئەمدى ئۇلارنىڭ قىساسى ساڭا كەلدى، ئەبلەخ“، دەپ ھاقارەتلەپ، كۆز ئالدىمدا ياش ئامراق ئايالىمنى نەيزە سانجىپ ئۆلتۈردى. ئىككى نارسىدە بالامنىڭ چاترىقىنى كېرىپ ئىككى پارە قىلىۋەتتى. مېنى باغلاپ نالە-زارىمغا قارىماي دەرياغا تاشلىۋەتتى. ئادەمنىڭ ئەجىلى توشمىسا تۇگمەن كوزىلىسىدىن ساق چىقىدۇ دېگەن گەپ راست ئىكەن. دەريادا ئېقىپ بېرىپ بىر توسمىغا ئۇرۇلدۇم. قارىسام سال ئىكەن. سالچــى مېنــى سۇدىن تارتىپ چىقاردى. ” سۇ ئۈزۈشكە ماھىر ئىكەنسەن، شۇنچە ئۇلۇغ سۇد ا قولۇڭ باغلاقلىق تۇرۇپمۇ ئۆلمەپسەن“ دېدى. مەن ئاللاغا شۈكرىلەر قىلىپ سەمەرقەنتكە باردىم. ئۇ يەردە شايبانىخان ياساۋۇللىرى تۇتۇۋالدى. ”شاھلارنىڭ شاھى سۇلتان مۇھەممەد شايبانىخانغانەۋكەربولۇش ئۈچۈن ئەنجاندىن كەلدىم“ دەپ تۇرۇۋالدىم. جانىبەگ مېنى نەۋكەرلىككە قوبۇل قىلدى. بىرنەچچە يىلدىن بېرى ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ كېلىۋاتىمەن. سەئىدخان، سەن مەن تۇغۇلغان ئەلنىڭ خانىغا ئوغۇل ئىكەنسەن، ئىرادەڭ كۈچلۈك، ئارزۇ-تىلى-كىڭ يۈكسەك ئىكەن. سەن قەيەرگە باشلىساڭ شۇ يەرگە بارىمەن. سۆزلۈمە-دە تۇرمىسام، بۇ ئالەمدىمۇ تۇرماي!

---

① جاي ئىسمى.
② جاي ئىسمى.

خوجا ئېلى قەسەم بىلەن سۆزىنى تۈگەتتى. ئۇنىڭ يىنىدىكىلەرمۇ قەسەم ئىچىشتى.

— تەۋەككۈل قىلىپ بۈگۈن كېچە جانىبەگ ئەسكەرلىرىدىن ئايرىلىپ قۇندۇزغا بارايلى. ئۇ يەردە سۇلتان مەھمۇد مىرزىنى بۇلارنىڭ بېسىپ كېلىۋاتقىنىدىن ئاگاھلاندۇرايلى. بىز بىلەن بىرگە شايبانىخانغا قارشى جەڭ قىلىشنى خالىسا بىرگە جەڭ قىلىمىز. خالىمىسا ئاللا دىلىمىزغا سالغان ئەقىل بىلەن ئىش قىلىمىز.

خوجا ئېلى باشلىق 17 نەپەر كىشى سەئىدخاننىڭ سۆزىدىن چىقماي-دىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە ئالدى-كېيىن بولۇپ جانىبەگ ئەسكەرلىرى بىلەن بىرگە مېڭىشتى.

كەچ كىردى. ئاي قاراڭغۇسى ئىدى. بىر ئېقىن بويىدا جانىبەگ بارگاھ قۇرۇپ ئەسكەرلىرىنى ئارام ئېلىشقا بۇيرۇدى. يول يۈرۈپ ھارغان ئەسكەرلەر قاتتىق ئۇيقىغا كېتىشتى. يېرىم كېچە بولغاندا سەئىدخان ئورنى-دىن تۇردى. خوجا ئېلى ھەمراھلىرىنىڭ تەييار بولۇپ تۇرغانلىقىنى ئېيتتى.

— شەپە چىقارماي ئاتلىنىڭلار، — دېدى سەئىدخان.

— مەن يوللارنىڭ ھەممىسىنى بىلىمەن. سىلەرنى چىغىر يول بىلەن قۇندۇزغا ئۆزۈم باشلاپ بارىمەن، — دېدى خوجا ئېلى يولغا چۈشۈپ.

ئۇنىڭ كەينىدىن 17 كىشى بىر-بىرلەپ يولغا چىقتى. تاڭ ئاتقىچە ئۇلار ناھايىتى يىراقلاپ كەتتى. ئاتلىرى قارا تەرگە چۆمۈلدى. شۇنداق تېز مېڭىشتىكى، قورساق ئاچقاندا ئات ئۈستىدىلا غىزالىنىپ، بىر يەردە توختىماي بىرنەچچە كۈن يول يۈردى. ھاۋا تۇتۇق بولغاچقا قۇندۇزغا قايسى مەھەلدە كەلگەنلىكىنىمۇ بىلىشەلمىدى. دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندە ياساۋۇللار ئۇلارنى ئارىغا ئېلىۋالدى ۋە سەئىدخاننىڭ تەلپى بىلەن ئوردىغا ئېلىپ كەلدى. سۇلتان مەھمۇد مىرزا ئېغىر كېسەل ئىدى. سەئىدخاننى تونىمىدى. ئۇنىڭ باش ۋەزىرى بولغان خۇسراۋ شاھ سەئىدخاننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ دەسلەپ كۈلۈپ قويدى، كېيىن سوغۇق نەزەر بىلەن:

— سۇلتانىمىز مەھمۇد مىرزا ئېغىر كېسەل. جەڭ قىلىشقا قۇدرىتىمىز يەتسىمۇ، سۇلتانىمىزنى بىئارام قىلىشقا جۈرئىتىمىز يەتمەيدۇ. بىز شايىانىخان بىلەن سۈلھى قىلىمىز. قايسى يول بىلەن كەلگەن بولساڭلار شۇنداق قايتىڭلار. بولمىسا پىشكەللىككە ئۇچراپ قالىسىلەر، — دەپ قوغلىغاندەك دوق قىلدى.

سەئىدخان سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ خانىشى بولغان ھامىسى سۇلـتان نىگار خېنىم بىلەنمۇ كۆرۈشەلمەي شۇ كۈنى كېچىسى يولغا چىقىپ كەتتى. جانىبەگ سۇلتاننىڭ شۇ كۈنى ھىسسارنى ئالغانلىق خەۋىرىنى ئايغاقچىلاردىن ئىشتكەن خۇسراۋ شاھ سەئىدخاننىڭ سۆزىگە ئىشەنمىگەنلىـكى ئۈچۈن لىۋىنى قاتتىق چىشلىدى. ئۇ سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ بۇرۇنراق ئۆلۈشىنى خالىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئىشقا سەل قارىغانىدى.

سەئىدخان ھەمراھلىرى بىلەن شۇ مېڭىشىدا 17 كۈن يول يۈرۈپ تاشكەنتكە كەلدى. سودىگەر قىياپىتىدە ياسانغان سەئىدخان تاشكەنتكە شايىانىخان ئىگىدارلىق قىلىۋاتقانلىقىنى، تاغىسى سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ «ئەخشىد توختامى»غا ئەمەل قىلىپ ئىسسىق كۆل ئەتراپىدا تۇرۇۋاتقانلىقىـنى بىلدى. ئانىسى سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ئاقسۇدا ۋاپات بولغانلىقى خەۋىـرىنىمۇ ئاڭلىدى. قارا كېچىدە بوۋىسى سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ مەقبەرىسىگە چىقىپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ قاتتىق يىغلىدى. ئاتىسىنىڭ روھىغا دۇئا قىلدى. ئانىسى بىلەن سالامەت دىدار كۆرۈشۈشنى تىلەپ ئىلتىجا قىلدى. ئۇ تاشكەنتتىن دەرھال كېتىش كېرەكلىكىنى چۈشىنىپ ھەمراھلىرى بىلەن تاڭ سەھەردە ئاتلاندى. تاغىسى سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن ئۇچرىششقا شۇنداق ئالدىرىدىكى، ئاتلىرىنى سۇغىرىدىغان چاغدىلا توختاپ باشقا چاغدا دەم ئالماي ماڭدى. شۇنداق قىلىپ قانچە دەريا، تاغ-داۋانلاردىن ئۆتۈپ ئىسسىق كۆلگە يېتىپ كەلدى. سۇلتان مەھمۇدخان چوڭ ئاق ئۆيدە ئۆلارنى كۈتۈۋالدى. سەئىدخان باشتىن كەچۈرگەنلىرىنى قويماي سۆزلەپ بەردى.

— بەس، جىگىرىم، تولىمۇ نادانلىق قىلىپسەن. ھېلىمۇ خۇدا ساقلاپ بوسۇغامغا ئامان يېتىپ كېلىپسەن. ئەمدى ئاناڭنىڭ قېشىدا ئارام ئال. ئاتاڭ قازا قىلدى، ئاكاڭ مەنسۇرخان ھەرگىزمۇ ساڭا موغۇلىستان شاھلىقىنى بەرمەيدۇ. مېنى پاناداپ كەلگەن ئىكەنسەن، بۇ يەر خىلۋەت، باشقا ئۆيدا بولماي ئىستىقامەت قىل. شايبانىخان بىلەن جەڭ قىلىش كويىدا بولما. بىز جەڭ قىلىپ كۆردۇققۇ، ئۇنى يەڭگىلى بولمايدۇ. مەن سېنى ئۆيلەپ قوياي بالام. بۇ يەردىكى ئەلۋەك ھاياتىنىڭ پەيزىنى سۈر.

سەئىدخان كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ بۇ شۆھرەتلىك خان تاغىسىغا قاراپ تۇرۇپ كەتتى. "شۇنداق بولۇمسىز، دۆت ئادەممۇ پادىشاھ بولۇپ نام چىقىرىدىكىنا!" دېدى كۆڭلىدە.

— رەھمەت تاغا، ئاللا ئىگەم مېنى جەڭ ئۈچۈن يارىتقان بولسا كېرەك، بۇ ئىرادەمدىن يانالمىغۇدەكمەن. مېنى كەچۈرگەيلا.

ئۇ باشقا گەپ قىلماي ئىتتىك چىقىپ كەتتى. خان غۇدۇرىغىنىچە قالدى. ئۇ خاس نەۋكىرى مەزىدبەگكە سەئىدخاننى نازارەت قىلىش توغرۇلۇق بۇيرۇق بەردى.

## 3

خەدىچە سۇلتان بېگىم جەينىماز ئۈستىدە ئولتۇراتتى. سەئىدخان كىرىپ كەلگەندە ئۇ كۆزىگە ئىشەنمەي، ئاۋازىنىمۇ چىقىرالماي بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ چېكە چاچلىرى ئاقىرىپ، قاپىقى ئاستىدىكى قورۇقلار كۆپەيگەنىدى.

— ئانا... ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئانا، دۇئالىرىڭىزنىڭ بەرىكىتى بىلەن كەلدىم، يىغلىمىسىلا.

سەئىدخان يۈكۈنۈپ ئۇنىڭ قۇچىقىغا باش قويدى. ئانا كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ سۆزلىدى:



— جىنىم بالام، ئاتاڭ ئىسمىڭنى ئىيتىپ تۇرۇپ جان ئۈزدى. ئاكاڭ مەنسۇرخان شۇنچە قىلسىمۇ، ئۇنىڭ يېنىدا قالماي سېنى دەپ بۇ يەرگە كەلدىم. ئەمدى مېنى تاشلاپ كەتمە. تويۇڭنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرەي،

— ئۇ ئوغلىنىڭ باش-كۆزلىرىنى سىلاپ، پېشانىسىگە سۆيدى.

— ئاللا مېنى جەڭ ئۈچۈن ياراتقانىكەن، سىلىمۇ مېنى جەڭ ئۈچۈن تۇغقان ئوخشايلا ئانا. بۈيۈك دىيارىمىز پارچىلىنىپ تۈگەپ كەتمەكتە. مەن بۇنىڭغا چىدىماي قېلىۋاتىمەن. دۇئا بەرسىلە، پارچىلانغان، خاراب بولغان دىيارىمىزنى بىرلىككە كەلتۈرۈشۈم ئۈچۈن دۇئا بەرسىلە ئانا. مەن بۇ يەردە تۇرالمايدىغان ئوخشايمەن. زەپەر قۇچۇپ ئاتام روھىنى خۇش قىلاي، دۇئا بەرسىلە.

سەئىدخان خەدىچە سۇلتان بېگىمنىڭ قۇچىقىدىن باش كۆتۈرمەي رازىلىق بېرىشنى ئۆتۈندى.

— ئۇ ياقتىن كېلىپلا بۇ ياقتىن كېتىشىڭ گېپىنى قىلسەنغۇ! ئاناڭنىڭ لەۋزىنى ئالامسەن؟

— ئالىمەن ئانا. ئۇنداق بولسا مەيلى، ئاياغلىرى ئاستىدا جان بېرەي.

سەئىدخان ئۆزىنى تۇتالماي شۇنداق يىغلاپ كەتتىكى، پۈتۈن ئەلەم-ھەسرەتلىرىنى ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا تۆكتى.

— بالام، نېمىشقا بۇنچە يىغلايسەن؟ كەتمىسەڭ بولمامدۇ؟

— بۇ چاغقا قەدەر بۇنداق يىغلىمىغانىدىم ئانا. بۈگۈن نېمە ئۈچۈندۇر ئۆزۈمنى تۇتالماي قالدىم. بىر ياقتا مىرزا ئابابەكرى، بىر ياقتا شايبانىخان، مەن بۇ يەردە قالسام ئىككى تاش ئارىسىدا مىجىلىپ كېتىمەن. رۇخسەت بەرسىلە. مەنمۇ تاشقا ئايلىنىپ ئۇلار بىلەن ئېلىشاي. بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەن قېرىنداشلىرىمنىڭ ئىنتىقامىنى ئالاي. تۇغلۇق تۆمۈرخان، يۇنۇسخان بوۋاملارنىڭ ھەققىي ھۆرمىتى ئۈچۈن دۇئا بەرسىلەر ئانا!

خەدىچە سۇلتان بېگىم ئاق ئۆينىڭ يورۇق چۈشىدىغان كۆزنىكىگە كۆز سالغان ھالدا دېدى:

— مەن سېنى چوشەندىم ئوغلۇم. سېنى ماڭغان يولۇڭدىن قايتۇرغىلى بولمايدىغان ئوخشايدۇ. دۇئا بېرەي ئوغلۇم، — ئانا دۇئاغا قول كۆتۈردى: ئى ئۇلۇغ پەرۋەردىگار، ئوغلۇم سەئىدخاننى ئۆزۈڭگە تاپشۇردۇم. دۈشمەنلىرىگە غالىپ كەلگەنلەر قاتارىدا قىلغىن. پەس ئارزۇ-ھەۋەس، يامان نىيەتتىن كېچىپ، ھۆرمەت-ئىززەتكە سازاۋەر بولغان ئەزىمەتلەردىن بولۇشقا نېسىپ قىلغىن. قەرىز ئالمىغان، ئالسمۇ بېرىپ تۈگەتكەن راستچىل بەندىلەرنىڭ يولىغا باشلىغىن. زىنھار زالىم-بەدكارلاردىن قىلمىغىن. ئادىل، مەرد، سېخىي، خەلققە ۋاپادار باھادىر شاھ بولۇش ئارزۇسىغا يەتكۈزگىن. كۆڭلى-كۆكسى كەڭ، ئەپۇچان قىلغىن. ئامىن بىرەھمەتىكەئەرھۇمەرراھىمىن.

سەئىدخان ئانىسىدىن دۇئا ئېلىپ، شۇ كېچىسى ئۇنىڭ يېنىدا قونۇپ قالدى. ئۇ ئەمدىلا ئالتە-يەتتە ياشلارغا كىرگەن سىڭلىسى ئەفرۇزە سۇلتان بېگىم بىلەن ئانىسى ئوتتۇرىسىدا ياتتى.

ئىسسىق كۆل ھاۋاسى نېمىدېگەن ساپ، يېقىملىق ھە! بولۇپمۇ ئاق ئۆيگە تولغۇلۇق، كۆزنەكتىن غۇرۇلداپ كىرگەن يايلاق ھاۋاسىنى سۈمۈرۈپ ئۇخلاش بەكمۇ ھوزۇرلۇق...

سەئىدخان ئانىسىنىڭ قېشىدا تاتلىق ئۇيقىغا كەتكەنىدى. خەدىچە سۇلتان بېگىم كېچىچە كىرپىك قاقماي ئوغلىغا قاراپ ئولتۇردى. دەممۇدەم قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىپ ئۇزۇن ئۆمۈر، نۇسرەت تىلىدى.

سەئىدخان شۇ كۈندىن باشلاپ ئىسسىق كۆل بويىنى ئارىلاپ يۈرۈپ ئاتىسىغا سادىق، ئۆزىگە ھېسداشلىق قىلىدىغان بەگ، سەردار، سەربازلار بىلەن ئۇچرىشىشقا باشلىدى. بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىتتا شاھبەك، ئۆچكۈ، مۇھەممەد مىرزا، قارا قۇلاق مىرزا، كۆكلەش ئېزىز بەردى قاتارلىق 200 دىن ئارتۇق ئادەم ئۇنىڭغا ساداقەت بىلدۈردى. سۇلتان مەھمۇدخان سەئىدخاننىڭ يۇرت ئارىلاپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا بولغان نازارەتنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. بۇنى سەزگەن سەئىدخان ئانىسىنىڭ يېنىدا يەنە بىر كۈن ياتتى. خەدىچە سۇلتان بېگىم ئۇنى تاڭ سۈزۈلۈشتىن بۇرۇن ئۇزىتىپ قويدى. خوجا ئېلى قاتارلىق 200 دىن ئارتۇق ئادەم چولپان چىققاندا ئىسسىق كۆل بويىدىن غايىب بولدى.

# ئون يەتتىنچى باب

# قان ياش ئاققان كۆنلەر

## 1

سۇلتان مەھمۇدخان چاشكا ۋاقتىدا سەئىدخاننىڭ بىرمۇنچە ئادەمنى ئېلىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى. مەست بولۇپ كۆل بويىدا يېتىپ قالغان مەزىدبەگنى چاقىرتىپ كېلىپ، سەئىدخانلارنى قاچۇرۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن 20 دەررە ئۇرغۇزدى، ئاندىن مەرگەن-قىلىچۋازلار ئىچىدە تەڭداشسىز سانالغان يۈز بېشى مەخسۇت ئېلى باتۇرنى سەئىدخاننى تۇتۇپ كېلىشكە ئەۋەتتى. بۇ ئادەم پاكار، غوللۇق كەلگەن بولۇپ، ناھايىتى چاققان ئىدى. ئىز قوغلاشتا سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئەسكەرلىرى ئىچىدە ئۇنىڭغا يېتىدىغىنى يوق ئىدى.

مەخسۇت ئېلى سەئىدخانلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ ئۈچ كۈندە ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى. ئۇ ئوت-چۆپلەر قويۇق ئۆسكەن ئېگىز دۆڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، چىغىر يولدا ئۆز ئادەملىرىنى باشلاپ كېتىۋاتقان سەئىدخاننى كۆردى. كۆن يېگى چىققانىدى. ئۇ بىر تۇپ سىدىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇپ

ساداقتىن سەئىدخانغا ئوق ئاتتى. ئوق سەئىدخاننىڭ تاغىقىغا تەگدى. لېكىن ئۇ ئاتتىن يىقىلمىدى. بەلكى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە غايىب بولدى. مەخسۇت ئېلى دۆڭدىن چۈشۈپ ئات چاپتۇرغىنىچە سەئىدخاننىڭ ئادەملىرىگە ھۇجۇم قىلدى. خوجا ئېلى خېلىلا ئۇزاپ كەتكەن سەئىدخانغا ئوق تەگكەنلىكىنى كۆرمىگەنىدى. شۇڭا بەخىرامان كېتىۋەردى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئەھۋالنى ئۇقۇپ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەن دۈشمەننىڭ ئالدىنى ئۆز ئادەملىرى بىلەن توستى. خوجا ئېلى:

— يىگىتلەر، دۈشمەننى ئالدىغا ئۆتكۈزمەيلى. ئىككى ياندىن باسماداپ تىرىك تۇتايلى. بىرسىمۇ قېچىپ كەتمىسۇن، — دەپ ۋارقىراپ گاھ قىلىچ، گاھ نەيزە بىلەن مەخسۇت ئېلى ئەسكىرىدىن بىرقانچىنى تىك موللاق چۈشۈردى. بۇنىڭ بىلەن روھلانغان قاچقۇنلار بىر سائەتكە قالماي تۆت تەرەپتىن قورشاپ مەخسۇت ئېلىنى بىر بۆلۈك ئەسكىرى بىلەن تىرىك تۇتۇۋالدى.

ئوق سەئىدخاننىڭ ئوڭ تاغىقىنى چېقىۋەتكەنىدى. ئاغرىق جان-جىگەردىن ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، جەڭ قىلىۋاتقان ئادەملىرىنى تاشلاپ يوشۇرۇنۇشنى خالىماي، سول قولىغا قىلىچ ئېلىپ ئاتنى كەينىگە بۇرىدى. دەرەخ كەينىگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ ئوقيا بىلەن خوجا ئېلىنى ئاتماقچى بولغان دۈشمەننىڭ قولىغا قىلىچ ئۇردى. بۇ چاغدا خوجا ئېلى دەرھال يېتىپ كېلىپ:

— شاھزادەم، مانا بۇ دۈشمەنلەرنىڭ سەردارى ، — دېدى باغلانغان مەخسۇت ئېلىنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ تىزلاندۇرغان ھالدا.

سەئىدخان ئۇنىڭ باشتىن ئايىغىچە سەپسېلىپ چىقتى.

— سىز ماھىر مەرگەن ئىكەنسىز. قەيەرلىكسىز؟

— قەشقەرلىقمەن، — جاۋاب بەردى مەخسۇت ئېلى.

— بۇ يەرلەرگە قاچان كەلگەن؟

— سۇلتان مىرزا ئابابەكرىنىڭ سەربازلىرىدىن ئىدىم. ئۇ بۇ تەرەپكە ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندە قېچىپ سۇلتان مەھمۇدخاندىن پاناھ تىلەپ،

ئۇنىڭ خىزمىتىدە قالدىم.
— ئىسمىڭىز نىمە؟
— مەخسۇت ئېلى.
سەئىدخان ئاغرىق ئازابىغا قارىماي ئاتتىن چۈشۈپ ئۇنىڭ قولىنى يەشتى.
— مەخسۇت ئېلى ئاكا، بىز بىر يۇرتلۇق ئىكەنمىز. سىز ئازاد، ئادەملىرىڭىزنى ئېلىپ كېتىڭ.
مەخسۇت ئېلى چىرايى سارغىيىپ كەتكەن سەئىدخانغا قاراپ تۇرۇپ بىردىنلا تىزلاندى.
— شاھزادە، مەن گۇناھكار. سىزگە ئوق ئاتقان مەن. مېنى جازالاڭ.
— ياق، بىز بىر-بىرىمىزگە دۈشمەن ئەمەس. قانداقمۇ بىر يۇرتلۇق ئادەملەر بىر-بىرىگە دۈشمەن بولسۇن؟ سىز ئوقنى ئۆز ئىختىيارىڭىز بىلەن ئاتمىغان. گۇناھكار باشقا كىشى. ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ مەخسۇت ئېلى ئاكا.
بۇ مەرگەن ئورنىدىن تۇرۇپ سەئىدخاننىڭ قان چىقىپ تۇرغان تاغىقىغا قارىدى.
— يامان بوپتۇ شاھزادە، ئوق تاغىقىڭىزدا سۇنۇپ قاپتۇ. ئۇنى ئېلىۋەتمىسەك بولمايدۇ.
— كېتىۋېتىپ ئوقنى تارتىپ ئېلىۋەتكەنىدىم. سۇنۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. سىزگە رۇخسەت. ھەمراھلىرىم ماڭا ياردەملىشىدۇ.
— ياق شاھزادە، ئەمدى كەتمەيمەن. يېنىڭىزدا قېلىشىمغا رۇخسەت قىلىڭ.
مەخسۇت ئېلى ئىككىنچى قېتىم تىزلاندى.
— ئاللا رەھمەت قىلسۇن، — سەئىدخاننىڭ ئاۋازى بوش چىقتى.
ئاغرىقتىن ئۇنىڭ چىرايى غەلىتە بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنى قېيىن دەرىخىنىڭ تۈۋىگە چۈشەك سېلىپ ياتقۇزۇشتى. تومۇز ئىسسىقى لاۋۇلداپ تۇراتتى. سەئىدخان ھوشىدىن كەتتى. قىزىتمىسى ئۆرلەپ چىلىق-چىلىق

تەرگە چۈمۈلۈپ ياتقان شاھزادىگە قاراپ تۇرغان خوجا ئېلى:
— ئەمدى قانداق قىلارمىز، ئاللا، — دەپ يىغلاپ تاشلىدى.
— بۇنىڭ ئامالى بار، — دېدى مەخسۇت ئېلى ئۇنىڭغا قاراپ، — ئىككەيلەن چۈچۈك بۇيا، ئەمەن، ئىت ئۈزۈمى تېرىپ كەلسۇن. بىرەيلەن توغراق قوۋزىقىنى كۆيدۈرۈپ ئۇنىڭ ساپ كۈلىنى پاكىز قەغەزگە ئېلىپ قويسۇن. يەنە ئىككەيلەن يېقىن ئەتراپتىكى بۇلاق سۈيىدىن ئېلىپ كەلسۇن. بۇ ھەممىمىز ئۈچۈن كېرەك. مەن ھازىر شاھزادىنىڭ مۇرىسىدىن يا ئوقىنىڭ سۇنۇقىنى ئالىمەن. ئۇ بەرداشلىق بېرەلەرمىكىن؟ ئارىمىزدا قارى بولسا «قۇرئان» ئوقۇپ دېمىدە قىلىپ بەرسۇن. مەندە مەجۇن بار. شاھزادىنىڭ قىزىتمىسى سوۋۇغاندىن كېيىن مەجۇننى ئىچكۈزۈپ ئوق سۇنۇقىنى ئېلىۋېتىمەن.
خوجا ئېلى ھاسىراپ تىنىپ، چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ ياتقان شاھزادىگە قاراپ جىددىيلەشكەن ھالدا بىرقانچە كىشىنى مەخسۇت ئېلى دېگەن نەرسىلەرنى تېز ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى ۋە ئاندىن:
— ئالالارسىزمۇ؟ مەن ئەندىشە قىلىۋاتىمەن، — دەپ سورىدى مەخسۇت ئېلىغا قاراپ.
— ئاللا بىزگە مەدەتكار، — مەخسۇت ئېلى باشقا سۆز قىلماي ياغلىقى بىلەن شاھزادىنىڭ چېكىسىدىكى تەرلەرنى سۈرتتى.
— يېگى خام تېپىلارمۇ؟
— بىز ئىسسىق كۆلدىن مىڭىش ئالدىدا بىر سودىگەردىن ئۇبدان توقۇلغان قەشقەر ماتىرىدىن خېلى كۆپ ئالغانىدۇق. شۇ بولارمۇ؟ — دېدى خوجا ئېلى. ئۇ بېشىنى لىڭشىتقاندىن كېيىن، ئاتقا ئارتىقلىق خۇرجۇندىن بىر توپ ماتا ئالدى.
— بولىدىكەن، نېپىز، سىپتا توقۇلغانىكەن. مېنىڭ داداممۇ ماتا توقۇيتتى، ماڭىمۇ توقۇشنى ئۆگەتكەنىدى.
مەخسۇت ئېلى سۆزلەپ ياش ئەگىگەن كۆزلىرىنى قولى بىلەن

سۇرتۇپ ئاپئاق ماتانى يىرتتى.

— سۇ ئېلىپ كەلدۇق. ئاۋۇ قارىيىپ تۇرغان بوستانلىقتا بىرنەچچە بۇلاق بار ئىكەن. سۈيى مۇزدەك سوغۇق ھەم تاتلىق ئىكەن، — دېدى ئىككى چېلەك سۇ ئېلىپ كەلگەن يۈسۈپ. بۇ كوسا ئادەم سەئىدخاننىڭ ئاشپىزى ئىدى.

— شاھزادە قانداقراق؟ — سورىدى ئۇ.

— ئەمدى ياخشى بولدى. شاھزادىنىڭ ياخشىلىنىشى سۈنى ئۆزلۈك-دۈرمەي توشۇشىڭىزغا باغلىق، — جاۋاب بەردى مەخسۇت ئېلى.

— يۈملاپ بولسىمۇ توشۇيمەن.

مەخسۇت ئېلى سۈپسۈزۈك سۇغا خامنىڭ بىر پارچىسىنى چىلاپ سەئىدخاننىڭ بويۇنلىرىنى ئېرتتى. يەنە بىر پارچىسىنى ئۇنىڭ پېشانىسىگە قويدى. دەممۇدەم ئېلىپ كېلىنگەن بۇلاق سۈيى سەئىدخاننىڭ قىزىتمىسىنى ئاستا-ئاستا چۈشۈردى. ئۇ ئاخىرى كۆزىنى ئاچتى.

— ئانا... ئانا... ماڭا دۇئا بەرسىلە، ئانا...

— ئۇ جۆيلۈۋاتىدۇ، توختاڭلار، ئۆزىگە كېلىۋالسۇن. دەررۇ ئۇقىنىڭ سۇنۇقىنى ئېلىۋەتمىسەم بولمايدۇ. ئېلىپ كەلگەن چۆچۈك بويا، ئەمەنى ئايرىم-ئايرىم قايناتىپ قاچىغا قۇيۇپ ئېلىپ كېلىڭلار، — دېدى مەخسۇت ئېلى. خوجا ئېلى ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئىككى نەۋكەر بىلەن ئورۇنداشقا كىرىشتى.

مەخسۇت ئېلى خامنى 15 قېتىمچە يەڭگۈشلەنگەن مۇزدەك بۇلاق سۈيىگە چىلاپ، سەئىدخاننىڭ پېشانىسىگە قويۇپ، گەجگە، بويۇن، قولتۇق-لىرىنىڭ ئارقىسىنى سۈرتۈپ، يىرىك قارا چاچلىرىغا سۇ تېمىتتى. ئۇنىڭ قىزىتمىسى تۆكەپ بەدەن ھارارىتى نورماللاشتى.

ئۇ سەئىدخاننىڭ چېكىسىنى تاڭغاندىن كېيىن:

— ئەمدى ئوقنىڭ پارچىسىنى ئېلىشقا باشلايمىز، — دېدى خەنجە-رىنى بىلەيگە سۈركەپ بىلەپ، ئۇ قاچىغا قۇيۇپ ئېلىپ كەلگەن ئەمەن،

چوّچوّك بوّيا، ئىت ئوّزۆمىنىڭ سوّيگە خامىنىڭ كىچىك بىر پارچىسىنى سىلىپ، ئوّنىڭ بىلەن خەنجەرنى پاكىز سۈرتتى. ئاندىن قوينىدىن بىر كىچىك شىشىنى ئالدى. بوّنىڭدا كۆكنارىدىن ياسالغان مەجۇن بار ئىدى. ھىلىقى خەنجەرنىڭ ئوّچى بىلەن گىلاستەك ئىلىپ سەئىدخانىنىڭ ئاغزىغا سالدى. ھەسەل ئارىلاشتۇرغان بوّ شىرىن مەجۇن ئوّنى مەيدەك ئىرىتىپ، ئاغرىقنى ئانچە سەزمەس قىلىۋەتتى.

— ياخشى بولدى، ئەمدى باشلايمەن.

مەخسۇت ئىلى سەئىدخاننى دوّم قىلدى. يانىڭ ئوّقى قۇلاقلىق بولغاچ، تاغاقنى چىقىۋەتكەنىدى.

— شاھزادە ئاغرىققا قانداق چىدىغاندۇ؟ يا ھەزرەت، قاراپ بىقىڭا، سۇنۇپ قالغان ئوقنىڭ ئوّچىنى كۆردىڭىزمۇ؟

خوجا ئىلى قاراپ تاغاقنى يىرىپ تاشلىغان قوّيوّچ ئوقنىڭ سۇنۇقىنى كۆردى.

— يائاللا، قانداقمۇ ئالارسىز ئاكا!

— ئاللا ئۆزى مەدەتكار.

تاشنى كەسسە بىسى يانمايدىغان ئىتتىك خەنجەرنى قولىغا ئالغان مەخسۇت ئىلى ئوق كىرىپ كەتكەن تاغاقنىڭ گۆشلىرىنى پەم بىلەن كىسىشكە باشلىدى. سەئىدخاننىڭ چىشلىرى كىرىشىپ، لەۋلىرى كۆكىرىپ كەتتى. قاتتىق تۈرۈلگەن مۇشتى خوجا ئىلىنىڭ تىزىغا تىرەلگەنىدى. گەرچە بىھۇش بولسىمۇ، ئوّنىڭ تىنى كىسىلىشكە باشلىغاندا ھوشىغا كەلگەنىدى. ئاغرىققا چىداپ ئۈن چىقارماي ياتتى. چىكىلىرىدىن بۈرۈلداپ تەر قويۇلدى. ئوّچ خەنجەرنى ئالماشتۇرۇپ تاغاقنى كىسىپ، ئوق سۇنۇقىنى ئىلىۋاتقان مەخسۇت ئىلىمۇ ئاچچىق تەرگە چۆمۈلگەنىدى. قان چىقىپ تۇرغان يەرگە توغراق كۈلىنى باساتتى. ئاخىرى خەنجەرنىڭ ئوّچى بىلەن ئوق سۇنۇقىنى چىقاردى. ئۆزۈنلۈقى بارماقچىلىك كىلەتتى. سەئىدخان پۇتىنى بىر يە-غىپ-ئۈزارتتى، كۆزلىرىنى ئىچىپ يەنە يۇمۇۋالدى.

— ئۇھ، ئەمدى بولدى…، — دېدى مەخسۇت ئېلى قان چىقىپ تۇرغان يەرگە توغراقنىڭ كۈلىنى بېسىپ.

كۈن پېتىشقا نەيزە بويى قالغانىدى. مەخسۇت ئېلى ئوق سۇنۇقىنى ئېلىش ئۈچۈن بىرىم كۈنچە ھەپىلەشكەنىدى. قاتتىق چارچاپ كەتكەن بولسىمۇ، قاننىڭ توختىغانلىقىنى كۆرۈپ ھاردۇقى چىققاندەك يېنىكلىشىپ قالدى. سەئىدخانمۇ ئاغرىقنىڭ پەسەيگەنلىكىنى ھېس قىلدى.

— سۇ … سۇ …، — دېدى ئۇ قۇرۇپ گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىنى تامشىپ. خوجا ئېلى بۇلاق سۈيىنى بىر قاچىغا قۇيۇپ ئۇنىڭغا ئىچكۈردى.

— سەل قېتىشقاندىن كېيىن چۈچۈك بويا سۈيى بىلەن توغراق كۈلىنى يۇيۇپ چىقىرىۋېتىپ تېڭىپ قويسام ئىنشائاللا ئۇزۇنغا قالماي سەللىمازا بولۇپ كېتىلا شاھزادە، — دېدى مەخسۇت ئېلى، — ئەمدى تاماق يەۋالسىلا.

— خۇدا سىزگە رەھمەت قىلسۇن مەخسۇت ئاكا.

سەئىدخان ئالدىغا سېلىنغان داستىخاندىكى شورپىغا ساق قولىنى ئاستا ئۇزاتتى…

## 2

ئىنسان تېنى گۆش ۋە ئۇستىخاندىن پۈتكەن بولسىمۇ، قايتماس ئىرادىگە ئىگە روھ بولغاندىلا ئاندىن پولاتنى ئېگىۋېتەلەيدۇ، تاشنى ئۆرۈپ سۇندۇرالايدۇ، يىلان-چايانلارنىڭ نەشتەرلىرىگە بەرداشلىق بېرەلەيدۇ.

ئۇرغۇن قېنىنى يوقاتقان شاھزادىنى ئىرادىسىلا ئورنىدىن تۇرغۇزدى.

— بىز بۇ يەردە كۆپ تۇرساق بولمايدۇ، يەتتە سۇغا — ئىنىم خېلىل سۇلتاننىڭ يېنىغا بارايلى، — دېدى سەئىدخان ۋە تەستە ئۆزەڭگىگە پۇتىنى ئالدى. مەخسۇت ئېلى ئۇنىڭ ئات مىنىشىگە ياردەملەشتى.

— شاهزادە، ئاستىراق ماڭسىلا. تېڭىق بوشاپ كەتمىسۇن.

سەئىدخان ئاتنى يورغىلىتىپ بىر خىل سۈرئەتتە ماڭدى. لوقۇلداپ ئاغرىپ تۇرغان تاغىقىنى پات-پات سىلاپ قويياتتى. ئۇ يول بويى پەقەت شورپا سۇيىگە نان چىلاپلا يېدى. يىلىكلىك سۆڭەك شورپىسى كېسىلگەن يەرنىڭ ئەتلىنىشىگە پايدىلىق بولغاچقا، ئۇ باشقا تاماقنىمۇ تەلەپ قىلمىدى.

يەتتە سۇغا كەلگەندە خېلىل سۇلتان ياردار ئاكىسىنى قېرىنداشلىق مېهرى بىلەن كۈتۈۋالدى. بىر ئايدىن كېيىن ئانىسى خەدىچە سۇلتان خېنىممۇ يەتتە سۇغا كەلدى. بۇ چاغدا سەئىدخان خېلى ئوڭشىلىپ قالغانىدى.ئەمما تاغىقى يەنىلا ئاغرىپ تۇراتتى.

كۈز ئىزغىرىن شامىلى بىلەن تىنچ ئۆتتى. قىشمۇ قار-شىۋىرغان بىلەن جىمجىتلا چىقىپ كەتتى. باهار خۇش پۇراق گۈللىرىگە ماس كەلمىگەن هالدا سۇلتان مەھمۇدخانىنىڭ قىلىچ كۆتۈرگەن ئەسكەرلىرىنى باشلاپ كەلدى.

سەئىدخانمۇ ساقىيىپ كەتكەنىدى. چوڭ خان ياش شاهزادىلەرنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ ئىسسىق كۆلگە قايتتى. ئۇ هېچ بولمىسا يەتتە سۇغا بولغان هۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قالماقچى ئىدى. شۇ سەۋەبتىن لەشكەر تارتىپ يازدا يەنە كەلدى. يەنە زەربە يېدى. ئۇ جەڭ ئىشىغا يارامسىز، قىمىز-شاراب ئىچىشكە ماھىر سۇلتان ئىدى. مەست بولغان چېغىدىلا باتۇر، زېرەك بولۇپ قالاتتى ھەم جەڭگە ئاتلىناتتى. كۈز پەسلى كىرىشى بىلەن تەڭ ئۇ يەنە لەشكەر تارتىپ يەتتە سۇغا كەلدى. بۇ نۆۋەت ئەسكەرلىرىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى جەڭدە ئۆلدى، ساقلىرى ئەسىرگە چۈشتى. ئۆزى قالغان ئادەملىرى بىلەن قېچىپ ئاران قۇتۇلدى.

— هۇي ھارىملار، سۇلتان تاغاڭلار سىلەرنىڭ ئەدىپىڭلارنى بەرمەي قويمايدۇ. مەن شايىبانىخانىنىڭ ئالدىغا بارىمەن.

ئۇ ئىسسىق كۆلدىمۇ تۇرماي تاشكەنتكە قاراپ يول ئالدى. خوجەنتكە كەلگەندە شايىبانىخان قوشۇنلىرىغا ئۇچرىدى.

— مەھمۇدخان، سىنىڭ پاناھ تىلەپ كەلگىنىڭ يالغان، پەيت كۈتۈپ خانلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولغىنىڭ راست. ئەمما سەن كالۋا، قولۇڭدىن ئىش كەلمەس ئادەمسەن. ئاتاڭغىمۇ، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭغىمۇ ۋاپا قىلمىدىڭ. ماڭىمۇ ۋاپا قىلمايسەن. ئەمدى يارىماس باللىرىڭ بىلەن گۆردە ئارام ئال، — دېدى شايبانىخان بەش ئوغلى بىلەن ئالدىدا تەزىم قىلىپ تۇرغان سۇلتان مەھمۇدخانغا ئالىيىپ. ئۇ ياساۋۇللىرىغا بۇيرۇپ، سۇلتان مەھمۇدخاننى يالۋۇرۇشلىرىغىمۇ قارىماي تاغارغا سالغۇزدى-دە، بەش بالىسى بىلەن قوشۇپ دەرياغا چۆكتۈرۈپ ئۆلتۈردى. بۇ پاجىئە ھىجرىيە 914-يىلى[1]كۈز پەسلىدە يۈز بەرگەنىدى. بۇنى ئاڭلىغان سەئىدخان ئۇنىڭغا قاتتىق ئېچىندى. كالا-قوي سويۇپ نەزىر-سىنى ئۆتكۈزدى-دە، ئىنىسى خىلىل سۇلتان بىلەن ئاتلىنىپ، ئىسسىق كۆل ئەتراپىدىكى مۇنبەت يەرلەر-نىمۇ ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالدى ۋە موغۇلىستانغا پادىشاھلىق قىلىۋات-قان ئاكىسى مەنسۇرخانغا ئەھۋالنى بايان قىلىپ مەكتۇپ ئەۋەتتى. باش باھاردا — بۇغداي مايسىلىرى يەردىن ئەمدىگىنە باش كۆتۈرۈپ چىققان مەزگىلدە سۇلتان مەنسۇرخاندىن جاۋاب مەكتۇپ كەلدى.

سەئىدخان قايىقى چۇشۇپ كەتكەن خىلىل سۇلتاننىڭ قولىدىن مەكتۇپنى ئېلىپ ئوقىدى.

”بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم، ئىنىم سەئىدخان، ئىنىم خىلىل سۇلتان، پۈتۈن ئالەمنىڭ ئىگىسى ئاللا مېنى موغۇلىستانغا ئىگىدارلىق قىلىشقا نېسىپ قىلغان. شۇنداق تۇرۇقلۇق موغۇلىستانغا تەۋە يەتتە سۇ، ئىسسىق كۆل دىيارىنى ئىگىلىۋاپسىلەر. تاغام سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەبچى بولۇپسىلەر. ئەگەر ساداقنى بوينۇڭلارغا ئېسىپ ئالدىمغا كەلسەڭلار گۇنا-ھىڭلاردىن ئۆتۈپ، ئەمىرلىك مەنسىپىنى بېرىمەن، بويۇن تولغىساڭلار ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيسىلەر.

---

[1] ھىجرىيە 914-يىلى — مىلادى 1508 —1509-يىللارغا توغرا كېلىدۇ.

موغۇلستان خانى مەنسۇرخان.

ھجرىيە 915-يىل[1] رەبىيئەل ئەۋۋەلنىڭ 17-كۈنى"

— ئاكام، ئۆزىنى بىلەلمەي قاپتۇ. ئۇ تۆھمەت قىلىپ بىزنى كۆزدىن يوقاتماقچى ئوخشايدۇ ئۇكام. بىز ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشىمىز كېرەك، — دېدى سەئىدخان ئاچچىقلانغان ھالدا.

— بىز تەڭ كېلەلمەيمىز ئاكا، ئۇنىڭ ئەسكىرى كۆپ. ياخشىسى، ئانامغا ئەھۋالنى دەپ، ئۇنى موغۇلستانغا ئەۋەتەيلى. ئاكامنى پەيلىدىن ياندۇرسۇن.

خەلىل سۇلتان مەيۇس ھالدا مادارا قىلىشنى تەرغىپ قىلدى.

— توخۇ يۈرەك! بويۇڭ ئېگىز، قامىتىڭ كېلىشكەن بولسىمۇ، بولۇمسىز ئىكەنسەن، — سەئىدخان ئۆزىدىن بويلۇق بولغان خەلىل سۇلتاننى مەسخىرە قىلدى. خەدىچە سۇلتان خېنىمغا ئېھتىماسلىق ئۈچۈن ئۇنى قەسەم قىلدۇردى. خەۋەر كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئايغاقچىلارنى موغۇلستانغا ئەۋەتتى ھەم بەگ-سەردارلىرىغا ھەر زامان جەڭگە تەييار بولۇپ تۇرۇشنى تاپىلىدى.

يەتتەسۇدا ئۆجمە پىشقاندا، سۇلتان مەنسۇرخاننىڭ نۇرغۇن لەشكەر بىلەن يولغا چىققانلىقى توغرۇلۇق ئايغاقچىلار خەۋەر كەلتۈردى. سەئىدخان خەلىل سۇلتاننى ئېلىپ 1000 دىن كۆپرەك ئەسكەر بىلەن ئاتلىنىپ "ئەۋلىيا ئاتا[2]"غا يېقىن بولغان "چالۇن-چالاك" دېگەن يەردە ئەتىگەندىلا موغۇلستان ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇچراشتى. سەئىدخاننىڭ قوشۇنىدىن 20-30 ھەسسە كۆپ بولغان مەنسۇرخان ئەسكەرلىرى تەرەپ-تەرەپتىن ئۇلارنى قورشىۋالدى. سەئىدخان قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دەم سولغا، دەم ئوڭغا شىلتىپ ئىنىسى بىلەن بىللە جەڭ قىلىپ قورشاۋنى بۆسۈپ چىقتى. خوجا ئېلى بىلەن مەخسۇت ئېلى ئۇنىڭدىن زادى نېرى بولمىدى. مەنسۇرخان بۇ ئىككى ئىنىسىنى "ئۆلدى"گە چىقىرىۋېتىپ، يەتتە سۇ،

---

① ھجرىيە 915-يىل — مىلادى 1510 — 1511-يىللارغا توغرا كېلىدۇ.

② ئەۋلىيا ئاتا — ئالمۇتا شەھىرىنىڭ ئەسلى نامى.

ئىسسىق كۆل دىيارىنى ئىگىلىۋالدى. ئەمما ئۇزۇنغا قالماي مىرزا ئابابەكرى بۇ يەرگە لەشكەر تارتىپ كەلدى. مەنسۇرخان ئۆلەر-تىرىلىشكە قارىماي موغۇلىستانغا قېچىپ كەتتى.

## 3

قورشاۋدىن مىلىك تەسلىكتە قۇتۇلۇپ چىققان سەئىدخان "چېلەك" يېزىسىغا كەلگەندە قارا تەرگە چۆمگەن ئېتى مۇدۇرۇپ يىقىلىپ، بويىنى قاتلىشىپ شۇ يەردىلا جان بەردى. ئىككى قەدەم ئالدىغا موللاق ئېتىپ چۈشكەن شاھزادە توپىسىنى قېقىپ تۇرۇشىغا خېلىل سۇلتانمۇ يېتىپ كېلىپ ئاتتىن چۈشتى.

— ئاكا، خۇدا بىزگە نۇسرەتنى يار قىلمايدىغان ئوخشايدۇ. بۇنداق قېچىپ يۈرۈپ كۈن ئۆتكۈزگەندىن كۆرە جانىبەگ سۇلتان ياكى شايباند-خانىنىڭ يېنىغا كېتەيلى. بويۇن ئېگىپ بارساق دۈشمەنلىك قىلماس. ئۇلار ھامىيلىرىمىزنىڭ ئەرلىرىغۇ!

ئاغزىغا دەررىدەك[1] تەگكەن يوغان شاپىلاق سۆزلەۋاتقان خېلىل سۇل-تاننى ئوڭدىسىغا يىقىتىۋەتتى.

— مەن سېنى خېلى ئوغۇل بالىلىقى بار، ئىرادىلىك دەپ بىلەتتىم ئۇكام. قارا دەۋاتقان گېپىڭگە. چوڭ ئاكىمىز بىزگە رەھىم قىلماي بۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان يەردە، چاغاتاي ئەۋلادىنى يەر يۈزىدىن قۇرۇتۇشقا بەل باغلىغان شايبانىخان بىزگە رەھىم قىلارمۇ؟ بوي ئېگىپ بارساق، قوزىنىڭ "مېنى يە" دەپ بۆرىنىڭ ئالدىغا بارغىنىدەك ئىش بولمامدۇ ئەخمەق. بويۇڭ تۆگىدەك ئېگىز بولغان بىلەن قىلچە ئەقلىڭ يوق ئىكەن سېنىڭ. ئىككىنچى بۇ سۆزنى ئېغىزىڭغا ئالغۇچى بولما. ھايات ئىكەنمىز، ئاخىرغىچە ئېلىشىش-

---

[1] دەررە — چەمدىن ياسالغان جازا قورالى.

ـمىز كېرەك!

ئاغزىدىكى قاننى ئېرتىپ ئورنىدىن قوپقان خېلىل سۇلتاننىڭ كۆزلى-رىدىن ياش قۇيۇلدى.

— ئەمدى ئۆلتۈرسەڭمۇ سەن بىلەن ماڭمايمەن. شايانىخاننىڭ يېنىغا كېتىمەن.

— دۈشمەندىن شەپقەت كۈتۈش — ئۆزىنى ئۆزى پەسلەشتۈرگەن-لىك. ئىنىم بولۇپ قالغىنىڭدىن ساڭا بەك ئېچىنىۋاتىمەن. ئېگىلىپ، خورلى-نىپ ياشىغاندىن كۆرە تىك تۇرۇپ ئۆلگەن ياخشى، قالغىنىنى ئۆزۈڭ بىل.

خېلىل سۇلتان 20 دەك ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ مېڭىپ كەتتى. سەئىد-خاننىڭ يۈرىكى تارتىشقاندەك بولۇپ، كۆزىگە ياش ئالغان هالدا ئۆلۈك ئېتىغا قاراپ قالدى.

كۈن پېتىپ زاۋال ۋاقتىنىڭ گۈگۈمى ئالاتاغ باغرىغا قارا كۆلەڭگۈسى-نى يايدى، خوجا ئېلى سەئىدخانغا ئۆزىنىڭ ئاق قاشقا تورۇقىنى بېرىپ، ئەسكەرلىرى يېتىلىۋالغان قارا بويۇن جەدىنى مىنىۋالدى.

— بۇ ئادەمنى نەس باسىدىغان يەر ئوخشايدۇ، بۇ يەردە تۇرمايلى. يېقىنراق يايلاقتا بېرىپ ئارام ئالايلى شاهزادەم، — دېدى ئۇ. سەئىدخان باش لىڭشىتىپ قويدى. 50 كە يېقىن ئادەم هارغان-ئاچقان هالدا ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدى. ئاشپەز يۇسۇپ بىرنەچچە كىشىنى ئېلىپ بۇرۇنراق يۈرۈپ كەتكەنىدى. شامدىن ئۆتكەندە بىر يايلاققا يېتىپ كېلىش-تى. ئاشپەز يۇسۇپنى كۆرگەن سەئىدخان مۇشۇ يەرگە چۈشۈپ دەم ئېلىشنى بۇيرۇدى.

بۇ يايلاقتا 30 دەك ئاق ئۆي بار ئىدى. ئاقساقىلى رەهىمباي دېگەن قازاق ئىكەن.

— خان كەلدى، سىزگە قوناق[1] بولماقچى ئاقساقال، — دېدى خوجا

① قوناق — قازاق تىلىدا مېهمان دېمەكتۇر.

ئېلى.

— خانىمىزدىن باش ئايلانسۇن، چۈشۈڭلار، — دېدى ئاقساقال ئالچاڭلاپ مېڭىپ كەلگىنىچە سەئىدخان بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ. ئۇ سەئىدخاننى ئۆز ئۆيىگە باشلىدى. ئۇنىمىغىنىغا قويماي ئۈچ قوي، بىر كالا، بىر تايىنى سويۇپ، ياتقۇ مەھەلدە پىشۇرۇلغان گۆشنى لىگەن-لىگەن-لەرگە ئۇسۇپ، ئاق ئۆيلەرگە تارقىلىپ ئولتۇرغان سەئىدخان ئادەملىرىنىڭ ئالدىغا قويدى.

قىمىز ئىچمىگىنىگە ئۇزۇن بولغان سەئىدخاننىڭ كۆڭلى ياياراپ قال-دى. ھاردۇقى چىقتى. ئۇ سەھەر تۇرۇپ نامىزىنى ئۆتىگەندىن كېيىن خوجا ئېلى ئۇنىڭ چاچ-ساقىلىنى ئېلىپ قويدى. ئاشپەز يۈسۈپمۇ ئۇن نەچچە ئادەمنىڭ چاچ-ساقىلىنى ئالدى. قالغانلار بىر-بىرىنىڭ ساقىلىنى ئېلىشتى. يۈز-كۆزلىرىنى يۇيۇپ، قازاق كېلىنچەكلىرى تەييارلىغان نارىن چۆپ بىلەن غىزالىنىپ يولغا چىقىشتى. رەھمباي ئېگەرلەنگەن تۆت ياشلىق ئاتتىن ئۈچنى سەئىدخانغا يوللۇق تۇتتى. سەئىدخان ئۇنىڭغا كۈمۈش ساپلىق بىر قىلىچنى يادىكار قىلدى.

## 4

سەئىدخان موغۇلىستانغا كېتىش قارارىغا كەلگەنىدى. "ئاكام بىلەن يارىشىپ مىرزا ئابابەكرىگە قارشى يۈرۈش قىلىپ، تەڭرىتېغىنىڭ شىمال ۋە جەنۇبىنى بىرلىككە كەلتۈرسەك، شايبانىخانغىمۇ تاقابىل تۇرالايمىز. بارسام ئۇ مېنى ھەيدىۋەتمەس. ئەگەر ئانام ماقۇل بولسا، ئۆزۈم بىلەن بىللە ئېلىپ كېتىمەن"، دەپ ئويلىغان سەئىدخان خەدىچە سۇلتان خېنىمنى ئېلىپ ئۇچتۇرپانغا بېرىشنى مەخسۇت ئېلىغا ھاۋالە قىلدى.

— قانداقلا بولمىسۇن، بىز مۇق يولدا — ئۇچۇرما داۋان باغرىدا ئۇچرىشايلى. ئانامنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلىپ ئېلىپ كېتىشكىزگە ئىشىنى-

مەن.

— خوپ، شاھزادەم. خۇدا بۇيرۇسا ۋالىدەلىرى بىلەن تېزرەك دىدار كۆرۈشۈشلىرى ئۈچۈن كۈچۈمنى ئايىمايمەن.

سەئىدخان ئۇنى يولغا سېلىپ 13 كۈن بولغاندا مۇق يولى ئۈچۈرما داۋان باغرىغا كەلدى. بۇ يەردە ئۇنى مەخسۇت ئېلى كۈتۈپ تۇراتتى.

— مەن تونۇگۈن كەچ كەلدىم شاھزادە. چىغىر يوللار بىلەن ئۇدۇللاپ يەتتە سۇغا بېرىپ تىڭتىڭلىسام، ۋالىدەلىرى ئاكىلىرى بىلەن جەڭ قىلىپ يېڭىلگەنلىكلىرىنى ئاڭلاپ، ئۆلۈك ياكى تىرىك ئىكەنلىكلىرىنى بىلەلمەي، مەنسۇرخاندىن خاپا بولۇپ ئوشقا كەلگەنىكەن. ئۇ يەردىمۇ تۇرالماي شايبانىخان زەربىسىگە ئۇچرىغان مۇھەممەد ھۈسەيىن كوراگان بىللە بەدەخشان ئارقىلىق كابۇلغا كېتىپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئوشقا كېلىپ ئاڭلىدىم. ئاتلىرىنى ساقلىتىپ قويماي دەپ، ئوشتا ئاتنى يەڭگۈشلەپ، كېچە-كۈندۈز مېڭىپ بۇ يەرگە كېلىپ كۈتۈپ تۇردۇم، ئاللانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن سىلىمۇ ۋاقتىدا كەلدىلە شاھزادەم، خوجا ئېلى باتۇر كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— ئۇ سۆزلەپ بولۇپ ئۆزى دوست بولۇپ قالغان بۇرادىرىنى سورىدى. بىرقانچە قېتىملىق جەڭدە كۆرسەتكەن باتۇرلۇقى نەتىجىسىدە خوجا ئېلىدىنىڭ كۆپچىلىك ئارىسىدىكى ئىناۋىتى كۆتۈرۈلۈپ، ئىسمىغا «باتۇر» دېگەن نام قوشۇلغانىدى.

— بىرنەچچە چەۋەندازنى ئېلىپ ئەھۋال ئۇققىلى كەتكەنىدى. ئېھتىمال يېقىن ئارىدا ئۇچرىشىپ قېلىشىمىز مۇمكىن، — جاۋاب بەردى سەئىدخان. ئانىسىنىڭ كېتىپ قالغىنىدىن كۆڭلى بەك يېرىم بولۇپ، كېچىچە بۇ قاقاس تاغ باغرىدا يېتىپ، سەھەردە يولغا چىقىشتى. يول يىلانباغرى، ئېگىز-پەس بولۇپ، تاغدىن ئۆتكەندىن كېيىنلا موغۇلىستان زېمىنىغا ئاياغ باساتتى. باشتا مەخسۇت ئېلى، ئۇنىڭ كەينىدىن ئاشپەز يۈسۈپ، ئاندىن قارا قول مىرزىلار كېچىچە توختىماي يۈرۈپ، سەھەردە تاغ ئۈستىگە چىقىپ بولۇشتى. قىرلىق تاشلار ئۇلارنىڭ ئۆتۈك-ئاياغلىرىنى

ئۈتمىتۈشۈك قىلىۋەتتى. سەئىدخاننىڭ تاپىنى كېسىلىپ كەتتى. ئاچچىق شامال ئۇنىڭ يۈزىنى يالاپ قىزارتىۋەتتى. شىرقىراپ ئۇچۇپ تۇرغان قۇم ئۇرۇلۇپ كۆزلىرىنى ئاچالماي قالدى. كۈن مەغرىپ تامان يۈزلەنگەندە پەسكە چۈشۈپ بولدى. شارقىرىغان ئاۋاز ئۇلارنى خۇش قىلىۋەتتى. تاشتىن تاشقا ئۇرۇلۇپ ئېقىۋاتقان كىچىك دەريانىڭ زۇمرەتتەك سۈزۈك سۈيى ھەممەيلەننى بىردەك جەلپ قىلدى. شۇنچە ھارغىنلىقا قارىماي ئېقىن بويىغا ئالدىراپ چۈشۈپ، ئوچۇملاپ سۇ ئىچىشتى. نەچچىسىنىڭ قىزىل ئۆڭگىچىگە سۇ كېتىپ قېقىلىپ كەتتى.

ئۇلار بۇ يەردە ھاردۇق ئېلىپ، مەلەخ بولۇپ ئۇخلاپ كېتىشتى. خوجا ئېلى باتۇر كېلىپ ئۇلارنى شۇ ھالدا كۆردى. تۇتۇپ كەلگەن ئادەمگە چاي بېرىپ، سەئىدخاننىڭ ئويغىنىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردى. قۇياش جاھاننىڭ بىمەنىلىكىدىن قىزىرىپ مىس رەڭگە كىرگەندە سەئىدخان ئويغاندى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم شاھزادەم، بىر ئادەمنى ئېلىپ كەلدىم. كۆرۈشەملا؟ — دېدى خوجا ئېلى.

— باتۇر ئاكا، سىزنى كەلمەي قالارمىكىن دەپ بەك ئەندىشە قىلغانىدىم. ئىشەنچىمنى يەردە قويمىدىڭىز، رەھمەت سىزگە، — سەئىدخان ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى قۇچاقلىدى، — مەن سۆزلىشىپ باقاي.

چېكىست گۈللۈك ئاق دوپپا، تونچە ئاق كۆڭلەك كىيىپ، بېلىنى باغلىغان بۇغداي ئۆڭ بىر ئادەم قىلىچ ئاسقان سەئىدخاننى كۆرۈپ قورقۇمسىراپ سالام بەردى.

— سەن مۇسۇلمانمۇ؟ — سورىدى سەئىدخان.

— ئەلھەمدۇلىللا مۇسۇلمانمەن غوجام.

— قىپچاقمۇ سەن؟

— ئۇيغۇرمەن. قەبىلىمىزنىڭ نامى ”ئۇرۇق“، تېرىقچىلىق قىلىمەن.

— ئېتىڭ نېمە؟

— تۇردى ئاخۇن.

— يۇرتۇڭلار ئامانچىلىقتۇ؟

— ئامانچىلىق ئىدى. بىرنەچچە كۈندىن بېرى قەبىلە چوڭلىرى مىرزا ئابابەكرىگە قوشۇلۇش ئۈچۈن يولغا چىقىش تەييارلىقىنى قىلىۋاتىدۇ، — تۇردى ئاخۇن ”يەنە نېمىلەرنى سورايدىكىن“ دەپ يەر ئاستىدىن سەئىدخانغا قاراپ قويدى.

— بۇ يەر ئىلگىرى مەنسۇرخانغا قارايتتىغۇ! نېمىشقا مىرزا ئابابەكرىگە قوشۇلماقچى بولىسىلەر؟

— مەنسۇرخان سېلىق ئېلىشنىلا بىلىپ، ئەل بىلەن كارى بولمىدى. ئەسكەرلىرى دائىم بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ ئۇرۇقىمىزنى بوزەك ئەتتى. مىرزا ئابابەكرى”ئۆزئىختىيارى بىلەن ماڭا قوشۇلغان قەبىلىلەرگەئىنئام بېرىمەن“ دەپ يارلىق چۈشۈرگەنىكەن. شۇڭا ئۇنىڭغا قوشۇلماقچى بولۇۋاتىمىز.

— مىرزا ئابابەكرىنىڭ يارلىقى يالغان. ئۇ دېگىنىنى قىلمايدىغان، قىلغىنىنى دېمەيدىغان زالىم. سىلەر ئالدىنىپ قالماڭلار، — سەئىدخان گېپىدىن توختاپ ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ئۇرۇقۇڭلارنىڭ ئاقساقىلى بىلەن كۆرۈشۈشكە مېنى باشلاپ بارالامسەن؟

— باشلاپ باراي.

سەئىدخان چاي ئىچىۋالغاندىن كېيىن، خوجا ئېلى باتۇر قاتارلىق بىر قىسىم ئادەملىرىنى ئېلىپ، تۇردى ئاخۇننىڭ باشلىشى بىلەن كەتتى. ئىككى كۈن يول يۈرۈپ ئۈچىنچى كۈنى بىر كەنتكە يېتىپ كەلدى. بىر نەچچە يۈز ئادەم يۈك-تاقلىرىنى ئات-ئېشەككە ئارتىپ ماڭغىلى تۇرغانىكەن. تۇردى ئاخۇن سەئىدخاننى ئۇزۇن چارساقال كىشىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم بوۋا، — دېدى سەئىدخان قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام. نېمە گېپىڭ بار ئىدى ئوغلۇم؟ تۇرقۇڭدىن

قارىغاندا بەگزادىلەردىن ئوخشىمامسەن؟
— شۇنداق بوۋا. سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ئوغلى سەئىدخان بولمەن. سىلەر نەگە بارماقچى بولۇۋاتىسلەر؟
— ھە، تەختنى مىرزا ئابابەكرى تارتىۋالغان خاننىڭمۇ؟ بىز ئاتاڭنىڭ تەختنى تارتىۋالغان سۇلتاننىڭ يېنىغا بارماقچى بولۇۋاتىمىز. سەنمۇ ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇش ئۈچۈن كېتىۋاتقان ئوخشىمامسەن شاھزادەم؟ — دېدى ئاقساقال ئانچە كۆزگە ئىلمىغان تەرىزدە، سەئىدخاننىڭ ئاچچىقى كەلدى، ئەمما ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:
— سىلەر بۇ نىيىتىڭلاردىن يېنىڭلار، مىرزا ئابابەكرى سىلەرگە ياخشىلىق قىلمايدۇ. مەن ئۇ زالىمدىن ئاتامنىڭ تەختنى تارتىۋالماقچىمەن. ئەگەر ياخشى كۈن كۆرەي دېسەڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلار. بىز بىرلىكتە ئۇ زالىمنى يوقىتىپ، دىيارىمىزنى ئاۋات قىلايلى، — دېدى. خوجا ئېلى باتۇرمۇ سەئىدخاننىڭ تەرىپىنى ئېلىپ ئۇلارنى نىيىتىدىن يېنىشقا ئۈندىدى.
— بىز ئاغزىدىن ئانىسىنىڭ سۈتى قۇرىمىغان مۇشۇ بالاخانىغا ئەگە-شەمدۇق؟ — دېدى قاقاقلاپ كۈلگەن ئاقساقال. ئۇنىڭ ئادەملىرىمۇ قاقاق-لاپ كۈلۈپ كەتتى، — بولدى، ئاستا بۇ يەردىن كېتىۋال شاھزادە. بۇ ئادىمىڭ خېلى تۈزۈكتەك قىلىدۇ. بىز بىلەن قالسۇن.
ئاقساقالنىڭ ئىشارىتى بىلەن بىرنەچچە ئون كىشى يوپۇرۇلۇپ كېلىپ خوجا ئېلىنى تۇتۇۋالدى. سەئىدخاننىڭ ئادەملىرى قورقۇپ قاچتى. ئۇمۇ بۇ نادان كىشىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن كەلگەن يولى بىلەن قايتىشقا مەجبۇر بولدى. لېكىن يولدا ئېزىپ قېلىپ مەنزىلگە باشقى-لاردىن بىر كۈن كېيىن يېتىپ باردى. مەخسۇت ئېلى، يۈسۈپ ئاشپەز ئىككىلا كىشى قالغانىدى.
— شاھزادەم، — دېدى مەخسۇت ئېلى كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، — ئۆزلىرى بىلەن قالغانلاردىن ئىككىيلەن تونۇگۈن كېلىپ: "سەئىدخان خوجا ئېلى باتۇر بىلەن دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ كەتتى، بىز قېچىپ

كەلدۇق“ دەپ بۇ يەردە قالغانلارنى پاراكەندە قىلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن شاھ مىرەك، ئۆچكۈ مۇھەممەد مىرزا، ئوزنكول قاتارلىق سەردارلار ئۆز ئادەملىرىنى ئېلىپ ”مەنسۇرخاننىڭ قېشىغا بارىمىز“ دەپ كېتىشتى. قارا قول مىرزا يەنە بىر ئادەمنى باشلاپ ئەنجان تەرەپكە ماڭدى. كۆكلەش ئېزىز بەردى ”مىرزا ئابابەكرىلا بىزگە پاناھ بولالايدۇ“ دەپ، گېپىمنىمۇ ئاڭلىماي قەشقەر تەرەپكە يول ئالدى. بىز ئىككىمىز سىلىنى چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ دەپ ئويلاپ مۇشۇ يەردە كۈتۈپ تۇردۇق. ئەمدى قانداق قىلماق كېرەك شاھزادەم؟

سەئىدخان چەكسىز كەتكەن جاڭگالغا قارىدى ۋە بىردىنلا:

”ماڭا ئاللا يار. ماڭا ئاللا يار!...“ دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

تاغلاردىن ئەكس سادا قايتتى.

”ماڭا ئاللا يار، ماڭا ئاللا يار!...“

— سەۋر قىلسىلا شاھزادەم، بىز سىلىدىن ئايرىلمايمىز!

سەئىدخان مەخسۇت ئېلىنى قۇچاقلىدى.

— مەن سىزدىن ئايرىلمايمەن ئاكا، ئەھدىمدىن ھەم يانمايمەن.

سەئىدخان، مەخسۇت ئېلىلار بىرنەچچە كۈنگىچە جاڭگالدا تېنەپ يۈردى. ئۇلار ئاتقان كىيىك، توشقانلارنى يۇسۇپ ئاشپەز كاۋاپ، شورپا قىلىپ بەردى. ئۇ ئوت چىقىدىغان چاقماق تاشلارنى زادىلا يېنىدىن ئايرىمايتتى، ئەمدى تازا ئەسقاتتى. ”مۇشۇ جاڭگالدا ئۆمرۈم ئۆتۈپ كېتەر-مۇ-ھە؟“ بۇ قورقۇنچلۇق ئوي سەئىدخاننى غەمكىنلەشتۈرەتتى. مىنىدىغان ئاتلىرىنىمۇ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىگەنلەر ئېلىپ كەتكەنىدى. بىر ئاي بولغاندا خوجا ئېلى باتۇر كەلدى.

— مەن قەشقەرغە ئاز قالغاندا قېچىپ تۇتۇق بەرمەي، ئىز قوغلاپ يۈرۈپ سىلەرنى ئاران تاپتىم شاھزادە. شۈكرى، سالامەت ئىكەنلا.

سەئىدخان بۇ قەدىناس ھەمراھنى كۆرۈپ غولىچىنى كەڭ يېيىپ، ئۇنى قۇچاقلىدى ۋە:

— ياق، ئاللا مېنى يالغۇز قويمايدۇ، — دەپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

مەخسۇت ئېلى، خوجا ئېلى، يۈسۈپ ئاشپەزلەرمۇ قوشۇلۇپ ئۆزۈنىغىچە يىغلاشتى. توساتتىن بىر يا ئوقى ئۆلارنىڭ ئالدىدىكى توغراققا سانجىلىپ قالمىغان بولسا يىغىدىن توختىمىغان بولاتتى.

— بۇ نېمە ئىش؟ — دېدى سەكرەپ ئورنىدىن تۇرغان سەئىدخان.

— ئەتراپتا دۈشمەن بار، — خوجا ئېلى باتۇر ئەتراپقا قارىدى. قاشقىسى بار بىر كىيىك ئۇلارنىڭ ئالدىدىن تاقلاپ ئۆتۈپ كەتتى.

— كىيىككە ئېتىلغان ئوقمىدۇيا؟ — دېدى يۈسۈپ ئاشپەز.

— ئېھتىمال، ھەرھالدا سەگەك تۇرايلى، — سەئىدخانمۇ يانغا سەپسېلىشقا باشلىدى.

”قاراس -قۇرۇس، شالدۇر-شۇلدۇر“ قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ قىلىچ كۆتۈرگەن ئونچە ئادەم تۆت ياندىن كېلىپ ئۇلارنى قورشىۋالدى.

— سىلەر كىم؟ — سەئىدخان قىلىچىنى غىلاپتىن سۇغۇرۇپ سورىدى.

— بىز، — دېدى ساقلى ئاقارغان، تەمبەل ئادەم سەئىدخانغا چەكچىيىپ، — باي-زالىملارنىڭ ئەدىپىنى بەرگۈچىلەر.

— قاراقچىلار ئىكەن، — پىچىرلىدى خوجا ئېلى باتۇر سەئىدخانغا يېقىن كېلىپ، — ئىلاجى بار بۇلارنىڭ چىشىغا تەگمەي يولغا سېلىپ قويايلى.

— سىلەر بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسىلەر؟ — سورىدى ئۇلاردىن بىرى.

— بىز ئادىشىپ قالدۇق. يول تاپالمايۋاتىمىز، — جاۋاب بەردى مەخسۇت ئېلى.

— قارىغاندا ئاددىي ئادەم ئەمەستەك قىلىسىلەر، راستىڭلارنى دەڭلار. زالىم مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئادىمى بولمىساڭلارلا بىز سىلەرگە تەگمەيمىز.

سەئىدخان بۇ سۆزنى قىلغان بوۋايغا قاراپ، ئۇنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىگە تۇگمەس قايغۇ-ھەسرەت يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلدى.

— ئى ئاتا، بىز مىرزا ئابابەكرىنىڭ دۈشمىنى. ئۇنىڭ ئەدىپىنى بەرگىلى كېلىپ مۇشۇ كۈنگە قالدۇق.

— قېنى سۆزلە، سىلەر زادى قانداق ئادەملەر؟

خوجا ئېلى باتۇر بوۋاينىڭ قېشىغا يېقىن بېرىپ سەئىدخاننى تونۇش-تۇرۇزدى ۋە باشتىن كەچۈرگەنلىرىنى قىسقىچە سۆزلەپ بېرىپ دېدى:

— بىز مانا شۇنداق ئادەملەر ئاتا، بىز شاھزادىمىزنى مۇرادىغا يەتكۈز-مەي قويمايمىز.

— ئاھ شاھزادەم، مەن ئاتىڭىزنىڭ ئوردا ۋەزىرى ئەلى سەردار بولىمەن. سۇلتان ئەھمەدخان ئاقسۇغا ماڭغان كېچىسى مەن قەشقەرگە — مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ قېشىغا كەتكەنىدىم. ئۇ مېنى ئۆزىگە ۋەزىر قىلدى. كېيىن بەدنىيەت خاتۇنىنىڭ گېپىگە كىرىپ تۆھمەت بىلەن زىندانغا تاشلىدى. مىرزا ئابابەكرى ئۇنىڭغا قارشى قىلىچ كۆتۈرگەندە مېنى زىندان-دىن بوشاتتى. كۆڭلۈم قاتتىق ئاغرىغانىدى. ئۇنىڭغا خىزمەت قىلغۇم كەلمەي، ماڭا ئىخلاسى بار سەربازلىرىم بىلەن قەشقەردىن چىقىپ كەتكەنچە تاغۇ-دەشت، جاڭگاللارنى ماكان تۇتۇپ، يوشۇرۇن-ئاشكارا ھالدا مىرزا ئابابەكرى بىلەن ئېلىشىپ كېلىۋاتقىنىمغا 20 يىلدىن ئاشتى. يا ئۇ يوقالمى-دى، يا مەن ئۆلمىدىم شاھزادەم. ئاخىرى قېرىغان چېغىمدا ئەنجان تەرەپ-لەردە تىنچ ھايات كەچۈرۈشنى ئارزۇ قىلىپ، بۇ جاڭگالدىن ئۆتۈۋېتىپ سىلەرنى كۆرۈپ قالدىم. مىرزا ئابابەكرىنىڭ قاراۋۇللىرىدىن بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ ئوق ئاتقانىدىم، سىلەر چۆچۈپ ئورنۇڭلاردىن تۇردۇڭلار. شۇ چاغدا سىلەرنى ئېنىق كۆردۈم، بالام. بىزنى قاراقچى دېمەي ھەمراھ قىلىشۋالساڭلار خۇرسەن بولاتتىم، بەك خۇرسەن بولاتتىم.

جاڭگالنى جىمجىتلىق باستى، دەرەخلەر ئارىسىدىن چۈشۈپ تۇرغان كۈن نۇرى ئاستا-ئاستا غايىب بولدى. كەچ كىرگەنىدى. بىر چاغلاردا

ئاتىسىنىڭ يېقىن ھەمراھى بولغان ئادەم بىلەن بۇ يەردە ئۇچرىشىپ قېلىشىنى سەئىدخان خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغانىدى. تەقدىر دېگەن مۇشۇ بولسا كېرەك، ئاللا ئۇنىڭغا يەنە بىر توپ ئادەمنى يەتكۈزۈپ بەردى.

— ئەگەر ھەمراھ بولىمەن دېسىلە مەن يەنە بىر مەدەتكارغا ئېرىشكەن- لىكىمدىن ئاللاغا شۈكرى قىلسام بولىدۇ ئاتا.

ئەلى سەردار غۇلچىنى كېرىپ سەئىدخاننى قۇچاقلىدى. تاراملاپ ئاققان ياشلىرى شاھزادىنىڭ مۈرىسىگە تامدى. ئۇلار بىر كېچىنى ئۆتكەن- كەچكەن ئىشلارنى سۆزلەش بىلەن ئۆتكۈزدى. تاڭغا يېقىن ئۇخلاپ قېلىشتى.

”تۇتۇڭلار بۇ بەدبەخلەرنى، بىرىنىمۇ ئامان قويماڭلار!“ دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپ، دەرەخ شاخلىرىنىڭ قارسىلداپ سۇنغىنى، ئاتلارنىڭ دۈكۈر-دۈ- كۈرى سەئىدخاننىڭ قۇلىقىغا كىردى. ئۇ ”يائاللا“ دەپ ۋارقىراپ ئورنىدىن تۇرغىنىچە يانىڭ كىرىچىنى كېرىپ بىر ئوق ئېتىش بىلەن بىر ئاتلىق دۈشمەننى يەرگە يىقىتتى. خوجا ئېلى، مەخسۇت ئېلى، يۈسۈپ ئاشپەز ۋە ئەلى سەردارلارنىڭ ئادەملىرى تەرەپ-تەرەپتىن كەلگەن مىرزا ئابابەكرى ئەسكەرلىرى بىلەن قىلىچلىششقا باشلىدى. بۇلارنى مىرزا ئابابەكرىدىن پاناھ تىلەپ قەشقەرغە كەتكەن كۆكلەش ئېزىز بەردى باشلاپ كەلگەنىدى. ئۇ يانىڭ كىرىچىنى كېرىپ ئوقنى بەتلەۋاتقان سەئىدخاننى كۆرۈپ ھىجايدى.

— ئى سوكال بەگزادە، ساغدىقىڭنى بوينۇڭغا ئېسىپ ئالدىمغا كەلمە- سەڭ زىيان تارتىسەن. ئەگەر شۇنداق قىلساڭ، سۇلتان مىرزا ئابابەكرىدىن بىر قوشۇق قېنىڭنى تىلەپ سېنى ھايات قالدۇرۇشقا كۆزۈم يېتىدۇ. ئەمدى بىكار ئاۋارە بولما. مەنسۇرخاننىڭ يېنىغا ماڭغان شاھمىرەك، ئۆچكۈ مۇھەم- مەد مىرزىلارمۇ قولغا چۈشۈپ بېشى كېسىلدى. ئادەملىرىڭگە ئېيت، بىر-بى- رىنىڭ قوللىرىنى باغلاپ تىزلىنىپ...

كۆكلەش ئېزىز بەردىنىڭ گېپىنى سەئىدخان ئاتقان ئوق ئاغزىغا

تېگىپ ئۆزۈپ قويدى. ئۇ خارقىراپ ئاتتىن يىقىلدى. سەئىدخان يەنە بىر دۈشمەننى يىقىتقاندىن كېيىن يانىڭ ئوقى قالمىغانلىقىنى بىلدى. ئۇ قىلىچىـ نى كۆتۈرۈپ تۇرۇۋىدى، ئەلى سەردار ۋارقىرىدى:

— شاھزادەم، تېز قاچسىلا! بىز دۈشمەننى توساپ تۇرىمىز، قاچسىلا! بولسىلا دەيمەن!

سەئىدخان ئوڭ تەرەپتىكى قېلىن توغراقلىققا كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن خوجا ئېلى باتۇر ماڭدى.

ئىككى ئاتلىق دۈشمەن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ مېڭىۋىدى، مەخسۇت ئېلى يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە بىرسىنى قىلىچ ئۇرۇپ موللاق ئاتقۇز- دى. ئىككىنچىسىگە قىلىچ ئۇرغىچە كەينىدىن كەلگەن دۈشمەن ئۇنىڭ دۈمبىسىگە نەيزە سانجىدى. ئۇ تولغىنىپ يىقىلاي دېگەندە بېشىغا قىلىچ تەگدى، توغراق تۈۋىدىكى غازاڭلار قانغا بويالدى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ تەرەپ-تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ كەلگەن ئەسكەرلىرى ھىمايىسىز قالغان ئەلى سەردارنىڭ تېنىنى پارچە-پارچە قىلىۋەتتى. دەسلەپتىلا دۈشمەن ئوقى تې- گىپ ئۆلگەن يۈسۈپ ئاشپەزنىڭ جەسىتىنىمۇ تىنچ قويماي تۆت پارە قىلىپ تاشلىدى.

قەدىردان ھەمراھلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان سەئىدخان قېچىپ قۇتۇل- غىنىدىن قىلچە خۇشال بولمىدى. ئۇ نەچچە قېتىم ئارقىسىغا يانماقچى بولۇۋىدى، خوجا ئېلى باتۇر تۇتۇۋېلىپ يول قويمىدى. ئاخىرى بۇ جاڭگالدا كۆرمىگەننى كۆرۈپ، يېمىگەننى يەپ، تېنەپ يۈرۈشتى.

سەئىدخاننىڭ كىيىملىرى يىرتىلىپ، ئۆتۈكىنىڭ چەمى قالمىدى. ھايۋانلارنىڭ تېرىسىنى يېپىنىپ، قاپىرىپ قاناپ كەتكەن پۇتىنى ئوراپ، ماڭالمىغىدەك ھالغا كېلىپ قالغانىدى.

— شاھزادە، بۇ يەردە بۇنداق تەمتىرەپ يۈرسەك، بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى قاغا-قۇزغۇنغا يەم بولۇپ تۈگەيمىز. مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئالدىغا بارساق ئۆلۈمىمىزگە ئۆزىمىز سەۋەبكار بولۇپ قالىمىز. سۇلتان مەنسۇر

خاننى پاناھ تارتىپ بارساق، ئۇنىڭ يېنىدىمۇ ياخشى كۈن كۆرمەيمىز. ياخشىسى ئەنجانغا — جانىبەگ سۇلتاننىڭ قېشىغا كېتەيلى. ئۇ دەسلەپتىمۇ سىلىگە رەھىم قىلغان. بۇ نۆۋەت بەلكىم تېخىمۇ ياخشى كۈتۈۋالار. ئالىيلىرىمۇ قايتىدىن باش كۆتۈرگەيلا.

سەئىدخاننىڭ قايتقۇسى يوق ئىدى. قايتمىسا بۇ جاڭگالدا نېمىش قىلىدۇ؟ خوجا ئېلىنىڭ گېپى ئورۇنلۇق. شۇنداقتىمۇ جانىبەگنىڭ ئالدىغا بارماسلىقى، ئىسمىنى خۇپىيانە تۇتۇپ ئەھۋالنى كۆزىتىشى، كۈرەشنى يېڭىدىن باشلىشى لازىم. ئۇ شۇنداق ئويلاپ خوجا ئېلىنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى.

ئۇلار مىڭ بىر تەستە يول تېپىپ ئاخىرى جاڭگالدىن چىقتى. بىر دېھقاننىڭ ئۆيىگە كېلىپ بىلىدىكى كۈمۈش ھالقىلىق كەمىرىنى كىيىم-كېچەك، چورۇققا تېگىشىپ كىيىۋالدى. ئۇلار شۇ ماڭغىنىچە تاغدىن ئۆتۈپ ئوشقا كەلدى.

## 5

سەئىدخان سەيخۇن دەرياسىنى ياقىلاپ كېتىۋېتىپ، ئۇ قاتتىكى بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن ئانار شەربىتى ئىچكەن باغنى كۆرۈپ تونۇدى.

— خوجا ئېلى ئاكا، دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈپ، ئاۋۇ ياغقا كىرىپ ئانار يەپ ماڭساق قانداق؟ نەچچە ئايدىن بېرى ئۆي تامقى يېمەي قۇرۇپ كەتتۇق ئەمەسمۇ؟ — دېدى -دە، ئۇنىڭ جاۋابىغا قارىماي كىيىملىرىنى سېلىپ، ئىشتان بىلەن سۇغا سەكرىدى.

— شاھزادەم، بۇ قانداق قىلىق؟ — ئاچچىقلانغان خوجا ئېلى باتۇر شۇ دەم ئىلاجىسىز ھالدا ئۆزىمۇ كىيىملىرىنى سېلىپ كۆتۈرگىنىچە سۇغا كىردى.

سەئىدخان ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي، بىر قولىدا كىيىملىرىنى كۆتۈرۈپ، بىر قولىدا پاقىچىلاپ ئۈزۈپ ئۇ قىرغاققا يەتتى. سۇ خېلىلا سوغۇق ئىدى.

ئۇنىڭ ئۇستىگە غۇرۇلداپ تۇرغان كۈز شامىلىمۇ ئۇنى توڭدۇردى. كىيىملىـ ـرىنى ئىتتىك كىيىپ قاشا يېنىغا كەلدى. قىزىرىپ پىشقان ئانار، ئالما ئۇنىڭ كۆزلىرىگە كۆرۈندى. باغدا ھېچكىم يوق ئىدى. ئۇ قاشانىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ باغقا كىردى. شۇ چاغدا پېشايۋانلىق ئۆيدىن بىر ياش ئايال كوزا كۆتۈرۈپ چىقتى. قارا قاش، سۇمبۇل چاچ بۇ ئايال ناتونۇش كىشىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ رومىلى بىلەن يۈزىنى يېپىپ تۇرۇپ سورىدى:

— ئۆزلىرى كىم بولىلا؟

— مەن سەئىدخان بولىمەن، بوۋامنى يوقلاپ كەلدىم.

سەئىدخان؟ — ئايال چىرقىراپ كوزىنى تاشلىۋەتتى. شۇ چاغدا باغدىكى ئۆيلەردىن بىرنەچچە ئەر-ئايال، بالىلار ھەم مۆكچەيگەن بوۋاي چىقىپ كەلدى.

— نېمە بولدى خان قىزىم؟ — سورىدى بوۋاي.

— مەن ... مەن ... سەئىدخان ... بىلمىدىم، — دېدى ئايال يىغلامسىراپ.

— گۇلسۇرۇخ بانۇ، ئەزىزىم، نېمە بولدىڭىز؟ — تەمبەل بىر يىگىت ئايالنىڭ يېنىغا يېرىپ، ئۇنىڭ مۈرىلىرىنى تۇتتى.

— گۇلسۇرۇخ بانۇ؟ — دېدى پىچىرلاپ سەئىدخان، — نېمىشقۇ بۇ ... مەن قەيەرگە كېلىپ قالدىم...؟

سەئىدخان خىيالغا چۆكـۈپ تۇرغاندا قۇلىقـىغا بىـر تونۇش ئاۋاز ئىشتىلدى.

— ئاھ خۇدا، بۇ ھېلىقى شاھزادىغۇ. دادا، ئۇ يەنە كەپتۇ.

سەئىدخان قاراپ قېتىپ قالدى. بەش يىل بۇرۇن ئىتتىكگە تىللا تاشلاپ بەرگەن بەرنا قىز ئۇنىڭغا خىجىل بولغاندەك قاراپ قويدى. ئۇ دائىم خىيالدا ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ كەلگەن قىزنى كۆردى. تاماق يېيىش ئۈچۈن ئەمەس، ئۇنى كۆرۈش ئۈچۈن دەريادىن ئۆتكىنى راست ئىدى.

بوۋايمۇ سەئىدخاننى تونۇدى.

— شاھزادەم، بالام، ئۆيگە مەرھەمەت.
— مەن ھازىر شاھزادە ئەمەس ئاتا، — دېدى سەئىدخان، — بالام دەۋەرسىلە.

باياتىن ھاڭۋېقىپ قاراپ قالغان خوجا ئېلى باتۇرمۇ ئۇلار بىلەن سالاملىشىپ سەئىدخاننىڭ كەينىدىن چوڭ ساراي ئۆيگە كىردى.

— مانا بۇ ئوغلۇم قاناتبەگ، — تونۇشتۇردى بوۋاي ئۆزىگە ياندىشىپ كىرگەن قاۋۇل، بەردەم يىگىتنى كۆرسىتىپ، — بەش يىل بۇرۇن ئوخسى ھاكىمى بايزىدنىڭ قىزىنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ كېلىپ، ئۇنىڭدىن بىر باللىق بولدى.

سەئىدخان ھەيران بولدى. "قىز ئۆلتۈرۈلمىگەنىكەن، بۇ يىگىت قانداق قۇتۇلدۇرۇپ كەلگەندۇ؟"

— گۈلسىما قىزىم، قۇتلۇق قەدەم مېھمانىمىزغا ئانار شەربىتى ئېلىپ كىرگىن! — توۋلىدى بوۋاي نەقىش چېكىلگەن ئوچۇق ئىشىككە قاراپ ۋە ئاندىن ئوغلىغا دېدى:

— تۇرغىن ئوغلۇم، قۇربانلىققا ئاتاپ بوردىغان قارا ئېركىنى سويغىن. شاھزادىنىڭ يولىغا قارىغىلى بەش يىل بولدى ئەمەسمۇ!؟

قاناتبەگ چىقىپ كەتتى. گۈلسىما قىز ئوچۇق كۈلۈمسىرىگەن ھالدا گۈللۈك ئىككى پىيالىغا قۇيۇلغان ئانار شەربىتىنى پەتنۇستا كۆتۈرۈپ كىرىپ، سەئىدخان بىلەن خوجا ئېلى باتۇرغا تۇتتى. شاھزادىنىڭ قوللىرى ئېمىشقىدۇر تىترەپ، پىيالىنى تاشلىۋەتكىلى تاس قالدى. "ئېيتىكى تىللا بىلەن ئاسانلىقچە توشمايدىغان" بۇ قىزنى خۇدا ئۇنىڭغا يەنە ئۇچراشتۇردى. ئۆزىگە غايىبانە ئاشىق بولغان گۈلسۇرۇخنىمۇ كۆردى. تەقدىر نېمىدېگەن ئاجايىپ-ھە ... ئۇ چاغدا گۈلسۇرۇخ* بىلەن دىدار كۆرۈشمىگىنىمۇ تەقدىردىن بولسا كېرەك. كۆرۈشكەن بولسا يەنە باشقىچە بولارمىدىكىن؟ ھەي ... كۆرۈشمىگىنى ياخشى بولغانىكەن.

سەئىدخان يىگى سويۇلغان قوي گۆشىدە قىيما قىلىپ ئەتكەن ھار-

دۇق ئېشىنى ئىچتى. ئاندىن زىرە پۇرىقى كېلىپ تۇرغان مېزىلىك پولۇنى يېدى.

— شاھزادەم، سىلى بۇ يەردە تۇرۇۋەرسىلە. ئۆزلىرىگە تونۇش ئوبدان كىشىلەر ئىكەن. مەن ئەنجانغا بېرىپ ئەھۋال ئۇقۇپ كېلەي، — دېدى خوجا ئېلى باتۇر. ئۇنىڭ چىرايىدىن بىر ئىشقا ئالدىراۋاتقانلىقىنى بىلىپ سەئىدخان ئەجەبلەندى. شۇنداق بولسىمۇ، ئىشەنچىسى كۈچلۈك بولغاچقا ماقۇللۇق بىلدۈردى.

— ياخشى ئويلاپسىز ئاكا، دۇئادىن كېيىنلا يولغا چىققايسىز.

خوجا ئېلى باتۇر داستىخان يىغىلىپلا ئورنىدىن تۇردى.

— ھايال بولماڭ ئاكا، خۇداغا ئامانەت، — دېدى ئۇزىتىپ چىققان سەئىدخان ۋە تېزرەك قايتىشىنى تاپىلاپ ئۆيگە يېنىپ كىردى.

ئۇ قاناتبەگ بىلەن بىر ئۆيدە مۆكۈنۈشۈپ ياتتى. قاناتبەگ جانىبەگ سۇلتاندىن پاناھ تىلەپ كەلگەن خېلىل سۇلتاننىڭ جەيھۇن دەرياسىغا چۆكتۈرۈپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

— ئۆز دۈشمىنىدىن پاناھ تىلىگەن ئادەم ئەنە شۇنداق شەپقەتسىز جازاغا ئۇچرايدۇ ئاغا. مەن دۈشمىنىنى بىلەلمىگەن ئۇ ئىنىمغا بەك ئېچىنىمەن، — سەئىدخان ھەسرەتلەنگەن ھالدا ئالمالىقتا بۇ ئىنىسى بىلەن بىللە خەتنە تويى بولغان كۈنلەرنى، تاسادىپىي يولۇقۇپ قالغان كۆك بۆرىنى ئەسلىدى. ئۇ ھەممە ئاكا-ئۇكىلىرىدىن خېلىل سۇلتاننى ياخشى كۆرەتتى.

قاناتبەگ سەئىدخاننىڭ جىمىپ كەتكەنلىكىدىن ئۇنىڭ ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ”ئېيتمىسام بوپتىكەن“ دەپ قالدى.

— شاھزادە، مېنىڭ ئوخشى ھاكىمى بايزىدنىڭ قىزىغا قانداق بولۇپ ئۆيلىنىپ قالغانلىقىمنى بىلگىڭىز كېلىدىغاندۇ؟ — دېدى قاناتبەگ ئۇنى قايغۇلۇق خىيالدىن قۇتۇلدۇرۇش ئارزۇسىدا.

سەئىدخان بىردىنلا بېشىنى كۆتۈرۈپ قىزىقىش نەزەرىدە ئۇنىڭدىن سورىدى:

— مەنمۇ ھەيران. قانداق بولۇپ ئۇ زالىمنىڭ كويئوغلى بولۇپ قالدىڭىز؟ ئېيتىپ بېرىڭ ئاغا.

— بۇ بىر ئاجايىپ ۋەقە. ئاللانىڭ تەقدىرى بىلەن بولغان ئىش، — دەپ سۆز باشلىدى قاناتبەگ، — شاھزادە، سىز ئاشۇ يىلى بىزنىڭ باغقا تاسادىپىي كېلىپ كەتكىنىڭىزدىن كېيىن، كۆڭلۈمگە سەردار بولۇش ئىشتىياقى چۈشتى. ئاتامنىڭ توسقىنىغا قارىماي ئۇخسىغا بېرىپ، ھاكىم بايىزىدقا پىداكار نەۋكەر بولۇش ئارزۇيۇم بارلىقىنى ئۇنىڭ ئوردا بېگىگە بىلدۈردۈم. ئۇ بوي-بەستىمگە قاراپ تەلىپىمنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئوردا نەۋكىرى بولۇپ قالدىم. ھەقىقەتەن تىرىشىپ جەڭ ماھارىتىنى ئىگىلەپلا قالماستىن، ساداقەت بىلەن خىزمەت قىلدىم. بۇنى بىلگەن بايىزىد مېنى ئۆز سارىيىغا كۆزەتچى ياساۋۇل قىلىپ بەلگىلىدى. بىر كۈنى ئاتىسىنىڭ يېنىغا كىرگەن گۈلسۇرۇخ بانۇنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالدىم. بۇنى ئۇ قىزغا بىلدۈرۈشۈم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. پىراق ئوتىدا پۇچۇلۇنۇپ يۈرگەن كۆڭلەرنىڭ بىرىدە، ھاكىم بايىزىد بۇ قىزنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى، جاللات ئۇنى ئېلىپ ماڭدى. ئاللا كۆڭلۈمگە بۇ قىزنى قۇتۇلدۇرۇش ئارزۇسىنى سالدى...

قاناتبەگ باشتىن كەچۈرگەنلىرىنى سۆزلەپ بولۇپ دېدى:

— كېيىن ئۇخسى ھاكىمى بايىزىدنى شاھىيانىخان ئۆلتۈردى. شۇڭا بىزمۇ توي قىلىپ، بۇ ۋاقىتقىچە ھايات تۇرۇۋاتىمىز. ئەمدى سىزمۇ توي قىلارسىز شاھزادە؟ يولىڭىزغا تولا قاراپ دادامنىڭ كۆزلىرى ئېقىپ كېتەي دېدى. سىزگە سىڭلىمنى بەرمەكچى.

تەقدىرنىڭ بۇ كارامىتىدىن ھاياجانلانغان سەئىدخان گەپ قىلماي ئورنىدىن تۇردى. بوينىغا ئانىسى ئېسىپ قويغان تۇمارنى ئېلىپ، قاناتبەگنىڭ بوينىغا ئاستى.

— خۇدا سىزنى دۈشمەن قەستىدىن ساقلىغاي. بۇ مېنىڭ سىزگە تۇتقان سۆيۈنچەم.

سەئىدخان شۇ خۇشاللىقىدا ئۇخلاپ قالدى.

## 6

بوۋاينىڭ ئېتى رەھىم، لەقىبى بابا ئىدى. كىشىلەر ئۇنى رەھىم بابا دېيىشەتتى. ئەسلى قەشقەرلىق بولۇپ، تىجارەت بىلەن ئەنجانغا چىققاندا مانا شۇ باغ ئىگىسىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپ بۇ يەردە تۇرۇپ قالغانىدى. يەتتە پەرزەنت كۆرگەن بولسىمۇ، تۇرۇپ قالغىنى بىر ئوغۇل، بىر قىز ئىدى. سەئىدخان دەسلەپ بۇ باغقا كەلگەندىن تارتىپ، ئۇنى غايىبانە كۈيئوغۇل قىلىۋالغانىدى. ھەر كۈنى مۇشۇ تىلىكىنى ئاللادىن سورايتتى. ئاخىرى ئۇنىڭ تىلىكى ئىجابەت بولۇپ، سەئىدخان يەنە كەلگەندە توينى قانداقمۇ كېيىن سۈرسۇن؟

بوۋاي بىر-ئىككى كۈن تەييارلىق قىلىپ، سەئىدخان بىلەن گۈلسىما قىزنىڭ توينى قىلىپ قويدى.

* * *

سەئىدخان ئەتىسى بامدات نامىزىدىن كېيىن چاي ئىچىپ ئولتۇرغاندا يەتتە-سەككىز ياساۋۇل بىلەن خوجا ئەلى باتۇر كىرىپ كەلدى.

— شاھزادەم، سىزنى جانىبەگ سۇلتان ئوردىسىدا ساقلاپ قالدى. سىزگە بېرىدىغان ئىنئامى بار ئوخشايدۇ.

— كەلگىنىمنى نېمىشقا جانىبەگكە ئېيتتىڭىز ئاغا؟ مەن بارمايمەن، — دېدى سەئىدخان نېمىدىندۇر شۈبھىلىنىپ.

— بارمىسىڭىز بولمايدۇ شاھزادەم، — دوق قىلغان تەلەپپۇزدا سۆزلىدى خوجا ئەلى باتۇر، — خەلىل سۇلتان كېلىپ بويۇن تاۋلىق قىلغانىكەن. جانىبەگ سۇلتان جەيھۇن دەرياسىغا چۆكتۈرۈۋېتىپتۇ.

— سىززە ... بىلدىم. ئىنئامغا ئېرىشكىڭىز كېلىپ قاپتۇ-دە، خوجائې-

لى. بۇنداق قىلار دەپ ئويلىمىغانىكەنمەن سىزنى.

— تەقدىر، شاھزادە تەقدىر. ئىنسان راھەت كۆرۈش ئۈچۈن جاپا چېكىدۇ، ھەرگىزمۇ جاپا چېكىش ئۈچۈن راھەت كۆرمەيدۇ. قوپۇڭ، ئەمدى ھايال بولۇپ قالساق كاللىمىز كېتىدۇ.

سەئىدخان رەھىم باباغا، قاناتبەگكە قارىدى.

— بارسىلا بالام. خۇدا ئۆزى ساقلايدۇ، — دېدى قېرى ئاتىسى.

— مەنمۇ بىللە باراي، — قاناتبەگ "بولامدۇ" دېگەن مەنىدە خوجا ئېلىغا قارىدى.

— مەيلى، بىللە بارساڭ بارغىن، — دېدى ئۇ.

سەئىدخان دۇئادىن كېيىن قېرى ئاتىسى، قېرى ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقتى. قاناتبەگمۇ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى. ئوردىغا بارغىچە يۇزى ئۇياتتىمۇ، خوجا ئېلى بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — سالام بەردى سەئىدخان قات-قات كۆرپە ئۇستىدە ئولتۇرغان جانىبەگكە.

— ۋەئەلەيك، كېلىپسىز خان، — دېدى ئۇ سوغۇق نەزەر تاشلاپ.

— چاقىرتقانىكەنسىز، كەلدىم.

— بۇ يەردە نېمە ئىش قىلماقچىسىز شاھزادە؟

— تېخى ئويلىنىپ بولغىنىم يوق.

— سىز بۇ يەردە تۇرسىڭىز بولمايدۇ.

— نېمىشقا؟

— شۇنىڭ ئۈچۈنكى، سىز قىساس ئالغۇچى.

— بىلدىم.

— مەن بىگۇناھ كىشىنىڭ جېنىغا زامىن بولغۇچى جاللات ئەمەسمەن.

— كىشلەرگە ئەمنلىك بېغىشلىغۇچى شەپقەتچىمۇ ئەمەسسىز.

— بۇنى بىلگەن بولسىڭىز ئەتىلا بۇ يەردىن كېتىمەن.

— كەتسەم يەنە كېلىمەن!

— ئۇ چاغدا كۆرەرمىز.

سەئىدخان ئەتراپىغا شۇنچە قاراپمۇ خوجا ئېلىنى تاپالمىدى. ئۇنىڭغا ئىككى كەلىمە سۆز قىلغۇسى بار ئىدى. سەئىدخان ئۇنى ئىزدەپ تېپىشقا ئۇرۇنماي ئارقىسىغا ئۆرۈلگىنىچە ئوردىدىن چىقىپ كەتتى. سىرتتا ساقلاپ تۇرغان قاناتبەگ:

— خۇداغا شۈكرى شاھزادەم، ئاتقا مىنگەيلا، — دېدى.

ئۇلار سۆزلىشىپ مېڭىپ كۆپ پېتىشقا ئاز قالغاندا باغقا كېلىشتى. بوۋاي، موماي، گۈلسىما، گۈلسۈرۈخلار ئىشىك ئالدىدا ئۇلارنىڭ يولىغا قاراپ تۇرۇشقانىكەن. ئۇلارنى كۆرۈپ خۇشاللىقلىرىدىن كۆز يېشى قىلىشتى. قاناتبەگ ئەمدىلا تىم-تىم ماڭغان ئوغلى قەيسەرنى گۈلسۈرۈخنىڭ قولىدىن ئېلىپ پېشانىسىگە سۆيدى ۋە خوتۇنىغا ئاستا دېدى:

— بىز ئەتە تاڭ سەھەردە كابۇلغا يولغا چىقىدىغان بولدۇق، ئەزىزىم.

— سىز قەيەرگە بارسىڭىز مەنمۇ شۇ يەرگە بارىمەن.

سەئىدخان ئۇنىڭ سۆزىنى تىڭشاپ تۇرغان خوتۇنىغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. گۈلسىمانىڭ كۆزلىرىدە ياش لىغىرلايتتى.

# ئون سەككىزىنچى باب

# پەتنۋا ئۈچۈن تۆكۈلگەن قان

## 1

ئەتىگەندىن بېرى يېغىۋاتقان يامغۇر دىۋانخانىنىڭ دېرىزىلىرىگە تاراسلاپ ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. دەل-دەرەخ، گۈل-گىياھلارنىڭ ياپراقلىرىدىكى چاڭ-توزانلار يۇيۇلۇپ، ياپراقلار كۆمۈشتەك پارقىراپ كەتكەنىدى. يامغۇر توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ھاۋا گىرىمسەن، ئاسمان يۈزى قارامتۇل-ئاقۇش رەڭدە ئىدى.

سۇلتان مىرزا ئابابەكرىنىڭ سارىيىدىن يېنىپ چىقىشقان ۋەزىر-ئەمىر، سەردار-قازىلار يامغۇرنىڭ توختىشىنى كۈتۈپ ئۆيلىرىگە كېتەلمەي دىۋانخانىغا تىقىلىپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شاھدانە كوكۇلداشلا كۆرۈنمەيتتى. ئۇ شۇ تاپتا سۇلتان مىرزا ئابابەكرىنى ئەڭ يېڭى خۇش خەۋەردىن ۋاقىپلاندۇرۇش ئۈچۈن تەخت ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ تۇراتتى.

— باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئېيتىشقا بولمايدىغان قانداق خەۋەركەن ئۇ؟ سۆزلەڭ ۋەزىر، — دېدى مىرزا ئابابەكرى قىرقىلغان بۇرۇتىغا قوشۇلۇپ

كەتكەن چاسا ساقلىنى سىپاپ قويۇپ. ئۇ ھەرقاچان بىر ئىشتىن نارازى بولغاندا شۇنداق قىلاتتى. شاھدانە كوكۇلداش ئېغىز ئاچتى:

— شەۋكەتلىك سۇلتانىم، خان سۇلتان خېنىم ئەتىگەن بامداتتىن كېيىن زىنداندا قازا قىلغانىكەن. كۆپلەرنىڭ ئالدىدا بۇنى ئېيتىشقا پېتىنالـمىدىم. ئاخىرەت ئىشلىرىنى قانداق قىلىمىز؟

— مۇشۇ خەۋەرمىدى؟ — مىرزا ئابابەكرىنىڭ قويۇق قارا قېشى كۆتۈرۈلۈپ، تۇم قاپقى لىپىلداپ كەتتى، — بايا كۆپچىلىك ئالدىدا ئېيتىشقا پېتىنمىغىنىڭىز ئوبدان بولغانىكەن. دەرھال ئۆزى تۇرغان قەسىرگە يۆتكەپ، نامازدىگەرگىچە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى تاماملاپ يەرلىكىدە قويۇۋېـتىشكە ئادەم تەيىنلەڭ. نامىزى ئوردا مەسچىتىدە چۈشۈرۈلسۇن. ئۇرۇق-تۇغقان قېرىنداشلار ھازا تۇتسۇن. زىنداندا ياتقانلىقىنى ھېچكىم ئېغىزىدىن چىقارمىسۇن. يەنە باشقا خەۋەر بارمۇ؟

— بار سۇلتانىم، — دېدى شاھدانە كوكۇلداش ئالدىراپ سۆزلەپ، — سۇلتان مۇھەممەد شايبانىخان سۇلتان مەھمۇدخاننى بەش ئوغلى بىلەن جەيـھۇن دەرياسىغا چۆكتۈرۈپ ئۆلتۈرۈپتۇ. تۈنۈگۈن كەچ ئەنجاندىن كەلگەن ئايغاقچى بۇ خەۋەرنى ماڭا يەتكۈزدى. سەئىدخان بىلەن ئىنىسى خېلىل سۇلتان لەشكەر تارتىپ كەلگەن ئاكىسى مەنسۇرخان تەرىپىـدىـن "ئەۋلىيا ئاتا" دىيارىدا مەغلۇپ قىلىنغانىكەن. خېلىل سۇلتان جانىبەگ سۇلتاننىڭ قېشىغا بارغاندا ئۇمۇ جەيـھۇن دەرياسىغا چۆكتۈرۈپ ئۆلتۈرۈـلۈپتۇ. سەئىدخان ئىز-دېرەكسىز يوقىلىپ كېتىپتۇ. مۇھەممەد ھۈسەيىن كوراگان ئوغلى ھەيدەر مىرزا بىلەن كابۇلدىكى بابۇر مىرزىنىڭ يېنىغا كېتىپتۇ. مۇھەممەد شايبانىخان خۇسراۋ شاھ بىلەن جەڭ قىلىۋاتقانمىش. ئۇ خۇسراۋ شاھنى يەڭگەندىن كېيىن سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانى يېڭىپ، خۇراساننى ھەتتا ئىراننى ئىگىلەش كويىدا بولۇۋاتقان ئوخشايدۇ.

سۇلتان مىرزا ئابابەكرى يەرگە قاراپ پۈكۈلۈپ تۇرغان باش ۋەزىرگە كۆز سېلىپ تۇرۇپ قالدى ۋە بىر ئازدىن كېيىن مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ

دېدى:

— شايبانىخاننىڭ نۇسرەت قازانغانلىقى ھەققىدە ئەجەب سۆزلەپ كەتتىڭىزغۇ كوكۇلداش؟ بۇلار مەن ئۈچۈن يېڭى خەۋەر ئەمەس، مۇقەررەر بولىدىغان ئىشلار. شايبانىخان موغۇلستانغا قوشۇن تارتىپ كەلمەمدىكەن؟ بىز تەرەپلەرگىچۇ؟ ماڭا مۇشۇ توغرۇلۇق ئۇچۇر كېرەك، — ئۇ بىر نەرسىنى ئېسىگە ئالغاندەك بولۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — كۆكلەش ئېزىز بەردى سەئىدخاننى تۇتۇش ئۈچۈن باشلاپ كەتكەن ئەسكەرلەردىنمۇ خەۋەر يوق. سەئىدخاننى زاكىسدا ئۇچۇقتۇرۇۋەتمىگىنىم ئۈچۈن ھازىرغىچە ئەپسۇسلىنىمەن. ئۇ ئاخىرى قوشۇن تارتىپ بۇ يەرگە كەلمەي قالمايدۇ ۋەزىر. ئۇنىڭ زادى ئۆلۈك ياكى تىرىكلىكى ھەققىدە خەۋەر ئاڭلىشىم لازىم. قارىغاندا قەدىناس سۇلتانىڭىزنىڭ ئوغلىغا ئىخلاسىڭىز بار ئوخشايدۇ.

— نۆزەم بىللا[1]. ئالىيلىرىدىن يۈز ئۆرۈش — ماڭا ئۆلۈم بىلەن باراۋەر سۇلتانىم. سەئىدخان توغرۇلۇق خەۋەر ئالالمىغانلىقىم راست. ئەمما كۆكلەش ئېزىز بەردى باشلاپ كەتكەن ئەسكەرلەردىن بىرنەچچىسى قېچىپ كەلگەنىكەن. ئۇلار ئېلىپ كەلگەن شۇم خەۋەرنى سىلىگە ئېيتقۇم كەلمىدى.

— نېمە؟ يوشۇرۇۋاتامسىز؟ — ئاچچىقلاپ سورىدى مىرزا ئابابەكرى.

— ياق سۇلتانىم، نېمىشقا يوشۇراي؟ ئۆزلىرىنى بىئارام قىلماي دەپ ئېيتمىغانىدىم. گۇناھىمدىن ئۆتسىلە، — شاھدانە كوكۇلداش تىزلاندى.

— مۇنداق دەڭ، — مىرزا ئابابەكرى تامىقىنى قىرىپ ۋەزىرگە گۆلەيدى، — مېنى بىئارام قىلىدىغان قانداق خەۋەركەن ئۇ؟

— كۆكلەش ئېزىز بەردىنى سەئىدخان ئوقيا بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. بىز تۇتالمايۋاتقان ئەلى سەردار باشچىلىقىدىكى قاراقچىلار سەئىدخانغا قوشۇلۇپ، قىرىلىپ تۈگىگىچە جاھىللىق بىلەن قارشىلىق قىلىپ، ئەسكەرلىرىمىزنى زور تالاپەتكە ئۇچرىتىپتۇ. سەئىدخان تۇتۇق بەرمەي غايىب

---

① نۆزەم بىللا — ئاللانى شېپى كەلتۈرۈپ ئىچىلگەن قەسەم.

بولۇپتۇ. ئەسكەرلەرنىڭ بۇ يەرگە قايتىپ كەلگەنلىرىنى ئوردىنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى ياساۋۇللارغا قوشۇۋەتتىم.

— ئوهوي! ... شۇنداقمۇ ئىش قىلغان بارمۇ؟ — مەسخىرە قىلدى مىرزا ئابابەكرى، — ئۇلار زادى قانچە ئادەم؟

— سەككىز نەپەر، — جاۋاب بەردى كوكۇلداش.

— سىز بەك رەھىمدىل ئىكەنسىز ۋەزىر. دۈشمەندىن بېگىلگەن نامەردلەرنى ئوردا ياساۋۇللىرىغا قوشۇپ قويۇپسىز. ئۇلار كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھەرەمخانامغا بېسىپ كىرىپ، قىلىچ بىلەن مېنى چاپسا ياخشى بولامتى؟

شاھدانە كوكۇلداش چۆچۈپ كەتتى. پېشانىسىدىن تەر چىقتى.

— نۆزەم بىللا، — ئىككىنچى قېتىم قەسەم ئىچتى ئۇ، — مەن ئۇلارنى بۇنداق قىلىدۇ دەپ ئويلىمايمەن. ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، ماڭا ئۆلۈم ھەق بولىدۇ سۇلتانىم.

— ئالدىراپ ئۆزىڭىزگە ئۆزىڭىز ئۆلۈم ھۆكۈم قىلماڭ ۋەزىر. ماڭا دەرھال قازى ھاتەمشاھنى چاقىرىپ بېرىڭ. چوڭ-كىچىك ھەرقانداق ئىشنى شەرىئەت ھۆكۈمىدىن چىقىپ، پەتىۋاسىز قىلمايمەن.

— خوپ ئالىيلىرى.

شاھدانە كوكۇلداش كەينىچە مېڭىپ ساراي ئىشىكىنىڭ بوسۇغىسىغا يۆتىلىشىپ جاق ئوڭدا چۈشتى. ئۇ دىۋانخانىغا چىققاندا بۇ يەردە تۇرغان ئەمىر-ۋەزىرلەرنى كۆردى. پاكار بويلۇق، ئاقارغان ساقىلى كۆكسىگە چۈشكەن ھاتەمشاھ ئاق سەللە ئورالغان بېشىنى گىلدىڭشىتىپ پىچىرلاپ بىرنېمە ئوقۇپ ئولتۇراتتى. شاھدانە كوكۇلداش ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— شەيخۇلئىسلام[1]، ئۆزلىرىنى سۇلتان ئالىيلىرى چاقىرىۋاتىدۇ.

— قۇللۇق ۋەزىر. يامغۇرنىڭ توختىشىنى كۈتۈپ تۇرغىنىم شاھنىڭ

---

[1] شەيخۇلئىسلام — ئىسلام رەھبىرى.

مەرھەمتىگە ئېرىشتۇردى-دە.

بۇلار سارايغا كىرگەندە مىرزا ئابابەكرى سارايىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى باغقا قارىغان دېرىزىنىڭ دەرپەردىسىنى قايرىپ سىرتقا كۆز سىلىۋاتاتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم شاھىم. ئاللا ئادالەت بابىدا ئالىيلىرىنى نۇشىرۋان ئادىلدەك مەشھۇر قىلغاي.

— كەلسىلە، كۇرسىتا ئولتۇرسىلا تەقسىرىم. بىرنەچچە مەسىلە توغرىسىدا پەتىۋا چىقىرىپ بەرگەن بولسىلا.

— ئېيتسىسىلا سۇلتانىم، — بوغۇلۇپ ئاستا ئاۋاز بىلەن دېدى ھاتەمشاھ.

— بىرىنچى مەسىلە، — دېدى مىرزا ئابابەكرى، — ۋەزىر-ئەمىرلەر ئىچىدە پادىشاھقا قەست قىلماقچى بولغانلارغا قانداق چارە قىلماق لازىم؟

— قەست قىلغۇچىلارنىڭ قەست قىلىشى توغرىسىدا قانداق ئەمەلىي دەلىل باركىن؟ شۇنىڭغا قاراپ بىرنەرسە دېيىشكە توغرا كېلىدۇ شاھىم. ئەگەر "قەست" توغرىسىدا ھېچقانداق دەلىل-ئىسپات بولمىسا، پەتىۋا چىقىرىشقا بولمايدۇ.

چىرايى تۇتۇلغان مىرزا ئابابەكرى سوغۇق نەزەر بىلەن يەنە سورىدى:

— ئىككىنچى، بىر خاتۇن بار، ئۇ ئېرىنى ئۆلتۈرمەكچى. كۆرۈنۈشتە ئېرىگە ناھايىتى سادىقتەك كۆرۈنىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئېرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ مال-دۇنياسىغا ئىگە بولماقچى. خوش، بۇنىڭغىچۇ؟

— بۇنىڭغىمۇ زۆرۈرى يەنىلا دەلىل-ئىسپات.

— ئۈچىنچى، — دېدى مىرزا ئابابەكرى جۇدۇنى ئۆرلەپ، — بىراۋ ئۆز پادىشاھىدىن يۈز ئۆرۈپ باشقا ئەل پادىشاھىغا تەسلىم بولۇش كويىدا يۈرگەن بولسا، ئۇنى ئۆز مەقسىتىگە يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن قانداق قىلماق كېرەك؟

— يەنىلا دەلىل-ئىسپاتقا قاراشقا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر ئۆز پادىشاھىدىن يۈز ئۆرۈپ باشقا ئەل پادىشاھىغا تەسلىم بولۇش ئۈچۈن ھەرىكەت

قىلغان بولسا، مەسىلەن قېچىپ كېتىۋاتقاندا تۇتۇلسا، ئېسىش كېرەك. قاچماق غەرىزىدە يېزىلغان مەكتۇپى قولغا چۈشسە، ئۇنىڭدا دۆلەت مەخپىيەتلىكى ئاشكارىلانغان بولسا، ئۇنىمۇ چېپىپ ئۆلتۈرسە بولىدۇ. ئۇنداق بولماي، ئادەتتىكىچە خەت بولغان بولسا، گۇناھسىز بولغان بولىدۇ سۇلتانىم.

— ئوھۇي، بۈگۈن گەپلىرى بۆلەكچىغۇ تەقسىر، — مىرزا ئابابەكرىنىڭ چىرايى ئۆگدى، — ئوچۇق دەلىل-ئىسپات بولسا سىلىدىن پەتىۋا ئېلىشنىڭ ھاجىتى قالماس ئىدى تەقسىر. يۇقىرىدىكى ئۈچ مەسىلىدە دەلىل-ئىسپات ئاشكارا ئەمەس، يوشۇرۇن. شۇڭا پەتىۋا بېرىشلىرى كېرەك.

— مەن ھەيۋەتلىرىدىن قورقۇپ نۇرغۇن مەسىلىلەرگە خاتا پەتىۋا چىقىرىپ، ئاللا ئالدىدا ئېغىر گۇناھقا پاتقانلىقىمنى ئەمدى ھېس قىلىۋاتىمەن، — دېدى قازى كالان ھاتەمشاھ سىلىق تەلەپپۇزدا.

— نېمە؟ قايسى ئىشلاردا خاتا پەتىۋا چىقاردىڭ؟ مېنىڭ بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ قازى.

— ئىجازەت بەرگەن بولسىلا، مەن بۇ توغرۇلۇق ئويلىنىپ ئاندىن جاۋاب بەرسەم.

— يۇقىرىدىكى ئۈچ مەسىلىگە پەتىۋا بېرىش توغرىسىدىمۇ ئويلىنىپ كۆرمەكچىمۇ سەن؟

— مەن پەقەت پەتىۋا بېرىش توغرىسىدا ئويلىنىپ كۆرمەكچىمەن.

— بولىدۇ. ئەتىدىن باشلاپ ئۈچ كۈن مۆھلەت بېرەي. ئەتراپلىق ئويلان. بۈگۈن دۈشەنبە ھېساب ئەمەس. تۆتىنچى كۈنى جۈمەدىن كېيىن ئوردىغا كېلىپ ماڭا جاۋاب بېرىسەن.

مىرزا ئابابەكرى "ئەمدى چىقىپ كەتسەڭ بولىدۇ" دېگەن مەنىدە ئورنىدىن تۇردى.

— خۇدا بۇيرىسا دېگەن ۋاقىتتا جاۋابقا ئىگە بولىلا ئالىيلىرى، — ھاتەمشاھ بېشىنى سەل ئېگىپ قويۇپلا سارايدىن تېز چىقىپ كەتتى.

مىرزا ئابابەكرى كۆزلىرى ئالاچەكمەن بولۇپ كەتكەن شاھدانە كو-

كۆلداشنىڭمۇ كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كېتىۋاتقىنىغا قاراپمۇ قويماي، ساراي-نىڭ يان ئىشىكىدىن ھەرەم ھويلىسىغا قەدەم قويىدى. خانىش-تۇغاللىرىنى بىر-بىر كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ مېيىقىدا كۈلۈپ قويىدى-دە، ھۆرلىقا بېگىمنىڭ قەسرى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. قاراكۆز ھۆرلىقا بېگىم بۇخارا-سەمەرقەنتتىكى بوستانلىق باغلاردا جەرەندەك يايراپ ئەركىن ئۆسكەنىدى. 13 ييشىدا مىرزا ئابابەكرىگە ياتلىق قىلىنىپ ياركەنتكە كەلگەنىدىن بېرى قويىنىڭ قوزىسىدەك ياۋاشلىشىپ كەتكەنىدى.

بالىسىنىڭ چوڭى بولغان مەھلىبا سۇلتان بېگىمنى تېخى 16 ياشىنىڭ قارىسىنى ئالماي تۇغقانلىقى ئۈچۈن، جەمەك ئاغىچا ئۇنى ئەرمەك ئورنىدا باققانىدى. ئىككىنچى بالىسى جاھانگىر مىرزىنى مىرزا ھەيدەرنىڭ ھامىسى سۇلتان خېنىم كىندىك ئانىسى سۈپىتىدە تەربىيلەۋاتاتتى. شۇڭا ھۆرلىقا بېگىم ئۆزىنى يەنىلا يالغۇز سېزەتتى. ئىككى يىلدا بىر قېتىم سەمەرقەنتكە بېرىپ، ئىككى-ئۈچ ئاي يايرىۋالغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا چاغلاردا مانا شۇنداق جەمەك ئاغىچا ئالدىدا "ھە، خوش" بىلەن ئۆتەتتى. مەرھۇم سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ قىزى بولغانلىقى ئۈچۈن ھۆرمىتى ئۈستۈن بولسىمۇ، باشقا بىرەر سىرداش كىشىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ دىيارغا كۆنىكەلمەي ھەسرەت چېكەتتى. ۋاپات بولغان ئانىسىنى سېغىناتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ كۆز يېشى قۇرۇماي، سەبدىدەك سارغىيىپ كەتكەنىدى. ئۆتكەن يىلى مىرزا ئابابەكرى "كۆڭلى ئېچىلسۇن" دەپ "ئويتاغ" باغرىدىكى "قىرىق بۇلاق"قا سەيلىگە ئېلىپ چىققانىدى. ئۇ شىكار قىلىپ يۈرۈپ بىر كىيىك بالىسىنى تىرىك تۇتۇۋالدى ۋە بەك خۇش بولۇپ كەتتى. كىيىكنىڭ بويۇن-باشلىرىنى سىلاپ، قارا كۆزلىرىگە قاراپ "قارا كۆزلۈك قوزام" دەپ پىچىرلىدى. مىرزا ئابابەكرى بۇنى كۆرۈپ، كىيىكنى ئۇنىڭغا بېرىۋەتتى. بۇ قارا بويۇن كىيىككە "خەيرىل ئەسما" دەپ نام قويۇپ، ئالتۇن كولدۇرما، تۇمار پۈتۈپ بوينىغا ئېسىپ قويىدى. كېنىزەكلىرى بىلەن باغدىن ئوت ئېلىپ بېرىپ باقتى. "خەيرىل ئەسما" ئۇنىڭغا بەك ئېچىكىپ كەتتى.

مەلىكە ئۇنى قەيەرگە بارسا شۇ يەرگە بىللە ئېلىپ باراتتى. غەم باسقان چاغلاردا ئۇنىڭ بىلەن ئۇنسىز سىردىشاتتى.

مىرزا ئابابەكرى كىرىپ كەلگەندە ئۇ كىيىكنىڭ بېشىنى سىيلاپ ياش تۆكۈپ ئولتۇراتتى.

— بولدى ئەمدى، كىيىكنى چىقىرىۋېتىڭ، — دېدى سۇلتان ۋە كېنىزەككە كىيىكنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى ئىشارەت قىلدى. كىيىك ئۇنىڭغا مۆلدۈرلەپ قاراپ، ئېتىكنى چىشلەپ تۇرۇۋالدى. ئاخىرى كېنىزەك كىيىكنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

— مەلىكە، — دېدى مىرزا ئابابەكرى، — ئاللا سىزگە سەۋر-تاقەت ئاتا قىلغاي، بۇ يىل سەمەرقەنتكە ئۆزۈم ئېلىپ بارماقچى بولۇۋاتاتتىم. ئەمما ...، — مىرزا ئابابەكرى سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتماي بىر پەس سۈكۈتتە تۇرغاندىن كېيىن، بىردىنلا بۇ خاتۇننى باغرىغا بېسىپ، ئاندىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — رەھمەتلىك قېيىن ئاتام سۇلتان مەھمۇد مىرزا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، پۈرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ئۇنىڭ ۋەزىرى خۇسراۋ شاھ بارلىق خەزىنىگە ئىگە بولۇۋېلىپ، بايسۇنغۇر مىرزىنى سىقىپ چىقارغانىكەن. بۇ سىزگە مەلۇم. ئىككى يىلدىن بېرى مەسئۇد مىرزا بىلەن بايسۇنغۇر مىرزىنى ۋىلايەتلەرگە ھاكىم قىلىپ قويۇپ ئۆزى پادىشاھ بولۇۋاپتۇ، — مىرزا ئابابەكرى يەنە سۈكۈت قىلىپ تۇردى.

— ئاكىلىرىمغا نېمە بولۇپتۇ شاھىم؟ — دېدى ئەنسىز ئاۋاز بىلەن مەلىكە.

ئۇ ئېرىنىڭ كۆكسىگە باش قويۇپ يىغلىدى.

— قانخور، باغرى تاش خۇسراۋ شاھ ئۆزى بەگ ئەتكىسى بولۇپ تەربىيلەپ چوڭ قىلغان بۇ ئىككى شاھزادە ھاياتلا بولسا، ئۆزىنىڭ پادىشاھ بولالمايدىغانلىقىنى بىلىدىكەن. ئاڭلىسام، ئاۋۋال ئاكىڭىز مەسئۇد مىرزىنىڭ كۆزىگە نىل تارتىپ كور قىلىپتۇ. بايسۇنغۇر مىرزىنى ئالداپ ئۆزىگە ئىشەندۈرۈۋېلىپ، تۇيۇقسىز تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ. دۇنيادا بۇنداقمۇ ۋەھشىي،

قارا نىيەت ئادەم بولامدۇ؟ مەلىكەم، كۆپ يىغلىماڭ. ئۇ سەتەمكارنىڭ ئەدىپىنى ئاللا ئۆزى بېرىدۇ، دۇئا قىلىڭ.

ھۆرلىقا بېگىم ھوشىدىن كېتىپ ئېرىنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى. مىرزا ئابابەكرى ئۇنى كۆتۈرۈپ كىمخاپ تۆشەكتە ياتقۇزدى.

قىيا ئېچىپ قويۇلغان دېرىزە كۆزنىكىدىن كىرگەن كەچ كۈزنىڭ ئىزغىرىن شاملى ھۆرلىقا سۇلتان بېگىمنىڭ قارا چاچلىرىنى، مەيىن يەلپۈندۈردى. «ئاكىلىرىنىڭ پاجىئەسىنى ئېيتمىسام بوپتىكەن، مۇسىبەت ئۇنى ھالسىزلاندۇرۇۋەتتى، خەيرىيەت. ئۇ مەندىن باشقا كۆيۈنىدىغان ئادىمىنىڭ قالمىغانلىقىنى ۋاقتىدا بىلدى. يىغلاپ-يىغلاپ ئۇخلاپ قالدۇ. ئۇنىڭ مۇشۇ نازۇك تېنىنى دېمىسەم ئاللىبۇرۇنلا كۆزدىن يوقاتقان بولاتتىم. دۇنيادا گۈزەل خاتۇنلار ئاز ئەمەس...»

مىرزا ئابابەكرى قولىنى بىر-بىرىگە ئۇرۇۋىدى، ئىككى كېنىزەك كىردى.

— مەلىكىنىڭ تاۋى يوق تۇرىدۇ. زەينەپ خاتۇننى چاقىرىپ بېرىڭلار، ئۇنىڭغا بىرنەچچە كۈن ھەمراھ بولسۇن، — دېدى-دە، چىقىپ كەتتى.

## 2

«نورۇزدۆڭ» بوستانلىق سەيلىگاھ بىر جاي ئىدى.

بۇ يەردىكى چايخانا-ئاشخانىلاردىن قىش-ياز ئادەم ئۈزۈلمەيتتى. مەيزاپ ئېچىپ تەڭشىلىۋالغان كىشىلەر بىر-بىرىنى يۆلىشىپ ئايلىنىپ يۈرەتتى. بىر ياندا ئىت تالاشتۇرسا، بىر ياندا توخۇ سوقۇشتۇراتتى. ھەممىدىن قىزىق ھەم قورقۇنچلۇقى قوچقار ۋە بۇقىلارنى سوقۇشتۇرۇش بولۇپ، بۇنى كۆرىدىغان تاماشىچىلارمۇ كۆپ بولاتتى.

بەزى كۈنلىرى مىرزا ئابابەكرى سودىگەر ياكى دېھقان قىياپىتىدە ياسىنىپ، خۇددى ئۆزىدەك ياسانغان خاس نەۋكەرلىرى بىلەن بۇ سەيلە-

گاھقا كېلەتتى. ئەتراپنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، كىشلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىپ، سۆزلىرىنى تىڭشاپ ئوردىغا قايتاتتى. ئەتىسى نەچچە ئون ئادەم تۇتقۇن قىلىنىپ زىندانغا تاشلىناتتى، ياكى "نورۇزدۆڭ"دە باشلىرى كېسىلەتتى، دارغا ئېسىلاتتى. گۇناھكارلار سۇلتاننى ھاقارەتلىگەن، سۇلتانغا ئۆلۈم تىلىگەن، سۇلتاننىڭ ئاغدۇرۇلۇشىنى، ئورنىغا ئادالەتلىك پادىشاھنىڭ تەختكە چىقىشىنى ئارزۇ قىلغان كىشلەر بولۇپ چىقاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ "نورۇزدۆڭ" قورقۇنچلۇق جايغا ئايلىنىپ قالغانىدى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى بۇ يەرگە كېلىدىغان كىشلەر خېلىلا ئازلىدى. سۇلتان-ئەمرلەر ھەققىدە زادىلا گەپ قىلىنمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ مىرزا ئابابەكرى بۇ يەرگە يوشۇرۇن ھالدا ئايغاقچىلارنى ئەۋەتىشنى توختاتمىغانىدى.

بۈگۈن شاھدانە كوكۇلداش، ئەمىر ۋەلى تاغايى، ئەمىر لەشكەر مۇھەممەدبېك ئوردىدىن يانغاندا مەسلىھەتلىشىپ "نورۇزدۆڭ"گە كەچلىك سەيلىگە چىققانىدى. ئىلگىرى قانچە-قانچە قېتىم ھۇنەرۋەن، دورىپۇرۇش سىپاھدا ئەلنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىش ئۈچۈن چىققاندىكىگە بۇ نۆۋەتتىكىسى ئوخشىمايتتى. ئۇلار ئۆز سالاھىيىتى بىلەن كەلگەچكە، ئادەملەر ھەم قورقۇشۇپ، ھەم ۋەھىمە ئىلكىدە سالام قىلىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى. ئۇلار "نورۇزدۆڭ"نىڭ بىر چېتىگە جايلاشقان خىلۋەت چايخانىغا كىرىپ، ئېسىل مېھمانلارنىلا باشلايدىغان گىلەم سېلىنغان خاس ئۆيدىن جاي ئېلىشتى.

— جانابلىرىنىڭ سازغا مەيلى بارمىكىن؟ — سورىدى ئورىكۆز، سەل ئېگىشىپ قالغان ئاق سېرىق خوجايىن پومپىيىپ چىققان قورسىقىنى لىغىلدىتىپ.

— يوغسۇ، بىزگە قېنىق دەملەنگەن چاي بىلەن يۇمشاق نان، توشقان، قىرغاۋۇل گۆشىنىڭ كاۋىپى بولسا كۇپايە، — دېدى ئەمىر مۇھەممەدبېك. ئۇنىڭ چىرايى تولىمۇ سۇرلۇك ئىدى، — بۇ ئۆيگە باشقا كىشىنى كىرگۈزمەڭ. ئارامخۇدا شاراب ئىچىپ ئولتۇرغىمىز بار.

— خوپ جانابلىرى، بەخارامان ئولتۇرۇشسىلا. ئارامىلىرىنى بۇزۇشقا كىمنىڭمۇ هەددى بولسۇن؟ هەربىرلىرىدەك ئىززىز مېھمانلارغا بىشىمىز بىلەن يۈملاپ يۈرۈپ خىزمەت قىلىمىز. شارابىنىڭمۇ ئىسىلى بار.

خوجايىن سۆزلەۋېتىپ داستىخان سالدى.

— جانابلار، نېمە ئۈچۈندۇر كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ تۇرىدۇ، — دېدى ئەمىر ۋەلى تاغايى سەللە ئورالغان قارا تۇمىقىنى ئېلىپ تام تۈۋىگە قويۇپ. ئۇنىڭ سىدام بېشى مورا ئۈستىدىكى پىلىلداپ كۆيۈۋاتقان چىراغ يورۇقىدا پارقىراپ كەتتى. ئۇ قىش-ياز تۇماق كىيىپ ئادەتلەنگەن كىشى ئىدى. ئۇ سۆزىنى داۋام قىلدى، — بىشىمىزدىكى بۇ ۋەھىمە قاچان تۈگەر؟ ئاللا سالامەت قىلسا، بالا-چاقامنى ئېلىپ ئەنجانغا كېتەيمىكىن دەۋاتىمەن.

— جانابلىرى ئەنجانغا كەتسىلە «ئارام تېپىپ قالىمەن» دەپ ئويلاۋاتامدىلا؟ جانىبەگدىن پاناھ تىلەپ بارغان خېلىل سۇلتاننىڭ نېمە بولغانلىقىنى ئاڭلىمىدىلىمۇ؟ — دېدى شاھدانە كوكۇلداش «ئەپچىششۇ!» دەپ قاتتىق چۈشكۈرۈپ، ياغلىقى بىلەن بويۇن-بېشىنى ئېرتقاچ سۆزىنى داۋام قىلدى، — مەرھۇمە خان بېگىمنىڭ ئۆلۈمى جانابلىرىغا قاتتىق تەسىر قىلغان بولۇشى كېرەك. شۇنىڭدىن بۇيان كۆڭلىرى يادىپ كېتىۋاتىلا. ئەنجانغا بېرىشنى نىيەت قىلماي، مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىشنى نىيەت قىلسىلا تەقسىر، قورساقلىرىغا كىرىپ چىقسام، سىلىنزە سەئىد مۇھەممەد مىرزىدەك تۈيۈق چۈشۈرمەي كەتمەكچى بولۇۋېتىپلا-دە. ھەممىلا ئادەم ئۇنداق تەلەيلىك ئەمەس.

— ئۆمرىمىز بارمۇ-يوق، بۇ خۇداغا ئايان. مەن كۆپ ئويلىساممۇ چولىتا ئويلاپتىمەن جانابلىرى. ھەممىدىن ھەج سەپىرىگە نىيەت باغلاپ، ئەرەب دىيارىغا كەتمەك تۈزۈكتەك قىلىدۇ. كۆرسەتكەن ئەقىللىرىگە رەھمەت. سۇلتان ئەھمەدخان كەتكەندىن بېرى چوقا دەسسەپ يۈرگەندەك ياشاپ كېلىۋاتىمىز. ئاخىرى بىر يەردىن چىقار.

ئەمىر ۋەلى تاغايى ئۈچۈق ئېيتمىغان بولسىمۇ، مىرزا ئابابەكرىدىن

ئۇنىڭ نارازى ئىكەنلىكىنى شاھدانە كوكۇلداشمۇ شۇ ئان بىلدى.

— سەئىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ ئەنجان تەرەپكە كېتىشى ئەلنى تەۋرىتىۋەتكەندى، — دېدى ئۇ ئەمىر ۋەلى تاغايىنىڭ سۆزىنى ئۇچۇقراق ئىزاھلاپ، — سۇلتانىمىز بۇنىڭدىن كۆپ خاپا. ئۇ ھېچكىمگە ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۆز ھەمشىرىسىگىمۇ قىلچە رەھىم قىلمىدى.

بىر پەتنۇستا يۇمشاق مېزىلىك نان، بىر چۆگۈندە زەپەر سېلىپ دەملىگەن چاينى كۆتۈرۈپ كىرگەن خوجايىن:

— جانابلار، كاۋاپ ھازىر تەييار بولىدۇ، — دەپ بىرنەچچە ناننى ئۇشتتى ۋە نەپىس نەقىش چېكىلگەن پىيالىلەرگە چاي قۇيۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى.

— ئۆز ئىشلىرىنى قىلسىلا، — دەپ ئۇنى چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇدى باياتىن گەپ قىلماي ئۆيىنىڭ تۆگلۈك، دېرىزە ئورنىدىكى كۆگگۈرلىرىگە مەيۈس نەزەر سېلىپ ئولتۇرغان ئەمىر مۇھەممەدبېك. چايخانا خوجايىنى جىممىدە چىقىپ كەتتى.

— جانابلار، بەندىدىن ئەمەس، ئاللادىن قورققان كىشى ئامانلىق تاپىدۇ. گەپنى ئۇچۇق قىلىشايلى، — دېدى ئۇ بىردىن گەپ باشلاپ، — ئادەم قېنىدىن تۆگمەن تېشىنى ئايلاندۇرۇش — بۇ زامان پادىشاھلىرى ئىچىدە پەقەت سۇلتان مىرزا ئابابەكرىلا مەيدانغا كەلتۈرگەن ئېغىر پاجىئە. بىز سۈكۈت قىلىپ، ئۇنى توسمىدۇق، بەلكى "ياخشى قىلىۋاتىلا" دەپ يەل بەردۇق. مانا، مەن ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىپ، مادۇ، چىكراك ئايماقلىرىنىڭ 3000 ئادىمىنىڭ پۇتىنى تىزىدىن كەستۈرۈۋەتتىم. بۇ شەرىئەتكە خىلاپ ئەمەسمۇ؟ دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ چوڭ يەنە قانداق گۇناھ بولسۇن تەقسىرلەر ... ئۇنىڭ پەرمانى بىلەن ئۆزگەن تەرەپلەردە 2000 دەك كىشىنى قەتلى قىلدىم. شۇنىڭدىن بۇيان كېچىسىمۇ، كۈندۈزىمۇ كۆزۈمگە قانلا كۆرۈنىدىغان بولدى. ئادەم ئۆلتۈرۈپلا چۆشەيدىغان بولدۇم. بۇ خۇنخورلۇقلارنى بىر بەندىدىن قورقۇپ قىلدىمغۇ؟ مەندىن قارا يۈز

بەندە يوق ئىكەن دەپ ئويلاپ، ئالﻻنىڭ جازاسىدىن قورقۇپلا كۆڭلەرنى ھەسرەت-نادامەت بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقىنىمغا خېلى بولدى. ئۆمرۈمنىڭ ئاخىـ-رىنى خۇنخورلۇقتىن قول ئۈزۈپ توۋا-ئىستىغپار بىلەن ئۆتكۈزۈش نىيىتىگە كەلدىم.

ئەمىر مۇھەممەدبېك ئورۇقلاپ، چىرايىمۇ قارىداپ كەتكەنىدى. سا-قال-بۇرۇتىنى دائىم چىرايلىق ياسىتىپ، گۈرسۈلدەپ دەسسەپ يۈرۈيدىغان بۇ ئادەم ئەمدىلىكتە ئەسىرگە چۈشكەن سەربازدەك شۈمشىيىپ قالغانىدى. ئۇ كەينى-كەينىدىن بىرقانچە جام شاراب ئىچىپ، بىر زىق كاۋاپ يېگەندىن كېيىن، كەيپى كۆتۈرۈلۈپ جەڭگىۋارلىشىپ قالدى.

— مېنى قورققاق دېمەڭلار، قانغا بويالغان قىلىچىمنى قان بىلەن يۇيۇشقا تەييارمەن ئاغىلىرىم. مەن كالۋاغا ئەقىل كۆرسىتىشىڭلار كېرەك.

شاھدانە كوكۇلداش يۇمشاق نان بىلەن قىرغاۋۇل گۆشىدە پىشۇرۇل-غان كاۋاپتىن بەش زىق يەپ، ئاندىن ئىككى جام شاراب ئىچتى. ئۇ بۇرۇنقىدەكلا سېمىز ئىدى.

— سىلەر جانابلار ئاغزىڭلارغا كەلگەننى دەپ ئادەمنى مۇنداق قور-قۇتماڭلار، — تېخى بىر زىق كاۋاپنىمۇ تۈگىتىپ يەپ بولالمىغان تاغايى خاتىرجەمسىزلىنىپ سىدام بېشىنى سىلاپ قويدى.

— گەپنى ئۆزلىرى باشلىدىلا تەقسىر، — زەردە قىلدى مۇھەممەد بېك يەنە بىر پىيالە شارابنى ئىچىۋېتىپ، — ئەمدىلىكتە سۆھبەتتىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇۋاتىدىلىغۇ؟ بۇ گەپلەرنى سۇلتان ئاڭلاپ قالسا، ئالدى بىلەن ئۆزلىرى جاۋاب بېرىدىلا.

— مەن ھېچقانداق گەپ قىلمىدىم، ھېچنېمە دېمىدىم، — دېدى تاغايى ياغاق بېشىنى گىلدىڭشىتىپ. ئۇ ئورنىدىن قوپتى، — مەن كېتەي.

— ئولتۇرسىلا تەقسىر، — شايى تونىنىڭ پېشىدىن تارتىپ ئولتۇر-غۇزدى مۇھەممەدبېك، — بۇنچىلا قورقۇپ كەتمىسلە. بۇ يەردە قۇچقار بەگ يوق. مەن بار، مەن...

— مەن كېتەي ئەمىر. نېمىشقىدۇر قورقۇپ كېتىۋاتىمەن.
— نەگە كېتىلا؟ ئۇردىغىمۇ؟ — سورىدى شاھدانە كوكۇلداش.
— ئۆيگە. باللىرىم يېنىغا، ۋەزىرئەزەم.
— قورقۇنچاق ئادەملەرگە ۋەھىمە يېپىشقاق كېلىدۇ. سىلى مىرزا ئابابەكرىدىن قورقانسىرى كىشىلەرنىڭ بېشى كېسىلىۋەردى. بۇنى ئەسلىرىدىن چىقارمىغايلا. كېتىش ئالدىدا بىرئاز ئىچىۋالسىلا.

مۇھەممەدىبېك پىيالىدىكى لىپمۇلىپ شارابنى ئىشىك ئاغىسىنىڭ ياغاق يۈزىگە چېچىۋەتتى. ئوچۇقۇپ كەتكەن ئەمىر ۋەلى تاغايى ياغلىقى بىلەن يۈز-كۆزلىرىنى سۈرتۈپ، غۇدۇرىغىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. شايى تونىمۇ شاراب بىلەن بۇلغانغانىدى. "نېمىشقا بۇ يەرگە كەلدىم-ھە؟ بۇ نەس باسقان قارا كۆكۈللەرگە ھەمراھ بولغىنىم ئوچۇن بومۇ ئاز. ئەتە سەھەر ئۇردىغا بېرىپ، بۇ ئىككى كاززاپنىڭ يامان نىيىتىدىن سۇلتاننى خەۋەردار قىلىپ، ئۇنىڭ ئىنئامىغا ئېرىشىمىسەم."

ئەمىر ۋەلى تاغايى ئويلاپ ئاستا قەدەم بىلەن "نورۇزدۆك"نى ئارىلاپ ماڭدى. چار بازارچىلار يايمىلىرىنى ئاللىبۇرۇن يىغىپ كېتىشكەنىدى. ئۇ يەر-بۇ يەردىكى ئاشخانىلارلا ئوچۇق ئىدى. ئەمىر ۋەلى تاغايى يەردىن باش كۆتۈرمەي مېڭىپ "نورۇزدۆك"دىن پەسكە چۈشۈپ، يولنىڭ ئايلانمىسىغا كەلگەندە ئىككى ناتونۇش ئادەم ئۇنىڭ ئالدىنى توستى.

— جانابى ئىشىك ئاغىسى، سەل تەخىر قىلسىلا، — دېدى شاپ بۇرۇت، پاكار بويلۇق يىگىت ئۇنىڭ ئوڭ بىلىكىنى تارتىپ.

— تەقسىر، شاراب توكۈلغا چۆمۈلدىلىمۇ نېمە؟ — ئۇنىڭ سول بىلىكىنى ئېگىز بويلۇق يەنە بىرسى تۇتتى. ئەمىر ۋەلى تاغايى چۆچۈپ ھودۇققان ھالدا دېدى:

— باللىرىم، نېمە ئىش بۇ؟ مېنى نەگە ئېلىپ بارىسىلەر؟

ئۇلار ئۇنىڭ پۇت-قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي دەرەخلىك ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ چاتقاللىق ئارىسىدا مەشئەل كۆتۈرۈپ تۇرغان بىر ئادەمنىڭ يېنىدا

توختاتتى.

— ئىشىك ئاغىسى، سۇلتانغا ئاسىيلىق قىلماقچى بولغان ئادەمنى قەتلى قىلغىلى كەلدىم.

ئەمىر ۋەلى تاغايى شۇنداق قاراپ سوۋادان تېرەككە يۆلىنىپ قىلىچ تۇتۇپ تۇرغان قوچقار بەگنى كۆردى. ئۇنىڭ تېنىگە تىترەك ئولاشتى.

— مەن ... مەن ... سۇلتانغا مۇھىم خەۋەر يەتكۈزمەكچىدىم، — ئىشىك ئاغىسىنىڭ ياشلىرى ياغاق يۈزىدىن سىرغىپ شالاڭ ساقىلىغا تامدى.

— مۇھىم خەۋەرنى ئۇچىڭ مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن بېرىپ ئېيتامتىڭ؟ ئۇچىڭنىڭ "نورۇزدۆڭ"دىكى چايخانىنىڭ كۆڭگۈرىلىك ئۆيىدە نېمە دېيىشكەنلىرىڭنى ئاڭلىدىم، دەيۈز! سۇلتان دانا ئىكەن، بۈگۈنلا سېنى قەتلى قىلىشقا پەرمان چۈشۈرگەنىدى. ئۆيۈڭگە بارساق باش ۋەزىرنىڭ چاقىرىپ ئېلىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. شاھدانە كوكۈلداش بىلەن ئەمىر مۇھەممەدبېكنىڭ ئۆيىگە بارساق، ئۇخشاشلا يوق ئىكەن. ئىزدە-ئىزدە "نورۇزدۆڭ"گە بېرىپ چايخانىدا ئىكەنلىكلىرىڭنى سوراپ بىلدۇق. تۆگۈ-لۈك، كۆڭگۈرە، ئىشىك يېنىدا مۆكۈپ تۇرۇپ، قىلىشقان گەپ-سۆزلىرىڭنى ئاڭلىدۇق. ئالىبۇرۇنلا ئۆلۈمگە لايىق بولغانلىقىڭنى بىلدۇق. ئەمدى تەخىر قىلسام بولمايدۇ. ئارقاڭغا قاراپ باق، كىم كەلدى؟

تاتىرىپ ئۆلۈك چىراي بولۇپ قالغان ئەمىر ۋەلى تاغايى كەينىگە بۇرۇلۇشىغا بويىنىغا قىلىچ تەگدى...

## 3

شاھدانە كوكۈلداش كۆڭگۈرىدىن قاراپ ئالەمنىڭ قاراڭغۇلۇققا غەرق بولغانلىقىنى كۆردى ۋە ئۆزىچە ئەندىكىپ كەتتى.

— ئەمىر، قايتساق بولارمىكىن؟ يېرىم كېچە بولۇپ قالغاندەك تۇرى-دۇ. ئىشىك ئاغىسىنىڭ كەتكىنىگىمۇ خېلى بولۇپ قالدى. نېمە ئۈچۈندۇر

كۆڭلۈمنى بىر ئەنسىزچىلىك چىرمىۋالدى. بۇ يەردە ئولتۇرغۇم كەلمەيۋاتىدۇ، كېتەيلى.

— قورقۇۋاتاملا ۋەزىر؟ ئاللاغا ئۆزلىرىنى تاپشۇرۇپ پەيز قىلىشۇەرسىلە؟ — دېدى ئەمىر مۇھەممەدبېك بىر پىيالە شاراب سۇنۇپ.

— مەن كېتەي ئەمىر، يۈرىكىم سىلىپ كېتىۋاتىدۇ. بىر كاشىلىغا ئۇچراپ قالامدۇق نېمە؟

— ھەممە ئادەم كاشىلىغا ئۇچراۋاتقاندا، بىز ئۇچرىساق نېمە بوپتۇ؟ ئىچسىلە، يۈرەكلىرى ئورنىغا چۈشۈپ قالىدۇ، — ئەمىر مۇھەممەدبېك ئۇنى زورلاپ ئىچكۈزۈۋېتىپ دېدى:

— مەن پادىشاھ بولىدىغاندەك تۇرىمەن ۋەزىر. مىرزا ئابابەكرىنىڭ قىزىنى ئالايمىكىن دەيمەن. ھا ھا ھا...

بۇ گەپنى ئاڭلىغان شاھدانە كوكۇلداشمۇ خىرىلداپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇمۇ كەيپ بولۇشقا باشلىغانىدى.

— مەنزە ... مەن ... ئەمىر...، — ئۇ خىرىلدىغان پېتى ئورنىدىن تۇرۇپ تونىنى كىيىپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى.

— كەتسەك كېتەيلى. يولدا بىزنى ئۆلۈم كۈتۈپ تۇرىدۇ، — دېدى ئەمىر مۇھەممەدبېك ئۇنىڭغا ياندىشىپ مېڭىپ. ئۇ تەڭشىلىپ قالغان بولسىمۇ سەگەك ئىدى.

— خوجايىن قېنى؟ — ئۇ قولىنى قويۇن يانچۇقىغا سېلىۋېتىپ سورىدى.

— بايا بىرنەچچە ئادەم كېلىپ ئۇنى ئېلىپ كەتتى، — دېدى چايخانا خىزمەتچىسى ئەسنەپ تۇرۇپ، — كەلمەيۋاتىدىغۇ.

— بىزنى پالاكەت بېسىپتۇ ۋەزىر. يانلىرىدىكى ھەميانىنى مۇشۇ يەردە قالدۇرۇپ قويسىلا — دېدى مۇھەممەدبېك ۋە قوينىدىن بىر كىچىك خالتىنى ئېلىپ چايخانا خىزمەتچىسىگە ئۇزاتتى.

— بۇنى ئېلىپ قويغىن ئۇكا، ئەتە بۇ يەرگە كەلسەك قايتۇرۇپ

بېرەرسەن. كېلەلمسەك ساڭا مەنسۇپ بولىدۇ.

— نېمە قىلغانلىرى بۇ ئەمىر؟ سۇنى كۆرمەي ئۆتۈك سالغىلى تۇردىلىغۇ؟ — شاھدانە كوكۇلداش ئەجەبلىنىپ سورىدى.

— سىلىمۇ بېرىۋەتسىلە ۋەزىر. ھېلى پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تاپالماي قالىلا. بۇ كېچە ساق قالساق، مەن پادىشاھ بولىمەن، ساق قالمىساق، سىلى پادىشاھ بولىلا، ھا ھا ھا...

ئەمىر مۇھەممەدبېك ئالا-جوقا سۆزلىگەن بىلەن مېڭىشى جايىدا ئىدى. كۆز قۇيرۇقىدا ئەتراپقا قاراپ، چايخانا ئىشىكى ئالدىدا سۆزلىشىپ تۇرغان ئىككى كىشىگە كۆزى چۈشتى.

— بەرمەيمەن. يۇرسىلە كېتەيلى. باشقا كەلگەننى كۆرەرمىز، — دېدى شاھدانە كوكۇلداش ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ. بۇلار چايخانىدىن چىقىپ "نورۇزدۆڭ"دىكى كېچىلىك سەيلىنىڭ توگىگەنلىكىنى بىلدى. "نورۇزدۆڭ"نى زۇلمەت باسقانىدى. ئاشخانا-چايخانىلارنىڭ چىراغلىرى تامام ئۆچكەنىدى. خېلى يىراقتا — يول ئۈستىدە گۇلخان يېنىۋاتاتتى. "ئېھتىمال يېتىمچىلەر گۇلخان يېقىپ بىرنېمە پىشۇرۇۋاتقان بولسا كېرەك" دەپ ئويلىغان ئەمىر مۇھەممەدبېك ئارقىسىغا قاراپ-قاراپ قەدىمىنى ئىتتىكلەتتى.

— ئەمىر، ئاستىراق ماڭسىلا، يېتىشەلمەي قىينىلىپ قالدىم، — دېدى شاھدانە كوكۇلداش ئۆردەكتەك ئىغاڭلاپ مېڭىپ. ئۇ قاتتىق ھاسىراپ ئۆپكىسى ئاغزىغا قاپلىشىپ قالغاندەك تىنالماي قېلىۋاتاتتى. ئۇلار گۇلخان دەپ گۇمان قىلغان نەرسە كىشىلەرنىڭ قولىدىكى مەشئەل بولۇپ چىقتى.

— ئات مىنىپ چىققان بولساق بۇنداق ئاۋارىچىلىققا قالمايتتۇق ۋەزىر. ئۆزلىرى پىيادە بارايلى دەپ ئۇنىمىغاندىلە. مانا، جەۋر تارتىپ قالدىلا.

— توختاش! — ئۇنىڭ سۆزىنى قاتتىق چىققان ئاۋاز بۆلۈۋەتتى.

شاھدانە كوكۇلداش قورقۇپ كېتىپ تونىنىڭ پېشىگە دەسسەپ يىقىلىپ چۈشتى. ئەمىر مۇھەممەدبېك شارتتىدە قىلىچىنى غىلاپتىن سۇغۇردى.

— ئەمىر، سۇلتان مىرزا ئاتابەكرى يارلىق چۈشۈردى. ئەمدى نېيەت-

لىرىگە ھەرگىزمۇ يېتەلمەيدىلا. قىلىچلىرىنى تاشلاپ ئالدىمغا چۈشۈپ ماڭغانلىرى تۈزۈك، — بۇ قوچقار بەگنىڭ ئاۋازى ئىدى.

— ھە، قوچقار ياساۋۇل، شاھنىڭ ئەمرىنى ئىجرا قىلغىلى كەلدىڭمۇ؟ قۇرۇق گېپىڭنى قويۇپ خىزمىتىڭنى ئادا قىل، — مۇھەممەدبېك غەزەپ بىلەن قىلىچىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ چاپتى.

— تۇتۇڭلار بۇنى، — دەپ توۋلىدى دولىسىغا قىلىچ تەگكەن قوچقار بەگ ئاغرىقنىڭ قاتتىقلىقىدىن ئىڭراپ يىقىلىپ. دولىسىدىن چورت ئۈزۈلگەن ئوڭ قولى توپىلىق يەرگە چۈشۈپ مىدىراپ-مىدىراپ جىمىپ قالدى. قوچقار ياساۋۇل ھوشىدىن كەتتى.

قوچقاربەگنىڭ تەرەپ-تەرەپتىن كەلگەن ياساۋۇللىرى ئەمىر مۇھەممەد بېكنى باسماداپ تۇتۇپ تېرەككە باغلىۋەتتى. شاھدانە كوكۇلداش ئۆملەپ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مېنى سۇلتانىم قېشىغا ئېلىپ بېرىڭلار. نېمە قىلسا سۇلتان ئۆزى قىلسۇن، — دېدى خىرىلداپ.

قوچقار ياساۋۇل ھوشىغا كەلگەندە باش توخۇ چىللاۋاتاتتى. ئەتراپىدا ياساۋۇللار نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇشاتتى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ قاراپ:

— بۇلارنى ئاۋۋال ئاختا قىلىپ ئاندىن بېشىنى كېسىڭلار، — دەپ بۇيرۇدى. قاياقتىندۇر ھوقۇشنىڭ سايرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى...

## 4

ياركەنت ئاسمىنىدا قارا بۇلۇتلار لەيلەپ يۈرەتتى. شارقىراپ ئېقىۋاتقان زەرەپشان دەرياسىنى قويۇق قارا تۇمان قاپلاپ كەتكەنىدى. ئىسسىق بەلباغ رايونلىرىغا قاراپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان تۇرنىلار شەھەر ئۈستىدىن ئۆزۈلمەي ئۆتۈپ تۇراتتى.

بامدات نامىزىدىن يانغان مىرزا ئابابەكرى ئارغامچا، غەلىۋىر شەكلىدە

بولۇپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان تۇرنىلارغا قاراپ بىردىن كەپتەر ئۇچۇرۇش ھەۋىسى قوزغىلىپ قالدى. ئۇ ئۆزىنى ھۆرمەت بىلەن قوغداپ كېلىۋاتقان ئوردا ئەمرى ئابدۇللا بۇرۇندۇق دوغلات باشلىق ياساۋۇللار بىلەن پادىشاھ كەپتەرخانىسىغا قاراپ يول ئالدى...

"شاھدانە كوكۇلداش — قېرى تۈلكە. ئۇ بۇ چاغقىچە ئىس-بۇسنى چىقارماي نۇرغۇن ئادەملەرنى ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇتۇپ ماڭا ياخشىچاق بولۇپ كەلدى. ئەمدى گاللىشىپ قالغان پىچىقىنى بىلەپ ماڭا سالماقچى بولۇۋاتاتتى، تۇيۇپ قالدىم. مۇھەممەدبېك ئۇچۇقتىن ئۇچۇق دولىسىنىڭ قىرىنى چىقىرىشقا باشلىدى. ئۇ بىر يارامسىز سەركەردە. ئەس-كەرلىرىمنىڭ كۆپ تالاپەتكە ئۇچرىشى ئۇنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىدىن بولغان. ئەمىر ۋەلى تاغايى — بىر ئاختا قىلىنغان ئېشەك. ھاڭراشنىلا بىلىدۇ، مەنزىلگە يېتەلمەيدۇ ... ھاتەمشاھ گالۋاڭ ، كاج ئادەم. بۇلارنى ۋاقتىدا ئۇجۇقتۇرۇپ، تۈزكورلارنى بىر سەگىتىپ قويغىنىم ئەلنىڭ تىنچ-ئامانلىقىغا، تەختىمنىڭ مۇقىملىقىغا پايدىلىق. بۇ ئىشنى قوچقار ياساۋۇل كېچىچە ئادا قىلىپ بولدى. ئۇ ھېلى كەلسە ئەھۋالنى ئۇقۇپ، جۈمەدىن كېيىن پۈتۈن ئەلگە ئۇلارنىڭ سۇيىقەست بىلەن شۇغۇللىنىپ جازاغا ئۇچرىغانلىقىنى جاكارلايمەن. ھاتەمشاھنى زەھەر ئىچىۋېلىپ ئۆلۈشكە مەجبۇر قىلىمەن. شۇنىڭ بىلەن كۈشەندىلىرىمنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ، قول-پۇتىنى چۈشەپ قويىمەن. بىر مەزگىلدىن كېيىن يەنە شۇنداق قىلىمەن. شۇندىلا تاجۇ-تەختىمگە ھېچكىم چېقىلالمايدىغان بولىدۇ."

— شاھىم، ئەمىر قوچقار بەگنىڭ ياساۋۇللىرى ئوردىدىن بۇ يەرگە كېلىپتۇ. ئالىيلىرىغا يەتكۈزىدىغان مۇھىم خەۋەر بار ئوخشايدۇ، — دېدى ئابدۇللا بۇرۇندۇق ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈپ. "نېمىشقا قوچقار بەگنىڭ ئۆزى كەلمىگەندۇ؟" دەپ ئويلاپ خاۋاتىرلەنگەن مىرزا ئابابەكرى:

— قېنى ئۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچكەيلا ئالىيلىرى، — ئۇنىڭ ئالدىدا

ئوتتۇرا ياشلىق بىر ياساۋۇل تىزلاندى. مىرزا ئابابەكرى باشقىلارغا نېرى كېتىڭلار دېگەن مەنىدە قول ئىشارىتى قىلدى.

ئابدۇللا بۇرۇندۇق دوغلاتتىن باشقا بەگ-ياساۋۇللار سۇلتاندىن يىراقلاشتى.

— ئەمدى ئېيتە، بىر قوشۇق قېنىڭدىن نېمە ئۈچۈن كېچىشىم كېرەك؟

— ئالىيلىرىنىڭ پەرمانى ئورۇندالدى شاھىم، دەسلەپ ئەمىر ۋەلى تاغايى ئۇجۇقتۇرۇلدى. كېيىن شاھدانە كوكۇلداش بىلەن ئەمىر مۇھەممەد-بېك ئاختا قىلىندى ۋە ئارقىدىن بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈلدى. ئۇلار ئۆلتۈرۈلۈش ئالدىدا ئەمىر مۇھەممەدبېك قوچقار بەگنىڭ ئوڭ قولىنى چېپىۋەتتى. بىز ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدۇق. خىزمەتلىرىگە كېلەلمىگىنى ئۈچۈن ناھايىتى ئەپسۇسلىنىپ قالدى، — دېدى ياساۋۇل بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي، — ساداقەتلىك قۇللىرىنىڭ چېپىلغان بىر قولى ئۈچۈن دۈشمەنلىرىنىڭ بېشىنى كەسمىسەم ئالدىلىرىدا يېگەن تۇزۇم ھارام، مۇبارەك دىدارلىرىدىن نۇرلانغان يۈزۈم قارا بولۇپ كەتسۇن شاھىم.

— ئىسمىڭ نېمە؟ — سورىدى مىرزا ئابابەكرى.

— غىياسىدىن دوغلات، لەقىمىم قارا، پىر تۇتمىغان ئادەممەن.

— ئورنۇڭدىن تۇر.

ياساۋۇل ئورنىدىن تۇردى.

— بېشىڭنى كۆتۈر.

ئۇ قامىتىنى تۈزەپ تىك تۇردى.

مىرزا ئابابەكرى بېشىدىن ئايىغىچە سەپسالدى. غىياسىدىننىڭ بېشى ئۇچلۇق، پېشانىسى تار، قوشۇمىسى ئالدىغا بۆرتۈپ چىققانىدى، كۆكۈش كۆزلىرى پولتىيىپ تۇراتتى. قارامتۇل يۈزلىرىدىكى گۆشلۈك قوۋۇزى قىپقى-زىل بولۇپ، دۈشە ئېڭەك ئىدى. ماقالىدا يەتتە-سەككىز تال ئۇزۇن تۈك، ئېڭىكىنىڭ ئۇ يەر-بۇ يېرىدە بەش-ئون تالدىن ساقال بار ئىدى. مەڭزىدى-

ـكى ئەگرى تارتۇق ئۇنى تېخمۇ سۇرلۇك كۆرسەتتى. ئۇزۇن قارا ماتا بەلبېغىغا قىزغۇچ ناسۋال قاپىقى، پىچاق سېلىنغان كۆن غىلاپ، ئىككى تىزىق يارماق، ئوت چىقىرىدىغان چاقماق تاش سېلىنغان ياغاچ قۇتا، تەسۋى ... قاتارلىق نەرسىلەر ئېسىلغانىدى. ئۇ شۇ تۇرقىدا ياساۋۇل ئەمەس، ساتىراشقا ئوخشاپ قالغانىدى. پۇتىدا ياركەنتنىڭ چورىقى، بېشىدا تۆتلىك كۆرپە تۇتۇلغان ئۆرە تۇماق بار ئىدى.

— قاچاندىن بېرى قوچقار بەگ يېنىدا ئىشلەۋاتىسەن؟

بوي-بەستىنىڭ ئېگىز، تەمبەل ئىكەنلىكى مىرزا ئابابەكرىگە ماقۇل كېلىپ سورىدى.

— سەككىز يىلدىن بېرى، — دېدى غىياسىدىن دوغلات.

— نېمە ئىش قىلدىڭ؟

— ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈش، ئېسىپ ئۆلتۈرۈش، بوغۇپ ئۆلتۈرۈش، چېپىپ ئۆلتۈرۈش، بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈش ئىشلىرىنى قىلدىم.

توغرىدىن توغرا مەن ”جاللات“ دەپ جاۋاب بەرمەي، گەپنى ئەگىتىپ قىلغانلىقى سۇلتانغا ياردى.

— خەت بىلەمسەن؟

— بىلمەيمەن شاھىم.

— قوچقار بەگنىڭ ئىشلىرىنى قىلالامسەن؟

— نېمىشقا قىلالمايدىكەنمەن؟ ئۈچ-تۆت يىلدىن بېرى ئۆزى قىلىدىغان ئىشقا مېنىلا سېلىپ كېلىۋاتقان تۇرسا.

ئۇنىڭ شۇم چىرايىدىن قاتىللىق چىقىپ تۇراتتى. تەلەتى سۆرۈن ئىدى.

— جۇمە نامىزىدىن كېيىن ئۇلارنىڭ باشلىرىنى كېسىپ ئوردىغا ئېلىپ كەل.

— خوپ ئالىيلىرى.

مىرزا ئابابەكرى يېنىدا ئەيمىنىپ تۇرغان ئابدۇللا بارلاسقا قارىدى.

— قونچقار بەگ مېنىڭ ئوڭ قانىتىم ئىدى. ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايمەن. سىز ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىڭ. ئەگ قابىل تېۋىپلارنى تېپىپ داۋالىتىڭ. بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇ كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشسۇن.

— خوپ ئالىيلىرى.

مىرزا ئابابەكرى پادىشاھ كەپتەرخانىسىغا كەلگەندە دۈگىلەك يۈز بىر پارچا ئۇنىڭ ئالدىدا كىرپىدەك تۈگۈلۈپ تىزلاندى.

— شاھ ئالىيلىرى، قۇتلۇق قەدەملىرىگە مۇبارەك بولغاي.

— كەپتەر قانچىگە يەتتى؟ — سورىدى مىرزا ئابابەكرى كەپتەرخانىنىڭ باشلىقىدىن.

— 3000 دىن ئاشتى ئالىيلىرى.

— ھەممىسىنى بىر نۆۋەتتە ئۇچۇرالامسەن؟

— ياق، يەتتە ئادىمىم بار. ھەممە كەپتەرنى بىر نۆۋەتتە ئۇچۇرۇشقا ئازلىق قىلىمىز.

— بۈگۈن مەنمۇ بار. ئادەملىرىڭگە بارلىق كەپتەرلەرنى ئۇچۇرۇشقا بۇيرۇق بەر، — دېدى مىرزا ئابابەكرى سۈرلۈك قىياپەتتە.

پادىشاھ كەپتەرخانىسىنىڭ باشلىقى بولغان بۇ پارپىنىڭ ئېتى نەسىرەدىن شاھ ئىدى. ئۇ خوتەنلىك بولۇپ، قول نەزەر مىرزىنىڭ كەپتەرخانىسىدا كەپتەر باقاتتى. قول نەزەر مىرزا ئۆلتۈرۈلۈپ، خوتەن بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنغاندا ئەمىر مۇھەممەدبېك نەسىرەدىن شاھنىمۇ ئولجا ئېلىپ مىرزا ئابابەكرىگە تارتۇق قىلغانىدى. كەپتەر ئۇچۇرۇش ۋە بېقىش ماھارىتىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغان سۇلتان ئۇنى ئۆز كەپتەرخانىسىغا مۇلازىم قىلىپ ئەۋەتكەنىدىن بېرى، ئۇ پۈتۈن كۈچىنى بۇ كەپتەرخانىنى ئاۋات قىلىشقا سەرپ قىلىپ، 200 دەك كەپتەرنى 3000 غا يەتكۈزگەنىدى.

نەسىرەدىن شاھ دومىلىغاندەك يۈرۈپ ئادەملىرى بىلەن بارلىق قۇمنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋەتتى. قوللىرىدىكى ئۇچۇرغۇچلارنى ئايلاندۇرۇپ ئارقا-ئارقى-

ـدىن كەپتەرلەرنى پەرۋاز قىلدۇردى. مىرزا ئابابەكرىمۇ ئۇچۇرغۇچىسى ئايلاندۇردى.

كۆك قاپاق ئىپسلغان يۇزلىگەن كەپتەرلەر ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. موللاقچى، پەلەك، ئويۇنچــى كەپتەرلەر ياركەنت ئاسمىنىغا تولدى. "غوك-غوك" قىلغان ئاۋازمۇ مىرزا ئابابەكرىگە يېقىملىق تۇيۇلۇپ، ئۇنىڭ كۆڭلى ئېچىلدى. كۆكتە قوغلىشىۋاتقان، موللاق ئېتىۋاتقان كەپتەرلەرگە قاراپ ھۇزۇرلاندى. ئۇ ئادەتتە كەپتەر ئۇچۇرۇشنى بىر ئاش پىشىم داۋام ئەتكۈزەتتى. بۈگۈن جۈمە ۋاقتى بولغاچقا كەپتەرخانىدىن چىقمىدى. كەپـ تەرلەرنىڭ ھەممىسى شەھەرنىڭ ھەر تەرىپىگە تاراپ كەتكەنىدى. ئۇچۇرـ غان كەپتەرلەرنىڭ ئۈچتىن بىرى قايتىپ كەلدى، قالغانلىرى باشقىلارنىڭ كەپتەرخانىسىغا چۈشۈپ كەتتى. نەسىردىن شاھ ئۈمىدسىزلىنىپ ئۇيغا چۆكتى: "ئەجەب يامان بولدى، پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئاچ قورساق ئۇچقان كەپتەرلەر كىشىلەرنىڭ قۇمىسىغا چۈشۈپ كەتتى. مىڭ تەستە كۆپەيتكەنىدىم. ئەمدى بېشىم كېتەرمۇ؟"

مىرزا ئابابەكرى ئۇنىڭغا ئون تىللا ئىنئام بەردى-دە، ئۇدۇل ئوردا مەسچىتىگە جۈمەگە ماڭدى.

## 5

غىياسىدىن ئۆز ياساۋۇللىرى بىلەن چېكىسىگە نەيزە سانجىلغان ئۈچ باشنى كۆتۈرۈپ ئوردىغا كىرگەندە ۋەزىر، ئەمىر، بەگ، سەردارلار قاتتىق چۆچۈپ كېتىشتى.

— ۋەزىر-ئەمىرلەر، سەردار-بەگلەر، سىلەر كۆرۈۋاتقان بۇ ئۈچ ئادەمـ نىڭ بېشى سىلەرگە تونۇشلۇق. بۇ ھەرگىز چۆش ئەمەس. بۇلارنى مەن تاجۇ تەختىمنىڭ قوغدىغۇچىلىرى، ئەڭ سادىق بۇرادەرلىرىم دەپ سانايتتىم. ئەمما ئۇلار ئاستىرتتىن تىل بىرىكتۈرۈپ ماڭا سۇيىقەست قىلماقچى بولغاندا

سىزنىپ قالدىم ۋە قازىكالان ھاتەمشاھنىڭ پەتىۋاسى بىلەن تېگىشلىك جازاسىنى بەردىم. بۇ ھەممەيلەننىڭ ئىبرەت ئېلىشىمىزغا تېگىشلىك ساۋاق-تۇر، — مىرزا ئابابەكرى سۆزىدىن توختاپ:

— غىياسىدىن! — دەپ چاقىردى.

قىپقىزىل جاللات كىيىمى كىيگەن غىياسىدىن دوغلات ئەمىر مۇھەممەد بېكنىڭ كاللىسىنى نەيزە ئۇچى بىلەن كۆتۈرگەن ھالدا سۇلتاننىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلاندى.

— لەببەي شاھىم.

— بۇ ئۇچ ئاسىينىڭ باشلىرىنى كوچا ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلىپ، "نورۇزدۆڭ"، "مۇھەممەد مىرزا ھەيدەر مەدرىسى" ۋە جوۋىغا ئايرىم-ئايرىم ئېسىپ قويۇڭلار.

— باش ئۇستىگە شاھىم شاھىم!

مىرزا ئابابەكرى ئۇچ باشنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كېتىۋاتقان جاللاتلارغا قارىغان ھالدا چاقىردى:

— ئابدۇللا بۇرۇندۇق دوغلات!

— لەببەي شاھ ئالىيلىرى...

ئابدۇللا بۇرۇندۇق دوغلات يۈگۈرۈپ تەخت ئالدىغا كېلىپ تىزلاندى. ئۇنىڭ رەڭگى ئۆچكەنىدى.

— بۈگۈندىن باشلاپ سىز ئەمىر لەشكەر بولىسىز.

— تاجۇتەختلىرىگە جېنىم تەسەددۇق شاھ ئالىيلىرى، — ئۇنىڭ چىرايى ئەسلىگە كېلىپ ئەمىرلەشكەر ئورنىدا ئولتۇردى.

— نىياز ئابدۇلقۇددۇس دوغلات!

— لەببەي شاھىم، — تەخت ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلگەن ئوتتۇرا بويلۇق سەردار تىزلاندى. ئۇ خېلى يىللاردىن بېرى مىرزا ئابابەكرىگە ئادەتتىكى ۋەزىر بولۇپ كېلىۋاتاتتى.

— باش ۋەزىرلىك كۇرسىدا ئولتۇرغايسىز.



— ئىشەنچلىرىنى يەردە قويمايمەن شاھىم، — دېدى ئۇ ۋە بىرىپ باش ۋەزىرلىك كۇرسىدا ئولتۇردى.

ئوبۇلقاسىم مۇھەممەد دوغلات!

— لەببەي ئالىيلىرى، — سارغۇچ ساقال، بويلۇق كەلگەن بىرى ئىتتىك كېلىپ تىزلاندى.

— سىز ئىشىك ئاغىسى ۋەزىپىسىگە تەيىنلەندىڭىز.

— خىزمەتلىرىگە جېنىم پىدا شاھ ئالىيلىرى، — دېدى ئۇ پۈكۈلۈپ ۋە بىرىپ ئىشىك ئاغىسىلىق ئورنىدا ئولتۇردى.

— بۈگۈن كەچ ئوردىدا زىياپەت بېرىمەن. ئەل-يۇرتىمىزنىڭ گۈللى-نىشى ئۈچۈن بىجانىدىل خىزمەت قىلغانلارغا تارتۇق بېرىلىدۇ.

مىرزا ئابابەكرى باشقا سۆز قىلماي، ئورنىدىن تۇرۇپ سالماق قەدەم بىلەن چىقىپ كەتتى. بېگىدىن يۇقىرى مەنسەپكە تەيىنلەنگەنلەر قۇت-لۇقلاش، ئالقىش سادالىرىغا كۆمۈلۈپ كەتتى.

مىرزا ئابابەكرى دۆلەت ئىشلىرى بېجىرىلىدىغان چوڭ سارايدىن چىقىپ كىشلەرنى ئايرىم قوبۇل قىلىدىغان كىچىك سارايغا كىردى. بىزە-لىش جەھەتتە چوڭ سارايدىن پەرقلەنمەيدىغان بۇ كىچىك ساراي ناھايىتى جىمجىت بولۇپ، سۇرلۇك كۆرۈنەتتى. مىرزا ئابابەكرى ئالتۇن قۇببىلىق تەختكە چىقتى ۋە ئىككى قولىنى بىر-بىرىگە ئۇرۇۋىدى، كۆك كىيىملىك، يۈزىگە نىقاپ تارتقان بويلۇق بىر ئادەم يان ئىشىكتىن كىرىپ تىزلاندى.

— شاھىم، خىزمەتلىرىگە تەييارمەن.

ھاتەمشاھ كەلدىمۇ؟ — سورىدى سۇلتان.

— جۈمەدىن كېيىنلا كەلگەنىكەن. تاپشۇرۇقلىرىغا بىنائەن مەخسۇس ئۆيگە باشلاپ قويغاندۇق.

— ئالدىمغا ئېلىپ كىرىڭ.

— خوپ شاھىم.

مىرزا ئابابەكرى قىلىچىنى غىلاپتىن سۇغۇرۇپ پارىلداپ تۇرغان ئال-

دى-كەينى بىسىغا قارىغان ھالدا بەخارامان ئولتۇردى.

كۆك يوللۇق مىسىر بەقسىمىدىن تون كىيگەن ھاتەمشاھ كىرىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم شاھىم.

مىرزا ئابابەكرى كۆز-كۆز قىلغاندەك قىلىچىنى كۆتۈرۈپ تەختتىن قىپقىزىل گىلەم سېلىنغان يەرگە چۈشتى ۋە قىلىچىنى غىلاپىغا سېلىپ تەكەللۇپ بىلەن:

— شەيخۇلئىسلام ھەزرەتلىرى، يوللىرىغا قاراپ تۇراتتىم، ۋاقتىدا كېلىپ مېنى ناھايىتى خۇرسەن قىلدىلا. ئولتۇرسىلا، — دېدى تەخت يېنىدىن جاي كۆرسىتىپ.

— رەھمەت ئالىيلىرى، مەن بۇ ئورۇنغا لايىق ئەمەس، — دېدى ھاتەمشاھ ۋە تەختتىن يىراقراق بىر جايدا ئولتۇردى. قوشۇمىسى تۈرۈلگەن مىرزا ئابابەكرى سورىدى:

— ئويلىنىپ بىر قارارغا كەلدىلىمۇ تەقسىر؟

— كەلدىم.

— ئۇنداق بولسا، مەن ئېيتقان ئۈچ مەسلىگە پەتىۋا بەرسىلە.

— پەتىۋا بېرىشكە بولمايدۇ، — ئورنىدىن تۇردى ھاتەمشاھ.

ئۇنىڭ ئاپئاق سەللە كۆلەڭگە تاشلىغان چىرايى جىددىي تۈس ئالغانىدى.

— نېمىشقا بولمايدۇ؟ — قاتتىق ئاۋاز بىلەن سورىدى مىرزا ئابابەكرى.

— شۇنىڭ ئۈچۈن بولمايدۇ! — ھاتەمشاھ قوينىغا يوشۇرۇپ سېلى-ۋالغان خەنجەرنى ئېلىپلا كېكىرتىكىنى "شارتتىدە" كېسىۋەتتى. ئوخچۇپ چىققان قان كىيىملىرىنى بويىۋەتتى. بۇنداق بولۇشىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان مىرزا ئابابەكرى ھاڭ-تاڭ قالدى. چىرايى ئۆڭۈپ قارىداپ كەتتى.

"يا پاناھ ... بۇ نېمىش؟ تاجۇ تەختتىن ئايرىلىشىمنىڭ بېشارىتىمۇ-

يا؟ ياق ... ياق ...“ ئۇ ئويلاپ قوللىرىنى بىر-بىرىگە ئۇردى.

بايىقى نىقاپلىق ئادەم كىردى. ھاتەمشاھ تىپىرلاپ ياتاتتى. ئۇنىڭ بوغۇزىدىن ئېتىلىپ چىققان قان سۇلتانىنىڭ تونىغىمۇ چاچرىغانىدى.

— ماۋۇ ئەبلەخنى جىمىقتۇرۇۋېتىڭ، — دېدى ئۇ ئەندىكىپ تۇرۇپ.

نىقاپلىق ئادەم خەنجىرىنى غىلاپتىن سۇغۇرۇپ ھاتەمشاھنىڭ يۈرىكىگە سانجىدى. قازى كالان ئىككى قېتىم تىپىرلاپلا جان ئۈزدى.

— دەرھال ”چىمەنباغ“ تەرەپكە ئېلىپ بېرىپ، كۆزگە ئاسان چېلىقمايدىغان يەرگە تاشلاپ قويۇپ تېز قايتىپ كېلىڭلار.

خوپ شاھىم!

— مۇلازىملار بۇ يەرنى پاكىز تازىلىۋەتسۇن!

— خوپ شاھىم!

مىرزا ئابابەكرىنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلغاندەك بولۇپ، بىردەم تۇرۇپ قالدى-دە، قان چاچرىغان تونىنى سېلىپ تاشلاپ، قەسىر ھەرىمىگە ئالدىراپ چىقىپ كەتتى.



# ئون توققۇزىنچى باب

## ”باغى ۋاپا“

### 1

ئافغانىستاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان بىر ئاۋات دىيار بار ئىدى. پادىشاھ كابۇل بۇ دىيارغا بىر شەھەر بىنا قىلدۇرۇپ، ئۇنى ئۆز نامى بىلەن ئاتىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئەتراپتىكى ۋىلايەتمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىپ قالغاندى. بۇنىڭغا ئۇزۇن يىللار بولغان بولسىمۇ، بۇ نام گويا تاشقا باسقان مۆھۈردەك كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ، دۇنيانىڭ شەرقىدە تونۇلغانىدى.

تۆت ئەتراپى تاغ بىلەن قورشالغان بۇ ۋىلايەت شەھىرىمۇ تاغ باغرىدا ئىدى. تاغ ئۈستىدە ھەيۋەتلىك شاھ كابۇل سارىيى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. تاغ قاپتاللىرىدىكى باغلار، بوستانلار شارقىراپ ئېقىپ تۇرغان چىمەن قىرغاقلىق چوڭ ئېرىقتىن سۇ ئىچەتتى. بۇ ئېرىق ”گۈلگىنە“ دېگەن خىلۋەت مەھەللىنى كېسىپ ئۆتەتتى. دوقمۇش-دوقمۇشتىكى بازارلار ئاۋات ئىدى. تەرەپ-تەرەپكە كەتكەن كوچىلار ئاخىرى يوقتەك كۆرۈنەتتى.

كابۇل ئەنە شۇنداق كۆركەم، مېھرى ئىسسىق شەھەر ئىدى. بۈگۈن شاھ كابۇل سارىيىدا تەخت ئۈستىدە خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرغان زاھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر ئىمتاسلىق ئىچىدە ئۆزىدىن سۆز كۈتۈپ تۇرۇشقان ۋەزىر، ئەمىر، سەردارلارغا قاراپ دېدى:

— شايباقخان خارەزىم، خۇراساننى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالدى. چاغاتاي ئەۋلادلىرىنى قىرغىن قىلىپ تۈگەتمەكتە. ئۇ ئەمدى كابۇل، ئىران تەرەپلەرگىمۇ كۆز ئالايتىۋاتىدۇ. ئەگەر ئىران پادىشاھى ئىسمائىلخان ئۇنىڭغا قارشى لەشكەر تارتسا، بىزگە پۇرسەت تۇغۇلغان بولىدۇ. ئەكسىچە بولسا ئۇ بىزگە قارشى لەشكەر تارتىپ كېلىدۇ. ھەر ئىككى ئەھۋالدا دۈشمەن ھەيۋىسىدىن قورقۇپ كەتمەسلىكىمىز، ھوشيار بولۇشىمىز، غەپلەتتە قالماسلىقىمىز، ھەرقاچان خۇراسان، ماۋارائۇننەھرنى قايتۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن تەييار تۇرۇشىمىز لازىم. كىم بىخۇتلۇق قىلسا، ئۆزىنىڭ پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپىدۇ. بۇ ھەقتە باياتىن قىممەتلىك مەسلىھەتلەر كۆرسىتىلدى، بۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ. مۇھىمى، ھازىر ئۆز بېشىمىز ئۆز تېنىمىزدا ئىكەن، پايدىلىق چارە-تەدبىرلەر بىلەن بالا-قازانىڭ ئالدىنى ئېلىپ، غەلبىگە يول ئېچىشىمىز كېرەك، — بابۇر مىرزا سۆزدىن توختاپ كۆپچىلىككە نەزەر سېلىپ بىر پەس تۇردى.

— يول ئاچىمىز!

— شايباقخاننى خۇراساندىن قوغلاپ چىقىرىمىز!

— شايباقنى خارەزىمدە دارغا ئاسىمىز!

ھەشەمەتلىك ياسالغان بۇ ساراي ۋەزىر-ئەمىر، سەردارلارنىڭ ئاۋازىدىن لەرزىگە كەلدى.

بابۇر مىرزىنىڭ ئاق سۇزۇك چىرايىدىكى غەم بۇلۇتى كۆتۈرۈلۈپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى ئۈمىد بىلەن تولدى. ئۇنىڭ ئەمدى ئىككى ئىلىك ئۆسكەن قاپقارا ساقىلى تەكشى ياسالغان بۇرۇتى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەنىدى. سەلگىنە تۈرۈلگەن قوشۇمىسىدا قاشلىرى تۇتۇشۇپ، ئۇنى دائىم ئويچان

كۆرستەتتى. قەددى-قامىتى كېلىشكەن بۇ ياش پادىشاھ شۇ تاپتا كۆپچىلىككە نەزەر سېلىپ تۇرۇپ يارلىق چۈشۈردى:

— ئەنجان، سەمەرقەنت، قۇندۇز، ھىسار ۋە موغۇلىستاندىن نۇرغۇن كىشىلەر كابۇلغا كەلدى. كابۇل ھېلىمۇ ئەنسىز جەڭ ئۈستىدە تۇرماقتا. مۇشۇ تۈپەيلى ھەممە كەلگىندىلەرنى، لەشكەرلەرنى ئۆزىمىز تەمىنلەپ كېتەلمەيمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن كابۇل ۋە غەزنى ۋىلايەتلىرىگە 30 مىڭ ئېشەك ئاشلىق سېلىقى سېلىنسۇن. كىمكى بۇ سېلىقنى بېرىشكە قارشىلىق كۆرسەتسە، تۇتقۇن قىلىنىپ زىندانغا تاشلانسۇن!

سەرمۇنشى ئۇنىڭ يارلىقىنى تېز يېزىپ بولۇپ، كاتىپلارغا تاپشۇردى.

ئۆز ئارزۇسى بويىچە بولغاندا، بابۇر مىرزىنىڭ كابۇلدا بىر كۈنمۇ تۇرغۇسى يوق ئىدى. ئۇ سەمەرقەنتكە كېتىشنى، كابۇل ئەمەس، خارەزىم، خۇراسان ۋە پۈتۈن ماۋارائۇننەھرنىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇشىنى شۇنچە خالايتتى. مانا مۇشۇ ئارزۇ ئۇنىڭ ئەتراپىغا نۇرغۇن كىشىلەرنى جەم قىلغانىدى.

بۇ ئارزۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن ئالدى بىلەن شايبانىخاننى پۈتۈنلەي مەغلۇپ قىلىشى، قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇشى لازىم ئىدى. ھالبۇكى، پەلەك نەتۇر چۆرگىلەپ، ئۇ كابۇلدەك كىچىك ۋىلايەتكە قىسىلىپ قالغانىدى. ئۇ بەجايىكى چوڭقۇر ئورىغا تىقىلىپ قالغان شىرغا ئوخشايتتى.

بابۇر مىرزا ئەمىر-ئەركانلارغا ئىجازەت بەردى. سارايدا يالغۇز ئۆزى قالغاندىن كېيىن، دەرپەردىلىك دېرىزە تۈۋىگە باردى. ئۇ پەردىنى قايرىپ كابۇل شەھىرىگە كۆز سالدى.

ئېشەك، ئات، تۆگە قوشۇلغان ھارۋىلار كوچىلاردا توپا توزۇتۇپ ئۆتۈپ تۇراتتى. قارا پەرەنجە ئارتقان ئاياللار تام تۈۋىدە ئاستا-ئاستا كېتىشىۋاتاتتى. گۈزەرلەردىكى ناۋاي، سامسىپەز، كاۋاپچىلار خېرىدار چاقىرىپ توۋلىشاتتى. موزدوز، زەرگەرلەرمۇ دۇكانلىرىدا تەمە بىلەن خېرىدار كۈتۈپ ئولتۇرۇشاتتى. نەۋكەر-ياساۋۇللار ئۇ كوچىدىن بۇ كوچىغا ئۆتۈپ تۇراتتى.

توساتتىن بىرسى ئىشكنى ئاستا چەكتى. بابۇر مىرزا بېرىپ ئىشكنى ئېچىپ، ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان بىر خەۋەرچى ياساۋۇلنى كۆردى.

— كەچۈرسىلە شاھىم، موغۇلىستان خانى كەلگەنىكەن، ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشەتتىم دەپ ساقلاپ تۇرىدۇ، — دېدى ياساۋۇل يەرگە تىزلىنىپ.

— ھازىر چىقىمەن. ئۇلارنى تەكىيەخانىغا باشلاپ تۇرۇڭلار، — دېدى بابۇر مىرزا قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ.

## 2

ئۇستىبېشىنى چاڭ-توزان باسقان سەئىدخان خوتۇنى نۇرسىما، قېيىن ئاكىسى قاناتبەگ، يەڭگىسى گۇلسۇرۇخبانۇ ۋە بىرقانچە مۇلازىملىرى بىلەن تەكىيەخانا زالىدا ئولتۇراتتى. سەئىدخاننىڭ چاچ-ساقاللىرى ئۆسۈپ، چىرايى قارىداپ سۇرلۇك بولۇپ قالغانىدى. قاناتبەگمۇ توپىغا چۆمۈلگەنىدەك بولۇپ كەتكەنىدى. نۇرسىما بىلەن گۇلسۇرۇخبانۇ پەرەنجىگە ئورىلىپ تۇرغاچقا، چىرايلىرىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇلار قارىماققا قاتتىق چارچاپ كەتكەنىدەك كۆرۈنەتتى. شۇ ھالدا بابۇر مىرزا تەكىيەخانىغا كىردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم پادىشاھ ئاغا، — تىزلىنىپ سالام بەردى سەئىدخان.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام خان ئىنىم، خۇش كېلىپسىز.

بابۇر مىرزىمۇ تىزلىنىپ بىر نەۋرە ئىنىسى سەئىدخان بىلەن قۇچاقلاشتى. قاناتبەگ يەتتە قېتىم تىز پۈكۈپ بابۇر مىرزىغا سالام بەردى. ئىككى ئايالمۇ تىز پۈكۈپ سالام قىلىشتى. سەئىدخان ئۇلارنى تونۇشتۇردى.

— قەدىمىڭىز قۇتلۇق، خان ئىنىم. ماڭا يەنە بىر قانات قوشۇلدى. ئەمدى ئۆزۈمنى ھەرگىزمۇ كۈچسىز چاغلىمايمەن، — دېدى بابۇر مىرزا سەئىدخاننى قاتمۇقات سىلىنغان كۆرپىدە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، —

سىزنىڭ كېلىشىڭىزدىن خەۋەرسىز قاپتىمەن. بۇرۇنراق خەۋەر تاپقان بولسام تاشكەنتتىكىگە ئوخشاش ئالدىڭىزغا چىققان بولاتتىم، خان ئىنىم.

— رەھمەت پادىشاھ ئاغا. ھېلىمۇ سىزنى كۆرۈپ بېشىم كۆككە يەتتى. سالامەت كۆرۈشتۇرگەن ئاللادىن مىننەتدارمەن، — سەئىدخان ئۇنىڭ قىزغىن كۇتۇۋالغىنىغا رەھمەت ئېيتتى.

— خان ئىنىم، ھازىر مۇلازىملار سىزگە، قېيىن ئاغىڭىزغا، خان ھەمشىرىلەرگە يېڭى سەرپايە ئېلىپ كېلىدۇ. يۇيۇنۇپ كىيىنىۋېلىڭلار. مەن سىلەرنى ھەرەمخانىدا كۇتىمەن.

— رەھمەت شاھ ئاغا.

* * *

بابۇر مىرزا سەئىدخان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى مەسۇمە سۇلتان بېگىم قەسرىدە كۇتۇۋالدى. بابۇر مىرزا ئەرلەرنى، مەسۇمە سۇلتان بېگىم ئاياللار-نى ئايرىم-ئايرىم ئۆيدە مېھمان قىلدى.

سەئىدخان بابۇر مىرزا ھەدىيە قىلغان زەر ياقىلىق كىمخاپ تونىنى كىيىپ، شاھزادىلەرگە خاس تاج كىيگەنىدى. ئۇنىڭ چاچ-ساقاللىرى پاكىز قىرىلغان بولۇپ، يولدا ئاپتاپ چېقىپ قىزارغان چىرايى پارقىراپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ياشلىقنىڭ غەيرىتى، ئەپتىدىن ئىرادىسىنىڭ كۈچى بەرق ئۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى سۆزلەپ بولۇپ سورىدى:

— ھۆرمەتلىك مومام شاھ بېگىم، ئانام، سىڭلىم، ھامما خېنىملار ئامان تۇردىمۇ؟

— ئاللا پاناھىدا ئامان-ئېسەن تۇردى، — جاۋاب بەردى بابۇر مىرزا سەل ئوڭايسىزلىنىپ، — ئۇلارنى مەن خاپا قىلىپ قويدۇم خان ئىنىم.

— نېمە ئۈچۈن؟

— بۇ توغرىدا سۆزلەشنى خالىمايتتىم، ئەمما ئەھۋالدىن سىزنى

خەۋەردار قىلمىسام، بولۇپ ئۆتكەن كۆڭۈلسىز ئىشلارغا توغرا باها بېرەلمەي قالىسىز.

— قېنى ئېيتىڭ شاھ ئاغا ... مەن ھەقىقەتنى بىلىشنى ھاياتىم ئۈچۈن زۆرۈر دەپ ھېسابلايمەن.

— بۇ ئۆكۈنۈشلۈك ھەم كۆلكىلىك بىر ۋەقە، — سۆز باشلىدى بابۇر مىرزا، — ئالدىنقى يىلى تاشكەنتتىن شاھ بېگىم، مېھرى نىگار خېنىملار كەلگەنىدى. ئۆتكەن يىلى مۇھەممەد ھۈسەيىن كوراگان دوغلات بىلەن ئانىڭىز خەدىچە سۇلتان بېگىم كەلدى. ئانام قازا تاپقانلىقى ئۈچۈن كۆڭلۈم ئارامىدا ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلارنى ياخشى كۈتتۈم. ئۇلار كابۇلدا تۇرۇپ قالدى. كابۇل ۋىلايىتىنىڭ شىمالىدا تۇرۇشلۇق تۈرك-مەنلەر غەۋغا كۆتۈردى. مەن ئۇلارنى تىنچىتىش ئۈچۈن ئەمىر-بەگلەر بىلەن لەشكەر تارتىپ ئاتلاندىم. ئۇيلىمىغان يەردىن مۇھەممەد ھۈسەيىن دوغلات سۇلتان سەنجەر بارلاس بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، كابۇلدىكى بىر قىسىم بەگلەرنى ئۆزىگە قارىتىپ، ئاندىن مېنىڭ ئورنۇمغا مىرزىخاننى پادىشاھ قىلىپ تىكلەش ئۈچۈن شەھەرنى قورشىۋاپتۇ. بۇ خەۋەرنى كابۇل-دىكى سادىق ئەمىر-بەگلىرىم ماڭا تېزلىكتە يەتكۈزدى. مەن لەشكەرلىرىم بىلەن دەرھال كەينىمگە يېنىپ كابۇلغا كەلدىم. شەھەرنى قورشاپ ئالغان دوغلات بىلەن بارلاسنىڭ ئادەملىرى تەرەپ-تەرەپتىن ماڭا قارىتىپ ئوق ئاتتى. بىزنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىمىز تار كوچىغا تىقىلىپ قېلىپ يا ئالدىغا، يا ئارقىغا ماڭالماي قالدى. شۇ چاغدا بىرقانچە چەبدەس يىگىت بىلەن يادىن ئوق ئۈزۈپ، ئالدىمىزدىكى دۈشمەنلەردىن بەش-ئالتىنى يىقىتتۇق. دەققە ۋاقىتنى قولدىن بېرىشكە بولمايتتى. ناھايىتى تېزلىك بىلەن قىلىچىم-نى سۇغۇرۇپ ئاتنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋەتتىم. شۇ پەيتتە ئاستىمدىكى ئاتنىڭ ئۆز ئىگىسىگە قانچىلىك ۋاپادار ئىكەنلىكىنى جانابى ئاللا ماڭا بىلدۈردى. چىلان تورۇقۇم شامالدەك ئۇچۇپ، ئىككى يېنىغا پۇرقۇپ، بىزنى جايىدىن قىمىرلىيالمايدۇ دەپ كۆرەڭلەپ غەپلەتتە قالغان دۈشمەنلەرنى ئالاقزادە

قىلىۋەتتى. قىلىچىمدىن قان تامدى. كېسىلگەن باشلار كوچىلاردا گويا پىلىكىدىن ئۈزۈلۈپ تىزىپ قويۇلغان تاۋۇزدەك ياتاتتى. بىز يۈرىكى پوك-پوك دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى كوچىمۇ كوچا سۈرۈپ يۈرۈپ تارمار قىلدۇق. قورشاۋدا قالغان شەھەر قورغىنىدىكى ئادەملىرىمىز بىر-ئىككىدىن كېلىپ بىزگە قوشۇلدى. ئورنۇمغا پادىشاھ قىلىپ تىكلىمەكچى بولغان مىرزىخان چاھارباغدا تۇراتتى. باغ دەرۋازىسىدىن كىرسەك مىرزىخان يوق. ئۇ قاچقاندەكەن. مەن دەرۋازىدىن چىقىۋېتىپ، قىلىچ يالىڭاچلاپ ئۇدۇل ماڭا قاراپ كېلىۋاتقان بىر ئادەمنى كۆرۈپ جايىمدا تاڭ تۇردۇم. سىنچىلاپ قارىسام، مەن نەۋكەرلىكتىن قەلئە قوغدىغۇچى بەگ قىلىپ كابۇلدا قالدۇرۇپقويغان دوست سەرپۇلى ئاتلىق چەۋەنداز ئىكەن. مەن ساۋۇت كىيگەن بولساممۇ دۇبۇلغا كىيمىگەن، كەمەرمۇ باغلىمىغانىدىم. شۇ ھالدا مەن ئۇنى: ”ھەي دوست!“ دەپ چاقىردىم. يېنىمدىكىلەرمۇ ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ چاقىردى، لېكىن ئۇ مېنى تونۇمىدىمۇ ياكى تونۇماسلىققا سالدىمۇ، بىلمىدىم، ئىتتىك كەلگىنىچە ماڭا قىلىچ ئۇردى. ئاللا ساقلاپ، قىلىچ قولىقىمنى سىيپاپ ئۆتۈپ كەتتى. سەئىدخان ئىنىم، بىر شائىر:

”مەيلى ئالەم تىغلىرى باش ئۈزرە شىلتانسۇن قانچە،

گەر خۇدا خالىمىسا كار قىلمىغاي ھېچ نەرسىگە“ دەپ يازغاندەك بىر ۋەقە بولدى. مەن بۇ تۇزكور دوست مۇھەممەد سەرپۇلنى بىر قىلىچ ئۇرۇپلا ئىككى پارە قىلدىم-دە، مۇلازىملىرىم بىلەن مۇھەممەد ھۇسەيىن كوراگان تۇرغان ”باغى بېھىش“كە كەلدىم. ئوقىباسىنى بەتلەپ تۇرغان يەتتە-سەككىز قاراۋۇل باغ ئىشىكىدە تۇراتتى. ئات چاپتۇرۇپ باستۇرۇپ باردىم. غەزىپىم تولىمۇ ئۆرلىگەنىدى. ئۇلار قاچتى. مەن يېتىشىپ بېرىپ، بىرىگە قىلىچ ئۇردۇم. ئۇ دومىلاپ-دومىلاپ بىر ئېرىققا چۈشۈپ كەتتى. باغ قەسرىنىڭ ئۆگزىسىدە تۇرغان بىر ئەسكەر ماڭا بەتلىگەن ياسىنى يىغىشتۇرۇپ قاچتى. ئەسلىدە ئۇ مېنىڭ نەۋكىرىم بولغانىدى. تىنىق باغ كۆلى بويىدا تۇرغىنىمىزدا سۇلتان سەنجەر بارلاسنى ئادەملىرىم تۇتۇپ

كېلىشتى. ئۇنىڭ يۈزى قىزىرىپ كەتكەنىدى. ”مەن ھېچ گۇناھ قىلمىدىم بابۇر شاھ“ دېدى ئۇ باش ئېگىپ .

— سەن بۇ توپىلاڭنى ئۇيۇشتۇرغان تۇرۇپ ئۆزۈڭنى قانداقمۇ گۇناھسىز ھېسابلايسەن؟ نىگەنھار[1]تۇمەنىگە ھاكىم قىلىپ قويغىنىم ئۇچۇن مېنى شاھلىقتىن چۈشۈرمەكچى ۋە يوقاتماقچى بولدۇڭمۇ؟ تۇزكور مۇناپىق! — دېدىم ئۇنىڭغا. ئۇنىڭ تىلى كالۋالىشىپ گەپ قىلالماي قالدى. ئۇنىڭ قوللىرى چەمبەرچاس باغلاندى. ئۇنىڭ كاساپىتىدىن يۈزلىگەن ئادەم قانغا غەرق بولغانىدى. مەن ئۇنى سازايى قىلىپ كاللىسىنى ئېلىشقا بۇيرۇدۇم. ئۇنى كەچۈرسەم توپىلاڭنى بېسىقتۇرالمايتتىم. سەنجەر بارلاس مومام شاھ بېگىمنىڭ جىيەنى ئىدى. مەن تۇغقىنىم دەپ يۈز قارىمىدىم. لېكىن ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىدى. شەھەردە غەۋغا كۆتۈرگەن لۈكچەك-ساياقلارنىڭ بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشلىرىغىمۇ خاتىمە بېرىلدى.

شاھ بېگىملەر باغى بېھىشنىڭ بېيىندىكى چوڭ قورۇدا تۇراتتى. ئۇلارنى يوقلاپ باردىم. قورۇغا كىرگىنىمدە ھامما خېنىملار ئۆيدىن چىقىشۋاتقانىكەن. مەن ئاتتىن چۈشۈپ بۇرۇنقىدەكلا ھۆرمەت-ئىززەت بىلەن پۈكۈلۈپ سالام قىلدىم. شاھ بېگىم، ھامام سۇلتان نىگار خېنىملارنىڭ چىرايلىرى تەشۋىشلىك ئىدى. ھەتتا ئالدىمدا ئۆزرەمۇ ئېيتالمىدى. ئۇلار توپىلاڭنى قوللىغان، مەدەتكار بولغانىدى. يۈزلىرىگە سالمىدىم. مىرزىخان شاھ بېگىمنىڭ كىچىك ئىنىسى ئىدى. ماڭا بولسا ئۇ مومامنىڭ خۇشى يوق ئىدى. ئورنۇمغا ئامراق ئىنىسىنى چىقارغۇسى كېلىپ قالغانىكەن. ئاقىۋەتنى ئويلىيالمىغان ھۆرمەتلىك بۇ موماىنى كەچۈرمەكتىن باشقا ئامال يوق-دە.

مۇھەممەد ھۇسەيىن كوراگان قورقۇپ كېتىپ، سۇلتان نىگار خېنىمنىڭ ياتاق ئۆيىگە كىرىپ چۈشەكلەر ئارىسىغا مۆكۈنۈۋالغانىكەن. مۇلازىملىرىم ئۇنى تېپىپ باغلاپ ئالدىمغا ئېلىپ كەلدى.

---

[1] نىگەنھار — جاي ئىسمى.

"ئاللادىنمۇ ئۈيالماپسىز ئاتا. سىزدەك بىر قاچاققا ئورۇن، مەرتىۋە بەرگەن شاھ بابۇر ئاغامغا قانداقمۇ يۈز كېلەلەيسىز؟ ئادەمنىڭ قەدىر-قىممە-تى ۋاپادارلىقىدا ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئىشىكتىن تېز كىرىپ كەلگەن مىرزا ھەيدەر ۋە ماڭا ئەدەپ بىلەن تىز پۈكۈپ سالام قىلدى.

ئۇ ماڭا سەرمۇنشى ئىدى. ئاتىسىنىڭ توپىلاڭغا باش ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن يېتىپ كەلگەنىكەن. مەن ئاتىسىنىڭ ئوغلىنىڭ سوئالىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىنى كۈتۈپ ئۈنچىقمىدىم.

— ئوغلۇم، نەپسىم ئەقلىمگە مىنىۋاپتۇ. ئەخمەقلىق قىپتىمەن. ئەمدى ھايات كەچۈرۈشۈمنىڭ ئورنى قالمىدى. پادىشاھىمدىن ئەجەل شارابىنى تىلەيمەن، — دېدى بۇقۇلداپ يىغلاپ. ئۇ جىنايىتىگە ئىقرار بولغانىدى. شاھ بېگىممۇ ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈشۈمنى تە سىدى. كۆز ئالدىمغا ۋاقىتسىز ئالەمدىن ئۆتكەن خوپ نىگار خېنىم كەلدى. ئۇنىڭ ئېرى — مىرزا ھەيدەردەك مەردانە، ئالىم يىگىتنىڭ ئاتىسى بولغان بۇ مۇناپىق ئادەمنى ئۆز ئىرادەمگە قارشى ئەپۇ قىلدىم.

— خوپ نىگار ئاپام ھايات بولسا توپىلاڭ قىلىشىڭىزغا يول قويمايتتى. مەرھۇم بوۋام يۇنۇسخان روھىنىڭ قورۇنۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن گۇناھىڭىز-دىن ئۆتتۈم. بىر شەرت بىلەنكى، ھازىرقى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا ئون نەپەردىن ئارتۇق ئادەم ئالماي كابۇلدىن كېتىڭ، — دەپ بۇيرۇدۇم. ئۇ كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى. مەن مىرزا ھەيدەرگە ئۇزىتىپ قويۇڭ دېگەن مەنىدە كۆز ئىشارىسى قىلدىم.

سالاسۇنلۇق ئايۋاندا موماي شاھ بېگىمگە تەسەللىي بېرەي، دەپ تۇرۇۋېدىم، باتۇر يىگىتلىرىمدىن بىرى بولغان يۈز بېشى سەردار ئەھمەد قاسىم كۆھبەر مىرزىخاننى ھەيدەپ قورۇغا كىرىپ كەلدى.

— ئاھ، قېرىندىشىم، ھايات ئىكەنسەن، — شاھ بېگىم چۇقان سېلىپ ئىنىسىغا ئۆزىنى ئاتتى. مەن بېرىپ بۇ تۇغقىنىمنىڭ قولىنى يەشتىم ۋە پېشايۋان سۇپىسىغا سېلىنغان كىمخاپ كۆرپە ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ شې-

-رىن-شەربەت تۇتتۇم.

ئۈچ قېتىم پۈكۈلۈپ تىزلىنىپ سالام بەرگەن مىرزىخان بېشىدىكى تاجنى ئېلىپ يەرگە تاشلىدى ۋە جامنى ئالايمۇ-ئالمايمۇ دېگەن مەنىدە مومىسىغا قارىدى. مەن ئۇنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن جامدىكى شەربەتنى بىر ئوتلاپ قويۇپ ئۇنىڭغا بەردىم.

— مىرزىخان ئىنىم، — دېدىم كۈلۈمسىرىگەن ھالدا، — ئەگەر مېنىڭ بۇ شەربەتكە زەھەر سېلىش نىيىتىم بولسا، سىز ئىشىكتىن كىرگەن ھامان ئەخمەق بېشىڭىزنى نالايىق تېنىڭىزدىن جۇدا قىلغان بولاتتىم. بۇ ماڭا ناھايىتى ئاسانغا چۈشەتتى ۋە ھېچكىم توسىيالمايتتى. ئەپسۇسكى، مەن سىزدەك نامەرد ئەمەس. تېخى گۆدەكلىكىڭىز تۈپەيلى سۇلتان سەنجەرنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىڭىزنى ئۆزىڭىز بىلمەي قالغان بولسىڭىزمۇ، مەن بىلىپ، ھۆرمەتلىك مومامنىڭ دۇئاسىنى ئېلىش ئۈچۈن گۇناھىڭىزدىن ئۆتمەكچى بولۇپ، شەربەتنى تۇتقانىدىم. گاڭۋاڭلىقىڭىزدىن بۇنىمۇ بىلەلمىدىڭىز. شاھ بولۇشقا سىزدە نە ئەقىل، نە ئىقتىدار بولسۇن؟ ئەمدى جىم يۈرۈڭ.

چاچلىرى ئۈچتەك ئاقىرىپ كەتكەن شاھ بېگىم رەھمەت ئېيتىپ ماڭا دۇئا قىلدى.

— يەمخان[1] كابۇل ۋىلايەتلىرى ئىچىدە ياخشى يەر ھۆرمەتلىك خان موما. ئۇ يەرنى ئالىيلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا بېرەي. ئىنىم مىرزىخان ۋە ھاما خېنىملار بىلەن ئۇ دىياردا ۋاقىتىنچە تۇرۇپ تۇرۇشلىرىنى ئۆتۈنىمەن، — دېدىم تىز پۈكۈپ.

— قۇللۇق بالام، — تەزىم قىلدى مومام شاھ بېگىم كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ.

— رەھمەت شاھ ئاغا، — دېدى شۇئان مىرزىخانمۇ، — مەن

---

[1] يەمخان — يەر ئىسمى.

ھەقىقەتەن كالۋالىق قىپتىمەن.

ئۇلارنى ئىززەت-ئىكرام بىلەن پەمخانىغا يولغا سالغىنىمغا بىرنەچچە ئاي بولدى. ياخشى تۇرۇۋېتىپتۇ. ئانىڭىز بىلەن ھەمشىرىڭىز ھەرەمخانىدا ئايرىم قەسىردە قېرىنداشلىرىڭىز بىلەن تۇرغانىدى. ئۇلارمۇ شاھ بېگىم بىلەن پەمخانىغا كېتىشتى. سىز بۇ يەردە ئوبدان ئارام ئالغاندىن كېيىن پەمخانىغا بېرىپ، ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ كېلەرسىز.

سەئىدخان بابۇر مىرزىنىڭ سۆزلىرىدىن قاتتىق تەسىرلەندى. مۇھەم-مەد ھۈسەيىن كوراگاندىن خاپا بولدى.

— نامەرد ئادەملەر ھامان ئۆزىگە ياخشىلىق قىلغانلارغا قارا سانايدۇ. بۇنداق ئادەملەر شۇنچە ئىشەنچلىك دەپ قارىغان كىشىلەر ئىچىدىنمۇ چىقىپ قالىدىكەن، — دېدى ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ قالغان سەئىدخان ۋە بىر ئىشنى ئېسىگە ئېلىپ سورىدى:

— مىرزا ھەيدەر كابۇلدىمۇ؟ ئۇنى كۆرسەم بولاتتى.

— مىرزا ھەيدەرنى يېنىمدىن ئايرىماي كەلدىم خان ئىنىم، ئۇ ھەم قەلەم قۇۋۋىتى كۈچلۈك، ھەم باتۇر يىگىت. موغۇلىستان، ماۋارائۇننەھرنىڭ 100 يىلدىن بۇيانقى ۋەقەلىرىنى خاتىرىلەپ كېلىۋاتىدۇ.

سەئىدخان بابۇر مىرزىنىڭ بۇ سۆزىدىن مىرزا ھەيدەرنىڭ كابۇلدا ئوردا خىزمىتى بىلەن مەشغۇل ئىكەنلىكىنى بىلدى.

— شاھ ئاغا، — دېدى سەئىدخان ئۆتۈنگەن ھالدا، — بېشىمدىن كۆپ ئىش ئۆتتى. نەچچە قېتىم ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن ئۆلۈمدىن قۇتۇل-دۇم. ئاچمۇ قالدىم، توقمۇ يۈردۈم. بەزى چاغلاردا مىڭلىغان ئەسكەرلەرگە سەركەردە بولدۇم. بەزى چاغلاردا ھەممىدىن ئايرىلىپ يالغۇزمۇ قالدىم. پۇتلىرىمغا تىكەن كىرىپ تاپانلىرىمدىن قان ئاققان چاغلارمۇ، كىمخاپ چۈشەكتە ئېغناپ ياتقان چاغلىرىممۇ بولدى. ئاخىرى يەنە بىر قېتىم ھەممە نەرسەمدىن، قولداشلىرىمدىن ئايرىلىپ يېنىڭىزغا كەلدىم. بىرلا ئارزۇ مېنى ئۆز مەيلىمگە قويماي مانا شۇنداق تىنىمسىز قىلىۋەتتى. ئۇ بولسىمۇ بوۋام

يۇنۇسخاندەك كاتتا پادىشاھ بولۇپ، ئادالەت بىلەن يۇرت سوراپ، بۇ دۇنيادىن ئەلنىڭ ئاغزىدا قالغۇدەك ياخشى ئىشلارنى قىلىپ كېتىش. لېكىن مەن تەختىمنى قەيەرگە تىكلەيمەن؟ خۇراسانغىمۇ، موغۇلىستانغىمۇ؟ خارەزىمگىمۇ، قەشقەر دىيارىغىمۇ؟ كۆپ ئويلاپ قارار قىلغىنىم قەشقەر دىيارىغا كېتىپ، شۇ يەردە خانلىقنى بەرپا قىلىش بولدى. ھالبۇكى ئۇ يەردە زالىم پادىشاھ مىرزا ئابابەكرى ھۆكۈمرانلىق قىلماقتا. ئۇنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن زور ئەسكىرىي كۈچ كېرەك. شۇنداق بىر كۈچكە ئىگە بولالايدىغانلىقىمغا ئىشەنچىم كامىل. سىز شاھ ئاغا، باتۇرلا ئەمەس، ھەربىي-مەمۇرىي جەھەتتىن زور ئىقتىدارغا ئىگە ئىستىدات ئىگىسىسىز. ئەتراپىڭىزدىن مەردانىلار توپى ئۈزۈلمەيدۇ. سىزگە نەۋكەر بولۇپ، سىزنى ئۇستاز تۇتۇش ئۈچۈن كەلدىم. ماڭا سەمىمىي بىر ھەمراھ كېرەك. ئۇ ھەمراھ سىزنىڭ قېشىڭىزدا. مەن بۇنىڭدىن خۇش بولۇۋاتىمەن.

— كىمكەن ئۇ ھەمراھ؟ — سورىدى بابۇر مىرزا قۇلىقىنى دىڭ قىلىپ.

— مىرزا ھەيدەر.

— مىرزا ھەيدەر!؟ — بابۇر مىرزا تۇرۇپ كەتتى.

— مىرزا ھەيدەر ماڭا بەگ ئەتكىسى بولغانىدى. مەن ئۇنىڭدىن نەزمە يېزىشنى ئۆگەنگەن. مېنى ئۇ قورالغا ھەۋەسمەن ئادەمدىن ھېسسىياتلىق ئادەمگە ئايلاندۇرغان. ئايرىلغىنىمغا ئۇزۇن يىللار بولغان بولسىمۇ ئۇنتۇپ كېتەلمىدىم. ئۇنى ماڭا ھەمراھ قىلىپ قويغان بولسىڭىز ئاغا.

ھەرەمخانىنىڭ مۇلازىملىرى داستىخان سېلىپ بىر كوزا شاراب بىلەن تاماق كەلتۈردى. پىشۇرۇلغان قىرغاۋۇل، كاۋاپ قىلىنغان توشقان گۆشىنى يۇمشاق نان بىلەن يېيىشتى.

بابۇر مىرزا كۈمۈش جامغا شاراب قۇيدى:

— سىز ماڭا ھەمراھ بولۇشنى خالامسىز؟ — سورىدى ئۇ.

— خالايمەن. لېكىن ھەر ئىككىمىزنىڭ ئارزۇ-ئارمانىمىز بار،



—دېدى سەئىدخان ۋە ئاستا ئاۋاز بىلەن بۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

سىغىدۇ ئون دەرۋىش بىرلا پالاسقا،
سىغماس بىر ئىقلىمغا ئىككى پادىشاھ.
بىر نانىنى ئون غېرىب بېگەي پارچىلاپ،
شاھ شاھنىڭ ئېلىگە تاشلايدۇ نىگاھ.

بابۇر مىرزىنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى-يۇ، شۇ ئان چىرايىدا تەبەسسۇم ئەكس ئەتتى.

— بۇ مەن ياخشى كۆرىدىغان ئەشئار، سىز ئۇنى كىمدىن ئاڭلاپ يادلىۋالدىڭىز؟

— مىرزا ھەيدەردىن ئاڭلاپ يادلىۋالغانىدىم، شاھلارنىڭ مىجەزى ياخشى سۈرەتلەنگەن.

— ئىككىمىزنىڭ مىجەزىمۇ شۇنداق ئىكەن-دە.

— شۇنداق. مەن بۇنى بىلىپ يەتكەنلىكىم ئۈچۈن سىزدىن نېرىراق تۇراي دەيمەن.

بابۇر مىرزا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— مېنىڭمۇ سىزدىن نېرىراق تۇرغىنىم تۈزۈك ئوخشايدۇ قېرىندىشىم، ھازىرچە سىز لەمخان[1] ۋىلايىتىنى باشقۇرۇپ تۇرۇڭ. كەتكىڭىز كەلگەندە مىرزا ھەيدەرنى ھەمراھ قىلىپ يولغا سېلىپ قويىمەن.

سەئىدخان ئۇ سۇنغان شارابنى قولىغا ئالدى.

— ھىممىتىڭىزگە رەھمەت شاھ ئاغا. لەمخانغا بارىمەن، مىرزا ھەيدەرنىمۇ بىللە ئېلىپ كېتىمەن.

سەئىدخان بىرلا كۆتۈرۈپ جامنى بوشاتتى.

---

[1] لەمخان — يەر ئىسمى.

— ئاۋۋال شاھ بېگىم ھەم ئانىڭىزنى كۆرۈپ دۇئا ئېلىپ، ئاندىن لەمخانغا بارغايسىز، مىرزا ھەيدەر سىزگە ھەمراھ بولسۇن، — دېدى بابۇر مىرزا يەنە جامغا شاراب قۇيۇپ سەئىدخانغا تۇتۇپ.

— جانابى ئاللا تىلەك-ئارزۇيىمىزغا يەتكۈزسۇن، سىزدىن بەكمۇ مىننەتدار بولدۇم شاھ ئاغا.

سەئىدخان جامنى قولىغا ئالدى.

## 3

لەمخان ۋىلايىتى كابۇلنىڭ شەرق تەرىپىدە ئىدى. ناھىيىلىرىنىڭ ئىچىدە چوڭراقى بولغان نىگەنھارنى توققۇز ئېقىن كېسىپ ئۆتەتتى. مەركىزى ئەدىنەپور بولۇپ، بۇ قورغاننىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى دۆڭلۈككە بابۇر مىرزا ئۆتكەن يىلى ”باغى ۋاپا“ ناملىق چاھارباغ ياساتقانىدى. قورغان بىلەن ”باغى ۋاپا“ ئارىسىدا بىر كىچىك دەريا بار ئىدى. تۆپىلىكتىكى باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىن (دۆڭلۈك ئۈستىدىن) بىر تاشلىق سۇ ئېقىپ ئۆتەتتى. دۆڭلۈك ئەتراپى دەل-دەرەخ، گۈل-گىياھلار بىلەن قاپلانغان بوستانلىق ئىدى. باغنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى كۆل ئەينەكتەك يالترايتتى.

سەئىدخان لەمخان ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى بولغان ئەدىنەپور قەلئەسىدە تۇرۇپ قالدى. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ساپ ئىدى. قىشتا بەك سوغۇقمۇ، يازدا پىژغىرىم ئىسسىقمۇ بولمايتتى. سۇڭا ئانىسى خەدىچە سۇلتان بېگىم بىلەن سىڭلىسى ئەفرۇزە سۇلتان بېگىمنى ئۆز يېنىغا ئېلىپ كېلىۋالغانىدى. ئۇ ياز كۈنلىرىنى ”باغى ۋاپا“دا، قىش كۈنلىرىنى ئەدىنەپور قەلئەسىنىڭ قورغىنىدا ئۆتكۈزۈشنى كۆڭلىگە پۈكتى. سەئىدخان قاناتبەگنى قورغان بېگى قىلىپ تەيىنلىگەنىدى. مىرزا ھەيدەر بولسا سەئىدخاننىڭ ئايرىلماس دوستى، ھەمراھى، مەسلىھەتچىسى، سىرداشى ئىدى.بۇ بىر نەۋرە ئىككىيلەن قاناتبەگنى ئېلىپ شىكارغىمۇ چىقاتتى، ئۇلار تىرىك تۇتۇپ كەلگەن ئارقار،

مارال، كېيىكلەردىن يەتتە-سەككىزنى "باغى ۋاپا"دا باققانىدى. 13 ياشلىق ئەفرۇزە سۇلتان بېگىممۇ، گۇلسىما سۇلتان بېگىممۇ بىردىن كېيىك بالىسىنى بېقىۋالغانىدى (سەئىدخان كابۇلغا كەلگەندىن كېيىن خوتۇنىنى گۇلسىما سۇلتان بېگىم دەپ ئاتاشقا باشلىغانىدى).

گۇلسۇرۇخبانۇ ئۆزىنىڭ سەئىدخانغا ئاشىق بولۇپ قالغىنىنى ھېچكىمگە تىنمىغانىدى. سەئىدخانمۇ بۇ ھەقتە ھېچكىمگە ئېغىز ئاچمىدى. ھەر ئىككىيلەن بىر-بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەيتتى.

بۇ يىل ئەدىنەپوردا قار ياغماي قىش ئۆتتى. باھار كېلىشى بىلەن تەڭ گۈل-گىياھ، دەل-دەرەخلەر كۆكىرىپ ئەدىنەپور ئاجايىپ گۈزەللىشىپ كەتتى.

چېچەك ئېچىلغان چاغدا ئانىسى خەدىچە سۇلتان بېگىم، ھەمشىرىسى ئەفرۇزە سۇلتان بېگىم سەئىدخان ۋە خوتۇنى گۇلسىما سۇلتان بېگىملەر بىلەن قەلئەدىن "باغى ۋاپا"غا كۆچۈپ چىقتى. ئۇنىڭ دەۋىتى بىلەن مىرزا ھەيدەرمۇ خوتۇنى گۇلنىگار خېنىم ۋە ئوغلى پەرھاد بەگنى ئېلىپ "باغى ۋاپا" قەسرىدىن جاي ئالدى. قاناتبەگ شۇنچە قىلسىمۇ گۇلسۇرۇخ بانۇ باغقا كۆچۈپ چىقىشقا ئۇنىمىدى. قورغان يېگى بولغىنى ئۈچۈن باغدىن كۆرە قەلئەدە تۇرۇشنى ئۆزىگە مۇۋاپىق كۆردى. بۇ گۈزەل، خىلۋەت دىياردا سەئىدخانىنىڭ يەنە قانچە ۋاقىت تۇرىدىغانلىقىنى بىر خۇدادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى. لېكىن ئۇ ئۆمۈر بويى ياقا يۇرتتا تۇرۇپ قالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا كەلگۈسى ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشى، يەرلىك كىشىلەر رازى بولغۇدەك ئىشلارنى قىلىشى كېرەك ئىدى. سەئىدخان مىرزا ھەيدەر، قاناتبەگلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، خوتۇن، بالا-چاقىلىرىنىڭ يەپ-ئىچىش بىلەنلا بولۇپ كەتمەي، بىلىم ئېگىلىشى، زۆرۈر تېپىلسا جەڭگە كىرىپ دۈشمەنگە تاقابىل تۇرالايدىغان بولۇشى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئەتىگەندە دىنىي بىلىم، ئەرەب تىلى ئۆگىنىدىغان، پېشىندىن كېيىن ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىش، قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىق مەشقلىرىنى قىلدۇرىدىغان بولدى. ئەدى-

ئەپوردىكى ھايات شۇنداق باشلاندى.

ياش، چېچەن ئەفرۇزە سۇلتان بېگىم بولۇپمۇ جەڭ ماھارىتىنى ئىگە-لەش مەشقىدە ھەممىدىن ئۆتۈپ كەتتى. گۈلسۇرۇخ بانۇ ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىشتە ھېچكىمنى ئالدىغا ئۆتكۈزمىدى. ئۇ بىر داستىخاندا بولغان چاغلاردىمۇ سەئىدخانغا زادىلا قارىمىدى. مىرزا ھەيدەرنىڭ ئايالى گۈلنىگار خېنىم ئۆگىنىشكىلا بېرىلىپ ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىشقا ئانچە قىزىقمىدى. ھەممە جەھەتتىن ئېرىگە ماسلىشىشنى ئۆز بەختى دەپ سانايدىغان گۈلسىما سۇلتان بېگىم بىلىم ئۆگىنىشكە تىرىشىپلا قالماي، جەڭ ماھارىتىنى ئىگىلەش-كىمۇ ناھايىتى كۆڭۈل بۆلدى. ئات چېپىش، قىلىچۋازلىق ماھارىتىنى تېزلا ئىگىلىۋالدى.

ئەتىگەنلىك دىنىي دەرس ھەم ئەرەب تىلى ئۆگىتىشنى مىرزا ھەيدەر ئۇستىگە ئالغانىدى.جەڭ ماھارىتىنى ئۆگىتىش مەشقىنى سەئىدخان قاناتبەگ بىلەن دەرقەمدە ئېلىپ باراتتى. بەزىدە ئەر-ئايال بىرلىكتە شىكارغا چىقىشات-تى. سەئىدخانىنىڭ كۆڭلىرى تىنچ، خۇشال-خۇرام ئۆتۈۋاتقاندەك قىلسىمۇ، ھەسرەت-غېمى كۆپىيىپ، ئارزۇسى ئۇنى تاقەتسىزلەندۈرەتتى. شىكار قى-لىش، قەلئەنى يوقلاپ چىقىش، ئانىسىدىن ھال سوراش، خوتۇنى بىلەن شېرىن كېچىلەرنى ئۆتكۈزۈش ئۇنىڭ مۇرادى ئەمەس ئىدى، ئۇ دائىم مىرزا ئابابەكرى بىلەن جەڭ قىلىپ چۈشەيتتى. تۆمۈر قەپەز ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرگەن شىردەك ئەدىنەپورنى ئايلىنىپ خىيال سۈرەتتى، پىكىر يۈرگۈزەتتى، چارە-ئامال ئىزدەيتتى. ئۇ بۈگۈن شىكارغا چىقىپ كېتىپ، بىر ئانا كېيىكنى تۇتۇپ ئېلىپ كەلگەندە قىيام چۈش بولغانىدى. "باغى ۋاپا"نىڭ ئوتتۇرى-سىدىكى چىمەنزار دۆڭلۈكتە چېچەك پۇراپ تۇرغان خوتونى گۈلسىما ئۇنى كۆرۈپ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى.

— يەنە كېيىك ئېلىپ كەلدىلىمۇ شاھزادە، — دېدى كەينىدىن يۈگۈرۈپ كەلگەن قارا بويۇن كېيىكنىڭ بېشىنى سىلاپ.

— ئەسلىدە يا بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ گۆشىنى ئېلىپ كەلمەكچىدىم.

بۇ كىيىككە ھەمراھ بولسۇن دەپ تىرىك تۇتۇپ كەلدىم، — دېدى سەئىدخان.

— رەھمەت شاھزادە، ئەمدى بۇ كىيىكىم يېتىمسىرىمەيدىغان بولدى. بۇنى گۈلنىگار خېنىمغا بېرەيلى، شۇ باقسۇن.

— ماقۇل. مىرزا ھەيدەر كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— ئۇ ئاكىمىز كىتاب ئوقۇۋاتامدىكىن ياكى يېزىۋاتامدىكىن؟ ئۆيدىن تالاغا چىقمايدىكەنغۇ.

— ئانام ئۇخلاۋاتامدۇ؟

— جەينىماز ئۈستىدە تەسۋى سىرىپ ئولتۇرىدۇ. سىلىنىڭ غەملىرىدە دۇئا بىلەنلا ئۆتۈۋاتىدۇ. ئەفرۇزە سۇلتان بېگىم ئۇنىڭ يېنىدا كەشتە توقۇپ ئولتۇرىدۇ.

گۈلسىما سۇلتان بېگىم بانان دەرەخلىرى ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان قەسىرگە قاراپ ئىنزا تارتقاندەك بولۇپ، ئىرىدىن سەل يىراقلاشتى.

— خانىش، خان ئانام ئىشىك ئالدىدا بىزگە قاراپ تۇرۇپتۇ ئەمەسمۇ؟

بۇ كىيىكنى ئانامغا كۆرسىتەي، — سەئىدخان خوتۇنىغا كۆز قىسىپ قويۇپ، كىيىكنى ئېلىپ ئانىسى ئالدىغا كەلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ئانا، سالامەت تۇراملا؟

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام بالام. خۇداغا شۈكرى، يامان ئەمەس تۇرۇۋاتىمەن. ئادەم قېرىغاندا ساق بولالمايدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى خەدىچە سۇلتان بېگىم ئوغلىغا مەسلىكى كېلىپ، — شىكارغا كۆپ چىقىدىغان بولۇپ قالدىلىغۇ. كىيىك ئېلىپ كەلدىلىمۇ شاھزادە بالام؟

— بۆرە قوغلاپ ھېرىپ قالغانىكەن، سالما تاشلاپ ئاسانلا تۇتۇۋالدىم.

خەدىچە سۇلتان بېگىم يېقىن كېلىۋېدى، كىيىك ئۇنىڭ قارا شايە كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى پۇرىدى. ئۇ سۇلتان ئەھمەدخان ئۆلۈپ كەتكەندىن بېرى ھازىلىق كىيىمنى تاشلىمىغانىدى.

— بالام، بۇ كىيىك بوغاز ئوخشايدۇ. قويۇپ بەرسىلە، دۇئا قىلاي.

— دۇئا قىلمىسلىمۇ قويۇپ بېرەي ئانا، — سەئىدخان كىيىكنىڭ بوينىغا چىگكەن تانىنى يېشىپ، ئۇنى قويۇپ بەردى. كىيىك تاقلاپ-سەكرەپ يىراقتىراق بېرىپ بويىنى قايرىپ قاراپ قويۇپ پەسكە چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قالغان ئانا قارا بويۇن كىيىكنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرغان كېلىنىنى كۆرۈپ ياقتۇرمىغان قىياپەتتە بېشىنى ئېغىتىپ قويدى. ئۇ ئاددىي دېھقان قىزى بولغان بۇ كېلىنىنى تازا ياراتمايتتى. "شاھ-سۇلتانلارنىڭ قىزلىرى شۇنچە كۆپ تۇرغاندا بۇ نەسەبى تۆۋەننى نېمىشقا ئالغاندۇ؟" دەپ ئوغلىدىن نارازى بولاتتى. ئەمما ئاغزىدىن چىقىرىپ ئېيتالمايتتى. سەئىدخان بۇنى بىلەتتى. خوتۇنى گەرچە خاپا بولمىسىمۇ، "مېنى ياراتمىدى" دەپ مەيۈسلىنەتتى. شۇ تاپتا ئانىسىدىكى نارازىلىق، خوتۇنىدىكى كۆڭلى غەشلىكنى ھېس قىلغان سەئىدخان:

— ئانا، يۇرسىلە، چىمەن دۆڭگە ئېلىپ چىقاي،بىردەم ئولتۇرۇپ چۈشسىلە، — دەپ تەكلىپ قىلدى.

— ياق بالام، مۇشۇ يەرگىمۇ ئاران چىقتىم. ئۆيگە كىرىپ ئىبادىتىمنى قىلاي. قىزىم ئەفرۇزە كەشتە توقۇپ يالغۇز قالغاندى.

— كىيىكى يېنىدا باردۇ؟

— ئۇنىمۇ قويدۇرۇۋەتتىم بالام.

خەدىچە سۇلتان بېگىم سەئىدخاننىڭ بوي-بەستىگە تازا بىر قارىۋېلىپ كەينىگە ياندى. نېرىراقتا قول باغلاپ تۇرغان دېدەك ئايال ئۇنى يۆلەپ ماڭدى.

— شاھزادە، ئاكام كېلىۋاتىدۇ، — دېدى پىچىرلاپ گۈلسىما سۇلتان بېگىم دەريا بويىدىن ئۆرلەپ چىقىۋاتقان قاناتبەگنى كۆرسىتىپ.

سەئىدخان بىر خەۋەر ئاڭلايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئىتتىك ماڭدى.

سەردار كىيىمى كىيىپ، قىلىچ ئاسقان قاناتبەگ سەئىدخاننىڭ ئالدىغا كېلىپ يۈكۈنۈپ تەزىم قىلدى.

— شاھزادەم، بىۋاقىت كېلىپ ئارامىلىرىنى بۇزغانلىقىم ئۈچۈن كەچۈرگەيلا. سەئىدخان ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.
— قاناتبەگ ئاكا، ۋاقتىدا كەلدىڭىز. ناھايىتى خۇشال بولدۇم، سىڭلىمىز گۈلسۇرۇخ بانۇكەلمەپتىغۇ؟
— كەچكىچە بالىسى بىلەن ئاۋارە. بۈگۈن ئالدىلىرىغا بىر شۇم خەۋەرنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن كېلىپ قالدىم شاھزادەم.
— قانداق شۇم خەۋەر؟ — چۆچۈپ سورىدى سەئىدخان.
— مۇھەممەد ھۈسەيىن كوراگان مىرزا شايباقخان يېنىغا بېرىپ بابۇر مىرزا بىلەن ئالىيلىرىنى قارىلاپ دادخورلۇق قىلغانىكەن. سۆزىگە ئىشەنمەي ئۇنى ئۆلتۈرۈپتۇ. ھېلى كابۇلدىن خەۋەرچى كەلدى. بابۇر مىرزا ئەۋەتىپتۇ.
سەئىدخان ئۇنىڭغا ئاتاپ قىسقىلا دۇئا قىلىپ دېدى:
— رەھمەتلىك كاج، ئۆزى بىلەرمەن بولسىمۇ تۈز ئادەم ئىدى. خەيرىيەت، جايى جەننەتتە بولغاي. بۇ خەۋەرنى مىرزا ھەيدەرگە مەن يەتكۈزەي. سىز قورغانغا قايتىپ، شەھەر خەلقىگە نەزىر بېرىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىڭ ئاكا. بىز بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى يەرلىك قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئاش-تۈزىنى يەپ كەلگەن بولساقمۇ، ئۇلاردىن ھال سورىيالمىدۇق. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن كالا، قوي سويۇپ ئاش تارتىپ، شەھەر خەلقى بىلەن بىر قېتىم دىدار كۆرۈشەيلى. يۇرت چوڭلىرى بىلەن چوڭقۇرراق تونۇشۇپ چىقايلى.
— خوپ شاھزادەم.
— قاناتبەگ ئاكا، كابۇل بىلەن ئەدىنەپور ئارىلىقىدىكى باسمىچى قاراقچىلاردىن يەنە تۇتۇلغانلىرى بارمۇ؟
— بار شاھزادەم، ئۆزلىرى كۆرسەتكەن ئۈلگە بويىچە 50_60 ياساۋۇل بىلەن سودىگەرچە ياسىنىپ كابۇلغا كېتىۋاتقان قىياپەتتە ئۇلۇشكۇن چارلاش ئېلىپ بارغانىدۇق. كۈندۈزى ھېچگەپ بولمىدى. قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن تەڭ تەرەپ-تەرەپتىن چىقىپ كەلگەن قاراقچىلار بىزنى بۇلىماقچى

بولدى. ئەمما ئۇلار ئارىمىزغا كىرگەندىن كېيىن بىرىنىمۇ قويماي تۇتۇۋال-
دۇق، 19 ئادەم ئىكەن.

سەئىدخاننىڭ لەمخان ۋىلايىتىگە كېلىپ قىلغان چوڭ ئىشى —
سودىگەر، يولۇچىلارغا ئارام بەرمىگەن قاراقچىلارنى تۇتۇش بولدى. دەس-
لەپ سودىگەر قىياپىتىگە كىرگەن 100 نەپەر ئەسكەرگە ئۆزى بىۋاستە
باشلامچىلىق قىلىپ، كابۇل يولىدىكى قاراقچىلاردىن 23 نى تۇتۇپ كەلگە-
نىدى. 2-قېتىم ھەيدەر مىرزا 14 قاراقچىنى تۇتۇپ كەلدى. 3-قېتىم
سەئىدخان ھەيدەر مىرزا بىلەن يەنە ئۆزى ئادەم باشلاپ بېرىپ 28
قاراقچىنى قولغا چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن يول راۋانلىشىپ قالدى. قالدۇق
قاراقچىلار كارۋانلارغا كۆندۈزى چېقىلالمايدىغان بولدى. بۇ قېتىم 19
قاراقچىنىڭ تۇتۇلۇشى يەنە بىر غەلىبە ئىدى.

سەئىدخان شۇلارنى ئويلاپ قاناتبەگدىن مىننەتدار بولدى.

— مەن مۇنداق ئويلاۋاتىمەن، — دېدى ئۇ، — بىز قاراقچىلارنىڭ
قورسىقىنى ئوبدان بېقىپ، كابۇل بىلەن ئەدىنەپور ئارىلىقىدىكى يول
ياساش ئەمگىكىگە سالساق، بۇ ساۋابلىق ئىش بىلەن ئۇلارنىڭ گۇناھىمۇ
يۇيۇلاتتى. خەلقمۇ خۇشال بولاتتى. ئاللامۇ قىلغان ئىشىمىزدىن رازى
بولاتتى. بۇ توغرۇلۇق قانداق مەسلىھەتىڭىز بار ئاكا؟ — سەئىدخان
سۆزدىن توختاپ جاۋاب كۈتۈپ تۇردى.

— پېقىرنىڭ يەنە قانداق مەسلىھەتى بولسۇن شاھزادەم؟ بۇ ئىشنى
ماڭا تاپشۇرسىلا!

— ئاللا سىزگە مەدەتكار بولسۇن ئاكا، قاراقچىلارنى قاچۇرۇپ قوي-
ماڭ. ئۇلار ئەمگەكتىن بىزارلىق ھېس قىلمىسۇن. تۇرمۇشىغا ئوبدان
كۆڭۈل بۆلۈڭ، زىنھار ھاقارەت قىلماڭ!

— باش ئۈستىگە شاھزادەم.

قاناتبەگ قورغانغا كەتكەندىن كېيىن سەئىدخان گۈلسىما سۇلتان
بېگىم بىلەن قايغۇلۇق مۇسىبەت خەۋىرىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن مىرزا ھەيدەر

قەسىرگە قاراپ يول ئالدى.
بىراقتىن مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرغان ياساۋۇل، مۇلازىم دېدەكلەرمۇ
ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئاستا قەدەم تاشلىدى.

## 4

مەرھۇم مۇھەممەد ھۈسەيىن كوراگان دوغلات مىرزىنىڭ نەزىرىسى
سەئىدخاننىڭ رىياسەتچىلىكىدە ناھايىتى دەبدەبىلىك ئۆتتى. نەزىرگە لەم-
خاننىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىدىن، ئەدىنەپور قەلئەسىدىن نۇرغۇن كىشى
قاتناشتى. بۇ كىشىلەرنىڭ تولىسى سەئىدخان بىلەن بىرىنچى قېتىم يۈز
كۆرۈشتى. قاراقچىلارنى يوقاتقان،يول ياساتقان، ئالۋاڭ-سېلىقنى ئازايتقان
پادىشاھنىڭ ئېغىر-بېسىق، تەمكىن، مەردانە يىگىت ئىكەنلىكىنى كۆرۈشۈپ
ئاپىرىن ئوقۇشتى. مىرزا ھەيدەرمۇ بىر نەۋرە خان ئىنىسىدىن كۆپ مىننەت-
دار بولدى. كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغان خەدىچە سۇلتان بېگىم ئوغلىغا
كۆپ دۇئا قىلدى. روھى كۆتۈرۈلگەن سەئىدخان شۇ كۈنى ئاخشام خوتۇن-
دىن خۇش خەۋەر ئاڭلىدى.

— شاھزادەم، مەن ئېغىر بوي بولۇپ قالدىم.

— راستمۇ ئەزىزىم، — ھاياجانلىنىپ كەتكەن سەئىدخان گۈلسىما-
نىڭ قورسىقىنى سىلىدى.

— ۋىبەي، قوللىرىنى تارتسىلا شاھزادەم، ئادەمنى غەلىتە قىلىۋەتتىلى-
غۇ، — ئېرىنىڭ قولىنى نېرى ئىتتەردى گۈلسىما.

— راست ئەمەسكەندە، مىدىرلىمايۋاتىدىغۇ؟

— نېمىشقا راست بولمىسۇن؟ ئالدىنىپ قالماي دەپ بالا تەۋرىمىگىچە
زۇۋان سۈرمىگەنىدىم. تۇنۇگۈندىن بېرى تەۋرەشكە باشلىدى. ھازىر توختى-
ماي مىدىرلاۋاتىدۇ.

سەئىدخان قولىغا ئۇد[1] ئالدى. تارىنى تۈزەپ، پەنجىگاھ مۇقامىغا چېلىپ، ئۈن-تىنسىز شۇنداق ئورۇندىدىكى، خوتۇنى ئۇنىڭدىن كۆز ئالالـ ـماي، يىغىملىق ساداغا ئەسىر بولدى. قورسىقىدىكى بوۋاقمۇ تىپچەكلەشتىن توختاپ قالدى. بەلكى ئۇمۇ يىغىملىق ئاۋازنى ئاڭلاپ جىمىپ قالغان بولسا كېرەك.

سەئىدخان ئاخىرىدا بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

قايسى گۈلشەننىڭ يۈزۈڭدەك بىر گۈلى رەناسى بار،
قايسى گۈلنىڭ بىر مېنىڭدەك بۇلبۇلى شەيداسى بار؟
ھۆرى بىرلە جەننەتۇل مەئۋانى كۆڭلۈم نەيلەسۇن،
يارنىڭ كۆڭلىدە يۈزىڭ جەننەتۇل مەئۋاسى بار.
يۈزى ئۆزرە كاكىلۇ، زۇلپىن پەرىشان كۆرگىلى،
ئى سەئىد ئاشپتە كۆڭلۈمنىڭ ئەجەب سەۋداسى بار.

ئۇ غەزەلنى ئوقۇپ بولۇپ دېدى:

— بالامنى كۆرۈشكە شۇنچە تەقەززا بولۇۋاتىمەن. ھازىرمۇ تەۋرەۋاتامدۇ؟

پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سۆيۈنۈپ كەتكەن گۈلسىما ئۇنىڭ قولىنى قورسىقى ئۈستىگە قويدى.

— توختاپ قاپتۇغۇ.

— ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ ھۇزۇرلىنىۋاتسا كېرەك.

سەئىدخان ھاياجانلىنىپ كۈلدى.

— تەۋرىدى! شۇنداق جىددىي ھەرىكەتلىنىشكە باشلىدىغۇ ئەزىزىم.

---

[1] ئۇد — كۆپ تارلىق بىر خىل چالغۇ ئەسۋابى.

# 5

ئارزۇسىز ياشايدىغان ئادەملەر دۇنيادا يوق. ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق ئارزۇسى بولىدۇ ۋە شۇ ئارزۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن ئوخشاشمىغان دەرىجىدە تىرىشىپ ھەرىكەت قىلىدۇ، ئىنتىلىدۇ، ئىزدىنىدۇ. بەزىلەر مۇشت كۆتۈرسە، بەزىلەر قىلىچ كۆتۈرىدۇ. بەزىلەر كۈلسە، بەزىلەر يىغلايدۇ. بەزىلەر ئېگىلسە، بەزىلەر غادىيىدۇ. بەزىلەر ئازابلانسا، بەزىلەر راھەتلىنىدۇ. دۇنيادا ئارزۇغا يەتكەنلەر ئاز، يېتەلمىگەنلەر كۆپ بولۇپ، ھايات شۇنداق داۋاملىشىۋېرىدۇ.

سەئىدخاننىڭ ھاياتىمۇ يۈكسەك ئارزۇدىن كۈچ-قۇۋۋەت تېپىپ ئۆتۈۋاتاتتى. ئۇ لەمخان ۋىلايىتىنى سوراپ "باغى ۋاپا"دا يەنە بىر يازنى ئۆتكۈزدى.

سىل كېسەل بولۇپ قالغان خەدىچە سۇلتان بېگىم "مېنى موغۇلىستانغا ئېلىپ كەتمىدىڭ" دەپ ئوغلىغا ھەمىشە تاپا-تەنە قىلىدىغان بولۇپ قالدى.

سەئىدخان بىر قارارغا كەلگەندىن كېيىن بابۇر مىرزىغا كابۇلدىن كېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ بىر پارچە خەت يازدى.

كۈز پەسلى كىرىپ ئانار، بېھى پىشقان مەزگىلدە بابۇر مىرزىدىنمۇ جاۋاب خەت كەلدى.

"ئەزىمەت ئىنىم سەئىدخان، — دەپ يازغانىدى بابۇر مىرزا، — بىز ئالدىرىغان بىلەن ئاللا ئالدىرىمايدىكەن. مەن بۇ ھەقىقەتنى ئەمدى چۈشىنىۋاتىمەن. شاھلارنىڭ شاھى بولۇشقا ئالدىرىغانىدىم. بىراق شاھلارنىڭ ھاكىمى بولۇپ قالدىم. كابۇلدەك كىچىككىنە تاغلىق دىيارنى ئىككىمىز سوراۋاتىمىزغۇ؟ بۇنداق دېسەم بۈيۈك ئارزۇ-مەقسەتلىرىمىزگە مەڭگۈ يېتەل-

مەيدىغان ئوخشايمىز دەپ قالماڭ. مۇشەققەت-قىيىنچىلىقلارغا چىداشلىق بېرىپ، ئاللانىڭ سىنىقىدىن ئۆتسەك، ئىرادىمىزدىن يانمىساق مۇراد تاپالايمىز. بۇ قېتىم جانابى ئاللا بېشىمغا كەلتۈرگەن مۇسىبەت — خاتۇنۇمنىڭ تۇغۇتىدا يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن ئوغۇل بالام بىلەن بىرگە قازا تېپىشى ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سېلىپ، پۈتۈن ئۆتمۈشۈمنى قايتا ئەسلەتتى. مەن ئۆلۈم، جۇدالىقنىڭ قانچىلىك ھەسرەتلىك بولىدىغانلىقىنى ئەقلىم-تېنىم بىلەن سېزىپ، ئۆلتۈرگەن-ئۆلتۈرۈلگەن ئادەملەر ئۈچۈن چىن قەلبىمدىن تەۋبە قىلدىم. قايتىدىن تۆرەلگەندەك بولۇپ، ھەرنە ئىشنى ئويلاپ قىلىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈۋاتىمەن. ئاللا خالىمىسا، قەرەلى كەلمىسە ھەرقانچە قىلساڭمۇ ئىش ۋۇجۇدقا چىقمايدىكەن.

خېتىڭىزدە ئانىڭىزنىڭ كېسەللىكىنى، رەپىقىڭىزنىڭ ئېغىر ئاياغ ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، قەشقەر تەرەپلەرگە كەتمەكچى بولۇۋاتقىنىڭىزنى بىلدۈرۈپسىز. ھازىر سوغۇق چۈشۈپ قالدى. ئانىڭىز داۋالىنىپ بىرئاز ياخشىلانسۇن. بالا تۇغۇلۇپ ئۆمىلىگىدەك بولسۇن. ئۇنىڭغىچە ئاللا ياخشى شارائىتلارنى يارىتىپ بېرەر. ئەگەر تۇغۇلغان بالىڭىز ئوغۇل بولسا، ئىسمىنى ئابدۇلرەشىد قويغايسىز، بۇ نامنىڭ خاسىيىتى كۆپتۇر. تەقدىرنىڭ بۇ كارامىتىنىمۇ بىلىپ قويۇڭ. ئاكا-ئۇكا مەسئۇد مىرزىنى كور قىلىپ، بايسۇنغۇر مىرزىنى ئۆلتۈرگەن رەھىمسىز قاتىل خۇسراۋ شاھنى شايباقنىڭ ئوغلى ھەمزە سۇلتان مەغلۇپ قىلىپ، قۇندۇزدا كاللىسىنى چېپىپتۇ ۋە كاللىسىنى خارەزىمدىكى شايباقخانغا ئەۋەتىپ بېرىپتۇ. ئوغۇللىرىنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىدىن قورۇنۇپ، قەبرىسىدە تىنچ ياتالمىغان مەرھۇم تاغام سۇلتان مەھمۇد مىرزا ئەمدى تىنچلانغاندۇ! خۇدانىڭ قۇدرىتى ئەنە شۇنداق ھېكمەتلىك ئىكەن. ئۆچ ئالغۇچى بولغان بىزلەرنى بۇ يەردە قارىتىپ قويۇپ، دۈشمەننى دۈشمەن تىغى بىلەن جازالىدى.

شايباقخان ئىران پادىشاھى ئىسمائىل خان بىلەن خىرىس قىلىشىۋاتىدۇ. بۇ بىر پۇرسەت. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمدەك، قىش ئۆتسۇن، ئاندىن سىزنى

ئەنجان، قەشقەر تەرەپلەرگە ئۆزنىپ قوياي.

ئاللا سىزگە يار بولسۇن. خەدىچە سۇلتان بېگىمگە ياخشى قاراڭ. دىدار كۆرۈشكىچە ئامان بولغايسىز.

ئاغىگىز بابۇر مىرزا»

سەئىدخان خەتنى ئوقۇپ، ئويغا چۆمۈپ ئولتۇرۇپ قالدى. بىر پىيالە ئانار شەربىتى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىرگەن گۈلسىما شەپە چىقارماي مېڭىپ ئېرىنىڭ يېنىغا كەلدى. مەكتۇپ ئۇنىڭ تىزىدا تۇراتتى.

— كىمدىن كېلىپتۇ؟

گۈلسىما ئانار شەربىتىنى سۇنۇپ بېرىۋېتىپ سورىدى. سەئىدخان ئانار شەربىتىنى ئىچكەچ جاۋاب بەردى:

— پادىشاھ بابۇر مىرزىدىن.

— نېمە دەپ يېزىپتۇ؟

— يەنە بىرنەچچە ئاي تەخىر قىلىپ يولغا چىقىشىم ھەققىدە مەسلىھەت بېرىپتۇ. تۇغۇلغان بالىمىز ئوغۇل بولسا «ئابدۇلرەشىدخان» دەپ ئات قويۇشىمىزنى تاپىلاپتۇ.

— مەن بۇ يەردە قانداق تۇغارمەن؟ ئەنجاندا ئاتا-ئانام ئالدىدا تۇغسام بولاتتى، — گۈلسىما كۆزگە ياش ئېلىپ ئېرىنىڭ يېنىدا قىڭغىيىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ قورسىقى خېلىلا يوغىناپ قالغانىدى.

— غەم يېمەڭ ئەزىزىم، خۇدا ئۆزى ئاسان قىلىدۇ. بۇ يەردە سىزگە يەنە گۈلسۇرۇخ بانۇمۇ بار، ئانام بار.

— ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن قورقىدىكەن كىشى. بالا ھېلىتىنلا ئۆسۈپ ئادەمگە جاپا سېلىۋاتىدۇ. مانا تۇتۇپ كۆرسىلە.

سەئىدخان گۈلسىمانىڭ قورسىقىنى سىلاپ، قولىنى تارتىۋالدى.

— ۋىيەي، سىلىنىمۇ قورقىتىۋەتتىمۇ نېمە؟ — گۈلسىما ھاياجانلىنىپ

قالغان ئېرىگە تەلمۈرۈپ قارىدى، — چىشلىۋالدىغاندەك قوللىرىنى يىغىۋالدىلىغۇ؟

سەئىدخان كۈلۈپ سالدى.

— ياق، قورقىدىم ئەزىزىم. ئاجايىپ تۇيۇلۇپ كەتتى. ئوغۇلدەك قىلىدۇ.

— شۇنداق بولسۇن ئىلاھىم. پادىشاھ بابۇر مىرزىنىڭ تىلىكىنى خۇدايىم يەردە قويماس. ئوغلىمىز تۇغۇلسا ئىسمىنى چوقۇم ئابدۇلرەشىدخان قويۇپ بەرسىلە. بۇ ئىسىم ماڭا يېقىپ قالدى.

— ماقۇل ئەزىزىم، — دېدى سەئىدخان خوتۇنىنىڭ قورسىقىنى سىيلاپ تۇرۇپ.

گۈلسىما كىچىك بالىدەك ئەركىلەپ ئېرىنىڭ كۆكسىگە باش قويدى.

— خۇدا بۇيرۇسا بالىمىز تۇغۇلۇپ ئۈچ-تۆت ئايدىن كېيىن يولغا چىقىمىز. كېلەر يازنى ”باغى ۋاپا“دا ئۆتكۈزەلمەيدىغان بولدۇق. نېمىدېگەن گۈزەل باغ ھە-بۇ!

— كەتكىلىرى كەلمەيۋاتامدۇ؟ — سورىدى گۈلسىما خاپا بولۇپ، — ئەنجان بۇنداق چىرايلىق ئەمەسمىكەن؟ ”باغى ۋاپا“ گۈزەل بولغان بىلەن، قورغان ئىچىگە قارىسىلا، كۆچۈپ كىرگەندىن بېرى زىندانغا سولىنىپ قالغاندەك بولۇپ قالدىم.

— ئۇنداق دەپ كەتمەڭ ئەزىزىم. تاملىرى ئېگىز، ئۆيلىرى قاراڭغۇ بولغان بىلەن، بۇ قورغان تىنچ. ئۆزى ياخشى كۆرگەن يەردىن ئادەمنىڭ ئايرىلمىقى تەس. ئاڭلىسام لەمخانلىقلار ”سەئىدخاننى كەتكۈزمەيمىز. ئۇ بىزنى قاراقچى، ئوغرىلاردىن خالاس قىلدى. مېڭىشقا بولمايدىغان يوللارنى ياساتىپ راۋان قىلدى. ھال-كۈنىمىزنى ياخشىلاپ قويدى“ دەپ يۈرۈشكىدەك. بۇ يەردە قالالمايدىغانلىقىمنى تەقدىر بەلگىلىگەن. ئانا ۋەتىنىمگە، تۇغۇلغان ئېلىمگە قايتىش — ئارزۇيۇملا ئەمەس، ھايات نىشانىم.

سەئىدخان ئورنىدىن تۇردى.

— نەگە بارىلا شاھزادەم؟

— بۈگۈن جۈمە كۈنى ئەمەسمۇ؟ جۈمە نامىزىنى ئۆتكىلى مىرزا ھەيدەر بىلەن ئەدىنەپوردىكى چوڭ جامەگە بارىمەن. بالىمىزنىڭ سالامەت تۇغۇلۇشى، سەپىرىمىزنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن خەير-ساخاۋەت قىلىپ كېلىمەن.

گۈلسىما سەئدخان چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆينىڭ كۈنگەي تەرىپىدىكى دېرىزىنىڭ پەردىسىنى ئېچىپ قارىدى. غۇررىدە ئۇرۇلغان كەچ كۈز شامىلى ئۇنىڭ قارا چاچلىرىنى سۆيۈپ ئۆتتى. بۇ قورغاندىن ئەدىنەپور قەلئەسى تولۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

# يىگىرمىنچى باب

# كاساندا بولغان جەڭ

## 1

ماۋارائۇننەھرگە 13 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان مۇھەممەد شايبانىخان خۇراسان، خارەزىم، بەدەخشان ئەللىرىنى بىسىۋېلىپلا قالماي، ئىران چېگرىسىغىمۇ ئۇسسۇپ باردى. ئۇ مىڭلىغان بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپ، "ھوججاج[1]" دەپ نام ئالغانىدى. ئاخىرىدا ئۆزىنى ھەممىدىن كۈچلۈك سانىغان بۇ قارام خان پارسلارنىڭ پادىشاھى ئىسمائىل خان بىلەن مەرۋى[2] يېنىدىكى تۆپىلىكتە بولغان جەڭدە يېڭىلىپ، ھىجرىيە 916-يىلى بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەنىدى.

پادىشاھ بابۇر مىرزا ئەۋەتكەن ئايغاقچىدىن بىرىنچى قېتىم بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان مىرزا ھەيدەر شۇ ئان تارىخىي ۋەقەلەرنى يېزىۋاتقان خاتىرىسىگە بۇلارنى پۈتۈپ قويدى. "بۇ قانخورنىڭ قېنى ئۆزىنىڭ تويماس قارنىغا

(1) ھوججاج — ئوتتۇرا ئەسىردىكى زالىم ئەرەب پادىشاھلىرىدىن بىرى.
(2) مەرۋى — يەر نامى.

قۇيۇلۇپتۇ. يەرگە بىر تامچىمۇ ئاقماپتۇ. ئۆزى باشقىلارغا قىلغاندەك تۇنجۇق-تۇرۇپ ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. پادىشاھلار بۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىشى كېرەك ...»
دەپ ئويلىدى مىرزا ھەيدەر، قورغاندىكى سەئىدخاننىڭ دەۋا سورايدىغان سارىيىغا كىرىپ كېتىۋېتىپ. تاش تۈۋرۈكلۈك ئۆت چاسا سارايىنىڭ تۆرىدە مۇلازىملىرى بىلەن ئولتۇرغان شاھزادە ئىتتىك كىرىپ كەلگەن دوستىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم شاھزادە، — سالام بەردى مىرزا ھەيدەر.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — جاۋاب سالام قايتۇردى سەئىدخان، — مەرھابا-مەرھابا ھەيدەر ئاغا، يولىڭىزغا قاراپ تۇراتتىم.

— شاھزادە، پادىشاھ بابۇر مىرزىنىڭ يېنىدىن تېخى ھېلىلا خەۋەرچى كەلدى. ئۇ بىز ئاڭلاشقا تەقەززا بولغان خۇش خەۋەرنى ئېلىپ كەپتۇ.

— قانداق خوش خەۋەر ئىكەن، ئاغا؟

— شايبانىخان پارس شاھى ئىسمائىلخان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. بابۇر مىرزا بىزنى كابۇلغا كەلسۇن، — دەپتۇ.

سەئىدخان ھاياجانلانغىنىدىن باشقا گەپ قىلماي مىرزا ھەيدەرنى قۇچاقلىدى ۋە سارايدىكى مۇلكىي-ھەربىي مۇلازىملارنى سەپەرگە تەييارلىق قىلىشقا بۇيرۇدى.

— خۇدا بۇيرۇسا بىز ئەتە ئەتىگەندە يولغا چىقايلى. مىرزا ھەيدەر ئاغا، سىز ئانام، سىڭلىم ۋە ئائىلىمىزدىكىلەرنى ئېلىپ مېڭىشقا مەسئۇل بولۇڭ. قاناتبەگ ئۆز ئادەملىرى بىلەن بىزدىن بۇرۇنراق يولغا چىقىپ، ئەتراپنى چارلاپ ماڭسۇن. مەن بارلىق ئەسكەر-ياساۋۇللارنى باشلاپ ماڭاي، بۇ سۆزۈمنى ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلاركى، — دېدى ئۇ تاپىلاپ، — ئاۋام-خەلقنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىنى، پادىشاھ بابۇر مىرزىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقان، ئەمەلدارلىرىغا تېگىشلىك مۈلۈكلەرنى سورىماي ياكى سوراپ ئېلىپ مېڭىشقا، بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. ئاۋام بىلەن چىرايلىق خوشلىشىپ، ئۇلاردا ياخشى تەسىراتىمىزنى قالدۇرۇپ كېتەيلى.

— خوپ شاھزادە، — دېيىشتى مىرزا ھەيدەر بىلەن قاناتبەگ قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ.

مۇشۇ دەم كۈن تىكلەشكەنىدى. «باغى ۋاپا» دىكى گۈل-گىياھلار كۆكىرىپ، مېۋىلىك دەرەخلەر چېچەكلەش ئۈچۈن مۇنچاق باغلىغانىدى.

سەئىدخان كەچكىچە بەگ، نەۋكەر-ياساۋۇللارنىڭ، مۇلازىم-خىزمەتچىلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆزەتتى، ھېچقانداق مەسىلە كۆرۈلمىدى. ئۇ قەلئە ئىچىنى ئارىلاپ يۈرۈپ كېچىچە ئۇخلىمىدى.

ئىلگىرى بىر جايدىن ئىككىنچى بىر جايغا يۆتكەلگەندە بۇلاڭ-تالاڭ قىلىدىغان، قاچىدىغان ئەھۋاللار كۆپ كۆرۈلگەنىدى، بۇ نۆۋەت ئۇنداق ئەھۋاللار يۈز بەرمىدى.

سەئىدخان چولپان تۇغقان مەھەلدە خاس ھۇجرىغا كىردى. گۈلسىما سۇلتان بېگىم ئىككى كېنىزىكى بىلەن نەرسە-كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇۋاتاتتى. دېرىزە يېنىدىكى گۈلدار بۆشۈكتە ئۇيقۇغا كەتكەن بوۋاق كۆزلىرىنى پاللىدە ئېچىپ يەنە يۇمدى. بۇ سەئىدخاننىڭ ھىجرىيە 916-يىلى[1] رامزان ئېيىنىڭ 21-كۈنى تۇغۇلغان ئوغلى ئىدى. سەئىدخان پادىشاھ بابۇر مىرزىنىڭ دەۋىتى بىلەن بۇ ئوغلىغا ئابدۇرەشىدخان، دەپ ئات قويغانىدى.

سەئىدخان ئاستا كېلىپ ئوغلىنىڭ سەل تۈرۈلگەن پېشانىسىگە سۆيدى. بوۋاق گۈل ياپرىقىدەك لەۋلىرىنى يۈرۈپ، قارا كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ تىپىرلاپ يىغلاشقا باشلىدى. ئەفرۇزە سۇلتان بېگىم كېلىپ بۆشۈكنى تەۋرىتىشكە كىرىشتى.

— تېز بولۇڭلار. ناماز بامداتنى ئوقۇپ بولۇپلا يولغا چىقىمىز، — دېدى سەئىدخان.

— خان ئاكا، مەن كەتمەي «باغى ۋاپا»دا قالىمەن، — دېدى ئەفرۇزە سۇلتان بېگىم دومسىيىپ.

[1] ھىجرىيە 916-يىلى —— مىلادى 1410-يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

رەبىانگۇل شىخدەك زىلۋا، نازۇك بەدەن بۇ قىز ئەقلىگە كەلگەن چېغىدا ئاش-تۇزىنى يەپ، سۇيىنى ئىچىپ ئويناپ-كۈلۈپ يۈرگەن ئەدىنە-پور قەلئەسىگە بولۇپمۇ "باغى ۋاپا"غا ئۆگىنىپ قالغانىدى.

— مەيلى سىڭلىم، خالىغان نەرسىڭىزنى ئېلىپ "باغى ۋاپا"دا قېلىۋېرىڭ، بىز كېتىۋېرىمىز، — دېدى سەئىدخان ئۇنىڭ يەلكىسىنى يېپىپ تۇرغان چاچلىرىنى سىلاپ.

ئۇلار ناماز بامداتتىن كېيىنلا يولغا چىقىشتى. ئەفرۇزە سۇلتان بېگىم ھەممىدىن بۇرۇن بۆشۈك سېلىنغان ھارۋىغا چىقىۋالدى. تېخى بالىدە، ھەممە كېتىۋاتسا ئۇنىڭ قانداقمۇ قالغۇسى كەلسۇن؟

لەمخانىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن يۇرت مۆتىۋەرلىرى ئەدىنە-پور ئاھالىسى بىلەن بىرگە ئۇلارغا نان تۇتۇپ، كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ ئۇزاتتى.

ئېلىپ مېڭىشقا قولايسىز بولغاچقا باققان كىيىكلەرنى سەئىدخان قويىدۇرۇۋەتتى. ئەلۋىدا "باغى ۋاپا! ..." دېدى پىچىرلاپ.

بۇلار كابۇلغا كەلگەندە بابۇر مىرزا سەئىدخان ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىنى ئوردىغا چۈشۈردى. بۇ يەردە ئۈچ كۈن تۇردى.

بىرىنچى كۈنى ناماز خۇپتەندىن كېيىن چارچاپ كەتكەن سەئىدخان بۆشۈكتە تىپچەكلەپ ياتقان ئوغلى ئابدۇلرەشىدخاننى بىر سۆيۈپ قويۇپ يېتىپلا ئۇخلاپ قالغانىدى. تاڭ يېرىم كېچە بولغاندا ئۇنى گۈلسىما سۇلتان بېگىم ئويغاتتى.

— شاھزادەم، تۇرسىلا. يىراقتىن مېھمان كەپتۇ.

ئۆندەرەپ تۇرۇپ كەتكەن سەئىدخان شام يورۇقىدا تېزلا كىيىنىپ قىلىچىنى بېلىگە ئاستى.

— كىم ئىكەن ئۇ بۇنداق كېچىدە كەلگەن؟

— بىلمىدىم، ئوردا دەرۋازىۋەنى ئالدىنقى ئۆيگە باشلاپ قويۇپ چىقىپ كېتىپتۇ، ماڭا كېنىزىكىم خەۋەر قىلدى، — دېدى خوتۇنى. غوۋا

يوروُقتا نىپىز ئىچ كىيىمدە تەلموُروُپ توُرغان مەھبوُبىسى ئوُنىڭغا بوّلەكچە چىرايلىق كوّروُنوُپ كەتتى. ئوُ توُغوُتتىن توُرغاندىن كىيىن، كوّكسى كوّتوُروُلوُپ، بەدىنى تولوُپ، چىرايى نوُرلىنىپ كەتكەنىدى. سەئىدخانىنىڭ قوُچاقلىغوُسى كەلدىيوُ، ساقلاپ توُرىۋاتقان مىھمانىنى ئويلاپ تىز چىقىپ كەتتى.

بوُلار چوُشكەن گوُلزارلىق، كەڭ ھويلىسى بارَ بوُ قەسىر بىرقانچە چوڭ-كىچىك ئوّيلەردىن تەركىب تاپقانىدى. ئالدىنقى ئوّي ھويلا ئىشىكىنىڭ يان تەرىپىدە بولوُپ، بەزى چاغلاردا بابوُر مىرزىموُ بوُ ئوّيدە مىھمان قوبوُل قىلاتتى.

سەئىدخان كىرىپ ئوّز كوّزىگە ئىشەنمەي توُروُپلا قالدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكوُم خان! — شاپ بوُروُت، ساقاللىق، بويلوُق ئادەم كەينى-كەينىدىن يەتتە مەررە تىزلىنىپ يوُتىغا باش قويدى.

— ھە، خوجا ئىلى، بوُ سىزموُ؟ قانداق ئىش بىلەن كىلىپ قالدىڭىز؟ — سورىدى سوغوُق نەزەر بىلەن سەئىدخان.

— خان، مەن سادىق قوُللىرى خوجا ئىلى باتوُر.تونوُماسمىكىن دىيسەم، تونوُدىلا. ئاللا ئالىيلىرىنى ئوُلوُغ پادىشاھ قىلىپ، سايىلىرىدا بىزنى كوُن كەچوُرگىلى نىسىپ قىلغاي.

— ئىنشائاللا، — دىدى چىڭراق ئاۋاز بىلەن سەئىدخان، ئوُنى مەگىستمىگەن تەرىزدە، — خان، خان دەپلا كەتتىڭىزغوُ، مەن تىخى شايبانىخانىنىڭ تەختىنى ئىگەللىگىنىم ياكى ئاتامنىڭ تەختىنى تارتىۋالغان مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئورنىغا ئولتوُرغىنىم يوق. خان بالىسى بولغىنىم ئوُچوُن شاھزادە دەپ ئاتاۋىرىڭ. ھە، نىمە سەۋەب بىلەن مىنى ئىزدەپ كەلدىڭىز؟

مەگدەپ قالغان خوجا ئىلى باشقا سوّز قىلماي تونىنىڭ قويوُن يانچوُقىدىن كىچىك قىلىپ قاتلانغان بىر پارچە خەتنى ئىلىپ ھىجايغىنىچە ئوُزاتتى. سەئىدخان خەتنى ئىچىپ ئوُقىدى:

شاھ ئىسمائىل شايبانىخانىنىڭ كاللىسىنى ئالغاندىن كىيىن، پوُتوُن

ماۋارائۇننەھر پاتپاراق بولۇپ كەتتى. مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەتتە، بابۇر مىرزا لەشكەر تارتىپ كېلىپ خۇراسان، ماۋارائۇننەھرگە ھۆكۈمران بولۇشى تۇرغان گەپ. شۇ ۋەجىدىن بىز قۇلنەزەر مىرزا، جاھانگىر مىرزا، يادىكار مىرزا، قۇتلۇق مىرزىلار شۇنداق مەسلىھەت قىلدۇقكى، بۇ جايلارغا ئۇ ھۆكۈمران بولغاندىن كۆرە سىزنىڭ خان بولغىنىڭىز تۈزۈك. 20 مىڭ ئادەمنى سىزگە ياردەم بېرىشكە تەييار قىلىپ قويدۇق. بۇنىڭغا رازى بولسىڭىز دەرھال ئاتلىنىپ كېلىپ بىز بىلەن بىرگە بولۇڭ...

سەئىدخان خەتنى سىقىمداپ تۇرۇپ، ئۆزىگە قورقۇمسىراپ قارىغان خوجا ئېلىغا قادالدى:

— مەن پەرغانىدە، ماۋارائۇننەھردە سەرسان بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىمدا ئۇ مىرزىلار نەدە قاپتىكەن؟ ماڭا شۇنچە جان كۆيدۈرۈپ نەپ ئالالمىغاندىن كېيىن، مەندەك قاچاقتىن سىزمۇ يۈز ئۆرىگەنغۇ؟ نەچچە مىڭ بىگۇناھ پۇقرانىڭ جېنىغا زامىن بولغان شايبانىخان ئۆلتۈرۈلگەن بۈگۈنكى كۈندە نېمە ئۈچۈن مېنى ياد ئېتىپ قالدىڭلار؟ نېمە ئۈچۈن بابۇر مىرزىدىن كەچمەكچى بولدۇڭلار؟ ئامالسىز بىرنەچچە كىشى بىلەن كابۇلغا كەلگەن چېغىمدا پادىشاھ ئاغام بابۇر مىرزا ماڭا باش پاناھ بولۇپلا قالماي، ئۆز ۋىلايىتى بولغان لەمخان دىيارىنى باشقۇرۇشۇمغا بەردى. ئاتام ئورنىدا غەمخورلۇق قىلدى. ئۇنىڭ شەپقىتىگە كۆز يۇمۇپ ۋاپاسىزلىق قىلسام، ياراتقۇچۇم ئاللاغا نېمە دەپ جاۋاب ئېيتىمەن؟ ئەمىر تۆمۈر ئەۋلادىغا، موغۇلىستان خەلقىگە قانداقمۇ يۈز كېلەلەيمەن؟ مەن خۇراسان ۋە پۈتۈن ماۋارائۇننەھرگە بابۇر مىرزىنىڭ پادىشاھ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۇنىڭغا ھەرگىز ئاسىيلىق قىلمايمەن خوجا ئېلى، سىنىڭ باسقان ھەر قەدىمىڭ غەرەزلىك ئىكەن. توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلىماقچى بولغانلاردىن نەپكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزۈڭ يۈز ئۆرىگەن كىشىنىڭ ئالدىغا كەلدىڭمۇ؟ كىم بىر پارچە سۆڭەك بەرسە، شۇنىڭغا قۇيرۇق شىپاڭشىتىدىغان ئىتنىڭ ئۆزى بولۇپسەنغۇ مەلئۇن! ”باھادىر“ دېگەن ئاتىقىڭ نەدە قالدى؟

سەئىدخان سۆزىنى تۈگىتىپ تووۋلىۋىدى، ئىككى ياساۋۇل ئۆيگە كىردى.

— بۇ هارامزادىنى ئېلىپ چىقىپ ئوردا زىندانىغا تاشلاڭلار. قېچىپ كەتسە كاللاڭلار بىلەن جاۋاب قىلىسىلەر!

ياساۋۇللار ئېغىز ئاچالماي تىترەپ تۇرغان خوجا ئېلىنىڭ بېلىنى ئاختۇرۇپ خەنجەر، ھەميانلىرىنى سەئىدخانغا تاپشۇردى. ئاندىن ئارقان بىلەن باغلاپ ئالدىغا سېلىپ چىقىپ كېتىشتى.

ئەتىسى بامداتتىن كېيىن، سەئىدخان خوجا ئېلى ئېلىپ كەلگەن خەتنى بابۇر مىرزىغا بەردى ۋە ئۇنىڭغا ئەھۋالنى ئېيتتى. بابۇر مىرزا بىر نەۋرە ئىنىسىنىڭ ساداقىتىدىن قاتتىق تەسىرلەندى. خوجا ئېلىنى دارغا ئېسىشقا ھۆكۈم قىلدى.

— شاھ ئاغا، — دېدى سەئىدخان، — قانداقلا بولمىسۇن ئۇ ئالدىمىزغا كېلىپ بىرقانچە قارا نىيەتلەرنىڭ سۇيىقەستىنى ئاشكارىلىدى. قويىۋېتەيلى، خالىغان يېرىگە كەتسۇن.

— دۈشمەنگە رەھىم قىلغان ئادەم شەھەر ئالالمايدۇ، — دېدى بابۇر مىرزا.

— بەزىدە قان تۆكمەيمۇ رەھىم-شەپقەت بىلەن شەھەر ئېلىش مۇمكىن ئاغا.

سەئىدخانىنىڭ جاۋابى بابۇر مىرزىنى ئويلاندۇرۇپ قويدى.

— خەير، بوپتۇ. ئۇ مەلئۇننى سىزگە تاپشۇردۇم.

سەئىدخان ئوردا زىندانىغا بېرىپ، چاھ ئىچىدىن خوجا ئېلىنى چىقاردى. ھەميانى بىلەن خەنجىرىنى قولىغا تۇتقۇزۇپ، بەش تىللا بەردى:

— بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆمرۈڭنى ئۆزۈڭنىمۇ، باشقىلارنىمۇ ئالدىماي تىنچ ئۆتكۈزگىن. كىشىلەرگە سۇيىقەست قىلمىغىن. قولۇڭدىن كەلسىلا ئاجىزلارغا ياخشىلىق قىل.

خوجا ئېلى يىغلىغان پېتى چوڭقۇر تەزىم قىلىپ يولغا راۋان بولدى.

*　　*　　*

كابۇلغا كەلگەننىڭ ئۈچىنچى كۈنى سەئىدخانلار ماڭماقچى بولدى. خۇراسانغا يۈرۈش قىلىش تەييارلىقى بىلەن بولۇۋاتقان بابۇر مىرزا سەئىد- خانغا قوش بىسلىق شەمشىرىنى يوللۇق تۇتتى.

— ئىنىم، سىز ئىزىدىن قايتمايدىغان يولۋاس. ئاللا بىزنىڭ رىسقى- مىزنى بىر جايدىن قىلمىغانىكەن. خەيرىيەت، ئايرىلىدىغان بولدۇق. تەقدىر ئىلاھى بىلەن يەنە بېشىمىزغا كۈن چۈشسە بىر سايىۋەن ئاستىدا كۆرۈشۈپ قالارمىز. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، بىر-بىرىمىزنى ياد ئېتىپ تۇرارمىز. ئاللا يولىڭىزنى بىخەتەر قىلىپ، غەلىبىنى سىزگە يار قىلغاي.

سەئىدخان قوش بىسلىق شەمشەرنى ئىككى قوللاپ ئېلىپ بېشى ئۈستىگە كۆتۈرۈپ دېدى:

— شاھ ئاغا، ئاللا بىزنى سەپەر ئۈستىدە، جاپالىق كۈنلەردە بىرگە قىلدى. مەن بۇنى ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇپ قالمايمەن. ئەمدى مەنزىلگە يەتكەن- دە زاتىمىزنى بىرگە قىلمىسا، روھىمىزنى بىرگە قىلغاي. سىزگىمۇ ئاق يول ھەم نۇسرەت تىلەيمەن.

ئىككى شاھزادە قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى.

بابۇر مىرزا ئۆزىنىڭ زەبەردەست نەۋكەرلىرىدىن 300 كىشىنى سەئىد- خاننىڭ باشقۇرۇشىغا بەردى. شەھەردىن يەتتە چاقىرىم يەرگىچە بېرىپ ئۇزىتىپ قويدى.

مەشرىقتىن باش كۆتۈرگەن قۇياش چاڭ كۆتۈرۈلگەن يولغا نۇر چاچتى.

— خەير-خوش كابۇل! — بۇ ئاۋاز سەئىدخان بىلەن مىرزا ھەيدەر- نىڭ ئاغزىدىن تەڭلا چىقتى.

# 2

كۈن خېلىلا ئېگىلىپ قالغانىدى. سەئىدخان بۇ نۆۋەت قەلئەزۇپەردە توختىماي يولنى داۋام قىلدى. كابۇلغا كېلىشتە بەدەخشاننىڭ بۇ خىلۋەت شەھىرىدە ئىككى ھەپتە تۇرغانىدى. تاماق، ھاجەت ۋاقتىدىن باشقا چاغلاردا توختىماي مېڭىپ، بىر ئايدەك يول ئازابىنى تارتىپ، ئاخىرى ئەنجان دىيارىغا قەدەم باستى. ئالدىدا يول چارلاپ ماڭغان قاناتبەگ بىر توپ قوراللىق نەۋكەرلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ ئادەملىرىنى تۆت تەرەپتىن قورشى-ۋالغان بۇ ناتونۇش كىشىلەر بىلەن ئېلىشماقچى بولۇۋېدى، قىزىل يۈزلۈك، كەكە ساقال، ئوتتۇرا بويلۇق ئادەم:

— سىلەر پادىشاھ بابۇر مىرزىنىڭ نەۋكەرلىرىمۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى. ھېچقانداق دۈشمەنلىك ئالامىتىنى كۆرمىگەن قاناتبەگ دەرھال سالام بېرىپ:

— بىز سەئىدخاننىڭ نەۋكەرلىرى بولىمىز، — دەپ جاۋاب بەردى.

— سەئىدخان قېنى؟ مەن مىرزا ھەيدەرنىڭ تاغىسى سەئىد مۇھەممەد مىرزا بولىمەن.

— شاھزادە ئارقىمىزدىن كېلىۋاتىدۇ.

— بىز شاھزادىنىڭ يولىغا مۇنتەزىر بولۇپ تۇرۇۋېدۇق. كەينىڭىزگە قاراپ، بىزنىڭ قانچە ۋاقىتتىن بېرى سەئىدخاننىڭ يولىغا كۆز تىكىپ، ئۇنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىمىزنى خەۋەر قىلىڭ. ئاخىر دىدار كۆرۈشىدىغان بولدۇق، — دېدى سەئىد مۇھەممەد مىرزا.

— خوپ ئالىيلىرى، — قاناتبەگ ئېتىنى كەينىگە بۇراپ شامالدەك تېز چېپىپ كەتتى. بىر ئاش پىشىم ئارىلىقتا ئۇ سەئىدخاننىڭ قارشىسىدىن چىقتى...

بۇلار ئەنجان شەھىرىگە يېقىنلىشىپ بىر بوستانلىققا كەلگەندە، قارشى ئېلىشقا چىقىپ كۈتۈپ تۇرۇشقان سەئىد مۇھەممەد مىرزا، يادىگار

مىرزا، بەگچەك بەكرى مىرزا، ئىشتاچى مىرزا قاتارلىق قەشقەر، پەرغانىنىڭ بىر قىسىم كاتتىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مۇلازىملىرى بىلەن ئۇچراشتى.

مىرزا ھەيدەر تاغىسى سەئىد مۇھەممەد مىرزا بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆز يېشى قىلىشتى. سەئىدخان سەئىد مۇھەممەد مىرزىنى بۇنىڭدىن ئالتە يىل بۇرۇن دادىسى بىلەن تاشكەنتكە كەلگەندە، تاغىسى سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئوردىسىدا كۆرگەنىدى. شۇ چاغدا سەئىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ مىرزا ئابا-بەكرىگە قېرىنداش ئىكەنلىكىنى بىلگەن، كۆڭلىدە ساقلىغان ئۆچمەنلىك بىلەن ئۇنىڭغا ئانچە ئېتىبار قىلمىغانىدى. بۇ نۆۋەت ئاتتىن چۈشۈپ قىزغىن كۆرۈشتى.

— ھەق تەرەپتە تۇرۇش، ئادالەتنى ياقلاش بابىدا خان-سۇلتانلارغا ئۈلگە ياراتتىڭىز ئاغا. ئەمدى ئويلاپ قارىسام كۆرەڭ، سەتەمكار سۇلتاننى كۈچلۈك تىرىكىدىن ئايرىپ يېتىم قالدۇرغان ئىكەنسىز. ئەگەر سىز ئاشۇ قانخور ئاكىڭىزنىڭ يېنىدا تۇرۇۋەرگەن بولسىڭىز، ئۇ جاھانغا تېخىمۇ سىغ-ماي قالاتتى. ئاللا سىزگە رەھمەت قىلسۇن، — دېدى سەئىدخان.

— رەھمەت خان ئوغلى. پېقىرنىڭ قېرىنداشلىق مېھرىدىن كەچمەي، بىر ياۋۇز ئاكىدىن كەچكەنلىكىمنى چۈشىنىپ يەتكەنلىكىڭىزدىن خۇشالمەن. بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىمنى زالىم مىرزا ئابابەكرىنى يوقىتىشقا ئاتاپ قويدۇم. ئەگەر قوبۇل كۆرسىڭىز بىر نەۋكىرىڭىز سۈپىتىدە بۇيرۇقىڭىز بىلەن جەڭگە كىرىشكە تەييارمەن، — سەئىد مۇھەممەد مىرزا يەنە بىر قېتىم تەزىم قىلدى.

— رەھمەت ئاغا. قانخور ئاكىسىدىن كەچكەن باھادىر داناغا ئىنى بولسام، نېمىشقا ئۆزۈمنى غالىپ ھېس قىلماي؟ بۇ سوۋغامنى قوبۇل قىلغاي-سىز، — سەئىدخان ئىگەرنىڭ يان تەرىپىگە توغرىسىغا باغلاپ قويغان قىلىچىنى ئېلىپ سەئىد مۇھەممەد مىرزىغا تۇتتى. بۇ ئۆزىنىڭ قىلىچى بولۇپ، بابۇر مىرزا يوللۇق تۇتقان شەمشەرنى بېلىگە ئېسىۋالغانىدى.

سەئىد مۇھەممەد مىرزا تىزلىنىپ قىلىچنى ئىككى قوللاپ ئېلىپ،

بېشى ئۆزرە كۆتۈردى:

— ئىنسان ئىمانى، ساداقىتى بىلەن ئەزىزدۇر. خان ئوغلى، ئىشەنچىڭىزگە داغ چۈشۈرمەيمەن!

سەئىدخان ئۇنى يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى. ئۇ ياراغدارنى چاقىرىپ ئۈچ قىلىچ ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. بۇ ئۈچ قىلىچنى يادىگار مىرزا، بەگچەك بەكرى مىرزا، ئىشتاچى مىرزىلارغا بىردىن تۇتتى. ئۇلارمۇ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، قىلىچنى ئىككى قوللاپ ئېلىپ باش ئۈستىگە كۆتۈرۈپ ساداقەت ئىزهار قىلىشتى.

سەئىدخان بالا-ۋاقىسى بىلەن بىرگە مەرھۇمە مومىسى ئېسەن دۆلەت بېگىمنىڭ چاھار بېغىغا چۈشتى. ئۇنىڭ مەقبەرىسى مۇشۇ باغ ئىچىدە ئىدى. قەبرە ئالدىدا نەزىر قىلىپ ئەنجان خەلقىگە ئاش بەردى. ئىككىنچى كۈنى كەچتە ئەنجاندىكى سۇلتان، ئەمىر، بەگلەرنى چىللاپ كاتتا زىياپەت بەردى. سەئىدخان مۇشۇ ۋاقىتقىچە بولغۇنىدەك كۆپ شاراب ئىچمىگەنىدى. ئۇ مەست هالدا مۇلازىملىرى بىلەن يېرىم كېچىدە قەسىرگە ياندى.

گۈلسىما سۇلتان بېگىم ياتلىق بولغاندىن بېرى ئېرىنى بۇ هالدا كۆرۈپ باقمىغانىدى. هەيران بولغىنىچە ئۇنى يۆلەپ ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— دادام، ئانام كەلدى. مۇشۇ هالەتتە قانداقمۇ ئۇلار بىلەن كۆرۈشەرلا؟

— هە، نېمە دېدىڭ ئەزىزىم؟ ئوغلۇم ئابدۇلرەشىدخان كۆرۈنمەيدىغۇ؟ ئۇ ئۆزى نەدە؟ مەن ئۇنى سېغىندىم.

خوتۇنى باغدىن گەپ قىلسا، سەئىدخان تاغدىن جاۋاب بەردى. ئۆزىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ:

— بۈگۈن بىزنىڭ تويىمىز. سەن نېمىشقا ئۆزۈڭنى مەندىن قاچۇرىسەن ... بۈگۈن بىزنىڭ تويىمىز تۇرسا ... سەن ... سەن ...، — دەپ قۇچاقلىدى.

— ئوغلىمىز ئىندەك ئانىسىنىڭ يېنىدا! ئۇنداق قىلمىسىلا شاھزادە، — دېدى خوتۇنى ئاغزىنى ئېرىنىڭ قۇلىقىغا يېقىپ.
— نېمىشقا ئۇنداق قىلمايدىكەنمەن؟ بۇگۈن بىزنىڭ تويىمىز تۇرسا. ماڭا يەنە بىر ئوغۇل تۇغۇپ بېرىشنى خالىمامسەن؟
— تۇغۇپ بەردىمغۇ...
— مەن يەنە بىرنى دەۋاتىمەن ... يەنە بىرنى...
سەئىدخان ئۆزۈپ-ئۆزۈپ خىرقىراپ سۆزلەپ، گۇلسىما سۇلتان بېگىمنىڭ ئۇياتتىن قىزىرىپ كەتكەن مەڭزىگە سۆيدى.

* * *

سەئىدخان ئەتىسى بامدات نامىزىدىن كېيىن قېيىن ئاتا، قېيىن ئانىسى بىلەن كۆرۈشتى. بوۋاي بىلەن موماي ئابدۇلرەشىدخاننى قۇچاقلىرىدىن چۈشۈرمىدى. كۆز ياشلىرىنىمۇ توختىتالمىدى. قىزىنىڭ گۇلسىما سۇلتان بېگىم ئاتىلىپ، ئەتراپىدا كېنىزەك-دېدەكلەرنىڭ پەرۋانە بولۇپ يۈرۈشكەندىلىكىنى كۆرۈپ خۇداغا كۆپ شۈكرىلەر قىلىشتى.
سەئىدخان ئادەم ئەۋەتىپ قېيىن ئاغىسى بىلەن گۇلسۇرۇخ بانۇنى چاقىرتىپ كەلدى. مەشقاۋۇل قاناتبەگ ئاتا-ئانىسىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى.
— ئاتا، ئانا، سالامەت تۇردۇڭلارمۇ؟
— خۇدايىم ئۆمۈر بەردى ئوغلۇم. مانا سېنى كۆردۇق. چوڭ ئادەم بولۇپ قاپسەن. بىز قېرىدۇق، — بوۋاي قاداق قوللىرى بىلەن ئوغلىنىڭ بېشىنى سىيلىدى، — نەۋرەم قېنى، كۆرمەيۋاتىمەنغۇ؟
— بار، دادا. ئانىسىنىڭ كەينىگە مۆكۈۋاپتۇ، ئۇمۇ چوڭ بولدى. ئەنە قارىسىلا...
ئۈچ ياشقا كىرگەن قەيسەر ئۇنىسىز ياش تۆكۈپ يەردىن باش كۆتۈرمەي ئولتۇرغان گۇلسۇرۇخ بانۇنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالغانىدى.

— بوۋاڭ بىلەن موماڭغا سالام بەر ئوغلۇم، — دېدى گۇلسىما سۇلتان بېگىم ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ ئالدىغا ئۆتكۈزۈپ.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — خام سېمىز، كۇمۇتا كۆز قەيسەر ئېگىلىپ سالام قىلدى-دە، ”پەرت“ قىلىپ يۈگۈرگىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. گۇلسۇرۇخ بانۇمۇ ئوغلى كەينىدىن يىغلىغان پېتى تاشقىرىغا چىقتى. ئۇ قاچانكى سەئىدخاننى ئىككىنچى قېتىم كۆرگەندىن تارتىپ كەم سۆز بولۇپ قالغانىدى. ئۇنى يۈرەك قاتلىمىدىكى سىر يوشۇرۇن ئازابلايتتى. قاناتبەگدىن بالىلىق بولغان بولسىمۇ، تەقدىرگە ئالدىنىپ قالغانلىقىدىن ھەسرەتلىنەتتى. بۇ توغرۇلۇق ئۇ ھېچكىمگە تىنمىدى. بەلكى ئۆمۈرۋايەت شۇنداق ئۆتۈپ كېتەر...

سەئىدخان قېيىن ئاتا-قېيىن ئانىسىنى ھۆرمەت بىلەن ئۇزىتىپ قويدى. بۈگۈن كەچكىچە ئادەمنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. بىر ھەپتىگىچە شۇنداق ئۆتتى. ھالبۇكى خوجا ئېلىنى مەكتۇپ بىلەن ئەۋەتكەن مىرزىلار ئىچىدە يادىكار مىرزىدىن باشقىلىرى كەلمىدى. ئۇلار خوجا ئېلىنىڭ ئىزدېرەكسىز يوقاپ كەتكەنلىكىدىن گۇمانلىنىپ، ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشقاندى. سەئىدخانمۇ بۇنى سۈرۈشتۈرمىدى.

قاناتبەگ خوتۇن-بالىسى، سىڭلىسى ۋە ئابدۇلرەشىدخاننى ئېلىپ جەيھۇن دەرياسى بويىدىكى بېغىغا بېرىپ ئىككى كۈن تۇرۇپ كەلدى.

مىرزا ھەيدەر سەئىد مۇھەممەد مىرزا بىلەن ئەنجان قەلئەسىدىكى ئوردا قەسرىدە تۇردى.

— يېقىندا ئانام جەمەڭ ئاغىچا ياركەنتتە قازا قىپتۇ، — دېدى ئاغىسى ئۇنىڭغا ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن باشتىن كەچۈرگەنلىرىنى سۆزلەپ، — ئاكام مۇھەممەد ھۇسەيىن كوراگاننى شايبانىخان قەتلى قىپتۇ. تەقدىر دېگەن شۇنداق رەھىمسىز بولىدىكەن ئىنىم. ئۇرۇق-ئەۋلادىمىزنىڭ مانا شۇنداق توزۇپ، تەرەپ-تەرەپتە سەرگەردان-خانىۋەيران بولۇپ كېتىشىگە قارا نىيەت ئاكام مىرزا ئابابەكرى سەۋەب بولماقتا. بۇنى بىلسەن. شۇنىڭ

ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇشنى خالماي سۇلتان مەھمۇدخان يېنىغا — تاشكەنتكە بېرىۋالغانىدىم. ئاخىر ئۇنىمۇ شايبانىخان ھالاك قىلدى. قازا يەتمىگەنىكەن، ھايات قالدىم. شۇنىڭدىن بېرى مەرھۇم سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ كىچىك ئوغلى سۇلتان يادىگار مىرزا بىلەن قېچىپ، مۆكۈپ يۈرۈپ گاھ شايبانىخان، گاھ مىرزا ئابابەكرى نەۋكەرلىرىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى كۆپ قېتىم تالاپەتكە ئۇچراتتۇق. لېكىن بىرەر ۋىلايەتنى ئېلىپ ماكانلىشالمىدۇق. زالىم شايبانىخان ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، جانىبەگ سۇلتان ئۇنىڭ تەختىگە چوغ تارتىپ ئەنجاندىن سەمەرقەنتكە كەتتى. بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم بىلەن ئەنجاننى ئىگىلىدۇق. بابۇر مىرزا بىلەن سەئىدخانىنىڭ يولىغا قارىغان ئىدۇق. سىز بىلەن سەئىدخان كېلىپ كۈچىمىز زورايدى ھەم چوڭ خانلارنىڭ ئەۋلادى بولغان يولباشچىغا ئېرىشتۇق. ئەمدى ۋاقىتنى قولدىن بەرمەي، لەشكەر تارتىپ قەشقەرگە بارساق غەلىبە قىلاتتۇق. سەئىدخان بۇنىڭغا ماقۇل بولارمۇ؟

مىرزا ھەيدەر بىر پەس ئويلىنىۋېلىپ جاۋاب بەردى:

— سەئىدخان باتۇر، تەدبىرلىك شۇنداقلا ئۆز خاھىشى بىلەن ئىش قىلىدىغان قورقماس شاھزادە. ھەرقانداق ئىشتا تەۋەككۇل قىلىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇ. كۆكسى-قارنى كەڭ، ئەپۇچان. غەلىبە قىلسىمۇ، مەغلۇپ بولسىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدۇ. بالا چېغىدىن باشلاپ مىجەزى شۇنداق. ئىككى يىلدىن بېرى شارابنى كۆپ ئىچىدىغان بولۇپ قالدى. كۆردىڭىز تاغا، ئۆتكەندە ھەممىدىن كۆپ ئىچىپ شاراب پەيزىنى تازا سۈردى.

— شارابنى كۆپ ئىچىش ئىككى سەۋەبتىن بولىدۇ ئىنىم، بىرىنچى سەۋەب: باشقا كەلگەن دەرد-ئەلەم. سەئىدخانىنىڭ بېشىغا كۆپ دەرد-ئەلەم كەلدى. بۇ دەرد-ئەلەمدىن قۇتۇلمىغىچە كۆپ ئىچىشنى تەرك ئەتمەيدۇ. ئىككىنچى سەۋەب: دۆلەت، بايلىق. دۆلىتى زىيادە، بايلىقى كۆپ بولغان كىشىلەر ئەيش-ئىشرەتكە بېرىلىدۇ. ئەيش-ئىشرەت شارابسىز بولمايدۇ. ئۇلار بايلىقى تۈگەپ، دۆلەت قۇشى بېشىدىن ئۇچقانغا قەدەر شاراب ئىچىشنى

توختاتمايدۇ. دەپ بېقىڭ ئىنىم، زادى سەئىدخان قەشقەرگە يۈرۈش قىلىشقا قوشۇلامدۇ-يوق؟

— مەن شاھزادىنىڭ مىرزا ئابابەكرىگە قارشى جەڭ قىلىش پىلانىنىڭ بارلىقىنى بىلىمەن. ئەمما دەرھال لەشكەر تارتىپ بارىدىغان-بارمايدىغانلىقىدىن تېخى خەۋىرىم يوق تاغا، ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باقساق بولىدۇ. ئۇ يەنە بىرنەچچە كۈن ئارام ئېلىۋالسۇن، — دېدى مىرزا ھەيدەر سەل توختىۋېلىپ، ئاندىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — بابۇر مىرزا قۇندۇزنى ئالغاندىن كېيىن خۇراسان، خارەزىم تەرەپلەرگە يۈرۈش قىلىدۇ. ئەگەر سەئىدخان ئۇ بىر نەۋرە ئاكىسىغا ياردەملىشىشنى كۆڭلىگە پۈككەن بولسا جانىبەگ سۇلتان بىلەن جەڭ قىلماي قالمايدۇ.

— ئۇنداق بولسا مەسلىھەتلىشىشنى كېيىنگە سۈرەيلى. بىزنىڭ ئەنجاننى ئىگىلەپ ياتقىنىمىز، سەئىدخاننىڭ كەلگەنلىكى جانىبەگكە ئاڭلىنىپ بولدى. لەشكەر تارتىپ كېلىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرەيلى. بۈگۈن ئاخشام سەئىدخان شەرىپىگە مەن زىياپەت بەرمەكچىمەن. ئىنىم سىز ئۇنى ئۆزىڭىز ئېلىپ كېلىڭ. سۇلتان يادىگار مىرزىنىمۇ تەكلىپ قىلىمەن.

— بولىدۇ تاغا، سەئىدخاننى مەشغاۋۇل قاناتبەگ بىلەن باشلاپ كېلەي، — دېدى مىرزاھەيدەر. ئۇ تاغىسى بىلەن خوشلىشىپ مەرھۇمە ئېسەن دۆلەت بېگىم بېغىغا كەتتى.

## 3

سەئىدخان بۇ زىياپەتنىڭ ئەتىسى جانىبەگ سۇلتاننىڭ لەشكەر تارتىپ كېلىۋاتقانلىقى توغرۇلۇق خەۋەرنى سەمەرقەنتكە بېرىپ قايتقان سەئىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ ئايغاقچىلىرىنى ئارقىسىغا سېلىپ كەلگەن مىرزا ھەيدەردىن ئاڭلىدى. ئۇ دەرھال ئەنجان قەلئەسىدىكى ئوردىغا بېرىپ سۇلتان،

ئەمر، بەگلەرنى يىغىپ، ئوردا سارىيىدا كېڭەش ئاچتى. سەئىد مۇھەممەد مىرزا باشلىق ھەممەيلەن جانىبەگ سۇلتانغا قارشى جەڭ قىلىشقا قوشۇلدى. ھەرقايىسى سۇلتان، مىرزىلارغا قاراشلىق ئەسكەرلەرنىڭ سانىنى ئېلىۋىدى، 3000 دىن ئارتۇق چىقتى. كابۇلدىن ئېلىپ كەلگەن ئادەملىرىنى قوشقاندا 4000 دىن ئاشىدىغانلىقى مەلۇم بولدى. ئۇ 1000 دىن ئارتۇق ئەسكەرگە سۇلتان يادىگار مىرزىنى سەردار قىلىپ كاسان قەلئەسىنىڭ مۇداپىئەسىنى چىڭىتىشقا ئەۋەتتى. يەنە 1000 دەك ئەسكەرگە سەئىد مۇھەممەد مىرزا بىلەن بەگچەك بەكرى مىرزىنى سەردار قىلىپ كاسان تاغلىرىغا مۆكۈپ تۇرۇپ دۈشمەنگە تۇيدۇرماي زەربە بېرىشكە بۇيرۇدى. ئۆزى مىرزا ھەيدەر، ئىشتاچى مىرزا، قاناتبەگلەر بىلەن 2000 ئەسكەرنى باشلاپ جانىبەگ سۇلتاننىڭ قارشى تەرىپىدىن چىقماقچى بولدى. ئۇلار يېرىم كېچىدە ئەنـ جاندىن ئاتلىنىپ يولغا چىقتى.

* * * *

سۇلتان يادىگار مىرزا بىر كۈن ئۈچقاندەك يول يۈرۈپ خۇپتەن نامىزىدىن يانغان مەھەلدە كاسان قەلئەسىگە يېتىپ كەلدى. جانىبەگ سۇلتان 15 مىڭ ئەسكىرى بىلەن يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە يېتىپ كېلىپ قەلئەنى قورشىۋالدى. ئەگەر يېرىم كۈن بالدۇر كەلگەن بولسا، كاسان قەلئەسى ئۇنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتەتتى ۋە ئوخشى قەلئەسىمۇ خەۋپ ئاستىدا قالاتتى.

سەئىدخانلار ناماز بامداتقا ئەزان چىققاندا كېلىپ شارقىراپ ئېقىۋاتقان ئېقىن بويىغا چۈشتى. تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇشتى. ئەۋەتكەن ئايغاقچىلار جانىبەگ سۇلتاننىڭ كاسان قەلئەسىنى قورشىۋالغانلىقىنى بىلىپ، بۇ ئەھـ ۋالنى سەئىدخانغا يەتكۈزۈشتى. سەل كېچىككەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەن شاھزادە قەلئەنى ئېلىش كويىدىلا بولغان دۈشمەنگە تۆت تەرەپتىن تۇيۇقسىز

ھۇجۇم قىلىش قارارىغا كەلدى.
ئۇيۇق قىزىرىپ، ئوخسى تەرەپكە ئوقچۇپ ئىقىۋاتقان دەرياغا شەپەق جۇلا تاشلىغان مەھەلدە سەئىدخان ھۇجۇمغا ئۆتتى، تاغ قاپتاللىرىغا مۆكۈنۈۋالغان سەئىد مۇھەممەد مىرزىمۇ مەرگەنلىرىگە ئوق ئېتىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى.
ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمغا ئۇچرىغان جانىبەگ سۇلتاننىڭ ئەسكەرلىرى قايسى تەرەپكە قاچسا، شۇ تەرەپتە ئوققا دۈچ كەلدى. دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ قېچىشقا باشلىغانلىقىنى سېپىل ئۈستىدە تۇرۇپ كۆرگەن سۇلتان يادىگار مىرزا چەۋەندازلىرى بىلەن قەلئە دەرۋازىسىدىن چىقىپ قويغا ئېتىلغان بۆرىدەك جانىبەگ لەشكەرلىرىگە ئۆزىنى ئۇردى. ئۇ مەرھۇم سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ كەنجى ئوغلى ئىدى. قەۋم-قېرىنداشلىرىنى خانىۋەيران قىلىۋەتكەن شايانىخان ئۆلگەندىن كېيىن جانىبەگ سۇلتاندىن قىساس ئېلىش ۋە سەمەرقەنت تەختىگە ئولتۇرۇش ئۈچۈن سەئىدخانغا قوشۇلغاندى. سۇلتان يادىگار مىرزا ئەل بولغان دۈشمەنلەرنىمۇ چېپىپ تاشلىدى. سەئىدخان بابۇر مىرزا يادىكار قىلغان قوش بىسلىق شەمشىرىنى ئوڭ-سول تەرىپكە شىلتىپ، كۆرگەن دۈشمەننى ئامان قويمىدى. ئۇلار جانىبەگنىڭ ئەسكەرلىرىنى بىر كۈن ئات چېپىپ قوغلاپ، نۇرغۇن غەنىيمەت بىلەن كاسانغا ياندى. ياپېشىل بوستان بىلەن ئورالغان كاسان قەلئەسى بۇ كۈنى قاينام-تاشقىنلىققا چۆمدى. سەئىدخان بۇ يەردە ئەسكەرلىرىنى ئۈچ كۈن دەم ئالغۇزۇپ، تۆتىنچى كۈنى كېچىدە ئەنجانغا يېنىپ كەلدى.
سۇلتان يادىگار مىرزا كاسان قەلئەسىدە قالغانىدى. ئۇ جانىبەگ سۇلتاننىڭ يەنە ئەسكەر باشلاپ كېلىشىنى ئېسىدىن چىقارماي، قەلئە مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشكە كىرىشىپ كەتتى.
بۇ ۋاقىتتا جانىبەگ سۇلتاننىڭ سەئىدخان بىلەن سوقۇشۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان مىرزا ئابابەكرى 10 مىڭ ئەسكىرى بىلەن كېلىپ ئوش بىلەن ئۆزگەننى بېسىۋالدى. جانىبەگ سۇلتانمۇ ئىككىنچى قېتىم 30 مىڭ ئەسكەر

بىلەن كاسان قەلئەسىنى قورشىۋالدى. ئەھۋال جىددىي ۋە خەۋپلىك بولۇپ قالغانىدى.

سەئىدخان كاسان قەلئەسىدىكى سۇلتان يادىگار مىرزىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن سەئىد مۇھەممەد مىرزىنى 1000 ئەسكەر بىلەن ماڭدۇرۇپ، ئۆزى جىددىي جەڭ تەييارلىقىغا كىرىشتى. ئەنجان شەھىرى ۋە ئەتراپىدىكى يېزىلاردىن ئىختىيارىي، مەجبۇرىي ھالدا 2000 دىن ئارتۇق پىدائىي ئەسكەر ئالدى. مەشھۇر قاناتبەگ ئۇلارغا يا ئېتىش، قىلىچ چېپىش، نەيزە سانجىش، ئومۇت ئۇرۇش، ئاتلىق، پىيادە جەڭ قىلىشنى مەشىق قىلدۇردى.

— قېرىنداشلىرىم، يۇرتداشلىرىم، — دېدى سەئىدخان جۈمە نامىزىدىن كېيىن ئوردا ئالدىدىكى مەيدانغا سەپراست بولغان كونا-يېڭى ئەسكەرلەرگە قاراپ، — دۈشمەنلەر بىزنى جەڭ قىلىشقا مەجبۇرلىماقتا. بىز جەڭدىن باش تارتساق ئۇلار بېسىپ كېلىدۇ. جان پىدا قىلىپ ئۇلارغا توسۇپ زەربە بەرمىسەك، ئۇلار بىزگە زەربە بېرىدۇ. بىزنى ئۆلتۈرىدۇ. ئېلىمىزنى ۋەيران، خەلقىمىزنى سەرسان قىلىدۇ. بىز دۈشمەننى چېكىندۈرۈشىمىز، ئەنجان دىيارىغا ئۇلارنى ئاياغ باستۇرماسلىقىمىز كېرەك. كىمكى ئارقىغا قاراپ قاچىدىكەن، ئۇنىڭ ئۆلگىنى شۇ. بىز بۇ جەڭدە خۇدا بۇيرۇسا غەلبە قىلىمىز. ئېلىنغان ئولجىنىڭ ھەممىسى ئەسكەر، سەردارلارغا ئوخشاش تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ. ھەققانىيەت ئۈچۈن، ئادالەت ئۈچۈن، يۇرتىمىزنىڭ تىنچ-ئامانلىقى ئۈچۈن جان پىدا قىلايلى!

— جان پىدا قىلىمىز! — ئەڭ ئاۋۋال بارلىق ئاۋازى بىلەن توۋلىدى مەشھۇر قاناتبەگ. ئۇ سەپراست بولغان قوشۇن ئالدىدا قىلىچ يالىڭاچلاپ تۇراتتى.

— جان پىدا قىلىمىز! — چۇقان سېلىشتى رەت-رەت تىزىلغان كونا-يېڭى ئەسكەرلەر. بۇ سادا ئەنجان شەھىرىنى تەۋرىتىۋەتتى.

سەئىدخان كونا يېتىشتىن بۇرۇن 4000 دىن ئارتۇق ئەسكەرنى باشلاپ شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقتى.

## 4

جانىبەگ سۇلتاننىڭ 30 مىڭ ئەسكىرى قورشىۋالغان كاسان قەلئەسىدىكى سۇلتان يادىكار مىرزا سېپىل ئۈستىدە دۈشمەن ئەسكىرىگە كۆز سېلىپ تۇراتتى. ئۇ سېپىلنىڭ ئۈچ دەرۋازىسىغا 200 دىن 600 نەپەر خىل ئەسكەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، قەلئەنىڭ ھەممە كىرىش ئېغىزلىرىنى يوچۇق قالدۇرماي ئېتىۋەتكەنىدى. سېپىل ئۈستىدە ھەر ئون قەدەم يەرگە ساداق، قىلىچ بىلەن قوراللانغان ئىككى ئەسكەر قويۇپ، 300 نەۋكەرنى ئايلىنىپ چارلاپ تۇرۇشقا بەلگىلىگەنىدى. ئەمما بىر ھەپتە ئۆتمەيلا، جانىبەگنىڭ ئەسكەرلىرى شەھەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان ئېغىز-سۈگۈچلەرنىڭ ھەممىسىنى توسۇۋەتتى. ئەسكەر ۋە ئاھالىلەر سۇسىز قالدى. قەلئەنى ئۇزۇن ۋاقىت مۇداپىئە قىلىپ تۇرالمايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەن يادىكار مىرزا، بىر كېچىسى ئاي قاراڭغۇسىدا بارلىق ئەسكىرى، خوتۇن-بالىلىرىنى ئېلىپ ئەنجان تەرەپتىكى دەرۋازىنى ئېچىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ چىققىنىنى دۈشمەن تۇيۇپ قالدى. نەيزە كۆتۈرۈپ يۈگۈرۈپ كەلگەن بىر ياساۋۇلنى يادىكار مىرزا قىلىچ ئۇرۇپ ئىككى پارە قىلىۋەتتى. جەڭ باشلاندى. جانىبەگ سۇلتاننىڭ ئوتقاش كۆتۈرگەن ئەسكەرلىرى ئۇلارنى ئارىغا ئېلىۋالدى. يادىكار مىرزا ئېتىنى ھەر تەرەپكە چاپتۇرۇپ شۇنداق جەڭ قىلدىكى، بۇ قاراڭغۇ كېچىدە ئەسكەرلەر بىر-بىرىنى ئىلغا قىلالماي قالدى. نەتىجىدە جانىبەگ سۇلتاننىڭ نۇرغۇن ئەسكىرى بىر-بىرىنى قىرغىن قىلىشقا باشلىدى.

سۇلتان يادىكار مىرزىنىڭ نەچچە يىلدىن بېرى ئۆزىدىن ئايرىلماي كەلگەن خوتۇنى ھەبىبە سۇلتان بېگىم ئېغىر ئاياغ ئىدى. ئۇ قىلىچ چېپىش، ئوقيا ئېتىشنى ئۆگىنىۋالغانىدى. ئۇمۇ بۇ كېچىدە ئېرىنىڭ كەينىدىن ئىز بېسىپ يۈرۈپ جەڭ قىلدى. قىلىچ ئۇرۇپ ئۈچ دۈشمەننى دومىلىتىۋەتتى. كېتىۋېتىپ جانىبەگنىڭ يا كىرىچىنى تارتىپ سۇلتان يادىكار مىرزىنى قارىغا

ئالغان بىر سەردارنى كۆرۈپ قالدى. ئىتنى دېۋىتىپ كەلگىنىچە ئۇنىڭ بېشىغا قىلىچ ئۇردى. ئوتقاش كۆتۈرۈپ تۇرغان يەنە بىر دۈشمەن ھەببە سۇلتان بېگىمنىڭ بېقىنىغا نەيزە سانجىۋەتتى. ئۇ قىڭغىيىپ ئىتنىڭ بوينىغا گىرە سېلىۋالدى. ھەببە سۇلتان بېگىمنىڭ ئېغىر يارىلانغانلىقىنى سەزگەن ئەقىللىق ئات قويۇندەك چېپىپ، سۇلتان يادىگار مىرزا يېنىدىن تېز ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ خاۋاتىرلەنگەن ھالدا ھەببە سۇلتان بېگىم نېمە بولغاندۇ؟ دەپ ئويلاپ، كەينىدىن ئات چاپتۇردى. بىرئاز ۋاقىتتىن كېيىن ھەببە سۇلتان بېگىمنىڭ تېز چېپىپ بۇلاق يېنىغا كەلگەن ئىتى توختاپ، ئاستا تىزلىنىپ، ئاندىن پۇتلىرىنى ئۇزۇن سۇنۇپ ياتتى. ئارقىدىنلا يېتىپ كەلگەن سۇلتان يادىگار مىرزا قارا تەرگە چۆمۈلۈپ خارتىلداپ قالغان ئىتنى تونۇتتى-دە، سەكرەپ چۈشۈپ مەجنۇن تاللىق بۇلاق بېشىغا كەلدى.

ئۇ قۇلىقىنى باستۇرۇپ ياتقان ئات ئۈستىدە ئىڭراپ جان تالىشىۋاتقان خوتۇننى قۇچىقىغا ئالدى.

— ئاھ دەرىخ، نېمە بولدىڭىز ئەزىزىم؟ ئەرنىڭ بۇرچى خوتۇننى جاپادا قويماسلىق بولسىمۇ، مەن بۇ بۇرچۇمنى ئادا قىلالمىدىم. مېنى كەچۈرۈڭ، سىزگە يۈز كېلەلمەيمەن.

ھەببە سۇلتان بېگىم كۆزلىرىنى تەستە ئېچىپ تەلمۈرۈپ قارىدى.

— سۇلتان، سىلى كەلدىلىمۇ؟ دىدارلىرىنى كۆرەلمەي قالامدىمەنكىن دەپ قايغۇرغانىدىم. كېلىپ مېنى خۇش قىلدىلا. مەن سىلىگە ئوغۇل تۇغۇپ بەرسەم بولاتتى. ئوغۇل... ئوغۇل...

ئۇنىڭ ئۈنى پەسلەپ كەتتى.

— ئەلۋىدا ۋاپادارىم، ئەلۋىدا. خاتۇنلىرىم ئىچىدە سىزلا مېنى تاشلاپ كەتمەي، ماڭا ھەمراھ بولۇپ كەلگەنىدىڭىز. ئەمدى يالغۇز قالدىغان بولدۇم. قانداق قىلارمەن ئەزىزىم؟...

ئۇنىڭ ياشلىرى تىنىقتىن قالغان ھەببە سۇلتان بېگىمنىڭ يۈزىگە يامغۇردەك قۇيۇلدى.

— سەبرى قىلىڭ سۇلتان يادىگار مىرزا، — ئۇنىڭ ئۇستىگە غۇۋا مەشئەل يورۇقى چۈشتى. بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ ئۆزىنى چۆرىدەپ تۇرغان نەۋكەر، ياساۋۇللارنى كۆردى. ئېگىشىپ تەسەللىي بەرگەن سەئىد مۇھەممەد مىرزىنى تونىدى.

— بىز ئۆلگۈرۈپ كېلەلمەپتۇق سۇلتان، بۇ يەردە تۇرۇۋەرسەك، دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ كېتىمىز. ئەنجانغا قايتايلى، — دېدى سەئىد مۇھەممەد مىرزا ئۇنى يۆلەپ. سۇلتان يادىگار مىرزا رەھمەتلىك خوتۇنىنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ نەۋكەرلىرىنىڭ ياردىمىدە ئاتقا مىندى...

# يىگىرمە بىرىنچى باب

# سايراندىكى داپ ئاۋازى

## 1

تاڭ سەھەر ئاتلىنىپ چىققان سەئىدخان چاشكا ۋاقتىدا دومبۇق دېگەن جايغا يېتىپ باردى. قىيپاش دۆڭ شەكلىدىكى بۇ يەر گۈل-گىياھقا پۈركەنگەن بولۇپ، ناھايىتى خىلۋەت ئىدى. بۇ يەردە بارىگاھ قۇرۇپ تاماق يەۋاتقان مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئەسكەرلىرى سەئىدخاننىڭ بۇنداق تېز كېلىشىدىن زادىلا خەۋىرى يوق ئىدى. ئەڭ ئالدىدا تۈيۇقسىز باستۇرۇپ كەلگەن سەئىدخان بەگلىرىنىڭ خىيالىنى قىلىپ ئولتۇرغان ئەلەمدارنى[1] چېپىپ تاشلىدى. توغ ئۆرۈلۈپ مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئەسكەرلىرى پاتپاراق بولۇپ كېتىشتى. ئوڭ تەرەپتىن مىرزا ھەيدەر، سول تەرەپتىن قاناتبەگ سەئىدخانغا ماسلىشىپ دۈشمەن لەشكىرى ئىچىگە بۆسۈپ كىردى. جەڭ شىددەتلىك تۈس ئالدى. قان چاچراپ، دەرەخ غوللىرى، ئوت-چۆپلەر قىزىل بويالدى.

مىرزا ئابابەكرىنىڭ بەقەمدەك قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى پىيالىدەك

① ئەلەمدار — بايراق كۆتۈرگۈچى.

يوغناپ كەتتى، ئۇ بارگاھتا ئولتۇرالماي قالدى. ئوڭ قولىغا قىلىچ، سول قولىغا ئومۇت ئېلىپ بارگاھ ئالدىغا چىقتى. ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن سەئىدخان ئەسكەرلىرىنىڭ بىرىنىمۇ بارگاھ تەرەپكە ئۆتكۈزمىدى. ھەر يانغا ئات يۈگۈرتۈپ نۇرغۇن ئەسكەرنى قىرىۋەتتى. جەڭ قىلىۋاتقاندا سەئىدخان ئات پادىسى ئىچىدە تۆگىدەك كۆزگە تاشلىنىپ قىلىچ ئۇرۇۋاتقان مىرزا ئابابەكرىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ قىلىچىنى تىقىمىغا باستۇرۇپ قويۇپ، يانى قولىغا ئالدى، كىرىچىنى تازا كېرىپ قارىغا ئالدى-دە، ئاتتى، ئوق مىرزا ئابابەكرىنىڭ سۆڭگىچىگە تەگدى. قاتتىق ئاغرىق ئۇنى مۈكچەيتىۋەتتى. ئاتنىڭ بويىنىغا چىڭ يېپىشىپ، بارگاھنى ئايلىنىپ جاڭگال تەرەپكە قاچتى. شۇ چاغدا يېتىپ كەلگەن سەئىد مۇھەممەت مىرزا، خوتۇننى ئەنجاندا دەپنە قىلىپلا يانغان سۇلتان يادىگار مىرزا بارلىق ئەسكەرلىرى بىلەن ئاتلىنىپ قېچىشقا باشلىغان دۈشمەن لەشكىرىنى قوغلاشقا كىرىشتى... مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئوش، ئۆزگەندىكى ئەسكەرلىرى تەسلىم بولدى. ئەسىرگە چۈشكەنلەر ئۈچ مىڭدىن ئاشتى. ئولجا ئېلىنغان قورال-ياراغ، مال-مۈلۈك، ئات-قوي، كىيىم-كېچەك، ئاشلىق لەشكەرلەرگە ئوخشاش تەقسىم قىلىپ بېرىلدى.

— مىرزا ئابابەكرىنىڭ ياساۋۇل-نەۋكەرلىرىنىڭ ھەممىسى قەشقەر، ياركەنتلىك ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزدۇر. ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش — بىر تۇغقاندىلىرىمىزنى ئۆلتۈرگەنلىك بولىدۇ. ئۆلتۈرمەي ھايات قالدۇرۇش — قېرىنداشلىقىمىزنىڭ ئىپادىسى، زەپەر قازىنىشىمىزنىڭ كاپالىتى، — دەپ يارلىق چۈشۈردى سەئىدخان. ئەسىرلەر ئۇنىڭغا غەلىبە تىلەپ دۇئا قىلدى.

## 2

سەئىدخان ئەنجانغا قايتىپ كەلگەندە يازنىڭ پىژغىرىم تومۇز كۈنلىرى باشلانغانىدى. ياز چىققىچە ئەسكەرلەرنى ھەم دەم ئالدۇرۇپ، ھەم تەرتىپكە

سىلىپ مەشىق قىلدۇردى. مەشقاۋۇل قاناتبەگ بامداتتىن تارتىپ شامغىچە ئەسكەرلەر بىلەن بىرگە بولاتتى. شامدىن يېنىپ ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان گۈلسۇرۇخ بانۇنىڭ ھۇجرىسىغا كىرەتتى. بەش ياشلارغا كىرىپ قالغان ئوغلى قەيسەرنى ئانىسى بىلەن تەڭلا باغرىغا باساتتى.

ئانار قىزارغان مەھەلدە، ئۆزىنى ماۋارائۇننەھرنىڭ پادىشاھى دەپ ئاتىۋالغان سۆيۈنچىلىك خان لەشكەر تارتىپ سەئىدخانغا قارشى ئاتلاندى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان سەئىدخان مەشىق قىلدۇرۇشنى توختىتىپ، توسۇپ زەربە بېرىش ئۈچۈن بارلىق ئەسكىرى بىلەن يولغا چىقتى. بەشكەنت دېگەن جايدا سۆيۈنچىلىك خاننىڭ يىگىرمە مىڭدىن ئارتۇق قوشۇنى بىلەن ئۇچ-راشتى. جەڭ قاتتىق بولدى. سۆيۈنچىلىك خان بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى قاچقان قىلىپ كۆرسىتىپ، سەئىدخان قوشۇنلىرىنى ئارىغا ئېلىۋالدى. سۇلتان يادىگار مىرزىنى تۇتۇۋېلىپ پارا-پارە قىلىۋەتتى. بەگچەك بەكرى مىرزا يا ئوقى تېگىپ قازا قىلدى. قاناتبەگ قارنىغا نەيزە تىقىلغان ئۇچقۇر ئېتىدىن ئايرىلدى. سەئىدخان، مىرزا ھەيدەرلەر بىرىنچى بولۇپ قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ يول ئاچتى. ئېغىر چىقىمغا ئۇچرىغان سۆيۈنچىلىك خان ئۇلارنى قوغلىماي ئارقىغا ياندى.

بۇ ئۇرۇشتا سەئىدخاننىڭ مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرى قازا تاپقانىدى. ئۇ ئەنجانغا كېلىپ قازا تاپقانلارغا ئاتاپ نەزىر بەردى. يارلىق چۈشۈرۈپ، ئەنجان قەلئەسىگە سەئىد مۇھەممەت مىرزىنى، ئوخشى قەلئەسىگە مىرغولى بارلاسىنى، مەرغىلانغا مىرايىم ئېلىنى ھاكىم قىلىپ تەيىنلەپ، ئۆزى بىر قىسىم ئەسكەرلىرى بىلەن ئەنجاننىڭ شىمالىدىكى تاغلىق جاي كاسانغا بېرىپ قىشنى ئۆتكۈزدى. سۆيۈنچىلىك خاندىن يېڭىلىش سەۋەبلىرى ھەق-قىدە مىرزا ھەيدەر بىلەن مۇھاكىمە قىلىپ، دۈشمەن كۈچىنى سەل چاغلىغانلىقىغا تەن بەردى.

ئىككى ياشقا كىرىپ قالغان شاھزادە ئابدۇلرەشىد «دادا» دەپ سەئىد-خانغا ئەگىشىپ يۈرەتتى. ئۇن بەشكە كىرگەن ئەفرۇزە سۇلتان بېگىم ئۇنى

تۇتۇۋېلىپ تاغ باغرىدىكى قاپتاللاردا ئوينىتاتتى. رەسىدە بولغان بۇ قىز چىمەنلىكتىكى قىزىلگۈلدەك تولىمۇ ئۇز ئىدى. ئۇ ئۆتكەن يىلدىن بېرى مىرزا ھەيدەردىن پارس تىلى ئۆگىنىۋاتاتتى. بۇ ئاچىسى نېمە دېسە شۇنى دەپ ئۆگىنىپ قالغان ئابدۇلرەشىد تىلىنىڭ ئەمدى چىقىشىغا قارىماي، بەزى پارسچە سۆز-ئىبارىلەرنى خېلى تولۇق ئېيتىپ بېرەلەيتتى. سەئىدخان ئاڭلاپ كۈلۈپ كېتەتتى.

مىرزا ھەيدەر خوتۇنى گۈلنىگار سۇلتان بېگىمنى ئوغلى پەرھاد مىرزا بىلەن ئەنجاندا قويۇپ كەلگەنىدى. سەئىدخان بۇنىڭدىن بىر يوشۇرۇن ئارزۇنى سەزگەندەك بولۇپ، سىڭلىسىنىڭ ئۇنىڭدىن پارسچە تىل ئۆگىنىشىـ نى توسۇماقچى بولدىيۇ، يەنە ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەردى. ”بىلىملىك ياخشى ئۇستاز، گۇمان بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويىماي“ دەپ ئويلىدى ئۇ.

كاسانىنىڭ باھارى سەئىدخانغا ھۇزۇر بېغىشلىدى، تۆت ئەتراپ گۈل-چېچەكلەر بىلەن تولۇپ، باغى ئېرەمدەك گۈزەللىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ ھەر كۈنى مىرزا ھەيدەر بىلەن شىكارغا چىقىپ كېيىك، قىرغاۋۇللارنى ئوۋلاپ كېلەتتى. ياۋا ئۆردەكلەر غورا بولغان مەزگىل ئىدى. قازاق ئېلىنىڭ خانى قاسىمقانىنىڭ خارەزىم ھۆكۈمدارى سۆيۈنچىلىك خانغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى تاشكەنتكە قامىۋالغانلىقى توغرىسىدا سەئىد مۇھەممەد مىرزىدىن خەۋەر كەلدى. بۇ چاغدا بابۇر مىرزا سەمەرقەنتنى ئىگەللەپ تەختتە ئولتۇرغىنىغا يېرىم يىلدىن ئاشقانىدى، بىراق سۇلتان ئوبەيدۇللاخان ئۇنىڭغا قارشى لەشكەر تارتىپ كېلىپ، كولمەلىك دېگەن جايدا ئۇنى مەغلۇپ قىلدى، يېڭىلگەن بابۇر مىرزا ھىسارغا چېكىندى ... بۇ خەۋەرنىمۇ ئاڭلىغان سەئىدخان بابۇر مىرزىغا ياردەم قىلىش نىيىتى بىلەن ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ ئەنجانغا كەلدى. سەئىد مۇھەممەد مىرزا بىلەن قاناتبەگ ئالدىغا چىقىپ ئۇنى ئوردىغا ئېلىپ كىردى.

— بىز سۆيۈنچىلىك خاننى يەڭسەك، ئوبەيدۇللاخاننى يېڭەلەيمىز

ۋە بابۇر مىرزىنى سەمەرقەنت تەختىگە چىقىرالايمىز. شۇڭا دەرھال ئاتلىنىپ تاشكەنتكە بېرىشىمىز كېرەك، — دېدى سەئىدخان.

— سۆيۈنچىلىك خاننى يېڭىش ئۈچۈن قاسىمقان بىلەن ئىتتىپاق بولىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ،— سەئىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ بۇ پىكرىنى مىرزا ھەيدەر قوللىدى:

— شاھزادە، ھىجرىيە 918-يىلى[1] بۇرۇندۇق خان ۋاپات بولغاندىن كېيىن قازاقلار خانى قاسىمقان دەشتى قىپچاقنى ئىگىلەپ، ئىسسىق كۆلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زور زېمىندا خانلىق تىكلىدى، سۆيۈنچىلىك خان نەچچە قېتىم لەشكەر تارتىپ بېرىپ ئۇنىڭ موينىنى تەۋرىتەلمىدى. بۇ نۆۋەت قاسىمقان ئۇنى قوغلاپ كېلىپ تاشكەنتكە قامىۋاپتۇ، لېكىن سۆيۈنچىلىك خان قاسىمقاننى ھالسىرىتىپ ئۇنى مەغلۇپ قىلىشىمۇ مۇمكىن، بىز بابۇر مىرزىغا ياردەم بەرمەكچى بولساق، قاسىمقان بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشىمىز زۆرۈر.

— ئەلبەتتە، — دېدى سەئىدخان، — مۇشۇ نىيەت بىلەن يولغا چىقايلى.

ئۇلار ئاق لىگەنگە لىق تولدۇرۇپ ئېلىپ كېلىنگەن ئۈجمىگە تەڭلا قول ئۇزىتىشتى.

## 3

باش يازنىڭ ئاپتىپى تاشكەنتنىڭ تۇپىلىق يولىنى ئىللىتىپ، باغلارغا تارالغانىدى. دالىلاردا قىزىرىپ پىشقان بۆلجۈرگەننى تېرىپ يۈرگەن دېھقان قىزلىرىنىڭ ناخشا-كۈلكىلىرى ئاڭلىناتتى. كۈن غەربكە قايرىلغانىدى، شەرق تەرەپتىن توپا توزۇتۇپ كېلىۋاتقان سەئىدخان ئەسكەرلىرى كۆندەرلەڭ

---

[1] ھىجرىيە 918-يىلى — مىلادى 1512-يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

ناملىق قىشلاققا يېتىپ كەلدى.

— بىز مۇشۇ يەردە كۈتۈپ تۇرايلى. قاناتبەگ قاسىمقانلارنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرەرمىز. دېھقانلارنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىگە تېگىلمىسۇن، — دېدى سەئىدخان ئاتتىن چۈشۈپ.

شۇ ئەتراپتىكى ئوچۇقچىلىققا چېدىرلار تىكىلدى. بۇ يەردە بىر كېچە تۇرۇشتى، ئەتىسى چاشكا ۋاقتىدا چارلاپ ئەھۋال ئۇقۇش ئۈچۈن بىر كۈن بۇرۇن يولغا چىقىپ كەتكەن قاناتبەگ ئادەملىرى بىلەن قايتىپ كەلدى.

— شاھزادە، — دېدى ئۇ سۆز باشلاپ، — بىز تاشكەنتكە تۈنۈگۈن چۈشتە يېتىپ بارغانىدۇق. قاسىمقان لەشكەرلىرىنى ئېلىپ قايتىشقا باشلىغانىكەن. توققۇز قېتىم يۈكۈنۈپ تەزىم قىلىپ ئالىيلىرىنىڭ ياردەمگە كېلىۋاتقانلىرىدىن خاننى ۋاقىپلاندۇردۇم. "مەن سۆيۈنچىلىك خاننى قوغلاپ، ئېلىمدىن يىراقلاپ كېتىپتىمەن. تۆت ئەتراپىم سۇلتانلارنىڭ زېمىنى ئىكەن. ئەگەر ۋاقتىدا قايتمىسام سۆيۈنچىلىك خاننىڭ دامىغا چۈشۈپ كەتكۈدەكمەن. شۇڭا ئېلىمگە قايتىشنى قارار قىلدىم. موغۇلستان خانىنىڭ ئوغلىغا رەھمەت. ئەگەر ئۇ مېنى خۇش قىلىمەن دېسە، ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي جۆدەگە[1] بارسۇن، رازى بولغىدەك ئوبدان كۈتۈۋالىمەن" دېدى. مەن خاننىڭ تەكلىپىنى ئۆزلىرىگە يەتكۈزىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ خوشلاشتىم. كېچىلەپ يۈرۈپ بۇ يەرگە يېتىپ كەلدىم.

سەئىدخان ئالدىراپ يولغا چىققانلىقىدىن ئەپسۇسلاندى، ئۇ گەپ تەگمەي لەشكەرلىرىنى ئوخشىغا ئېلىپ كەلدى. قاناتبەگ گۈلسۇرۇخ بانۇ بىلەن ئوخشىنىڭ ئىلگىرىكى ھاكىمى بولمىش مەرھۇم قېرىگەن ئاتىسى بايزىدنىڭ قەبرىسىگە چىقىپ دۇئا قىلدى. گۈلسۇرۇخ بانۇ ئۆزىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىپ جاللاتقا تاپشۇرغان ئاتىسىنى ياد ئېتىپ قاتتىق يىغلىدى.

سەئىدخان قازاق ئېلىنىڭ خانى قاسىمقان بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش

---

[1] جۆدە — دەشتى قىپچاق ئېلىنىڭ پايتەختى.

توغرىسىدا مىرزا ھەيدەر، سەئىد مۇھەممەد مىرزىلار بىلەن كېڭىشىپ بىر پىكىرگە كەلگەندىن كېيىن، ئوخشىدىن دەشتى قىپچاقنىڭ پايتەختى جۆدەگە قاراپ يولغا چىقتى.

70 ياشلىق قاسىمقان دەشتى قىپچاقنىڭ بىردىنبىر خانى بولۇپ، 300 مىڭغا يېقىن ئەسكىرى، ساناقسىز مال-دۇنياسى بار ئىدى، ئۇنىڭ خوتۇن-توقاللىرى كۆپ بولۇپ، ئەڭ چىرايلىق، ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغىنى سۇلتان نىگار خېنىم ئىدى. ياشىنىپ قالغان خان بۇ خوتۇنى يېنىدا بولسا ئۆزىنى ياشىرىپ قالغاندەك بەقۇۋۋەت سېزەتتى.

سۇلتان نىگار خېنىم مەرھۇم يۇنۇسخاننىڭ شاھ بېگىمدىن بولغان كەنجى قىزى بولۇپ سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ سىڭلىسى ئىدى. ئۇ ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى سۇلتان ماھمۇد مىرزىغا ياتلىق قىلىنىپ سۇلتان ۋەيس ئاتلىق بىر ئوغۇل كۆرگەنىدى. ئېرى ئۆلگەندىن كېيىن تاشكەنتتىكى ئاكىسى سۇلتان ماھمۇدخان يېنىغا كەتتى. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن چىڭگىزخاننىڭ چوڭ ئوغلى جوجى نەسلىدىن بولغان ئەدىك سۇلتانغا ياتلىق بولدى. ئۇنىڭدىن ئىككى قىز تۇغدى. ئەدىك سۇلتان ۋاپاتىدىن كېيىن قاسىمقانغا تەگكەنىدى. سەئىدخاننىڭ ھاممىسى بولغان بۇ مەلىكىنىڭ بېشىدىن ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلەر ئۆتكەنىدى.

قاسىمقان سەئىدخاننىڭ كېلىۋاتقىنىدىن خەۋەر تېپىپ، ئالدىغا قانىشقان، غىشقان، ماغاشقان، جان ھەيدەر سۇلتان، قارشى سۇلتان قاتارلىق ئوغۇللىرى بىلەن قىرىق سۇلتاننى چىقاردى. ئاق ئۆي ئالدىدا ئاق تايىنى سويۇپ قىزغىن كۇتۇۋالدى. سەئىدخانمۇ ئەنجاننىڭ خان ئەتلەسلىرىنى، ئىران، خوتەننىڭ نەپىس گىلەملىرىنى قاسىمقان ۋە ھاممىسى سۇلتان نىگار خېنىمغا سوۋغات قىلدى.

ئۇلار دەشتى قىپچاقنىڭ بۇ پايتەختىدە ياز چىققىچە تۇردى.

ياپيېشىل يايلاقتا نەچچە يۈز بايتال باغلانغانىدى. ياش كېلىنچەكلەر بۇ بايتاللارنى سېغىپ، سۈتىنى ساپال ئىدىشلارغا قۇيۇپ پىشىراتتى. تولۇم-

لارغا قاچىلاپ مېھمانلار ئالدىغا كەلتۈرەتتى. قارا كۆز كېلىنچەكلەر قېمىزنى غېدىرغا قۇيۇپ تۇتاتتى. سەئىدخانغا قېمىز بەك ياقتى، مەگزى چىلاندەك قىزىرىپ سەمرىپ قالدى. كۈندۈزى ئوغلاق تارتىپ، ئات چېپىشىپ، قىزقۇ-ۋار[1] ئوينىسا، كېچىلىرى دومبىرا، قوۋۇز تەڭكەش قىلىنغان ئەننى ئاڭلاپ، بوزا، قېمىز ئىچىپ ھۇزۇر قىلاتتى.

ئاق ئۆيدە ئۆتكۈزۈلگەن ئۈچ قېتىملىق سۆھبەتتىن كېيىن، سەئىدخان قاسىمقان بىلەن بىرلىكتە دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش، ئۆزئارا ياردەملىشىش، بىر-بىرىگە ئاسىيلىق قىلماسلىق توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىشتى.

سەئىدخان ئۆزايدىغان كۈنى سۇلتان نىگار خېنىم گۈلسىما سۇلتان بېگىمگە بىر جۈپ ئالتۇن بىلەيزۈك، ئابدۇلرەشىدخانغا كۈمۈش ساپلىق خەنجەر سوۋغا قىلدى. ئۇنىڭ يېنىدا ئىككى ياشلىق قىزى چۈچۈك سۇلتان بېگىم بارئىدى. سەئىدخان بۇ قىزنىڭ توغاچتەك مەڭزىگە سۆيۈپ قويدى.

قاسىمقان يەتتە چاقىرىم يەرگىچە بېرىپ ئۇزىتىپ قويدى. يۈز تۆگە، بەش يۈز ئات، ئۈچ مىڭ قوي يوللۇق تۇتتى.

## 4

ئەنجان دىيارى شېرىن قوغۇننىڭ خۇش ھىدىغا چۆمۈلگەن كۈنلەر ئىدى. دەشتى قىپچاقتىن قايتىپ كەلگىنىگە بىر يىل بولغان بولسىمۇ، سەئىدخان ئۇ يەردە ئۆتكۈزگەن خۇشال، غەمسىز كۈنلەرنى ئۇنتۇپ كېتەل-مىگەنىدى. دائىم كۆز ئالدىغا ھاممىسى ۋە ئۇنىڭ قىزى چۈچۈك سۇلتان بېگىم كېلىۋالاتتى...

بۈگۈن سەئىدخان قەسرىگە مىرزا ھەيدەرنى چاقىرتتى.

"شاھزادە يەنە قەيەرگە قوشۇن تارتىپ بارىدىغاندۇ؟ مەن بىلەن

[1] قىزقوۋار — قازاقلارنىڭ قىز-يىگىت ئاتلىق قوغلىشىپ ئوينايدىغان ئويۇنى.

مەسلىھەتلەشكۈدەك بۇنىڭدىن بۆلەك يەنە قانداق ئىشى بار ئىكىنە؟“ دەپ ئويلىغان مىرزا ھەيدەر قەسىر مېھمانخانىسىغا كىرىپ نازۇ-نېمەتلەر بىلەن توشقان داستىخان ئۈستىدە بىر كوزا شارابنىمۇ كۆردى: ”يېقىن ئادەملىرى بىلەن ئىچىشۋازلىق قىلىپ كۆڭلىنى بىر كۆتۈرمەكچى بولسا كېرەك.“

مىرزا ھەيدەر ئانچە خۇش بولمىغان ھالدا ساتار چېلىۋاتقان شاھزادىگە سالام بەردى. سەئىدخان ساتارنى تامغا يۆلەپ قويۇپ، ئىززەت-ئىكرام بىلەن ئۇنى تۆردە ئولتۇرغۇزدى.

— مېھمانلار تېخى كەلمەپتىغۇ شاھزادە؟ — سورىدى مىرزا ھەيدەر كاتتا سېلىنغان داستىخانغا قاراپ.

— مېھمان كېلىپ بولدى ئاغا، — سەئىدخان كۈلدى.

— نېمە؟ قېنى ئۇ كېلىپ بولغان مېھمانلار؟

— مانا، ئولتۇرۇپسىزغۇ، بۇگۈن سىزدىن بۆلەك ئېزىز مېھمىنىم يوق.

— ئۇنداق دېمەڭ شاھزادە، سىزگە جان پىدا قىلىدىغان نى-نى ئەزىمەتلەر بار.

— شۇنداق، — دېدى سەئىدخان كۈمۈش جامغا شاراب قۇيۇپ، — ھېچكىم ماڭا سىزدەك ھەم تۇغقان ھەم تەربىيىلىگۈچى، ھەم ئۇستاز، ھەم دوست بولغان ئەمەس مىرزا ھەيدەر ئاغا، — ئۇ شارابنى سۇندى.

مىرزا ھەيدەر ئەزەلدىن كۆپ ئىچمەيتتى. سورۇنلاردا سەئىدخاننىڭ كۆڭلىنى ئاياپلا ئانچە-مۇنچە ئىچىپ قوياتتى.

— ئوھۇ شاھزادە! بۇگۈن پەيلىڭىز باشقىچىغۇ؟ — دېدى ئۇ شارابنى قولىغا ئېلىپ، — بىر خۇشپىيانە گېپىڭىز بار ئوخشىمامدۇ؟ قايسى خانزادىنىڭ لېۋەن قىزىغا كۆزىڭىز چۈشتى؟ بۇگۈن مۇشۇ نازۇك ئىش توغرۇلۇق چاقىرىپسىزدە، ئەلچى بولىمەنمۇ؟ — چاقچاق قىلىپ شارابنى ئىچىۋەتتى.

— بەزىدە ”دوست“ دېگەن سۆز قېرىنداش، ئۇستاز دېگەن سۆزلەر-دىنمۇ ئەلا تۇرىدىكەن. مەن شۇ تاپتا سىزنى دوستۇم دەپ ئاتاشنى لايىق كۆرىمەن، — دېدى سەئىدخان جامغا يەنە شاراب قۇيۇپ، — تاپتىڭىز

دوستۇم، خۇپپيانە مەسلىھەتلىشىدىغان بىر ئىش بار، بۇ نۆۋەت ئەلچى سىز ئەمەس، مەن بولىمەن. قېنى، شاراب ئىچىلىك، — ئۇ شارابنى سۇندى، — قاراڭ، قىرغاۋۇلنىڭ كاۋىپى بەك شېرىن پىشىپتۇ. تارتىنماي ئېلىڭ. قېنى دوستۇم، مەززە قىلايلى.

مىرزا ھەيدەر ئۇنىڭ گېپىنىڭ تېگىدە گەپ بارلىقىنى ھېس قىلىپ جامنى ئېلىپ بىر كۆتۈرۈشتە شارابنى ئىچىۋەتتى.

— گېپىڭىزنى ئۇچۇق ئېيتمىغىچە تائامغا ئېغىز تەگمەيمەن شاھزادە. سەئىدخان ئۇنىڭغا تىكىلدى:

— گۈلنىگار سۇلتان بېگىمگە كابۇلدا ئۆيلەنگەنمىدىڭىز دوستۇم؟

— شۇنداق شاھزادە، بابۇر مىرزىنىڭ دەۋىتى بىلەن.

— ئۇنى كۆيۈپ ئالغانمىدىڭىز؟

— ئەستاغپىرۇللا! تازا قىزىق سوئال بولدىغۇ بۇ شاھزادە. گۈلنىگار سۇلتان بېگىم سۇلتان ماھمۇد مىرزىنىڭ توقال خوتۇنىدىن بولغان ئەڭ كىچىك قىزى ئىكەن. دادىسى قازا تېپىپ ئۇزۇنغا قالماي ئانىسىمۇ ئۆلۈپ كېتىپ، قۇتلۇق نىگار خېنىم يېنىدا تەربىيە تاپقانىكەن. بابۇر مىرزىنىڭ گېپىنى يېرالماي ئەمرىمگە ئالغىنىم راست. توي بولۇپ كۆپ ئۆتمەي سىزمۇ كابۇلغا كەلدىڭىز.

— مۇنداق دەڭ. ئۇنىڭغا تازا كۆڭلىڭىز يوق ئىكەن-دە؟

— كۆڭلۈم بولسۇن-بولمىسۇن نىكاھلىق خوتۇنۇمغۇ ئۇ.

— بۇ راست. دوستۇم ئېيتىڭا، بىرىگە كۆيۈپ باققانمۇ سىز؟

— غەلىتە سوئاللارنى سورىغىلى تۇردىڭىزغۇ شاھزادە.

— شاھزادە دېمەڭ، دوستۇم دەڭ.

— دوستۇم، مېنى سوراق قىلىۋاتمايدىغانسىز؟

— بۇ مۇھىم، — دېدى سەئىدخان شاراب سۇنۇپ، — جاۋاب بېرىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن. بىرىگە زادى كۆيگەنمۇ سىز؟ ماڭا راست گەپ قىلىڭ.

مىرزا ھەيدەر ئەجەبلەنگەن ھالدا شارابنى ئىلىپلا ئىچىۋەتتى.

— بۇرۇن بىرنگە كۆيۈپ باقمىغانىدىم.

— ئەمدىچۇ؟

— كۆيسەممۇ نىمە ئىلاج؟

— بولدى بەس دوستۇم، گەپ تولىدى. مۇنۇ تائامدىن يەپ، قايتقاندىن كېيىن توي تەييارلىقى بىلەن بولۇڭ، سىرتتا زۆرۈر بىر ئىشىم بار ئىدى، ئەمىسە مەن كەتتىم.

سەئىدخان داڭ قېتىپ ئولتۇرۇپ قالغان دوستىغا باشقا گەپ قىلماي ئىتتىك چىقىپ كەتتى. مىرزا ھەيدەر تائامغا ئېغىز تەگمەستىن، جامغا تولدۇرۇپ شاراب قۇيدى.

## 5

دائىم جەڭ دۇمبىقى ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان ئوخسى دىيارىدىكى سايران بوستانلىقىدا بۇگۇن داپ ئاۋازى ياڭراۋاتاتتى. ياپيېشىل مەجنۇنتاللار، رەڭگارەڭ گۈل-گىياھلار سەلكىن شامالدا ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتكەنىدى.

گۈل پۇراپ تۇرغان چوڭ باغ ئىچىدىكى ئازادە ھۇجرىدا گۈلسۇرۇخ بانۇ ئەفرۇزە سۇلتان بېگىمنىڭ چېچىنى تاراۋاتاتتى.

— بانۇم ئاپا، مەن ياتلىق بولىدىغان ئادەم مىرزا ھەيدەر ئاغىمۇ ياكى باشقا ئادەممۇ؟

گۈلسۇرۇخ بانۇ كۈلۈپ تىلىقىپ كەتتى. تويى بولغاندىن بېرى بۇنداق ئېچىلىپ كۈلىشى بىرىنچى قېتىم ئىدى. دائىم مۇڭلىنىپ يۈرىدىغان بۇ ئايال ئۆتكەن يىلدىن بېرى ئېچىلىپ كۈلىدىغان، كىشىلەر بىلەن مۇڭدىشىدىغان بولۇپ قالغانىدى. قاناتبەگ خوتۇنىنىڭ خۇشخۇيلىشىپ قالغىنىدىن نىمىشقا سۆيۈنمىسۇن!؟ ئۇ ئەمدى ئەسكەرلەرنىڭ قېشىدىلا كۈننى ئۆتكۈزمەي، گۈلسۇرۇخ بانۇنىڭ يېنىدا كۆپرەك بولىدىغان بولدى...

— مەلىكەم نېمە دەۋاتىسىز، تېخىچە كىمگە تېگىدىغانلىقىڭىزنى بىل-مەي يۈرەمسىز؟ ماڭا ئوخشاش سۆيگەن كىشىڭىزنى ئالماشتۇرۇپ قويماڭ يەنە...

— نېمە، نېمە دەۋاتىسىز بانۇم ئاپا؟ سىز سۆيگەن كىشىڭىزنى ئالماشتۇرۇپ قويغانمىدىڭىز؟ تازا قىزىق ئىش بولغان ئىكەندە، — قاقاقلاپ كۈلدى ئەفرۇزە سۇلتان بېگىم.

— ياق، ئۇنداق بولمىغان. گېپىڭىزگە يارىشا ئويناپ دەپ قويدۇم. سىز راستتىن كىمگە ياتلىق بولىدىغانلىقىڭىزنى بىلمەمسىز؟

— بىلمەن، ئىشەنمەيۋاتىمەن.

— ھوي شەيتان قىز.

— مىرزا ھەيدەر ئاغام بۇ چاقىچە ماڭا بۇ توغرۇلۇق زادىلا گەپ قىلىپ باقمىغان، — دېدى ئەفرۇزە سۇلتان بېگىم يۈزىنى ئالقىنى بىلەن يېپىپ.

— ۋاي تادان قىز، ئۇ سىزنى بەكلا ياخشى كۆرىدۇ. كۆڭلىدىكىنى ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىغان بولسا كېرەك. سىزچۇ؟

— مەن ئۇنىڭغا ئېيتقان، — دېدى بارماقلىرىنىڭ ئارىلىقىدىن قاراپ.

— نېمىنى ئېيتقان؟ — قىزىقىپ سورىدى گۈلسۇرۇخ بانۇ، ئۇنىڭ ئېسىگە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ۋاقىتتىكى ئىشلار چۈشۈپ.

— ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بولمامدۇ.

— ئېزا تارتماي قانداق ئېيتتىڭىز؟

— ئاغزىم بىلەن ئەمەس، كۆزۈم بىلەن ئېيتقان.

— كۆزۈم بىلەن؟ كۆز بىلەنمۇ سۆزلىگىلى بولامدۇ؟

— ھەئە، ئېزا تارتقانلىقىمدىن كۆڭلۈمدىكىنى دېيەلمەي مىرزا ھەيدەر ئاغىغا تەلمۈرۈپ قارايتتىم.

گۈلسۇرۇخ بانۇ تولا كۈلۈپ ئۇنىڭ تال-تال چاچلىرىنى تارتىپ سالدى.

— ۋايجان، يۇلۇۋەتتىڭىز...

## 6

سەئىدخان ھاممىسى سۇلتان نىگار خېنىمغا ئاتاپ ئېقىن بويىدىكى خىيابانغا ئاق ئۆي تىكتۈرگەنىدى. سۇلتان نىگار خېنىم قىزى چۈچۈك سۇلتان بېگىم بىلەن كەلگەنىدى. زىققا كېسىلى بولۇپ قالغان خەدىچە سۇلتان بېگىممۇ ئانىسىدىن كىچىك قالغان قىزىنىڭ تويىدا بولۇش ئۈچۈن ئەنجاندىن سايرانغا كەلگەنىدى. ھاسىراپ گەپ قىلاتتى، چاچلىرى ئاقىرىپ كەتكەنىدى، ئۇ سۇلتان نىگار خېنىمنىڭ شۇنداق ياش، چىرايلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ مەرھۇم ئىنىسى ئەسلەپ قالدى.

— ئاكىلىرى سۇلتان ئەھمەدخان ئۆزلىرىگە بەكمۇ ئامراق ئىدى. "نىگار، نىگار" دەپ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى، يىللار ئۆتۈپ بىر-بىرىمىزنى كۆرمەي، سېغىنىش ئوتلىرىدا پۇچۇلاندۇق، ئانىلىرى شاھ بېگىم ھازىرغىچە كابۇلدا، جاھان تىنىچ بولسا بۇ تويغا كەلگەن بولاتتى.

سۇلتان نىگار خېنىم ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۆز يېشى قىلدى.

— شۇ ئانامنى بەكمۇ كۆرگۈم كەلدى.

— خان ھاما، بۇگۈن توي، يىغلىمىسىلا، ئانام ئاران تۇرىدۇ. سىلى يىغلىسىلا ئانام چىدالمايدۇ. سىلنى مىرزا ھەيدەر ئاغامغا ئانا بولۇپ بەرسۇن دەپ چاقىرىپ ئېلىپ كەلدۇق، توي نەغمىسىنى ئۆزلىرى باشلاپ بەرمىسىلە بولمايدۇ، — دېدى سەئىدخان بوغان قارا كۆزلىرىدىن ياش ئېقىپ تۇرسىمۇ، چىرايى ئاپئاپتەك نۇرلىنىپ تۇرغان ھاممىسىغا تەسەللىي بېرىپ.

سۇلتان نىگار خېنىم نەپىس ياسالغان قوۋۇزنى ئاغزىغا سېلىپ چېلىشقا باشلىدى. ئاق ئۆي ئىچى قوۋۇزنىڭ مۇڭلۇق ساداسىغا تولدى.

— قىزىم چۈچۈك نەگە كەتكەندۇ؟ ئۇسسۇل ئويناپ بېرەتتى، — دېدى ئۇ بىر پەدە چېلىپ بولۇپ.

— ئوغلۇم ئابدۇلرەشىد بىلەن ئويناۋاتسا كېرەك. چاقىرايلى،

—سەئىدخان ئۆزى چىقىپ ئۇلارنى باشلاپ كىردى. ئابدۇلرەشىدخاننىڭ قولىدا كىچىك ساداق، بېلىدە كىچىك خەنجەر بار ئىدى. ئۇچىسىغا شايەتون، بېشىغا جىيەك تۇتتۇلغان بۆك كىيگەنىدى. چۇچۇك سۇلتان بېگىم ياقۇت كۆز قويۇلغان زەر جىيەكلىك تاقىيە، ئالتۇن تۈگمىلىك تەتىللا جىلتىكە، غاز تۇمشۇقىدەك مەخمەل چورۇق كىيگەنىدى. ئۇلار ئېگىلىپ سالام بېرىشتى.

— بارىكاللا سىلەرگە باللىرىم! كۆز تەگمىسۇن، — دېدى خەدىچە سۇلتان بېگىم روھى كۆتۈرۈلۈپ، هازىر ئۇنىڭ دىمى سىقىلماي، نەپىسى ياخشىلىنىپ قالغانىدى.

— بۇلار ئۇستىدىن ئىسرىق سېلىۋېتىڭلار، — دېدى سۇلتان نىگار خېنىم — نېمە دېگەن كېلىشكەن بىر جۈپ-هە!

ئۆي ئىچىدىكى ئەر-ئاياللار كۈلۈپ كېتىشتى.

ئىككى ئايال خىزمەتكار تەلەڭگىگە ئېلىنغان ئارچا ياغىچى ئۇستىگە ئازراق قوي يېغى سېلىپ، چوغ قويۇپ يەلپۈپ تۇتاشتۇرۇپ، ئەمدىگىنە تۆت ياشىنىڭ قارىسىنى ئالغان ئوغۇل-قىز گۆدەكلەرنىڭ بېشىدىن ئۈچ مەرتەم ئايلاندۇردى، خۇشبۇي ئۆينى قاپلىدى. ئاندىن ئىسرىقنى تاشقىرىغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

— چۇچۇك سۇلتان قىزىم، ئابدۇلرەشىدخان ئوغلۇمغا سوۋغا ئېلىپ كەلدىمىكىن، كۆرۈپ باقساق، — دېدى خەدىچە سۇلتان بېگىم، سۇلتان نىگار خېنىمغا كۆز يۇمۇشلاپ قويۇپ.

— ئېلىپ كەلدىم هە ئاپا، — نارەسىدە قىز ئانىسىغا قارىدى.

— ئېلىپ كەلدى، ۋاي ئېلىپ كەلمەمدىغان، — دەپ قويدى سۇلتان نىگار خېنىم، — قىزىم ئېلىپ كەلگەنلىرىڭنى ئېيتىپ بېرە، سەئىدخان داداڭ ئاڭلاپ باقسۇن.

— ئاق قاشقا تاي، هە، ئوقيا. قولىدىكى شۇ، — كۆرسەتتى ئابدۇلرەشىد خانغا ئىشارەت قىلىپ، — ئانامنۇ، تۆگە، ئات، قوي ئېلىپ

كەلدى. بەك كۆپ، — ئۇ كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ سەئىدخاننىڭ قۇچىقىغا چىقىپ ئولتۇردى.

— ئوغلۇم، چۈچۈك خانقىزغا سەن ھەشقاللا ئېيتىپ نېمە بەردىڭ؟ دەپ باقە.

ئابدۇلرەشىدخان كۇلۇمسىرەپ ئاتىسىنىڭ يېنىغا كەلدى.

— مەن بۇيىندىكى زۇننارنى بەردىم، ئېسىۋالدى، ئەنە، — قولى بىلەن كۆرسەتتى. ھەممەيلەن پاراقلاپ كۇلۇپ كېتىشتى.

— ئەمدى مەن قوۋۇز چېلىپ بېرەي، سەن ئۇسسۇل ئويناپ بەرگىن قىزىم.

سۇلتان نىگار خېنىم قوۋۇزنى چىشلەپ چېلىشقا باشلىدى. چۈچۈك قىز تارتىنىپراق ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئۇسسۇل ئوينىدى.

— يىگىت كەلدى، يىگىت كەلدى! — دېگەن ئاۋاز تاشقىرىدىن ئاڭلاندى.

سەئىدخان ئاق ئۆيدىن چىقىپ ئاتلىق كېلىۋاتقان كۆي ئوغۇلنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدى. يېشىل سەللە ئورىغان مىرزا ھەيدەر خېلى يىراقتىن پىيادە بولۇپ سەئىدخانغا توققۇز قېتىم تىزلىنىپ سالام بەردى، ئەنجان، ئوخسىنىڭ مەرتىۋىلىك كىشىلىرى، سەئىد مۇھەممەد مىرزا، قاناتبەگ قاتار-لىق بەگ، سەردارلار بوستانلىقتا مەرىكە تۈزەپ ئولتۇرۇشتى، ئوخسىنىڭ قازى كالانى نىكاھ ئوقىدى. قىزغا سەئىدخان، يىگىتكە سەئىد مۇھەممەد مىرزا ئاتا بولدى، ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان پولۇ تارتىلغاندىن كېيىن، ئوخسىنىڭ شېرىن قوغۇنلىرى پىچىلىپ تەخسە-تەخسىدە كەلتۈرۈلدى. دۇ-ئادىن كېيىن ساز باشلاندى. داپ ئاۋازى گۈزەل سايران ۋادىسىنى قاپلىدى.

شۇ تاپتا ئەنجاندىكى ئۆيدە مىرزا ھەيدەرنىڭ خوتۇنى گۈلنىگار سۇلتان بېگىم يىغلاپ ئولتۇراتتى...

## يىگىرمە ئىككىنچى باب

# كېسىلگەن باش

### 1

بۇ يىل باھار جۇدۇنلۇق بولدى. ھاۋا بىر كۈن ئۇچۇق بولسا بىر كۈن تۇتۇلاتتى. توختىماي چىقىپ تۇرغان شامال بەزىدە بورانغا ئايلىنىپ، مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ چېچەكلىرىنى بىۋاقىت تۆكەتتى. بەزىدە قارا قويۇن كۆتۈرۈلۈپ مورىدىن چىققان تۈتۈندەك ھاۋاغا ئۆرلەپ، ئەتراپنى كۆرگۈسىز قىلىۋېتەتتى. ئادەمنىڭ يۈز-كۆزلىرىگە تاش-تۇپراقنى چاچاتتى، شۇنداق بىر سەت قويۇن چۆرگىلەپ ھويلىغا كىرىپ، ئويغا چۆكۈپ ئولتۇرغان ئۇممە گۈلسۈمخاننى توپا-چاڭغا كۆمۈۋەتتى. بېشىدىكى ئاق ھېلىلە رومىلىنى ئۇچۇرۇپ، تام ئۈستىنى چىتلاپ تۇرغان چېقىر تىكەنگە ئىلىپ قويدى. ئۇنىڭ ياشلىق كۆزلىرىگە ئاچچىق توپا كىردى. شالاڭلاپ قالغان كىرپىكلىرىمۇ دالدا بولالمىدى. بىردىنلا كۆكسىگە بىرنەرسە ئۇرۇلغاندەك بولۇپ ئاغرىپ كەتتى. ئۇ قوللىرى بىلەن مەيدىسىنى باسقان ھالدا پېشانىسىنى ئېچىلىپ قالغان تىزىغا قويىۋالدى. چىندەك پاكىزە قورۇ بىردەمدىلا قارا

قويۇن ئۇچۇرۇپ كەلگەن ئەخلەت-چاۋارغا توشۇپ مەينەتلىشىپ كەتتى، شۇ چاغدا قورۇ ئىشىكى جالاقىدە ئېچىلىپ، ساۋۇت-دۇبۇلغا كىيىپ قىلىچ ئاسقان ئەلبەگ كىرىپ كەلدى. ئۇ دۈمچىيىپ ئولتۇرۇپ قالغان ئۇممە گۈلسۈمخاننىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ باردى.

— ئانا، نېمە بولدىڭىز؟ — ئۇ ئىزلىنىپ تۇرۇپ ئۇممە گۈلسۈمخاننىڭ بېشىنى كۆتۈردى. ئانىسى كۆزلىرىنى ئاچتى.

— ئەلبەگ ئوغلۇم، بۇ سەنمۇ؟

— مەن ئانا، مەن. بىر يېرىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ؟

ئۇممە گۈلسۈمخان سەل ئۆزىگە كېلىپ، ئەلبەگنى قۇچاقلىدى.

— ئوغلۇم، بايا مۈگدەپ قالغانىكەنمەن. غەلىتە بىر چۈش كۆردۈم. قولۇمدا بىر نان تۇرغىدەك. ناننى مىرزا ئابابەكرى ماڭا بەر دەۋاتقىدەك، مەن ئۇنىمىغىدەكمەن. چاچلىرىمدىن قاماللاپ تۇتۇپ، ناننى تارتىۋالغانمىش. بىر چاغدا ئۇ نان مىرزا ئابابەكرىنىڭ بېشىغا ئايلىنىپ قالغانمىش. "ئەجىبا، ئۆز بېشىنى ئۆزى كۆتۈرۈۋاپتۇ. بۇ قانداق ئىشتۇ..." دېگۈدەكمەن. شالدىر-شۇلدۇر قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ كۆزۈمنى ئېچىپلا قويۇندا قالدىم. شۇنىڭ بىلەن ئېسىمنى يوقىتىپتىمەن. ئەگەر كەلمىگەن بولساڭ بۇ يەردە يەنە قانچە ۋاقىت ئولتۇراتتىمكىن-تاڭ.

— سۇلتان مىرزا ئابابەكرى قەشقەرگە قوشۇن ماڭغۇزماقچى. مەنمۇ ئىنىلىرىم بىلەن بىرگە قوشۇن تەركىبىدە قەشقەرگە بارىدىغان بولۇپ خوشلاشقىلى كېلىۋېدىم، — دېدى ئەلبەگ.

— نېمە ئۈچۈن بالام؟ — ئەندىكىپ سورىدى ئانا.

— سەئىدخان لەشكەر تارتىپ قەشقەرگە كېلىۋېتىپتۇ، سۇلتان مىرزا ئابابەكرى قەشقەرنىڭ مۇداپىئەسىنى چىڭىتىش ئۈچۈن ئوغلى يۈسۈپ مىرزىنى 5000 ئەسكەر بىلەن ئەتە يولغا سالىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

ئەمدى سەن قانداق قىلماقچى بالام؟

— ئۆز ئىختىيارىم بىلەن ئىنىلىرىم ۋە ئۆزۈمگە قاراشلىق ئەسكەرلە-

رىمنى باشلاپ سەئىدخان لەشكەرلىرىگە قوشۇلماقچىمەن ئانا، دۇئا بەرسىلە،
— دېدى ئۇ ئاۋازىنى پەسەيتىپ.

— خۇدا ئارزۇيۇڭغا يەتكۈزۈپ، ئاتاڭنىڭ روھىنى شاد قىلسۇن. ساڭا نۇسرەت ئاتا قىلىپ دۈشمىنىڭنى مات قىلسۇن. ئامىن!

— ئامىن! — دېدى ئەلىبەگمۇ دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ.

— بالام، پەخەس بولغىن، مىرزا ئابابەكرى بەك تۈيغۇن.

— ئانا، بۇ ۋاقىتقا قەدەر خۇدا ئۆزى ساقلىدى. مەن ئۇنىڭ سەردارلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدىم. ئىنىلىرىممۇ ئىشەنچلىك نەۋكەرلەر ھېسابلىنىدۇ. ھازىر ئۇ بىزدىن گۇمانلانمايدۇ. ئامانلىقىمىزنى ئاللادىن تىلىسىلە ئانا، مەن قىساس ئېلىشقا ئالدىراۋاتىمەن.

— ئىنىلىرىڭ بىلەن كۆرۈشۈۋالسام بولاتتى، — دېدى ئۇمىمە گۈلسۈمخان قايغۇرغان ھالدا. ئۇنىڭ چاچلىرىدىكى ئاق كۆپىيىپ، كەڭ پېشانىسىگە ئىنچىكە سىزىقلار پەيدا بولغانىدى. خېلىلا جۇدەپ قالغان بولۇپ، غەمكىن كۆرۈنەتتى. شۇنداق بولسىمۇ زىبالىقىنى يوقاتمىغانىدى. ئۇ كۆڭلىدە بىر قارارغا كەلگەن بولسا كېرەك، ئوغلىنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى، — قەشقەرگە بارغىنىڭلاردىن كېيىن سىلەر چاپقان قىلىچ سەئىدخان نەۋكەرلىرىنىڭ ئەمەس، مىرزا ئابابەكرى تەلۋىلىرىنىڭ بېشىنى ئۈزسۇن. مانا ھازىردىن باشلاپ ئاتاڭلارنىڭ، بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەن كىشىلەرنىڭ قىساسىنى ئېلىش كويىدا بولۇڭلار. شۇنداق قىلساڭلار ئەلنى رازى قىلالايسىلەر. مەنمۇ رازى بولىمەن. سىلەر نۇسرەت تاپسىلەر، لېكىن ئۇ چاغدا مەن يوق. قەبرەمگە چىقىپ دۇئا-تىلاۋەت قىلىشنى ئۇنتۇپ قالماڭلار. ئاھ، سىلەرنى يەنە كۆرەلىسەم، كاشكى...

ئۇمىمە گۈلسۈمخان ئەلىبەگنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى.

— خاتىرجەم بولۇڭ ئانا، بۇرچىمىزنى ئادا قىلىمىز. كەچتە ئىنىلىرىمنى باشلاپ كېلىمەن. ئەمدى مەن كېتەي. يەنە ئۇ زالىم كېلىپ قالمىسۇن.

ئەلىبەگ ئۇمىمە گۈلسۈمخانغا تەزىم قىلدى-دە، ئىتتىك چىقىپ كەتتى.

ئانا ئوغلىغا ئىنتىلىپ قوللىرىنى ئۇزاتقان پېتى تۇرۇپ قالدى.

— خېنىم، ئۆيگە كىرىپ كەتسىلە، چارچاپ قالدىلا، — ھويلا ئىشىكى يېنىدىكى ئۆيدىن چىققان مەپكەش ساھىپ تەزىم قىلىپ ئۆتۈندى. ئۇممە گۈلسۇم خېنىمچە مىدىرلىماي تۇردى. ساھىپ كەينى-كەينىدىن ئۆتۈندى.

— بۈگۈن مەن نېمە بولغاندىمەن، ساھىپ ئاكا؟ ئۆزۈمنى باشقۇرال-ماي قېلىۋاتىمەنغۇ؟ باللىرىمنى بىر كۆرۈۋالسام بولاتتى.

— كۆرىلا خېنىم-كۆرىلا، ئىككى دېدەك ئايالغا ئۆيلەرنى پاكىز تازىلىتىپ قويدۇم. ئۇلار مۇ ئۆزلىرىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، — دېدى تەسەللىي ئېيتىپ مەپكەش ساھىپ.

— رەھمەت ساھىپ ئاكا، ئەمسە مەن ئۆيگە كىرىپ كېتەي.

ئۇممە گۈلسۇمخان ئۆيگە كىرىپلا قات-قات سېلىنغان كىمخاپ تۆشەك ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىدى.

— ھاممامنى تازىلاپ قويۇڭلار، — دېدى ئۇ قول قوشتۇرۇپ تۇرغان ئىككى دېدەككە.

— ماقۇل خېنىم، — ئۇلار چىقىپ كەتتى.

ئۇممە گۈلسۇمخانغا ھازىر ھېچنېمە تېتىمايتتى. دېرىزىگە ھەدەپ شامال ئۇرۇلۇپ، پەردىلەرنى يېنىك لەپىلدىتەتتى. ئۇممە گۈلسۇمخانغا چۈشىدە يەنە ھېلىقى باش كۆرۈندى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى قورقۇنچ چۇلغىۋالدى. "ئۇ مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئۆلتۈرۈۋەتمەي قويمايدۇ. بۇنى كۈتۈپ تۇرۇشۇم كېرەكمۇ؟ مەن شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ زالىمغا تەگكەنمىدىم؟ ياق، باللىرىمنى چوڭ قىلىۋالاي، پۇرسەت تېپىپ ئۆچ ئالاي، دەپ تەگكەن. كۈتۈپ تۇرسام ئۇ پۇرسەت كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ. خۇدا گۇناھلىرىمنى ئۆزۈڭ مەغپىرەت قىلغىن. ئۆزۈڭ ئاجىزە قۇلۇڭغا مەدەتكار بول. ئۇنى ئاخىرەتكە ئۇزىتاي..." ئويلاپ ئورنىدىن تۇرغان ئۇممە گۈلسۇمخان ئۆينىڭ مېھراپ تەرىپىگە قويۇلغان چوڭ تۆمۈر ساندۇقنى ئاچتى. ئىچىدە كىيىم-كېچەكلىد-

ـرى، ئالتۇن-كۆمۈشتىن قىلىنغان زىننەت بۇيۇملىرى — مىرزا ئابابەكرى بەرگەن ئىككى جۈپ ئالماس ئۈزۈك، ئىككى جۈپ تىللا ئۈزۈك، بىر جۈپ ئالماس كۆزلۈك ھالقا، ئالتۇن بىلەيزۈك، سۆكە، زىرە قاتارلىق قىممىتى ئۆلچىگۈسىز نەرسىلەر بار ئىدى. ئۇ زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ ھەممىسىنى ئالدى. ئاخىرىدا كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ تېگىگە يوشۇرۇپ قويغان قوش بىسلىق خەنجەرنى ئالدى. تۆشەكنى قايتا راسلاپ خەنجەرنى قات-قات سېلىنغان كىمخاپ كۆرپىنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ قويۇپ، بوش ئاۋاز بىلەن دېدەكلەرنى چاقىردى.

تۇرقىدىن 30 ياش بىلەن 40 ياش ئوتتۇرىسىدا كۆرۈنىدىغان ئىككى ئايال كىرىپ تەزىم قىلدى.

— خېنىم، ھامامنى پاكىزلاپ قويدۇق، سۇمۇ ئىسسىدى.

ئۇممە گۈلسۈمخان باشقا سۆز قىلماي، ئىككىسىگە ئىككى بوخچا كىيىم، بىر جۈپتىن ئالتۇن زىرە، بىر جۈپتىن تىللا ئۈزۈك، بىر جۈپتىن كۆمۈش بىلەيزۈك، ئۈزۈن تىزىقتىن مەرۋايىت بەردى.

— ئېلىڭلار قېرىنداشلىرىم، بۇ مېنىڭ سىلەرنىڭ ھەققىڭلار ئۈچۈن بەرگىنىم. ماڭا سىڭىللىرىمدەك ئوبدان قارىدىڭلار، رەھمەت.

ئۇلار قورۇنۇپ تۇرۇپ ئېلىشتى.

— ئەمدى چىقىپ ئارام ئېلىڭلار.

— رەھمەت خېنىم، خۇدا مۇرادلىرىغا يەتكۈزگەي، — دېيىشتى ئۇلار كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ.

— مەيىكەش ساھىپنى چاقىرىپ قويۇڭلار.

— ماقۇل خېنىم.

ئۇلار چىقىپ كېتىپلا ساھىپ كىردى.

— خېنىم چاقىرغان ئىكەنلا.

— ئولتۇرسىلا ساھىپ ئاكا، گېپىم بار ئىدى.

ئۇممە گۈلسۈمخان ئۇنىڭغا بىر جۈپ ئالتۇن بىلەيزۈك، بىر جۈپ

ئالماس ھالقا، بىر جۈپ تىللا ئۈزۈك، 20 تىزىق مەرۋايىت بىلەن بىر بوخچا كىيىم بەردى.

— بۇ مېنىڭ بۇۋى ئايىسخان ئىككىلىرىنىڭ ھەققى ئۈچۈن ئاتىغىنىم ساھىپ ئاكا.

— ياپىر، خېنىم. بۇ قىممەتلىك نەرسىلەرنى نېمە ئۈچۈن بىزگە بېرىۋەتمەكچى بولدىلا؟

مەپىكەش ساھىپ ئۇممە گۈلسۇمخاننىڭ شۇنچە ئېسىل زىننەت بۇيۇملىرىدىن نېمە ئۈچۈن ۋاز كەچكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتەلمەي، بىر پەس ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ قېلىپ ئاندىن ئالدى.

— رەھمەت خېنىم، ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن بولغاي!

ئۇممە گۈلسۇمخان مېيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

— بۈگۈن سۇلتان كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ، ئاگاھ بولۇڭلار ساھىپ ئاكا. تام ئۈستىدىكى چىتقا ئىلىنىپ قالغان روملىمنى ئېلىپ بۇۋى ئايىسخانغا بەرسىلە.

— ماقۇل خېنىم. خۇدا ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، — مەپىكەش ساھىپ ئۇزۇن دۇئا قىلىپ ئاندىن چىقىپ كەتتى. ئۇممە گۈلسۇمخان ئۆيىنى يەنە بىر قېتىم يىغىشتۇردى. ساندۇقتىن مۇشۇ ئۆيگە دەسلەپ كىيىپ كەلگەن قارا تاۋار كۆڭلەك، جىلتىكىسىنى ئالدى. كۆرپە ئاستىغا يوشۇرۇقلۇق خەنجەرگە بىر قارىۋېتىپ، ھامامغا كىرىپ يۇيۇندى. يۇيۇنۇپ بولۇپ، چاچلىرىنى يەتتە ئۆرۈم قىلىپ تارىدى. قارا ئىشتان، قارا كۆڭلەك، قارا جىلتىكىسىنى كىيىپ، ئاق روملىنى ئارتىۋىدى، شۇ قەدەر جەزىبىلىك بولۇپ كۆرۈندى.

ئۇممە گۈلسۇم ئۆيگە چىقىپ تاش ئەينەك ئالدىدا قاشلىرىنى تېرىپ، كۆزلىرىگە سۈرمە تارتىپ، يۈزىگە پەرداز قىلدى. شۇنىڭ بىلەن باشقىچە ئېچىلىپ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇلدى. بىر قىشلىق قوغۇننى پىچىپ قاتلىما نان بىلەن يەۋالدى.

زەۋال ۋاقتى بولغانىدى. ئۆي سەل قاراڭغۇلاشتى. ئۇممە گۇلسۇم كۆرپە ئاستىدىكى خەنجەرنى ئېلىپ يەنە قارىدى. بۇ ئاۋۋالقى قەدىناس ئېرى مەرھۇم تۆمۈر بەگ بېگىساردا سوقتۇرغان خەنجەر ئىدى. ئۇ ئېرىدىن قالغان نەرسىلەردىن مۇشۇ خەنجەرلا ساقلىنىپ قالغانىدى. ئۇممە گۇلسۇم- خانىنىڭ كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى. خەنجەر بىسى ياش تامچىلىرى بىلەن يۇيۇلدى. شۇ چاغدا بىردىن ئىشىك ئېچىلدى. چۆچۈپ قارىغان ئۇممە گۇلسۇمخان ئالمان-تالمان خەنجەرنى كۆرپە ئاستىغا يوشۇرۇپ ئورنىدىن تۇردى-دە، تەزىم قىلدى. كىرىپ كەلگەن كىشى سۇلتان مىرزا ئابابەكرى ئىدى.

— خۇمار خاتۇن، نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟ — بوم ئاۋاز ئۇممە گۇلسۇمنى تەمتىرىتىپ قويدى. ئۇممە گۇلسۇم دەررۇ ئۆزىنى ئوڭشاپ كۈلۈپ جاۋاب بەردى:

— كېلىدىغانلىقلىرىنى بىلگەندەك تۆشەكنى راسلاپ قويۇۋاتاتتىم سۇلتانىم، ۋاقتىدا كەلدىلە.

مىرزا ئابابەكرى دىمىقىنى قېقىپ قويدى. ئۆيگە سىنچىلاپ سەپسېلىپ، نەزىرى قاتمۇقات سېلىنغان تۆشەكتە توختاپ قالدى.

— مەن ئەتە بېگىسارغا بارماقچى بولۇۋاتىمەن. سەئىدخان ئۇرغۇن قوشۇن بىلەن قەشقەرگە باستۇرۇپ كېلىپ، دەككىسىنى يېگەندىن كېيىن، بېگىسار تەرەپكە چېكىنىپتۇ. بۇ شۇم نىيەت شاھزادىنى ئانىسى ياركەنتتىن ئاقسۇغا قاچقاندا زاكىسىدىلا ئۇجۇقتۇرۇۋەتمىگىنىم ئۈچۈن ئاۋارىچىلىق تارتىدىغاندەك تۇرىمەن خۇمار خاتۇن. لېكىن مېنىڭ پېيىمگە چۈشكەن ھەرقانداق كىشىگە ئۆزۈمنى بىر تونۇتۇپ قويمىسام، كۆڭلۈم ئارامىغا چۈشمەيدۇ. ئۇسساپ تۇرىمەن، قوغۇن بولسا ئېلىپ كىرسىڭىز.

— ماقۇل سۇلتانىم، — دېدى ئۇممە گۇلسۇمخان ئېرىنىڭ ھەرىكىتىنى سەگەكلىك بىلەن كۈزىتىپ، — قوغۇن خېلى بار. ئۆزلىرى تاللاپ بەرگەن بولسىلا. ئېلىپ كىرگىنىم لاۋزا بولۇپ قالسا كۆڭلۈم يېرىم بولىدۇ،

— ئۇ كۆزلىرىنى ئوينىتىپ ئىشىك ئالدىدا توختىتىدى.
— بۇ چاغقىچە سىز پىچىپ بەرگەن قوغۇن تەمسىز چىققان ئەمەس. تەمسىز قوغۇنىمۇ تاتلىق قىلىۋېتەلەيسىزغۇ خۇمار خاتون، — مىرزا ئابابەكىرى گەپنى ئاۋۇتماي ئىلىپ كىرىڭ دېگەن مەنىدە قولى بىلەن ئىشارەت قىلدى. ئۇ ئۆتكەن كۈنلەردە كەلگەن چاغلىرىدىكىدەك ئوچۇق ئەمەس ئىدى.

ئۇممە گۈلسۇمخان پىيىشىدە كۈلۈپ قويۇپ سۈلكەت بىلەن ئۆرۈلۈپ چىقىپ كەتتى. مىرزا ئابابەكرى بىرىپ تۆشەكنى قايرىدى. تۆشەكلەرنىڭ ئەڭ ئاستىدا مۇڭگۈز ساپلىق خەنجەر پارقىراپ تۇراتتى. ئۇ دەرھال ئىلىپ تونىنىڭ قويۇن يانچۇقىغا يوشۇرۇپ، بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇردى. ”سەن مەككار خاتۇننى...“ دېدى چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ.

بىرئاز ۋاقىتتىن كېيىن كاسا قىلىنغان قوغۇننى پەتنۇسقا ئىلىپ كۆتۈرۈپ كىرگەن ئۇممە گۈلسۇم قوغۇننى ئىرىنىڭ ئالدىدا قويدى. كاسا قىلىنغان قوغۇنغا كىچىكرەك بىر قەلەمتىراچ سانجىپ قويۇلغانىدى.

— مەن ماۋۇ پىچاق بىلەن يەيمەن، — دېدى مىرزا ئابابەكرى تەمكىن ھالدا قوينىدىكى خەنجەرنى چىقىرىپ.

يۈرىكى قارتتىدە قىلغان ئۇممەگۈلسۇم پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆزىنى بېسىپ، ھېچنېمىنى كۆرمىگەن كىشىدەك كۈلۈمسىرەپ ئولتۇردى. ئېرى ئۇنىڭغا پات-پات قاراپ قويۇپ، قوغۇننى خەنجەر بىلەن يونۇپ يېيىشكە باشلىدى.

— خۇمار خاتون، يېشىنىپ ئورنۇڭغا كىرىڭ، — دېدى بىر كاسا قوغۇننىڭ يېرىمىنى يەپ تۈگەتكەن مىرزا ئابابەكرى.

— سۇلتانىم، نامازشام ۋاقتى بولۇپ قالدىغۇ.

— تاقىتىمنى قويمىدىڭىز، دېگىنىمنى قىلىڭ.

ئۇممە گۈلسۇم ئېرىگە قىيا باقتى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ قىسىلغان كۆزلىرى ئۇنىڭغا نەشتەردەك سانجىلدى. ئايالىنىڭ قارشىدا ”سەن زالىم

مۇددىئايىمدىنى بىلىپ قاپسەن-دە، ئەمدى باشقا بىر ئامال قىلىشىم كېرەك» دېگەن مەنا بار ئىدى. ئەرنىڭ قارشىدىن «سەن مەككار خاتۇن بۇ كەمگىچە ناز-كەرەشمەڭ بىلەن بېشىمنى ئايلاندۇرۇپ جېنىڭنى ساق-لاپ كەلدىڭ. ئەمدى مېنى ئالداپ قۇتۇلىمەن دېمە. خەنجەر قولۇمغا چۈشتى» دېگەن مەنا چىقىپ تۇراتتى.

— ئەمسە بۇنى ئېلىۋېتەي، — ئۇممەگۈلسۈمخان قوغۇن، خەنجەر تۇرغان پەتنۇسنى ناھايىتى تېزلىكتە قولىغا ئېلىپ ماڭدى.

— توختاڭ! — ۋارقىرىدى مىرزا ئابابەكرى ئىرغىپ ئورنىدىن تۇرۇپ. ئۇنىڭ چىرايى تولىمۇ سۇرلۇك ئىدى.

ئۇممە گۈلسۇم كەينىگە شۇنداق قايرىلىپ پەتنۇسنى ئېرىنىڭ بېشىغا ئاتتى.

— ھۇ مەرەز!...

پاقىدە تەگكەن قوغۇن مىرزا ئابابەكرىنىڭ يۈز-كۆزىنى بۇلغىۋەتتى. ئۇ بىردىن ئېسىنى يىغىپ، ئىشىك تامان ماڭغان ئۇممەگۈلسۇمنىڭ كەينىدىن يۈگۈرگەنىدى، بىرىنچى قەدىمىدىلا قوغۇن شاپىقىغا دەسسىۋېلىپ كېسىلگەن تېرەكتەك ئۇگدىسىغا يىقىلدى. ئۇممە گۈلسۇمۇ كەينىگە يېنىپ ئېتىلىپ كەلدى-دە، ئېرىگە خەنجەر ئۇردى...

## 2

سەئىدخان ياپچانغا كەلگەندە بۇ يۇرتنىڭ يەتتە ياشتىن 70 ياش- ىچە بولغان ئەر-ئايال ئاھالىسى نان-توقاچ كۆتۈرۈپ ئالدىغا چىقىپ قىزغىن كۈتۈۋالدى.

قەشقەرنىڭ سېپىلى ئېگىز، مۇداپىئەسى كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆر-گەن سەئىدخان مىرزا ھەيدەر، سەئىد مۇھەممەد مىرزىلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن يېگىسارنى ئاۋۋال ئېلىپ، ياركەنتتىن كېلىدىغان دۈشمەن ئەسكەرلى-

رىنىڭ يولىنى ئۈزۈپ تاشلىغاندىن كېيىن، ئاندىن بۇ قەدىم شەھەرنى ئالماقچى بولۇپ تۇيۇق چۈشۈرمەي يېكسارغا ماڭغانىدى.

ياپچاندا سەئىدخان 100 دىن ئارتۇق دېھقان پىدائىيلىرىنى ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلدى، مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئەمىرلىرىدىن بولغان قىرغىز مۇھەممەدبېكمۇ 1000 دىن ئارتۇق ئەسكىرى بىلەن كېلىپ ئۇنىڭغا قوشۇلدى.

سەئىدخان پەرغانە، ئاراتۆپە، ماۋارائۇننەھردە جانىبەگ سۇلتان، سۇيۇنچىلىك خانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ يۈرۈپ، خۇراسان، خارەزىم تەرەپلەردە جەڭ قىلىۋاتقان بابۇر مىرزا ئافغانىستانغا چېكىنىپ، ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىپ ماڭغان چاغدىلا ئانا يۇرتى قەشقەر، ياركەنتكە قاراپ يولغا چىققانىدى. يول-يولدا ئۇنىڭ لەشكىرىگە قوشۇلغانلارنىڭ سانى 1000 دىن ئاشقانىدى.

بىر دېھقاننىڭ بېغىغا چۈشكەن سەئىدخان 200 ئاتلىق ئەسكەر بىلەن قاناتبەگنى ياپچاندىن يېكسارنى چارلاپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئۇلار تۆتىنچى كۈنى كەچ پېشىن بىلەن قايتىپ كەلدى. ئۇلارغا مىرزا ئابابەكرىنىڭ 500 ئەسكىرى قوشۇلۇپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان سەئىدخان قاناتبەگنى ئالدىغا چاقىرتتى.

— قاناتبەگ ئاغا، — دېدى ئۇنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، ئادىپى دېھقان ئوغلى بولغان بۇ قېيىن ئاغىسىنى ئەنجاندىكى ۋاقتىدىن تارتىپ ھۆرمەت بىلەن ئاغا دەپ كېلىۋاتاتتى، — ئەھۋالنى ماڭا تەپسىلىي ئېيتىپ بېرىڭ. بۇ 500 ئادەم قانداق قىلىپ سىزگە قوشۇلۇپ قالدى؟

— بىز ماڭغان كۈنى ئاخشامدىلا يېكسارغا يېتىپ باردۇق، — دەپ سۆز باشلىدى قاناتبەگ، — قارىساق نۇرغۇن لەشكەر قەلئە سىرتىغا چېدىر تىكىپ ئورۇنلىشىپتۇ. مەن ياپچانلىق بىرقانچە يىگىتنىمۇ ئېلىۋالغان ئىدىم. ئۆزۈممۇ دېھقانچە ياسىنىپ، ئۇلار بىلەن ئۈچ ھارۋا قوغۇننى ئېلىپ ئەتىسى سەھەردە بامدات نامىزى ئۆتۈلۈپ بولغاندىن كېيىن قەلئە دەرۋازىسىغا

يېقىنلاشقانىدۇق. «قوغۇن ساتىمىز» دەپ قەلئە ئىچىگە كىرىپ، ئىككى-ئۈچ قېتىم ئايلاندۇق. قىممەترەك باھا قويۇپ، بىر ھارۋا كەلگىدەك قوغۇننى ساتتۇق. چايخانىدا چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇپ گەپ تىڭشىدۇق. كىشلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، مىرزا ئابابەكرى يېڭىسار قەلئەسىنى نەچچە يىل يەتكىدەك ئوزۇق-تۈلۈك، قورال-ياراغ بىلەن تولدۇرۇۋەتكەندەك قىلىدۇ. ئاتاقلىق بەگلىرىدىن ئىمىن بەگ مىرزىنى (ئىمىن دورغا دەپمۇ ئاتىلىدىكەن) يېڭىسارنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەپ، جان ھەسەن، ئاختا مىرۋەلى، شاھدانە مۇھەممەدبېكلارنى ئەمىر لەشكەر قىلىپ بەلگىلەپتۇ. ئۇلارنىڭ 7000-8000 ئەسكىرى بار ئىكەن. ھازىر ھە دەپ قەلئەنى چىڭىتىشقا كىرىشىپتۇ. قەلئە سېپىلىنى ھەم كەڭ، ھەم ئېگىز قىلىپ سوقتۇرۇپ، بەك مۇستەھكەم قىلىۋېتىپتۇ. ئايلىنىپ يۈرۈپ ھۇجۇم قىلىپ كىرگىدەك يەر تاپالمىدۇق. قەلئە سىرتىدىكى ئەسكەرلەر قەشقەرگە ياردەمگە كېتىۋاتقانلار بولۇپ، يار-كەنتتىن كەلگىنىگە بىر كۈن بولغانىكەن. ئېھتىمال بۈگۈن يا ئەتە يولغا چىقىشى مۇمكىن ئىكەن. مەن «قوغۇن ئېلىڭلار!» دەپ ۋارقىراپ ئۇلارنىڭ ئىچىنىمۇ ئارىلاپ كۆردۈم. چوڭراق بىر چېدىر ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسام، بۇغداي ئۆڭ، ئوتتۇرا بويلۇق بىر سەردار چاقىرىپ قالدى. چېدىرغا كىردىم. بىرقانچە نەۋكەر بىلەن ئولتۇرغانىكەن.

— سەن دېھقانمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— دېھقانمەن، — دەپ قورقۇمسىراپ ئاستا جاۋاب بەردىم.

— قەيەرلىكسەن؟

— ياپچانلىق.

— شۇنچە يىراق بەردىن قوغۇن ساتقىلى كەلدىڭمۇ؟

— ھەر يىلى قوغۇنۇمنى ئۇ تەرىپى قەشقەرگە، بۇ تەرىپى يېڭىسارغا ئېلىپ بېرىپ ساتىمەن.

سەردار ئويلىنىپ تۇرۇپ قېلىپ، سوراشنى داۋام قىلدى.

— ئېيتقىنا، سەئىدخاننىڭ قەشقەرگە كەلگەنلىكى توغرۇلۇق گەپ

ئاڭلىدىڭمۇ؟

— قەشقەرگىلا ئەمەس، ياپچانغىمۇ كېلىپ بولدى، — دېدىم.

— ھە، — دېدى سەردار بىر ئىشنى ئويلىغاندەك بولۇپ، — ياپچانغا كەلدى، دېگىن. سەن كۆردۈڭمۇ؟

— يىراقتىن كۆردۈم.

— سەن يېڭىسارغا قوغۇن ئېلىپ ماڭغاندا ئۇ سېنى توسمىدىمۇ؟

— كارى بولمىدى.

— قوغۇنۇڭنى بىزگە سېتىپ بەرگىن.

بۇ سەردار ماڭا نېمە ئۈچۈندۇر يېقىن كىشىمىزدەك، ئۇزاق زامان ئايرىلىپ كېتىپ قايتا كۆرۈشكەن دوستۇمدەك تۇيۇلۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى ھارۋا قوغۇننى بىرنۆەتتىم.

— نەۋكەرلىرىڭىز بىلەن يەڭ، تاتلىق قوغۇن، ياپچاندىن ئۆتسىڭىز مېنى ئىزدەڭ، قوغۇن بىلەن مېھمان قىلىمەن، — دېدىم.

ئۇ رەھمەت ئېيتىپ، چېدىر ئالدىغا چىقىپ ئۇزاتتى. مەن ھەمراھلىرىم بىلەن قايتىپ، ئادەملىرىمىز يوشۇرۇنۇپ تۇرغان قۇم بارخانلىرى تۆۋنگە كەلدىم. ئۇزاق ئۆتمەي بىر توپ ئەسكەر يېتىپ كەلدى. مەن ئادەملىرىمنى «ئۇزۇڭلارنى دالدىغا ئېلىپ تۇرۇڭلار» دەپ، قۇرۇق ھارۋىنى ھەيدەپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردىم. قارىسام بايىقى سەردار، مېنى كۆرۈپ ئاتتىن چۈشتى.

— ئاكا، — دېدى ئۇ، ئۆتۈنۈش بىلەن، — بىزنى سەئىدخان ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ قويالامسىز؟

— بۇ ئازغىنە ئادەملىرىڭىز بىلەن قانداقمۇ نەچچە مىڭ لەك ئەسكىرى بار سەئىدخانغا تەڭ كېلەلەيسىز؟ — دېدىم سىناپ.

— مەن ئۇرۇشماقچى ئەمەس، — دېدى ئۇ كەسكىن تۇردە، — ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ، مىرزا ئابابەكرىدىن قىساس ئالماقچى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىز قوغلاپ كەينىڭىزدىن كەلگەن ئىدىم.

— بۇ سۆزىڭىز راست بولسا قەسەم ئىچىڭ، — دېدىم مەنمۇ قەتئىي ھالدا.

ئۇ يۈزىنى قىبلىگە قىلىپ، ئاللانى شىپى كەلتۈرۈپ قەسەم ئىچتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى باشلاپ كەلدىم.

— ئاللا سىزگە مەدەتكار بولۇپتۇ قاناتبەگ ئاغا، — دېدى خۇشال بولۇپ سەئىدخان، — بۇ غەلىبە قىلىدىغانلىقىمىزغا بىر بىشارەت. سىزدىن كۆپ خۇرسەن بولدۇم. سەردارنى باشلاپ كەلگەن بولسىڭىز.

— خوپ، ئەمىركەبىر[1]

قاناتبەگ ھايال ئۆتمەي سەردارنى ۋە ئۇنىڭ ئىنىلىرىنى باشلاپ كەلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئالىيلىرى!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام سەردار، مەرھەمەت.

سەردار ئەدەپ بىلەن كۆرپە ئۈستىگە ئولتۇردى.

— ئېتىڭىز نېمە؟ — سورىدى سەئىدخان.

— ئەلبەگ.

— قەيەرلىكسىز؟

— ياركەنت قەلئەسىدىن.

— ئاتىڭىز كىم بولىدۇ؟

— ياركەنت ھاكىمى مەرھۇم نەزەر مىرزىنىڭ ياساۋۇلى تۆمۈربەگ ئىدى. ئۇنى مىرزا ئابابەكرى سېپىل ئاستىغا باستۇرۇۋەتكەن.

— ئانىڭىزچۇ؟

ئەلــبەگ جىــم ئولتۇرۇپ كەتتــى. ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدا ياش لىغىلدىدى.

— ئانام بار ئىدى. بىز ياركەنتتىن يولغا چىقىدىغان كۈنىڭ ئالدىنقى

---

[1] ئەمىر كەبىر — ئۇلۇغ ئەمىر، باش قوماندان مەنىسىدە.

ئاخشىمى مىرزا ئابابەكرى ئۇنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ.

— يارەببى! نېمىدېگەن ۋەھشىيلىك بۇ، مىرزا ئابابەكرى ئانىڭىزنى قانداقچە بوغۇپ ئۆلتۈرىدۇ؟ — دەپ سورىدى سەئىدخان قىزىقىپ.

— ئانام بىز كىچىك ۋاقتىمىزدا بىزنى سالامەت چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشۇش، ئاندىن ئۇ زالىمدىن ئۆچ ئېلىش مەقسىتىدە ئۇنىڭ ئەمرىگە ئۆتكەنىكەن، — دەپ سۆز باشلىدى ئەلبەگ، — بىز چوڭ بولۇپ ھەممىمىز مىرزا ئابابەكرىگە نەۋكەر بولدۇق. ئاخىرى ئانام ئەيني ئەھۋالنى بىزگە ئوچۇق ئېيتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ كۆڭلۈمدىكى قىساس ئېلىش تىلىكى ئاشكارا بولدى. مانا بۈگۈنكى كۈنگىچە پۇرسەت كۈتۈپ كەلدۇق، مەن بۇ قېتىم يولغا چىقىشتىن بىر كۈن بۇرۇن ئانامنىڭ قېشىغا بارسام، ئانام پەرىشان ھالدا ئولتۇرغانىكەن. ئىنىلىرىڭنى كەچتە ئېلىپ كەلگىن، كۆرۈشۈۋالاي دېدى. مەن يېرىم كېچىگە يېقىن تۆت ئىنىمنى ئېلىپ كەلسەم، قورۇ ئىچىدىكى دەھشەتلىك پاجىئە بىزنى چۆچۈتۈۋەتتى. دەرۋازىغا قارىغۇچى ھەم ئۇنىڭ ئايالى (ئۇ بىزنى كىچىكىمىزدىن ئايرىم ئۆيدە بېقىپ چوڭ قىلغانىدى)، يەنە ئىككى دېدەك ئايال قانغا غەرق بولۇپ دالان ئۆيدە يېتىپتۇ. ئىچكىرى ئۆيگە كىرسەك، ئانام تۆشەك ئۈستىدە چاچلىرى چۇۋۇلغان، كىيىملىرى يىرتىلغان ھالدا يېتىپتۇ. بوغۇزىدا قاتىلنىڭ بارماق ئىزى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. كۆزلىرى ئوچۇق ھالدا ئېگىكى چۈشۈپ قاپتۇ. بىز قاتتىق يىغا-زارە قىلىشىپ يامغۇردەك ياش تۆكتۇق. غەزىپىمىزگە چىدىماي قىلىچلىرىمىزنى يالىڭاچلاپ شۇ ھامان قىساس ئالماقچىمۇ بولدۇق. بىراق بۇنداقلا بارساق ئۆزىمىزنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىشتىن باشقا نەتىجە چىقمايتتى. مەن مىڭ تەستە ئىنىلىرىمنى پەسكويغا چۈشۈرۈپ، ئالدىمىزدا ناھايىتى ياخشى پۇرسەت كېلىۋاتقانلىقىغا ئىشەندۈردۈم. شۇنىڭ بىلەن بىز قايغۇمىزنى بېسىپ تۇرۇپ ئانام ۋە قانغا غەرق بولۇپ ياتقان تۆت كىشىنىڭ جەسىتىنى ھارۋىلارغا سېلىپ ئاپىرىپ كېچىلەپ دەپنە قىلدۇق-دە، تاڭ سەھەردە ئەسكەرلەرنى باشلاپ يولغا چىقتۇق. مىرزا ئابابەكرى بىزنى ئۇ

ئىشلاردىن خەۋەرسىز، قەشقەرگە ياردەمگە ماڭدى دەپلا ئويلايدۇ. شۇ تاپتا بىز بەش ئوغۇلنىڭ يۈرىكىمىز زەرداپ، مەن دادامنىڭ پاجىئەسىنى بىلگىنىمدىن بېرى مىرزا ئابابەكرىدىن قىساس ئېلىشنى بىر كۈنمۇ ئۇنۇتقىنىم يوق. پەقەت مۇۋاپىق پۇرسەت تاپالمايلا كەلگەنىدىم. ئاخىر ئانامنىڭ تىلىكى ئىجابەت بولۇپ، ئىگەم ئاللا جانابلىرىنى بىزگە ئەۋەتىپتۇ. ئەمدى ئۆزلىرىگە پەرمانبەردار بولۇپ ياۋۇز مىرزا ئابابەكرىنىڭ زۇلمىدىن خەلقنى تېزرەك قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن جېنىمىزنى پىدا قىلغىنىمىز قىلغان. بىز بىلەن كەلگەن 500 نەۋكەر مېنىڭ نەۋكەرلىرىم. ئۇلار بىزنىڭ سىزنىقىمىزدىن چىقمايدىغان ئىشەنچلىك كىشىلەر. ھەممىسى مىرزا ئابابەكرىگە ئۆچ. خىزمەتلىرىدە بولۇپ، ئاتا-ئانىمىزنىڭ، نەچچە مىڭلىغان بىگۇناھ ئاتا-ئانىلارنىڭ قىساسىنى ئېلىشىمىزغا ئىمكانىيەت بەرگەيلا!

بەش ئاكا-ئۇكا تەڭلا كېلىپ تىزلاندى.

— ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار ئەزىمەتلەر. ئاللا قىساس ئېلىش ئارزۇيۇڭلارغا يەتكۈزگەي.

ئۇلار قۇللۇق بىلدۈرۈپ ئورنىدىن تۇرۇشتى.

— ئوبدان ئارام ئېلىڭلار، يېڭىسارنى ئېلىش جېڭىگە قاتنىشسىلەر. سىلەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلەيمەن.

— بۇيرۇقلىرىنى ئادا قىلىمىز ئالىيلىرى.

ئەلىبەگ ئىنىلىرى بىلەن چىقىپ كەتتى. كەينىدىن قاناتبەگمۇ ماڭدى. سەئىدخان مىرزا ھەيدەر، مۇھەممەد سەئىد مىرزىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قىرغىز مۇھەممەدبېگنى بارلىق قىرغىز-قازاق ئەسكەرلەرگە ئەمىر، ئەلىبەگنى مىڭ بېشى، تۆت ئىنىسىنى يۈز بېشى قىلىپ تەيىنلىدى.

3

مىرزا ئابابەكرى شۇ كېچىسى ئوردىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ھېچقايسى خوتۇنىنىڭ يېنىغا كىرمەي، خاس ھۇجرىسىدا ئۆزىلا يېتىپ

قالدى. پۈتۈن تېنى قىزىپ، بېشى چىڭقىلىپ ئاغرىپ كېتىۋاتاتتى. كۆزىگە ئاشۇ خۇمار خاتۇن، گاھ يالىڭاچ، گاھ كىيىم بىلەن كۆرۈنۈپ، ئۇنىڭ ئارامىنى بۇزاتتى. قايسى تەرەپكە قارىسا ئاشۇ خۇمار خاتۇن... ئۇ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ يېتىۋالدى. خۇمار خاتۇن ئەمدى خىيالىدا پەيدا بولدى. ئۇ خەنجەر كۆتۈرۈپ كەلمەكتە ئىدى... مىرزا ئابابەكرى چاققانلىق بىلەن خۇمار خاتۇننىڭ بېلىكىدىن تۇتۇۋېلىپ قايرىدى. خەنجەر يەرگە چۈشتى. خۇمار خاتۇننىڭكارنىيىغاچاڭگال سېلىپ پۈتۈن كۈچى بىلەن بوغدى...

مىرزا ئابابەكرى چىڭ يۇمۇلۇپ كىرىشىپ كەتكەن قوللىرىنى مەيدىسىگە قويدى. "راست، ئۇ مەككار خاتۇننى شۇنداق ئۆلتۈردۈم. سەل بىخوتلۇق قىلغان بولسام، ئۇ مېنى ئۆلتۈرۈۋېتەتتى، كاساپەت..." دەپ ئويلاپ كۆزلىرىنى ئاچتى.

40 يىلدىن بېرى كۆپ جەڭلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن، نەچچە مىڭلىغان ئادەمنى قىرغىن قىلغان بۇ پادىشاھ ھېچ ۋاقىتتا بۇ كېچىدىكىدەك ۋەھىمىدە قالمىغانىدى.

ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئىككى دىدەك ئايال كۆرۈندى. ئۇلارنى دالان ئۆيگە چاقىرىپ كىرىپ ئۆلتۈرگەنىدى. قان خۇمارى تۇتقان مىرزا ئابابەكرى ئۆي ئىچىدىكى قىيا-چىيانى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ كىرگەن مەپكەش ساھىپنىڭ قورسىقىغا قىلىچ تىقىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ يىقىلىشىغا ئۆلگۈرۈپ كىرىپ قالغان بوۋى ئايىسخاننىمۇ تۇتۇۋېلىپ بوغۇزلىۋەتكەنىدى...

مىرزا ئابابەكرى يەنە ۋەھىمە باسقان كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى. خىيالىدا خۇمار خاتۇن باشقىدىن پەيدا بولدى. "... سېنىڭ ياۋۇز تەلەتىڭنى بىر كۆرۈپ باقاي دەپ ئۆيۈمدىن چىققان ئىدىم... مانا كۆردۈم، سەنمۇ ئادەمگە ئوخشايدىكەنسەن، بەلكى قاۋۇل ئەبلەخ ئىكەنسەن ..." دەۋاتاتتى. مىرزا ئابابەكرى قارا تەرگە چۆمۈلۈپ تاڭ ئاتقىچە زادى ئۇخلىيالمىدى. بامدات نامىزىغا ئەزان چىققاندا تۇرماقچى بولۇپ تۇرالمىدى. ئۇچ كۈنگىچە قىزىتمىسى ئۆرلەپ، جۆيلۈپ، خانىش-توقاللارنى، ۋەزىر-ۋۇزرالارنى ئارامىدا

قويىدى. تۆتىنچى كۈنى قىزىتمىسى پەسلەپ، ئورنىدىن تۇردى-دە، تاماق-قىمۇ قارىماي ئوردىغا چىقتى. ۋەزىر، ئەمىر، بەگلەرنىڭ باشلىرى چۈشۈپ كەتكەنىدى. سۇلتاننى كۆرۈپ، يەرگىچە پۈكۈلۈپ تەزىم قىلىشتى.

— خۇدا سۇلتانىمىزنى ئامان قىلغاي!

مىرزا ئابابەكرى جاۋاب سالامىمۇ قىلماي سورىدى:

— قەشقەر، يېڭىساردىن نىمە خەۋەر بار؟ — ئۇ باش ۋەزىر ئەبەيدۇل-لا قۇددۇس دوغلات بىلەن ئەمىر لەشكەر ئابدۇللا بۇرۇندۇق دوغلاتقا چەكچەيدى. ھەر ئىككىسى ئېغىز ئاچالماي باش سىلىپ تۇرۇۋەردى.

— گەندە چىشلىۋالدىڭلارمۇ؟ تىلىڭلارنى تېخى كېسىپ تاشلىغىنىم يوققۇ. سىز سۆزلەڭ ئەمىر لەشكەر، قانداق خەۋەرلەر بار؟

ئابدۇللا بۇرۇندۇق دوغلات تىلى كالۋالىشىپ گەپ قىلالماي قالدى.

— سەن ئۆلۈمتۈكنى قانداقمۇ ئەمىر لەشكەر دېگىلى بولسۇن؟ باش ۋەزىر، سىز سۆزلەڭ.

ئەبەيدۇللا قۇددۇس دوغلات تىزلاندى:

— شاھى جاھان، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچكەيلا.

— ھە، كەچتىم، سۆزلە!

— سەئىدخاننىڭ لەشكەرلىرى قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىشنى توختىتىپ، يېڭىسارغا كېلىپ قەلئەنى قورشىۋاپتۇ. ئالىيلىرى ياردەمگە ئەۋەتكەن ئەس-كەرلىرىمىزدىن قىرغىز مۇھەممەدبېك بارلىق ئادەملىرى بىلەن سەئىدخانغا قوشۇلغاندىن كېيىن، سەردار ئەلىبەگ 500 ئادىمى بىلەن سەئىدخان تەرەپكە ئۆتۈپ، بىزنىڭ مەخپىيىتىمىزنى ئاشكارىلاپ قويغاچقا، ئۇلار يايپچان-دا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ، قەشقەرگە ياردەمگە ئەۋەتكەن ئەسكەرلىرىمىزگە توسۇپ زەربە بېرىپ ئۇلارنى كۆپ تالاپەتكە ئۇچرىتىپتۇ. شاھزادە يۇسۇپ مىرزا ئازغىنە ئەسكەر بىلەن قەشقەرگە قېچىپ بېرىۋاپتۇ. يېڭىسار ئەمىرى ئىمىن بەگ مىرزا بۇ ئەھۋالنى خەۋەر قىلىپ، "سەئىدخان ئادەملىرى قەلئەمىز سېپىلى ئاستىغا لەخمە قېزىشقا باشلىدى. دەرھال ياردەمگە لەشكەر

ئەۋەتكىلار» دەپ ئارقا-ئارقىدىن ئۈچ ئايغاقچى ئەۋەتكەنىكەن. ئۆزلىرىگە قاراپ قالغان ئىدۇق.

— نېمىشقا تۈنۈگۈن خەۋەر بەرمىدىڭ؟ — ئاچچىقلىنىپ سورىدى مىرزا ئابابەكرى. ئۇنىڭ قوشۇمىسى مۇشتۇمدەك پولتىيىپ چىققانىدى.

— قىزىپ ياتقان ئىكەنلا شاھىم، ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم.

— جۈرئىتى يوق ناكەسلەر. گېپىمنى ئاڭلاپ تۇرۇش: ھازىردىن باشلاپ بىر ھەپتە ئىچىدە ياركەنت دىيارىدىن 60 مىڭ ئەسكەر توپلايسەن. كىمكى بۇ يارلىقىمغا قارشىلىق كۆرسىتىدىكەن، شۇ جايدا چېپىپ تاشلان-سۇن. كېلەر ھەپتە دۈشەنبە سەپراس بولغان 60 مىڭ ئەسكەرنى مەيداندا كۆرمىسەم ھەممىڭنىڭ ئىت باشلىرىڭنى قىلىچتىن ئۆتكۈزىمەن!

— پەرمانلىرىنى ئادا قىلىمىز شاھىم، — دېدى باش ۋەزىر تىزلىنىپ.

— ئابدۇللا بۇرۇندۇق دوغلات!

— خوش، شاھىم.

— تىلىڭنى چىقار! سېنىڭ تىلىڭ بارمۇ-يوق، بىر كۆرۈپ باقاي!

— گۇناھىمدىن ئۆتسىلە شاھىم.

— چىقار دەيمەن! بولمىسا بېشىڭ تېنىڭدىن يۆتكىلىپ كېتىدۇ.

لاغىلداپ تىترىگەن ئابدۇللا بۇرۇندۇق دوغلات تىلىنى ئاستا چىقاردى. مىرزا ئابابەكرى تەييارلاپ قويغان خەنجىرى بىلەن شارتلا قىلىپ ئۇنىڭ تىلىنىڭ ئۇچىنى كالپۇكى بىلەن قوشۇپ كېسىپ تاشلىدى.

— سەئىدخان قولىغا چۈشۈپ كەتكەن 5000 ئەسكىرىمنىڭ خۇنى بۇ جۈرئەتسىز ئەمىر لەشكەرنىڭ بويىنىدا. جاللات! ئېلىپ چىقىپ تىرىك كۆمۈۋېتىڭلار.

يۈزىگە نىقاب تارتىلغان قىزىل كىيىملىك ئىككى جاللات ئەمىر لەش-كەرنى ئىتتىنى سۆرىگەندەك سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئوردا يولىدا قىپقىزىل قاندىن ئارغامچىدەك ئۇزۇن سىزىق ھاسىل بولۇپ قالدى.

# 4

دەل-دەرەخلەر ئاستا ئىغاڭشىپ تۇراتتى. ھاۋا بۇلۇتلۇق بولۇپ، كۈن يۈزىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئوڭ، سول قاناتقا بۆلۈنگەن سەئىدخان ئەسكەرلىرى يېڭىسار قەلئەسىنى ئىككى تەرەپتىن قورشىۋالغانىدى. ئوڭ قاناتتىكى ئەسكەرلەرگە مىرزا ھەيدەر، سول قاناتتىكى ئەسكەرلەرگە سەئىد مۇھەممەد مىرزا ئەمىر لەشكەر بولغانىدى. قاناتبەگ، ئەلبەگ باشچىلىقىدىكى نەچچە يۈز نەۋكەر سېپىل ئۈستىدىكى دۈشمەن ئەسكەرلىرىگە ئوق ياغدۇرۇپ تۇرغان مەرگەنلەرنىڭ ھىمايىسىدە كېچە-كۈندۈز لەخمە كولاۋاتاتتى. سەئىدخان قەلئە ئىچىگە ئوق ئاتقۇچى قىسىم بىلەن قىلىچۋاز، نەيزىۋازلارغا ئۆزى بىۋاستە قوماندانلىق قىلىپ ئوق ياغدۇرۇپ، ئىمىن بەگ مىرزىنىڭ سېپىل ئۈستىدە چۆمۈلدەك يامراپ يۈرگەن ئەسكەرلىرىنى باش كۆتۈرگۈزمەي قويغانىدى. ئوق تەگكەنلەر سېپىل ئۈستىدىن پات-پات غۇلاپ چۈشۈپ تۇراتتى.

لەخمە 17 كۈندە قېزىلىپ بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇلدى. گۈگگۈرت، ئاھاك ئارىلاشتۇرۇپ يەرلىك ئۇسۇلدا ياسالغان قاپ-قاپ پارتلاتقۇچ دورىلار لەخمىلەرگە توشۇلۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

سەئىدخاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھەر تەرەپتىن سېپىل ئۈستىگە ۋە قەلئە دەرۋازىلىرىغا يامغۇردەك ئېتىلىۋاتقان ئوق بىردىن توختىدى. ئىمىن بەگ مىرزا سەئىدخان يېڭىسار قەلئەسىنى بۇنداق ھۇجۇم بىلەن ئالالمايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەن بولسا كېرەك، شۇڭلاشقا چېكىنمەكچى بولۇۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ كۆرەڭلىگەن ھالدا ۋارقىرىدى:

— يېڭىسار قەلئەسىنى 1000 يىل قورشاپ تۇرساڭلارمۇ ئالالمايسىلەر، جېنىڭلار تېنىڭلاردا بار چېغىدا كەلگەن يولۇڭلار بىلەن قايتىپ كېتىڭلار، بولمىسا سۇلتانىمىز ئۈستۈڭلەرگە باستۇرۇپ كېلىپ ئانا-ماناڭلارنى كۆزۈڭلەرگە كۆرسىتىدۇ.

سەئىدخان ئۇنىڭ ئالتۇن ئۇقا قادالغان كەمچەت تۇمقىنى قارىغا ئېلىپ ساداقتىن ئوق ئۈزدى. ئىمىن بەگ مىرزا كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئۆز ئەسكەرلىرىگە سۆز قىلماقچى بولۇپ تۇرغىنىدا كېلىپ گەردىنىگە تەگكەن ئوق كېكىرتىكىدىن چىقتى ۋە دۇم چۈشۈپ، شۇ يەردىلا ئۆلدى. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى ئالاقزادە بولۇپ كېتىشتى. ھېچقايسىسى باش كۆتۈرەلمەي قالدى.

— ئەمىر كەبىر، لەخمىلەر تۇتاشتۇرۇلۇپ، پارتلاتقۇچ دورىلار ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇندى، — دەپ مەلۇم قىلدى ئەلبەگ. سەئىدخان بۇيرۇق قىلدى:

— قاناتبەگكە ئېيتىڭ، پىلتىگە ئوت يېقىپ، ھەممەيلەن لەخمىدىن تېز يېنىپ چىقسۇن.

— خوپ، ئالىيلىرى.

ئۇزۇن ئۆتمەي پىلتىگە ئوت يېقىپ بولغان قاناتبەگ ئادەملىرى بىر-بىرلەپ لەخمىدىن يېنىپ چىقتى. پارتلاتقۇچ دورىنىڭ گۈمبۈرلەپ پارتلىغان زەربىدىن قەلئەنىڭ ئېگىز سېپىلى سىلكىنىپ ئاجراشقا باشلىدى. مۇستەھكەم ھېسابلانغان يېگسار قەلئەسىنىڭ سېپىلى گۈمۈرۈلۈپ، شىمالىي تەرىپىدىن چوڭ بىر يوچۇق ئېچىلدى.

يۈزلىگەن جەڭ شوتىلىرىنىڭ بىرى غولسا ئورنىغا يەنە بىرىنى دەسسىتىپمۇ سېپىلگە چىقالمىغان مىرزا ھەيدەر، سەئىد مۇھەممەد مىرزا قوشۇنلىرى ئاشۇ يوچۇق ئارقىلىق يېگسار قەلئەسىگە بېسىپ كىردى. گىرەلەشمە جەڭ باشلاندى. ھەممە يانىنى قىلىچلارنىڭ جاراڭ-جۇرۇڭ ئاۋازى بېسىپ كەتتى. قەلئە ئىچى قانغا بويالدى. ئاخىر تۈركۈم-تۈركۈملەپ ئەل بولغان دۈشمەن ئەسكەرلىرى قىلىچ، نەيزىلىرىنى تاشلىدى. سەئىدخان ئىمىن بەگ مىرزىنىڭ ئوردىسىغا كىرىپ تەخت ئۈستىگە چىقتى.

ئەلبەگنىڭ ئادەملىرى جان ھەسەن، ئاختا مىرۋەلى، شاھدانە مۇھەممەدبېك باشلىق ئون نەچچە ئەمىر-بەگنىڭ باشلىرىنى كېسىپ كېلىپ سەئىدخاننىڭ ئالدىغا قويدى.

## 5

ئات تۇياقلىرىدىن، پىيادە نەۋكەرلەر ئاياغلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ-توپا 60 مىڭدىن ئوشۇق لەشكەرنىڭ باش-كۆزلىرىنى كۆرگىسىز قىلىۋەتكە-نىدى. بۇ چاڭقىچە ياقىسىغا كىر قوندۇرماي كەلگەن سۇلتان مىرزا ئابابەك-رىنىمۇ تونۇغىسىز ھالغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى. يېڭى ئېلىنغان پىيادە ئەس-كەرلەر ئىچىدىكى يېشى چوڭلار ماڭالماي، بىردىن-ئىككىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا باشلىدى. ھەممىنىڭ سېپى دەپ ئاتىلىدىغان كۆز يەتكۈسىز چۆل-باياۋاندىن ئۆتكىچە ئارىلىقتا ماڭالماي قالغانلاردىن 100 دىن ئارتۇق كىشى چېپىپ تاشلاندى. بۇ پاجىئە بۇ چاڭقىچە جەڭگە چۈشۈپ باقمىغان، ھۈنەرۋەن، تىجارەتچى، دېھقانلاردىن مەجبۇرىي تۇتۇپ كېلىنگەن ئەسكەر-لەرنى قورقۇتۇپ، ۋەھىمىگە سېلىپ قويدى.

ئۇلار توپ-توپ بولۇشۇپ قېچىشقا يۈزلەندى. مىرزا ئابابەكرى ئەمىر، بەگ، سەردارلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپمۇ ئۇلارنى توسۇپ قالالمىدى.

— كىمكى قاچىدىكەن، تۇتۇۋالغان يەردە چېپىپ تاشلاڭلار! — دەپ يارلىق چۈشۈردى.

يېڭىسارغا بىر كۈن بۇرۇن ئەۋەتىلگەن ئايغاقچىلار سايىدىن ئەمدىلا چىقىپ بوستانلىقتا دەم ئېلىۋاتقان مىرزا ئابابەكرىگە خەۋەر يەتكۈزدى:

— سەئىدخان يېڭىسار قەلئەسىنى ئېلىپ، شاھدانە مۇھەممەدبېك باشلىق ئەمىر-بەگلەرنىڭ باشلىرىنى كېسىپ سازايى قىپتۇ. ئىمىن بەگ مىرزا ساداق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. ئۇنىڭ يارلىق ئەسكەرلىرى ئەل بوپتۇ.

بۇ شۇم خەۋەردىن بېشى قايغان مىرزا ئابابەكرى زۇۋان سۇرمەي ئېتىنى كەينىگە بۇرىدى. ئۇ سانى كۆپ، ساپاسى يوق يېڭى ئېلىنغان ئەسكەر بىلەن جەڭگە كىرىپ نۇسرەت قازىنالمايدىغانلىقىنى چۈشەنگەنىدى. شۇ ماڭغىنىچە ياركەنتكە قايتىپ كېلىپ، چوڭ ئوغلى جاھانگىر مىرزىنى

ئۆز ئورنىغا تەختكە ئولتۇرغۇزدى.
— سەن مېنىڭ باھادىر ئوغلۇمسەن، ياركەنت قەلئەسىنى سەئىدخانغا زىنھار تارتقۇزۇپ قويما. مەن قېرىپتىمەن، كاللامۇ ئىشلىمەس بولۇپ قاپتۇ، پادىشاھلىق قىلالمىغۇدەكمەن. بۇ يەردىن كېتىشنى مۇۋاپىق تاپتىم. ئىشەندىچىمنى يەردە قويمىغايسەن، — دېدى مىرزا ئابابەكرى ئوغلىغا تاج كىيدۈرۈپ، ئۇنىڭ كۆزلىرى ياشلانغانىدى.
پۈتۈن تۇرقى ئاتىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان جاھانگىر مىرزا لام-جىم دېمەي تۇرغۇن دەپى-دۇنيانى ئېلىپ يولغا چىققان ئاتىسىنى ئۇزىتىپ قويدى. ئۇ بوشاڭ، راھەتپەرەس شاھزادە ئىدى. شۇڭا ئاقىۋەتنى ئانچە ئويلاپ كەتمەي، سۇلتان بولغانلىقىغا خۇشاللىنىپ تېرىسىگە سىغماي قالدى. ھالبۇكى ئۇ تەختتە بەش كۈنلا ئولتۇرالىدى. مىرزا ھەيدەرنىڭ لەشكەر باشلاپ ياركەنتكە يېقىنلاپ كەلگەنلىكىنى ئايغاقچىلاردىن ئاڭلىغان جاھانگىر مىرزا:
— مەن بىلەن كېتىشنى خالىغانلار نېمىنى خالىسا شۇنى ئېلىپ ماڭسۇن، — دەپ پەرمان چۈشۈردى. سەردار، بەگ، نەۋكەرلىرى ياركەنت شەھىرىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ ئاندىن جاھانگىر مىرزا بىلەن قاچتى.
ئەمىر مىرزا ھەيدەر كوراگان سەئىدخاننىڭ بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ياركەنت شەھىرىگە كىرگەندە، ئاھالە ئۆلارنى يىغا-زارە بىلەن كۈتۈۋالدى. ئۆي-ئۆيىدىن ئۇسسۇلۇق، نان ئېلىپ چىقىپ، ئۆزلىرىنى زالىمنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلدۇرغان ئەسكەرلەرگە تۇتتى...
بۇ چاغدا قەشقەر شەھىرىدىكى ھۈنەرۋەن-كاسىپ، سودىگەر قاتارلىق شەھەر ئاھالىسى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، مىرزا ئابابەكرىنىڭ بۇ يەردىكى ئەمىر، بەگ، سەردارلىرى بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىۋاتاتتى. ئازغىنا نەۋكىرى بىلەن قەشقەرگە ئاران قېچىپ كېلىۋالغان يۈسۈپ مىرزا سۇلتان ئاتىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇۋەرمىگىنى ئۈچۈن ھەسرەت چەكتى. پاكار، ۋىجىك بۇ ئادەمنىڭ ئاچچىقى شۇنچە يامان ئىدىكى، دائىم قازاندا ئېتىلدۇرغان ئاقىۋەتتەك

چېچىلىپلا تۇراتتى. ئۇ ياركەنتتىن قەشقەرگە مېڭىش ئالدىدا ئاكىسى جاھانگىر مىرزىنىڭ ئوغلىنى قايىنتىپ:

— شاھ ئاتا، ماڭا 5000 ئەسكەر بەرسىلە. سەئىدخاننى قەشقەر شەھىرىگە ئاياغ باسقۇزماي، تىرىك پېتى باغلاپ ئېلىپ كېلەي، — دەپ پو ئاتقانىدى. ئەمما يېڭىساردىن ئۆتۈپ ياپچانغا كەلگەن چېغىدا سەئىدخان قوشۇنىغا ئۇچراپ لەشكىرىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى.

قەشقەر ئەمىرى مىرزا ئابدۇللا بارلاس يۇسۇپ مىرزىنىڭ 5000 ئەسكىرى بىلەن ئەمەس، 100 گە يەتمىگەن قاچاقلار بىلەن كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆزىدىن ئامەتنىڭ يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى بىلگەنىدى. ئۇ يۇسۇپ مىرزا بىلەن كېڭىشىپ بارلىق ياساۋۇل-نەۋكەرلىرىگە قورغانلاڭنى دەرھال بېسىقتۇ-رۇش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى.

قورغىلاڭ پۈتۈن شەھەرگە يامرىغانىدى. مىرزا ئابدۇللا بارلاسنىڭ سەردار-نەۋكەرلىرى ياش-قېرى دېمەي ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى پۇقرانى قەتلى-ئام قىلىشقا باشلىدى. مانا شۇ چاغدا سەئىدخان قوشۇنلىرى قەشقەر شەھىرىنى تۆت تەرەپتىن قورشىۋالدى. سەئىد مۇھەممەد مىرزا شەرق تەرەپتىكى دەرۋازىغا ھۇجۇم قىلغان بولۇپ، دۈشمەن دىققىتىنى مۇشۇ يەرگە مەركەزلەشتۈردى. ئۇنىڭ قوشۇنلىرى كېچىسى يوشۇرۇنۇپ بېرىپ قاتتىق زەربە بىلەن غەربىي دەرۋازىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، شەھەرگە بېسىپ كىردى. شۇنىڭ بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان قورغىلاڭچىلار جانلىنىپ، مىرزا ئابدۇللا بارلاسنىڭ نەۋكەرلىرىنى تەمتىرىتىپ قويدى. كېچىچە جەڭ توختىد-مىدى. تاڭ سەھەردە سەئىد مۇھەممەد مىرزا قوشۇنلىرى شەرقىي دەرۋازىنى ئېچىپ، سەئىدخاننى شەھەرگە ئېلىپ كىردى. ئۇ بۇ قەدىم شەھەرنىڭ توپىسىنى يۈزلىرىگە سۈرتۈپ، تەكبىر ئېيتىپ ئوردىغا كەلدى.

مىرزا ئابدۇللا بارلاس بىلەن يۇسۇپ مىرزا ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالغانى-دى. لەشكەرلەر شۇنچە ئاختۇرۇپمۇ ئۇلارنى تاپالمىدى.

## 6

ئەنجاننىڭ دومبۇق دېگەن يېرىدە بولغان جەڭدە سەئىدخانغا ئەل بولغان مىرزا ئابابەكرى ئەسكەرلىرى سەئىد مۇھەممەد مىرزا قوشۇنىغا قوشۇۋېتىلگەنىدى. ئۇلاردىن مىرزا ئابدۇللا بارلاس قوشۇنىدا ئاكا-ئۇكا، ئۇرۇق-تۇغقان قېرىنداشلىرى بارلار ئۆز قېرىنداشلىرىغا خىتاب قىلىپ، مىرزا ئابدۇللا بارلاس ئەسكەرلىرىدىن نۇرغۇن ئادەمنــى ئارقا - ئارقىدىن ئەل بولغۇزدى.

سەئىدخان جەڭنى توختىتىشقا بۇيرۇق قىلىپ، خانلىق مەدرىسە بامدات نامىزىنى ئۆتىدى. دۇئادىن كېيىن:

— بۈگۈندىن باشلاپ كاسىپ، ھۈنەرۋەن، تىجارەتچىلەردىن ھېچقانداق سېلىق ئېلىنمايدۇ، كۆچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارنى بوزەك قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ. ھەممە ئازاد! — دەپ جاكارلىدى.

ئازىنا مەسچىت پەشتىقىدا ناغرا-سۇناي چېلىنىپ، كۆپچىلىك ساماغا چۈشتى.

سەئىدخان پەشتاق ئۈستىگە چىقىپ ساما كۆردى. سۇلتان مىرزا ئابابەكرىنىڭ زۇلمىدىن ئازاد بولغان خەلق ئۆز خۇشاللىقىنى ساما ئويناپ تەنتەنە قىلماقتا ئىدى. سەللە ئورىغان ئاق ساقاللىق بوۋايلار، دوپپىلىق يىگىتلەر، ئاق يۆك كىيگەن ئۈسمۈر باللار شۇنىڭدەك مالخايلىرىنى قىرلاپ كىيگەن ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى ساماغا چۈشۈپ كېتىشكەنىدى. گاھ ئوڭغا، گاھ سولغا ئايلىنىپ، گاھ ئالدىغا، گاھ كەينىگە دەسسەپ سىلىق ھەرىكەت، بىر خىل رىتىم بىلەن ئويناپ، مىڭلىغان تاماشىبىننى ئۆزلىرىگە مەھلىيا قىلغانىدى.

نان، سامسا بىلەن تولغان تەۋەڭنى بېشىغا ئالغان ئوقەتچىلەر كىشىلەر توپىنى ئايلىنىپ يۈرەتتى. قوغۇن، تاۋۇز كۆتۈرگەن باققاللار، شاپتۇل، ئۈزۈم قاچىلانغان سېۋەتنى قولتۇقىغا ئالغان دېھقانلارمۇ خېرىدارلىرىغا نەرسىلىرىنى

ساتماقتا ئىدى...

سەئىدخان خەلق توپىغا نەزەر سېلىپ ساما كۆرۈۋاتقاندا، سەئىد مۇھەممەد مىرزا ئۇنىڭ يېنىغا چىقتى.

— شاھزادە، تۆۋەنگە چۈشكەن بولسىلا بۇنىڭدىنمۇ قىزىق ئويۇننى كۆرگەن بولاتتىلە، — دېدى ئۇ.

— ھەرقانداق ئويۇن ساما ئۇسسۇلىدەك نەپىس، جەلپكار بولماس ئاغا، — دېدى سەئىدخان. ئۇ بۇ ۋاقىتقا قەدەر ئۆزىنى سۇلتان، پادىشاھ، خان دەپ ئاتاشنى مەنئى قىلىپ كەلگەنىدى. "خان ياكى پادىشاھ بولۇش ئارزۇيۇم بولسىمۇ، ئاللا ماڭا ئۇنى نېسىپ قىلامدۇ-يوق، بۇ نامەلۇم. شاھزادە، ئەمىر كەبىر ياكى سەئىدخان دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. تەختتە ئولتۇر-ماي تۇرۇپ بۈيۈك ناملار بىلەن ئاتىلىشىم مۇۋاپىق بولماس" دەپ نەچچە قېتىم ئەسكەرتكەنىدى. ئۇ ئۆزىدىن چوڭلارنى "ئاكا"، "ئاغا"، كىچىكلەر-نى "ئۇكا" دەپ ئاتايتتى. ئۇنىڭ بۇنداق كەمتەرلىكى ئەسكەرلەر ئىچىدىمۇ، ئاۋام ئارىسىدىمۇ ھۆرمەت-ئابرويىنى ئۆستۈرگەنىدى.

— شۇنداق شاھزادە، ساما ئۇسسۇلى ئاۋامنىڭ قايغۇ-ھەسرىتىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، خۇشاللىقنى نامايان قىلىدىغان ئاجايىپ ئۇسسۇل. مېنىڭ ئۆزلىرىنى پەسكە چۈشۈشكە دالالەت قىلىشىم يەنە باشقىچە بىر قىزىق ئويۇننى كۆرستىش ئۈچۈندۇر، — دېدى سەئىد مۇھەممەد مىرزا.

سەئىدخان سەئىد مۇھەممەد مىرزا بىلەن پەشتاقتىن چۈشۈپ، جامە ئىچىدىكى خالىبىراق بولغان كۆل بويىغا باردى. بۇ يەردە قارا پەرەنجە ئارتقان ئۈچ ئايال تۇراتتى.

— بۇ نومۇسسىز "خوتۇنلار"نى ئەلبەگ تۇتۇۋاپتۇ. ئۇلارنىڭ گۈزەل چىرايىنى كۆرۈپ باقسىلا ئەمىر كەبىر، — دېدى سەئىد مۇھەممەد مىرزا. ئۇ ئەلبەگكە ئىشارەت قىلىۋىدى، ئۈچ ئايالنىڭ پەرەنجىسىنى ئېلىۋەتتى. سەئىدخان بۇلارنىڭ ساقال-بۇرۇتلۇق "خوتۇنلار" ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈۋەتتى.

— بۇ غۇنچە بوي، ساقاللىق «مەلىكە» مىرزا ئابابەكرىنىڭ كەنجى ئوغلى يۇسۇپ مىرزا ئىكەن، — دەپ تونۇشتۇردى قىزىقچىلىق قىلىپ سەئىد مۇھەممەد مىرزا، — قەشقەردىكى چېغىمدا خەتنە تويى بولغانىدى. چوڭ بولۇپ بۇنداق «ساقاللىق قىز» بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىكەنمەن. بۇ ئىككىسىدىن ماۋۇ ئېگىز بويلۇق زىلۋا كەلگىنى قەشقەر ئەمىرى مىرزا ئابدۇللا بارلاس، ماۋۇ يوغان قورساق بولسا قەشقەر جامەسىنىڭ خاتىپى مەقسۇد بۇخارى داموللام ئىكەن. ھازىر ئۆزگىرىپ ھۆرمەتلىك «مەلىكىنىڭ» چاچ-ساقاللىرىنى ياساپ، كىيىملىرىنى كىيگۈزۈپ قويىدىغان كېنىزەككە ئايلىنىپ قالغىنىغا زادىلا ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ.

بۇ ئۈچ كىشى سەئىدخان ئالدىدا تىزلاندى.

— بىر قوشۇق قېنىمىزدىن كەچكەيلا شاھ ئالىيلىرى، — دېدى داموللا يىلىنىپ.

— ھايات قالغىنىمدىن ئۆلگىنىم ياخشى! — يۇسۇپ مىرزا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — ئاتام لەشكەر تارتىپ كېلىپ سىلەرنى ئامان قويمايدۇ.

— ئەلبەگ، بۇلارنى سىزگە تاپشۇرىمەن. مىرزا ئابابەكرى تۇتۇلۇپ كېلىنگىچە زىنداندا يېتىپ تۇرسۇن، — دېدى سەئىدخان يۇسۇپ مىرزىنىڭ بويۇنتاۋلۇق قىلغىنىنى پىسەنتكە ئالماي.

— خوپ ئالىيلىرى.

— ئەلبەگ ياساۋۇللارغا بۇيرۇپ ئۇلارنى ئېلىپ كەتتى.

سەئىدخان سەئىد مۇھەممەد مىرزا بىلەن چۈش ۋاقتىدا ئوردىغا كەلدى. بۇ ئوردا سانسىز مىرزىدىن ئىنىسى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا قالغان بولۇپ، ناھايىتى ھەشەمەتلىك ئىدى. سەئىد مۇھەممەد مىرزا مەرھۇم بوۋىسى روھىغا بېغىشلاپ فاتىھە ئوقىدى. سەئىدخان دۇئادىن كېيىن ئۇنى بوش قالغان تەختكە چىقاردى.

— مەن ئەتە سەھەر ياركەنتكە كېتىمەن ئاغا، سىز ئاۋام-خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئىزىغا چۈشكىچە قەشقەردە قېلىپ تۇرغايسىز. قاناتبەگ ئاغمو

يېنىڭىزدا قالسۇن.
— خوپ، ئەمىر كەبىر.
سېئىدخان ئوردا سارىيىدا چۈشلۈك تاماق يەپ، بالا-چاقىلىرى تۇرۇ-ۋاتقان ساغانتوقايدىكى باغقا چىقىپ كەتتى.

# 7

مىرزا ئابابەكرى خوتەنگە بېرىپ شۇ يەردە تۇرۇپ قالماقچى ئىدى، ئەمما خوتەندە بىر ئايمۇ تۇرالمىدى. سەئىدخان ئەۋەتكەن قوشۇن ئۇنى ئىز قوغلاپ كەلگەنىدى. ئۇ جەڭ قىلىشقا پېتىنالماي، تاغ يوللىرى ئارقىلىق تىبەتكە قاراپ قاچتى. قاراڭغۇ تاغقا بارغاندا 900 خېچىرغا ئارتىپ ماڭغان ئالتۇن-كۈمۈش ماللىرىنى ئېلىپ ماڭالماي، قويۇپ كېتىشكىمۇ چىدىماي ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى. قوغلاپ بارغۇچىلار كۆل دۆۋىلىرىنى ئاختۇرۇپ نۇرغۇن ئالتۇن-كۈمۈش، تىللالارنى يىغىۋالدى.
مىرزا ئابابەكرى شۇ قاچقىنىچە تار، ئېگىز-پەس، ھاۋاسى شالاڭ تاغ يوللىرىدا خەتەرلىك داۋان، ھاڭلاردىن ئۆتۈپ، سوغۇق چۈشكەندە تىبەتكە يېتىپ باردى. بۇ يەردىمۇ ئۇنىڭغا خۇۋلۇق بولىدى. مىڭلىغان خەلقنى سەرگەردان قىلىۋەتكەن بۇ سۇلتان ئۆز بېشىغا مۇنداق قارا كۈنلەرنىڭ كېلىشىنى ئىلگىرى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى.
ئاڭغۇت پادىشاھلىقىنىڭ نەۋكەرلىرى تۆت تەرىپىنى قورشاپ، مىرزا ئابابەكرىنىڭ پەرمانىغا بويسۇنمايدىغانلىقىنى، پاناھلىقمۇ بەرمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بارلىق ئۈزۈۋ-تۈلۈكىنى تارتىۋالدى. "خۇدا، 40 نەچچە يىل پادىشاھلىق قىلىپ نېمىگە ئېرىشتىم؟ مەن ئادىل پادىشاھ بولالمىدىممۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئەلنىڭ بۇنچە قاتتىق غەزەپ-نەپرىتىگە قالىمەن؟ بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟..." مىرزا ئابابەكرى تاملىرى تاش بىلەن قوپۇرۇلغان ناھايىتى چوڭ بىر قورۇغا نەزەربەنت قىلىپ قويۇلغاندىن كېيىن ئۆزىگە شۇ

سوئالنى قويۇپ يىغلاپ كەتتى.مۇشۇ ئىغلىغا ئوخشايدىغان قورۇدا قىشنى ئۆتكۈزدى. ئۇ بۇنىڭدىن ئون يىل ئىلگىرى ئارقا-ئارقىدىن ئىككى قېتىم لەشكەر ئەۋەتىپ تاكەنت ئېلىنى بېسىۋالغانىدى. "تاكەنتلار ئىلگىرى ھەي-ۋەتىمنى كۆرگەن، بۇ نۆۋەتمۇ ماڭا غىڭ قىلماي بويسۇنىدۇ" دەپ كەلگەنىدى. ئەمما ئۆز ئېلىنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىغان تاكەنتلار ئۇنىڭغا بوي بەرمىدى.

— بىزگە قۇل بولغىن، بۇنىڭغا ماقۇل بولمىساڭ كەت. خەلقىم زالىمدىن بىزار، — دېدى ئۇنى ئوردىسىغا چاقىرغان لاما. مىرزا ئابابەكرى زۇۋان سۈرەلمەي ئارقىسىغا يېنىپ، تاش قورۇغا كەلدى. "ھىندىستانغىمۇ كېتەلمەيدىغان بولدۇم. قېچىپ قۇتۇلۇشۇمنى ئاللا خالىمىدى. بۇ يەردە قۇل بولغاندىن كۆرە ئۆز يۇرتۇمدا ئۆلگىنىم ئەۋزەل" دېگەن ئويغا كېلىپ قايتماقچى بولدى. كەچ كىرگىچە ئويلىنىپ، زاۋال ۋاقتىدا، كەچكى شەپەق نۇرى غىل-پال ئەكس ئېتىپ تۇرغان تاشقا تايىنىپ ئورنىدىن تۇردى. ئورۇقلاپ قالغاچقا، ئۇنىڭ بويى زىرائىپدەك ئۆزىراپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى.

— قېرىنداشلىرىم، تۇغقانلىرىم، يات ئەلدە بىزگە ياخشى كۈن يوق ئىكەن. مەن يۇرتۇمغا قايتىش قارارىغا كەلدىم. مېنى ئۇ يەردە ئۆلۈم كۈتۈپ تۇرماقتا. ئۆلتۈرۈلسەم مېنى ئاتا-بوۋىلىرىمنىڭ ئايىغىغا دەپنە قىلىڭلار.

— سۇلتانىم، — دېدى ئۇنىڭ پېشىگە ئېسىلغان ئەتىۋارلىق خوتۇنى شۆرلىقا بېگىم، — شەرگىز قايتمىسىلا، سەئىدخان سىلىنى تىرىك قويمايدۇ.

— ئاتا، قايتمىسىلا! — 21 ياشلارغا كىرگەن تۇرئەنگىز بىلەن 19 ياشلارغا كىرگەن بوستانگىز يامغۇردەك تۆكۈلۈپ تۇرغان ئاتىسىغا ئىچ ئاغرىتىپ تەڭلا تىزلاندى، — بىزگە بۇ يەردە قالماقتىن باشقا چارە يوق. كېيىن بەدەخشان، ھىندىستان تەرەپلەرگە كېتەرمىز.

— ياق بولمايدۇ. ئۇ يەردە بابۇر مىرزا بار. مەن ئۇنىڭ چوڭ ئانىسى، ھامىسىنى ئۆلتۈرگەن. سىلەر بۇ يەردە قېلىپ تۇرۇڭلار. مەن خۇدا بۇيرۇسا يات ئاردا بولغا چىقمەن.

ئۇ قار ئېرىپ، يەر-جاھان كۆكىرىشكە باشلىغان ئەتىياز كۈنلىرىنىڭ

بىر سەھەردە يۇرتىغا قاراپ يولغا چىقتى.

## 8

— مىرزا ئابابەكرى ئايغاقچى ئەۋەتىپتۇ، — دېدى بارگاھ ئالى[1] غا كىرىپ كەلگەن ئەلىبەگ ئۇد چېلىپ ئولتۇرغان سەئىدخانغا سالام بېرىپ.

شاھزادىنىڭ قويۇق قارا قاشلىرى سەل تۈرۈلۈپ، چېھرىدە ھەيرانلىق ئەكس ئەتتى.

— باشلاپ كىرىڭ بەگ،

— خوپ ئالىيلىرى.

ئەلىبەگ چىقىپ كېتىپ ئۈچ كىشىنى باشلاپ كىردى. ئۇلارنىڭ چاچ-ساقاللىرى ئۆسۈپ، چىگىشلىشىپ كەتكەنىدى. ئۆرە تۇماقنى چۆكتۈرۈپ كىيگەنلىكى ئۈچۈن چاڭ-توپا باسقان كۆزلىرىنى ئارانلا كۆرگىلى بولاتتى.

— بىر قوشۇق قېنىمىزدىن كەچكەيلا شاھ ئالىيلىرى، — دېدى ئۇلار تىزلىنىپ.

— سىلەرنى سۇلتان مىرزا ئابابەكرى ئەۋەتتىمۇ؟ — سورىدى سەئىدخان ئۇلارغا تەكشى سەپسىلىپ.

— شۇنداق، — جاۋاب بەردى بويلۇقراق كەلگەن ئايغاقچى.

— نېمە ئۈچۈن ئەۋەتتى؟

— سۇلتان بىر كۈنى كەچتە ئۈچىمىزنى چاقىرىپ "سىلەر سەئىدخان يېنىغا بېرىپ، مېنىڭ كېلىۋاتقانلىقىمنى خەۋەر قىلىڭلار، مەن ئارقاڭلاردىن يېتىپ بارىمەن— " دېدى ۋە ھەر بىرىمىزگە بىر خۇمرىدىن ئالتۇن بەردى. تاغ-داۋانلاردا ئىككى ھەپتە يۈرۈپ، ئاخىرى ھۇزۇرلىرىغا يېتىپ كەلدۇق.

---

[1] بارگاھى ئالى — پادشاھ، ئەمىرلەر تۇرىدىغان كاتتا چېدىر.

— ئۇ بۇ يەرگە كېلىپ نېمىش قىلماقچىكەن؟
— ئالىيلىرىدىن گۇناھىنى تىلىمەكچى ئوخشايدۇ.
— بۇلارنى ئوبدان تائاملاندۇرۇپ قەلئە ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇڭ، تىرىكچىلىك قىلسۇن.
— خوپ ئەمىر كەبىر، — ئەلىبەگ ئۇلارنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.
سەئىدخان مىرزا ھەيدەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئەلىبەگنى مىرزا ئاباكرىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتمەكچى بولۇپ ئۇنى چاقىرتتى.
— ئۇ خۇنپەرنى ساق ئېلىپ كەلگەيسىز بەگ. ئۇنىڭدا ئەلنىڭ قان قەرزى كۆپ، ئۇنى ئەل-جامەت ئالدىدا شەرىئەت بويىچە جازاغا تارتقايمىز.
— خودا بۇيرۇسا ئالىيلىرى.
ئەلىبەگ بارگاھى ئالىدىن چىقىپ تۆت ئىنىسى ۋە 100 دەك نەۋكەر-نى ئېلىپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ مىرزا ئاباكرى قاچقاندا قاراڭغۇ تاغقىچە قوغلاپ بېرىپ، قايتقانىدى. بۇ قېتىم يەنە شۇ يول بىلەن ماڭدى. يەنە شۇ قاراڭغۇ تاغ باغرىدا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشتى. مىرزا ئاباكرى تېخى تۈنۈگۈن كەچتە بۇ يەرگە يېتىپ كېلىپ، چېدىر تىكىپ ئارام ئېلىپ ياتقانىدى.
مىرزا ئاباكرىنىڭ بىرقانچە قورۇقچىسى ئەلىبەگنى ئۇنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىردى. ناھايىتى سالاپەتلىك كەلگەن بۇ پادىشاھ جۇدەپ مۇكچىيىپ قالغانىدى.
— سەئىدخاننىڭ ئالدىدىن كەلدىڭلارمۇ؟ تەقدىر-قىسمەتنىڭ قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمىدى. مەن مانا ياركەنتكە ئۆزۈم قايتىپ كېتىۋاتقان ئىدىم. بۈگۈن شەنبە ئىكەن. شەنبە پادىشاھلار شىكار قىلىدىغان كۈن. مەن شىكارغا چىقتىم ئەمەس، شىكارچىغا ئولجا بولدۇم. قېنى ماڭايلى، دائىم زاۋال ۋاقتىدەك كۆكىرىپ تۇرىدىغان بۇ بەدبەخت جايدىن تېزرەك كېتەيلى، — دېدى ئۇ غەمكىن ھالدا.
قەھرى-غەزىپىنى تەسلىكتە بېسىپ تۇرغان ئەلىبەگ ئۆزىنىڭ كىملى-

كنى ھازىرچە بىلدۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى.ئۇ دۇبۇلغا ساۋۇت كىيىپ، يۈزىنى سىم تور بىلەن نىقابلىۋالغانلىقى ئۈچۈن بۇ قاۋۇل سەردارنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلسىمۇ، تونىيالمىغان مىرزا ئابابەكرى ئۆتۈنۈش ئاھاڭىدا دېدى:

— سەردار، پېشىن نامىزىنى ئۆتۈۋېلىپ ماڭغان بولساق.

— مەيلى، دېگىنىڭىزچە بولسۇن.

ئەلبەگ ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن يېمەكلىكتىن بىرمۇنچە نان، يەل-يېمىشنى مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئادەملىرىگە تارقىتىپ بەردى. قازانغا گۆش سېلىپ ھەم كاۋاپ پىشۇرۇپ قورساقلىرىنى ئوبدان غەملىۋالغاندىن كېيىن، پېشىن نامىزىنى ئۆتەشتى.

ئۆز باغرىغا قۇياش نۇرىنى چۈشۈرمەيدىغان بۇ ئېگىز تاغ قاپتىلىدىن قوزغىلىش ئالدىدا، ئەلبەگ چىلان تورۇق ئېتىنى يېتىلەپ كەلدى.

— ئېتىڭىز ھېرىپ قاپتۇ. مانا بۇ تۇلپارغا مىنىۋېلىڭ، — دېدى ئۇ چېدىر ئالدىدا يىراققا كۆز تىكىپ تۇرغان مىرزا ئابابەكرىگە.

مىرزا ئابابەكرى چاپچىپ تۇرغان ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، ئۇندە-مەستىن ئۈزەڭگىگە پۇتىنى قويۇپلا مىندى.

— مېنى ئىنىم سەئىد مۇھەممەد مىرزا قېشىغا ئېلىپ بېرىڭلار، ھەرنېمە قىلسا شۇ قىلسۇن، — مىرزا ئابابەكرى يەنە بىرنېمە دېمەكچى بولدىيۇ، قولىنى سىلكىپ ئاتنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋەتتى.

— خاتىرجەم بولۇڭ سۇلتان، — ئەلبەگ ئۆز ئادەملىرى بىلەن مىرزا ئابابەكرى ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى ئارىغا ئېلىپ يۈرۈپ كەتتى.

* * *

جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان تاغ تىزمىلىرى ھەر ياققا پۇت سۇنۇپ ئۇخلاۋاتقان ئەجدىھاغا ئوخشايتتى. ئەلبەگ مۇشۇ تاغنىڭ باغرىدىكى يىلان

باغرى يولدا مرزا ئابابەكرىنى ئىلىپ كىتىۋاتاتتى. تۆگىنىڭ لوكىسىدەك بۆرتۈپ چىققان چوققىلاردىن، ئات ئۆچىسىدەك قۇملۇق قىرلاردىن، پىچاق بىسىدەك تىك قىيالاردىن ئۆتۈپ ئۆچىنچى كۈنى بىر ئاچا يولغا كەلدى. تۆت ئەتراپ چەكسىز كەتكەن ساي بولۇپ، دۆۋە-دۆۋە قۇم بارخانلىرى ھەرياندىن كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئەلبەگ ھەمراھلىرىنى توختاشقا بۇيرۇدى:

— مۇشۇ يەردە توختاپ ئارام ئېلىۋالايلى، — دېدى-دە ئاتتىن چۈشتى. مرزا ئابابەكرى ئۆنىڭغا تازا بىر قارىۋېتىپ خالىمىغان ھالدا ئاتتىن چۈشتى. ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى ئاتنىڭ تىزگىنلىرىنى ياساۋۇللار ئالدى.

كۈن پېتىشقا نەيزە بويى قالغانىدى. باھار شامىلى قۇم بارخانلىرىنىڭ ئۈستىنى سىيپاپ ئۆتەتتى.

ئەلبەگ ئىنىلىرىنى يېنىغا چاقىردى. قىلىچ، ئوقيا، نەيزە بىلەن قوراللانغان بۇ تۆت يىگىت مرزا ئابابەكرىگە غەزەپ بىلەن كۆز تىكىپ تۇرۇشتى.

— مانا، — دېدى ئەلبەگ گۈگۈم سايىسى چۈشۈپ قارايغان قۇم بارخانلىرىغا ئېقىپ ئويغا پاتقان مرزا ئابابەكرىنى كۆرسىتىپ، — رەھمەتلىك ئاتىمىز تۆمۈر بەگنى سېپىل ئاستىغا باستۇرۇۋەتكەن، رەھمەتلىك ئانىمىزنى بوغۇپ ئۆلتۈرگەن، يۈزلەپ-مىڭلاپ بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ قانلىرىنى تۆككەن زالىم مرزا ئابابەكرى ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ.

تۆت يىگىت تەڭلا قىلىچىنى غىلاپتىن سۇغۇردى.

— توختاڭلار ئىنىلىرىم، — دېدى ئەلبەگ، ئاندىن مرزا ئابابەكرىگە مىقتەك قادىلىپ تۇرۇپ يۈزىدىكى نىقابىنى ئېلىۋەتتى.

— سەن مېنى تونۇدۇڭمۇ زالىم؟

— تونۇدۇم. خۇمار خاتۇننىڭ چوڭ ئوغلىسەن، — دېدى مەڭسىتمىگەن تەرىزدە.

— بىز سېنى نېمە قىلساق بولار؟ ئۆزۈڭ ئېيتىپ باق! — ئاچچىقى



بىلەن ۋارقىرىدى ئەلبەگ.

— سەئىدخان مېنى يولدا ئۇچۇقتۇرۇۋېتىڭلار دېگەنمىدى ؟ — سورىدى مىرزا ئابابەكرى ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەي.

— مەن ئەمدى ساڭا يالغان سۆزلىمەيمەن قانخور، ئەمىر كەبىرىمىز سېنى تىرىك ئېلىپ بېرىشىمىزنى تاپىلىغان.

— ئۇنداق بولسا نېمىشقا ئۆلتۈرۈش قەستىدە بولسەن؟

— بىز قىساس ئالماقچى. سەندىن قىساس ئالمساق، ئۇ دۇنيادا ئاتا-ئانىمىزغا يۈز كېلەلمەيمىز، — دېدى ئەلبەگ قەتئىي تۇردە.

— مېنى سوراقتا تارتىشقا سەن مۇناسىپ كەلمەيسەن. سەئىدخاندىن باشقا ھەرقانداق كىشىنىڭ سورىقىغا جاۋاب بەرمەيمەن. قانداق ئۆلتۈرگۈڭ كەلسە شۇنداق ئۆلتۈر.

ئەلبەگ ئۇنى يوكۇنۇپ ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى.

— سېنىڭ ئالدىڭدا قانداقمۇ تىزلىنىمەن؟ تېخى سارىڭ بولۇپ ئەقلىمدىن ئاداشقىنىم يوق، جاھان شاھلىرىنى چۆچۈتكەن سۇلتان ئىكەنلىكىم ئېسىڭدىن چىقتىمۇ ئەخمەق! — مىرزا ئابابەكرى مىيىقىدا كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— يۈتۈگىدىن تارتىپ بېشىڭغىچە چانىساقمۇ دەردىمىز چىقمايدۇ، ساڭا رەھىم قىلىپ بىر قىلىچ ئۇرۇش بىلەن كاللاڭنى ئۈزۈپ ئېلىپ كېتەيلى دەۋاتىمىز، — ئەلبەگ قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈردى.

— توختا! — دېدى مىرزا ئابابەكرى، — مەن تاھارەت ئېلىپ ئىككى رەكەت ناماز ئۆتەۋالاي.

ئەلبەگ ئىنىلىرىغا قارىدى، ئىنىلىرى ئۇنچىقماي تۇرۇۋالدى. ئۇ ئاتقا ئارتىقلىق تولۇمدىكى سۇدىن مىس چۆگۈنگە توشتۇرۇپ قويۇپ، مىرزا ئابابەكرىگە بەردى. مىرزا ئابابەكرى بىر ياندىكى ئېگىز ئۆسكەن يۇلغۇن شاخلىرىنىڭ دالدىسىدا تاھارەت ئالدى. ئاندىن شامال ئۇرۇپ بىرىم چەمبەر ھاسىل بولۇپ قالغان قۇمساز يەرگە بېرىپ قىبلىگە قاراپ ناماز ئوقۇدى،

سەجدىگە ئۇزاق باش قويۇپ گۇناھىنى تىلىدى، ئۇ نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئەلبەگلەرنىڭ قېشىغا كېلىپ بىر ئوتلام سۇ ئىچتى. ئاندىن كۆزىنى يۇمۇپ بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇردى، ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى، بىرنېمە دېمەكچى بولغاندەك لەۋلىرى توختىماي مىدىرلايتتى. قىلىچىنى ئاللىقاچان تەييارلاپ تۇرغان ئەلبەگ شەپە چىقارماستىن ئۇنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، بويىنىغا غەزەپ بىلەن قىلىچ ئۇردى...

## 9

ئەلبەگ ئىنىلىرى بىلەن يېمەكلىك، لازىملىق نەرسىلەر قاچىلانغان ھارۋىلارنىڭ چوگراقىنى بوشاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بوچۇق قالدۇرماي ئاق خامنى تەكشى يېيىپ، قۇرۇق قۇمدىن ھارۋىغا لىق ئۇستى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ جەسىتىنى يالىڭاچلاپ، بېشى بىلەن قوشۇپ، ھارۋىغا ئۇسۇلغان قۇمغا ياتقۇزدى، ئۈستىگە يەنە قۇم تاشلىدى، ئاخىرىدا يەنە نەم قۇمدىنمۇ تاشلاپ، گويا ھارۋىغا بىر قۇم قەبرە قاتۇردى. ھارۋىنىڭ كەينىدىن چىقىپ قالغان پۇتلىرىنىمۇ زەمبىل تېگىپ، شۇ يوسۇندا قۇم بىلەن چۈمكەپ، كېچىنى كېچە دېمەستىن ئېلىپ ماڭدى، ئەتىسى ئەتىگەندە بۇ ھارۋىنىڭ تۆپىسىگە بىر سايىۋەن ئورناتتى. ئەلبەگ ئىنىلىرى بىلەن ھارۋىنىڭ يېنىدىن نېرى بولماي، پات-پات ئات يەڭگۈشلەپ، يۇرۇشنى بارغانسېرى چاپسانلاتتى، شۇنداق قىلىپ كەچ پېشىن بولغاندا ئەلبەگلەر سەئىدخان بارگاھىغا يېتىپ كەلدى. شاھزادە ئۇلارنى بارگاھ ئالدىدا كۈتۈۋالدى.

— مىرزا ئابابەكرىنى ئېلىپ كەلدىڭلارمۇ؟

— ئېلىپ كەلدۇق، — دېدى ئەلبەگ بوش ئاۋاز بىلەن.

— قېنى ئۇ؟

— مانا.

ئەلبەگ ھارۋىدىكى قۇم بىلەن كۆمۈلگەن جەسەتنى كۆرسەتتى.

— نېمشقا ئۇنى تىرىك ئېلىپ كەلمىدىڭلار؟

ئەلبەگ تىزلىنىپ جاۋاب بەردى:

— ئۇنىڭدىن قىساس ئالىمەن، دەپ قەسەم قىلغانىدىم.

— ئۇنى سىز ئۆلتۈردىڭىزمۇ ياكى بۇيرۇپ ئۆلتۈرگۈزدىڭىزمۇ؟ — ئاچچىقلىنىپ سورىدى سەئىدخان.

— ئۆزۈم ئۆلتۈردۇم ئەمىر كەبىر.

— ئۇنى قان قىزىقلىق قىلىپ شەخسىي ئۆچمەنلىك بىلەن ئالدىراپ ئۆلتۈرمەسلىك كېرەك ئىدى ئەلبەگ. بىز "شەرىئەت ھۆكۈمى" بويىچە ئۇنىڭغا جازا بېرەتتۇق ئەمەسمۇ؟

— گۇناھ ئۆزۈمدە، جازاغا لايىقمەن.

— سىز 500 نەۋكەرنى باشلاپ بىز تەرەپكە ئۆتۈپ، سۇلتان مىرزا ئابابەكرىنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرغان، يېڭىسار، قەشقەر قەلئەلىرىنى ئېلىشتا ئىنىلىرىڭىز بىلەن ئاجايىپ باھادىرلىق كۆرسەتكەنىدىڭىز، شۇنىڭ ئۈچۈن سىزگە ئىشىنىپ مىرزا ئابابەكرىنى تىرىك ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەنىدىم، ئىشەنچىمنى يەردە قويدىڭىز. ئۇنى نامەردلەرچە ئۆلتۈرۈپسىز. بۇ سىزگە لايىق ئەمەس ئىدى. ئۇ قەشقەر، ياركەنت دىيارلىرىنى 40 يىلدىن كۆپرەك سورىغان پادىشاھ ئەمەسمۇ؟ بىزنى ئۇنىڭدىن ھېساب ئېلىشتىنمۇ مەھرۇم قىلدىڭىز.

— بىلىۋاتىمەن ئەمىر كەبىر، مەن جازاغا لايىق.

سەئىدخان ئەلبەگكە نەزەر سېلىپ تۇرغان مىرزا ھەيدەرگە قارىدى.

— ئەلبەگ باھادىر سەردار، لېكىن ئۇ ئەمىر كەبىرنىڭ پەرمانىغا خىلاپ ئىش قىلدى. ئەلبەگدەك مۇشۇنداق ئالىي سەردارلىرىمىزنىڭ بىلىپ تۇرۇپ پەرمانغا مۇخالىپ ئىش قىلىشىنى كەچۈرسەك، كېيىن باشقا سەر-دار-نەۋكەرلەرنى قانداق باشقۇرىمىز؟

سەئىدخان مىرزا ھەيدەرگە باش لىڭشىتىپ قويۇپ دېدى:

— ئىنىلىرىڭىز بىلەن خوشلىشىۋېلىڭ ئەلبەگ، سىزنى ئەپۇ قىلالماي-

مەن. مىرزا ئابابەكرىنى تىرىك ئېلىپ كەلگەن بولسىڭىز، خەلق ئۇ زالىمنىڭ جازالانغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بولسا دەردى چىقماسمىدى؟ بىزنىڭ ئادالىتىمىز تېخىمۇ نامايان بولماسمىدى؟

— ئەمىر كەبىر، ئاكىمىزنىڭ گۇناھىدىن ئۆتسىلە، ئۇ ئالىيلىرىغا ئۆمۈرۋايەت سادىق، — ئوسمانبەگ ئەلتىجا قىلىپ ئىنىلىرى بىلەن كېلىپ تىزلاندى.

— ئىنىلىرىم، ئەمدى سىلەرگە ئەمىر كەبىر ئۆزى ئاكا بولىدۇ. ئۇنىڭ پەرمانىغا خىلاپلىق قىلماڭلار، مەن مەقسىدىمگە يەتتىم، — ئەلبەگ ئىنىلىرىنى بىر-بىرلەپ قۇچاقلاپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى.

— ئەلبەگ قەتلىئام قىلىنسۇن!

سەئىدخاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن تەڭ بىرنەچچە ياساۋۇل كېلىپ ئەلبەگنى يالاپ ئېلىپ كەتتى.

— مىرزا ھەيدەر ئاغا، ئەلبەگنىڭ تەقدىرى بۇنداق بولار، دەپ كىم ئويلىغان؟ بىزنىڭ ئورناتماقچى بولغان ئادالىتىمىز كېسىلگەن باشلار ئۈستىدە بەرپا بولىدىغان ئوخشايدۇ...، — سەئىدخان گېپىنىڭ ئاخىرىنى تۈگەتەلمەي مەيدىسىنى تۇتقىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى.

— „ جاندىن كەچمىگىچە جانانغا يەتكىلى بولماس“ دېگەندەك، ئۆزىمىزگە قاتتىق تەلەپچان بولمىساق، ئەل ئىچىدە ئادالەت ئورناتمىقىمىز قىيىن گەپ بولۇپ قالىدۇ شاھزادە، — دېدى ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەن مىرزا ھەيدەر تەسەللىي بېرىپ.

— بىز ئاكىمىز بىلەن ۋىدالىشىۋالايلى، — دېگىنىچە ئەلبەگنىڭ كەنجى ئىنىسى تۆمۈربەگ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يىغلامسىراپ يۈگۈردى، قالغان ئۈچ ئىنىسىمۇ يۈگۈرۈپ كېتىشتى. سەئىدخان مىرزا ھەيدەرگە قارىدى:

— ئەلبەگ شىر يۈرەك ئەزىمەت ئىدى. ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن! بىز ئۇنىڭ نامىزىغا بارايلى، سىز ھازىرلا مىرزا ئابابەكرىنىڭ جەسىتىنى تۇغقانلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىڭ ئاغا.

مىرزا ھەيدەر ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ، ياساۋۇللىرىغا مىرزا ئابابەكرىنىڭ جەسىتى سىلىنغان ھارۋىنى ھەيدىتىپ يۈرۈپ كەتتى.

سەئىدخان مۇلازىملارغىمۇ ئىجازەت بېرىپ بارگاھ ئالدىدا يالغۇز قالدى. ئۇ كۆز يېشىم يەردە يىگىدىن ياپراق چىقىرىپ يېشىل تۈس ئالغان چىنار دەرىخىگە قاراپ چوڭقۇر ئويغا چۆمگەن ھالدا بابۇر مىرزىنىڭ مۇنۇ شېئىرىنى ئوقۇدى:

چەرخىنىڭ مەن كۆرمىگەن جەۋرۇ جاپاسى قالدىمۇ،
خەستە كۆڭلۈم چەكمىگەن دەردۇ بالاسى قالدىمۇ؟



# يگىرمە ئۈچىنچى باب

# تاج كىيگەن كۈن

## 1

يەر-زېمىن كۆكىرىپ هاۋا خېلىلا ئىللىپ قالغانىدى. قاياقتىندۇر پەيدا بولۇپ قالغان كاككۇكلار ئەمدىلەتىن قاراڭغۇلاشقان باغلاردا سايراشقا باشلىغانىدى. تال-چىۋىقنى ئات ئېتىپ چىپىپ كەلگەن ئابدۇلرەشىدخان ئۆزى بىلەن تەگتۇش ئاداشلىرىدىن ئايرىلىپ، بارىگاھى ئالىيغا كىردى. ئۇنىڭ مەگزى توغاچىتەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. كۆرپە ئۈستىدە بەداشقان قۇرۇپ دۇتار چېلىپ ئولتۇرغان سەئىدخانغا ئەدەپ بىلەن سالام بەردى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئاتا، ئاراملىرىنى بۇزغان بەگباش ئوغۇللىرىنى كەچۇرسىلە.

— ۋەئەلەيكۇمئەسسالام ئوغلۇم. نەلەردە ئويناپ كەلدىڭ؟ — سورىدى سەئىدخان بىلىگە كىچىك ئويۇنچۇق خەنجەر ئېسىۋالغان ئوغلىغا مەسلىكى كېلىپ.

— نورۇزدۆگدە سوقۇش قىلىپ ئويناپ، زەپەر قازىنىپ كەلدىم ئاتا،

— جاۋاب بەردى ئابدۇلرەشىدخان دۇبۇلغىسىنى ئوڭلاپ كىيىپ.

— ھە، مۇنداق دە ئوغلۇم، سىنى شادىيانە چىلىپ كۈتۈۋالساق بولغۇدەك. قىنى ئېيتقىنا، قايسى دۈشمەن بىلەن سوقۇش قىلدىڭ؟

— سۇلتان مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئوغلى جاھانگىر مىرزا بىلەن. ئۇنى يېڭىپ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلدىم.

— بارىكاللا-بارىكاللا ئوغلۇم! خۇدا سىنى ئامان قىلغاي، — دېدى سەئىدخان، تەگتۈش باللار بىلەن نورۇزدۆڭگە بېرىپ"دوست-دۈشمەن" بولۇشۇپ ئويناپ كەلگىنىنى بىلىپ، — دۈشمەنگە رەھىم قىلسا بولمايدۇ. شۇنداقلا بىگۇناھ كىشىلەرنى، ئاجىزلارنى ئۆلتۈرسىمۇ بولمايدۇ. بۇنى ئېسىڭدە تۇتقىن ئوغلۇم.

— بۇنى بىلىمەن ئاتا، بىراق سىلىمۇ ئەلىبەگ ئاغىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇپتىلغۇ؟ بۈگۈن ئۇنىڭ ئوغلى رۇستەمبەگ شۇنداق دەيدۇ.

سەئىدخان تۇرۇپ قالدى. بىر ئاي ئىلگىرى چېپىپ ئۆلتۈرۈلگەن جەسۇر لەشكەر بېشى ئەلىبەگ ئۇنىڭ يادىدىن كەچتى. "ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈل-گەنلىكى باللارغىچە تېسىر قوزغاپتۇ-دە..."

— ئوغلۇم، ئەلىبەگ بىزگە دۈشمەن ئەمەس، دوست ئىدى. ئۇ پەرمانىمغا خىلاپلىق قىلىپ، ئادالەتنى مەڭسىتمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈل-دى. بۇنى بىلىۋېلىشىڭ لازىم. بۇنىڭدىن كېيىن سەن ئەلىبەگنىڭ ئوغلى بىلەن دوست بول. ئۇنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتمە، ماقۇلمۇ؟

— ماقۇل ئاتا.

ئابدۇلرەشىدخان ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى. سەئىدخان قولىغا دۇتارنى ئالدى. پەدىسىنى تۈزىدىيۇ، چالماستىن يېنىغا قويۇپ، تەمبۇرنى ئالدى. ئۇنىمۇ تامغا يۆلەپ قويۇپ ئۇدنى چالماقچى بولدى. ئۇ ھەر قاچان ئوي باسقاندا ساز چېلىپ غەمدىن قۇتۇلاتتى. ساز چېلىپ تۇرۇپ پىكىر يۈرگۈزەتتى. ھازىر ئۇنى خىيال باسقانىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئەمىر كەبىر.

سەئىدخان خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ، قول باغلاپ تۇرغان مىرزا ھەيدەرنى كۆردى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ئاغا، ئەجەب ۋاقتىدا كەلدىڭىز، كېلىڭ، ئولتۇرۇڭ، — ئۇ يېنىدىن ئورۇن كۆرسەتتى. مىرزا ھەيدەر ئولتۇرۇپ قىلىنىۋاتقان ئىشلار توغرۇلۇق سۆز ئاچتى:

— ئاڭلىشىمچە، كۆرسەتمىسى بىلەن ئىسسىق كۆل، يەتتە سۇدىن تارتىپ ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن دىيارىغىچە ھەممە قوشنا ئەللەردىن بەدەخشان، كابۇل، كەشمىر، تاشكەنت، ھىندىستان، خۇراسان، خارەزىم، چىن ئەللىرىگىمۇ خانلىقىمىز قۇرۇلغان مۇبارەك كۈننى قۇتلۇقلاش يۈزىسىدىن ئەلچى ئەۋەتىشنى ئۈمىد قىلىپ ئادەم ماڭغۇزدۇق. ئاكىلىرى مەنسۇرخانغىمۇ نامە ئەۋەتتۇق. سەئىد مۇھەممەد مىرزا، قاناتبەگ ۋە بارلىق ئەمىر، بەگ، سەردارلار ياركەنت شەھىرىنىڭ كوچا، بازار، مەيدانلىرىنى رەتلەپ ياساش، زىننەتلەش، ئوردىنى خانلىقىمىزغا لايىق بەرپا قىلىپ چىقىش ئۈچۈن ھۈنەرۋەن، كاسىپلارنى يېتەكلەپ ئىشلىمەكتە. ئەمىر كەبىرنىڭ يەنە قانداق تاپشۇرۇقلىرى بار، بىلەي دەپ كېلىۋىدىم.

سەئىدخان ئۇنىڭ گېپىنى زەڭ قويۇپ تىڭشىغاندىن كېيىن دېدى:

— ھەرقايسى جاي، ئەللەردىن كەلگەن مېھمانلارنى ئوبدان كۈتۈۋېلىش، ئورۇنلاشتۇرۇش ناھايىتى مۇھىم. ئۇنىڭدىنمۇ زۆرۈرى — ئامىنىڭ ھالىغا يېتىش، يېتىم-يېسىر، مۇساپىرلاردىن خەۋەر ئېلىش. دېھقان، تىجارەتچى، ھۈنەرۋەن-كاسىپلاردىن ئالىدىغان باج-سېلىقنى كۆپەيتىشكە بولمايدۇ. مىرزا ئابابەكرى زامانىدا ئۇلارنىڭ يىلىكى قۇرۇپ كەتكەن، بۇ زالىم پادىشاھ يىغقان زور بايلىقنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزى نابۇت قىلىۋەتكەن بولسىمۇ، كۆپ قىسمى قولىمىزغا چۈشتى. ئۇ خەلقنىڭ بايلىقى، ئۇنى بىز نابۇت قىلىۋەتسەك بولمايدۇ. مەن خانلىقىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن ئاز بولغاندا ئۈچ يىلغىچە تىجارەت، دېھقانچىلىقتىن باج-سېلىق ئالماي، دېھقانلار ۋە شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشىمىز، شۇنداقلا

نامرات-غېرىبلارغا، مىيىپ-ئاجىزلارغا 50 مىڭ سەر كۈمۈش تارقىتىپ بې-
رىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش يولىنى تېپىۋېلىشىغا ياردەم قىلىشىمىز ئىنتايىن
زۆرۈر، دەپ قارايمەن. مەن ياركەنتكە كەلگىنىمدىن بېرى بىرقانچە قېتىم
كوچا ئارىلاپ، نامراتلارنىڭ كۆپلۈكىنى، ئۇلارنىڭ ياردەمگە بەكمۇ موھتاج-
لىقىنى بىلدىم. چىدىغۇسىز دەرىجىدە تۇرمۇش كەچۈرۈۋېتىپتۇ. بۇلارنى
خارلايدىغان، بوزەك قىلىدىغانلارمۇ يوق ئەمەس ئىكەن، — سەئىدخان
ئېغىر ئۇھ تارتىپ سۆزدىن توختىدى.

— جانابى ئاللا تىلەكلىرىگە يەتكۈزگەي ئەمىر-كەبىر. مەنمۇ شۇ
ئارزۇدىمەن. يېقىندا ئۆزلىرىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن سەئىد مۇھەممەد مىرزا
بىلەن كېڭىشىپ، مەرھۇم ئەلىبەگنىڭ ئىنىسى ئوسمانبەگنى بىر تۈركۈم
ياساۋۇل، نەۋكەرلەرگە سەردار قىلىپ، پۇقرالارنىڭ ئامانلىقىنى قوغداشقا
مەسئۇل قىلغاندۇق. ھالال، قەيسەر يىگىت ئىكەن. كۆتكىنىمىزگە يارىشا
ئوغرى، لۈكچەك، قىمارۋازلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ، پۇقرالارنى زىيان-زەخ-
مەتتىن ساقلاپ، ئەلگە ئەمىنلىك بەخش ئېتىۋاتىدۇ...

## 2

سەئىدخان بالا-چاقىلىرى بىلەن تۇرۇۋاتقان بارىگاھى ئالىي —
ياركەنت شەھىرىدىن بىرقانچە چاقىرىم يىراقلىقتىكى بىر باغنىڭ بېغى
بولۇپ، ئەتراپى ئادەم بويى كېلىدىغان ئەنجان تېمى بىلەن قورشالغانىدى.
قەشقەردىن سەئىد مۇھەممەد مىرزا بىلەن يېقىندا كەلگەن قاناتبەگمۇ بارىگا-
ھى ئالىيغا چۈشكەنىدى. ئۇ بۈگۈن ھەر كۈندىكىدەك ئەتىگەنلىك تاماقنى
سەئىدخان بىلەن بىرگە يەپ، نەۋكەر، ياساۋۇللاردىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن
تاشقىرىغا چىقتى. ئۇ مۇسىبەت كېيىمى كىيگەن يەتتە-سەككىز ئايالنىڭ
باغ ئىشىكى ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ سورىدى:

— ئى مەزلۇمەلەر، نېمە ئىش بىلەن بۇ "بارىگاھى ئالىيى"غا

كېلىشتىلە؟

— بىز شاھزادە سەئىدخان بىلەن كۆرۈشكىلى كېلىۋىدۇق بەگ. مۇمكىنمىكىن، — دېدى بوش، مۇلايىم ئاۋاز بىلەن بىر قارا پەرەنجىلىك ئايال.

— ئۆزلىرىنىڭ كىملىكىنى شاھزادىغا ئېيتىشقا بولامدۇ؟ — سورىدى قاناتبەگ مېڭىپ بولۇپ، بىردىن توختاپ.

— ھۆرلىقا بېگىم دېسىڭىز كۇپايە بەگ.

بۇ ئىسمنى ئاڭلىغان قاناتبەگ سەل جىددىيلەشكەن ھالدا كەينىگە ياندى. ئۇ تال باراڭلىق سەيناردىن ئۆتۈپ بارگاھى ئالىيغا كىردى. سەئىدخان پېشايۋاندا ئۇد چېلىپ ئولتۇراتتى.

— ئاغا، ئەمىر مىرزا ھەيدەر، سەئىد مۇھەممەد مىرزىلار كېلىشمەكچى ئىدى. بايا تاماق ۋاقتىدا سىزگە ئېيتىش ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپتۇ. قېنى ئولتۇرۇڭ، — دېدى سەئىدخان ئۇنى كۆرپىگە تەكلىپ قىلىپ.

— ئۇنداق بولسا قايتىپ كىرگىنىم ياخشى بولۇپتۇ شاھزادە، لېكىن مەن ئولتۇرماي. مىرزا ئاتابەكرىنىڭ خانىشى ۋە بىرقانچە ئايال ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەنىكەن. دەرۋازا ئالدىدا قالدى، — دېدى قاناتبەگ.

— مۇلازىملارغا ئېيتىڭ ئاغا، باشلاپ كىرسۇن. مەن ئۇلارنى گۈلسىما سۇلتان بېگىم ھۇجرىسىدا كۈتۈۋالاي، — سەئىدخان قاناتبەگ بىلەن بىرگە چىقىپ خوتۇنىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ دېدى:

— ئانىسى، مېھمان كەلگەن ئوخشايدۇ، سىز مېھمانلارنى باشلاپ كىرىڭ.

قانداقتۇر بىر ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئولتۇرغان گۈلسىما سۇلتان بېگىم چىقىپ كەتتى.

”نېمىشقا كەلگەندۇ بۇ خوتۇن؟ ئۆزىنىڭ سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى پەش قىلىپ ئىمتىياز تەلەپ قىلامدىكىن، يا ئوغۇللىرىنىڭ گۇناھىنى تىلەمدىكىن؟ ياكى تاغىسىنىڭ ئوغلى بابۇر مىرزىنىڭ يېنىغا

كېتىشنى تەلەپ قىلىپ كەلدىمىكىن؟ ...“ سەئىدخاننىڭ ئويى تۇگمەي، گۈلسىما سۇلتان بېگىم خوتۇنلارنى باشلاپ كىردى.

— ئەسسالام شاھزادە! — ھۆرلىقا بېگىم خوتۇنلار بىلەن ئېگىلىپ تەزىم قىلدى.

سەئىدخان ئورنىدىن تۇردى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام خانىش، مەرھەمەت قىلسىلا.

ھۆرلىقا بېگىم ھەمراھلىرى بىلەن يېكەنداز ئۈستىدە ئولتۇردى.

— شاھزادە، مېنىڭ سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ قىزى ئىكەنلىكىم ئۆزلىرىگە ئايان، — دەپ سۆز باشلىدى ئۇ يىغلامسىراپ، — دادىسى ئورنىغا تەختكە ئولتۇرغان چوڭ ئوغلۇم جاھانگىر مىرزا سىلىنىڭ لەشكەرلىرى ياركەنت شەھىرىگە كىرىشتىن بۇرۇن قاچقانىكەن. ئاڭلىسام سانجۇ[1] دېگەن يەردە ئىمىش. مېنى ئېرىم سۇلتان مىرزا ئابابەكرى ئىككى ئوغلۇم بىلەن ئېلىپ كەتكەنىدى. ئوغلۇمنىڭ كىچىكى بايسۇنغۇر مىرزا ئاتىسى بىلەن ياركەنتكە قايتىشقا ئۇنىماي مەن بىلەن تىبەتتە قالغانىدى. ئادەملىرىڭىز مېنى ئالغىلى كەلگەندە، ئۇ سۆزۈمگە كىرمەي كەشمىرگە كەتتى. ئىككىنچى ئوغلۇم تۇرئەنگىز مىرزا مەن بىلەن ياركەنتكە يېنىپ كەلگەنىدى. دادىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈپ يەرلىكىدە قويۇلۇپ بولغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ قاتتىق بىئارام بولدى. بۇ تەقدىر. شۇڭا مەن سىلىدىن ئاغرىنماسلىقىم كېرەك، لېكىن تەقدىرگە تەن بېرىشنى خالىمايۋاتقان ئوغۇللىرىم ئىشى توغرۇلۇق كەلدىم، — خانىش سۆزىدىن توختاپ يىپەك ياغلىقى بىلەن قارا چۇمبەل توساپ تۇرغان ياشلىق كۆزلىرىنى سۈرتۈۋالدى، — ئوغلۇم جاھانگىر مىرزا گۇناھسىز. ئۇ ئاتىسىنىڭ سۆزىنى يىرالماي ياركەنت تەختىدە ئولتۇرغىنى راست...

— توغرا ئېيتتىلا ھۆرلىقا بېگىم، — ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى سەئىد-

[1] سانجۇ — يەر ئىسمى، ھازىرقى گۇما ناھىيىسىگە تەۋە يەر.

خان، — مەن مەقسەتلىرىنى چۈشەندىم. سىلى ئويلىغاندەك سۇلتان مىرزا ئابابەكرىنىڭ بالا-چاقىلىرىنىمۇ قارىلاپ جازالىماقچى ئەمەسمەن. ئەگەر ناۋادا جاھانگىر مىرزىمۇ تۇرئەنگىز مىرزىدەك ئالدىمغا كەلسە، ئۇ نىيمىنى تەلەپ قىلسا شۇنى بېرىمەن.

— رەھمەت شاھزادە. ئاللا سىلىگە مەدەتكار بولغاي، ئەمدى كۆڭلۈم ئەمىن تاپتى. ئوغلۇم تۇرئەنگىز مىرزىنى ئېلىپ قەشقەرگە كېتىشىمگە رۇخسەت قىلغايلا. ئۇ بۇ يەردە بەرىبىر خاتىرجەم تۇرالمايدۇ.

— ھۆرلىقا بېگىم، سىلە بىلەن بىز دىن قېرىنداشلا ئەمەس، تۇغقان. مېنى مەرھۇم ئەرلىرى مىرزا ئابابەكرىدەك بىرەھىم كۆرمىگەيلا. قىيىنچىلىق-لىرى بولسا ياردەم قىلىمەن. نەگە بارغىلىرى كەلسە سورىماي بېرىۋەرسىلە. ھەتتا خۇراسان، سەمەرقەنت تەرەپلەرگە كەتكىلىرى بولسىمۇ يولغا سېلىپ قويىمەن.

— رەھمەت شاھزادە، رەھمەت. مومىلىرى شاھ بېگىم، ھامىلىرى مېھرى نىگار خېنىمنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىنى ئويلاپ ئۆزۈمدىن قاتتىق ئەنسىرىگەنىدىم.

سەئىدخان ئېغىر ئۇھ تارتتى. ئۇ مومىسى شاھ بېگىمگە بەك ئامراق ئىدى. ئۇنى كىچىكىدە شۇ مومىسى باققانىدى. شاھ بېگىم ئوغلى سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن بىيىنغا پاناھ تارتىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇزۇن يىللار دىدار كۆرۈشەلمىگەنىدى. 14 ياشقا كىرگەن چېغىدا دادىسى بىلەن تاشكەنتكە بېرىپ، ياشىنىپ قالغان شاھ بېگىمنى خۇش قىلىۋەتكەنىدى. بۇ خۇشلۇق ئۇزۇنغا سوزۇلمىدى. مۇھەممەد شايبانىخان بىلەن بولغان دەھشەتلىك ئۇ-رۇشلار نەتىجىسىدە شاھ بېگىم ئىككى خان ئوغلىدىن ئايرىلىپ، ئۆزە تۆپىدە كۈيئوغلى مۇھەممەد ھۈسەيىن كوراگان بىيىدا تۇرۇپ قالدى. ئۇرۇش بۇ يەردىمۇ تۇرغۇزماي كابۇلغا كېتىشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇ بۇ يەردە ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەن سەئىدخان بىلەن بىرقانچە قېتىم كۆرۈشكەن ۋە بۇ نەۋرىسىنىڭ ھىممىتىدىن رازى بولغانىدى. سەئىدخان ئەنجانغا كەتكەندىن

كېيىن ئۇنىڭ كابۇلدا تۇرغۇسى كەلمەي قالدى. ئۇ بەدەخشان پادشاھى مەرھۇم سۇلتان مۇھەممەد خاننىڭ قىزى بولغاچقا، يۇرتىغا كەتمەكچى بولدى. كەتمەكچى بولۇشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى، ئامراق ئىنىسى بولغان مىرزىخان كابۇلدا ئىسيان كۆتۈرۈپ، بابۇر مىرزا تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ بەدەخشانغا قوغلىۋېتىلگەنىدى. ئۇنىڭغىمۇ چوغ تارتىپ مېھرى نىگار خېنىم بىلەن يولغا چىقتى. كېتىۋاتقاندا، بەدەخشانغا ھۇجۇم قىلماقچى بولغان مىرزا ئابابەكرى ئەسكەرلىرىگە ئۇچراپ ئەسىر ئېلىندى. ياركەنتكە يالاپ كېلىنگەندىن كېيىن زىندانغا تاشلاندى. مىرزا ئابابەكرى ئۆزىگە يېقىن تۇغقان بولغان موغۇلىستان خانى مەرھۇم يۇنۇسخاننىڭ بۇ ياشانغان رەپىقىسى بىلەن قىزىنى خۇشاللىق بىلەن كۈتۈۋېلىشنىڭ ئورنىغا، زىنداندىمۇ ئاچ قويۇپ ئازابلىدى. مېھرى نىگار خېنىمنى زورلاپ ئەمرىگە ئالماقچى بولدى. ئۇ ماقۇل كەلمىگەندىن كېيىن شاھ بېگىم بىلەن بىرگە قىيناپ ئۆلتۈرۈۋەتتى...

سەئىدخان شۇلارنى ئويلاپ كۆزىدىن ياش ئاققىنىنىمۇ سەزمىدى. ھۆرلىقا بېگىممۇ شۇلارنى ئەسلەپ كۆز يېشى قىلدى. بىرگە كەلگەن ھەمراھلىرىدىن ئىككى ئايال ئىچ-ئىچىدىن تېشىپ يىغلاپ كېتىشتى.

— بۇ ئىككىيلەنمۇ مىرزا ئابابەكرىنىڭ خوتۇنلىرى بولىدۇ، — دەپ تونۇشتۇردى ھۆرلىقا بېگىم پەرەنجىگە ئورالغىنىچە بۇقۇلداپ يىغلاۋاتقان ئاياللىنى كۆرسىتىپ، — ئېتى مېھرىنىسا ئايىم خېنىم. ئۇنى مەن ئەمرىگە ئۆتتۈشتىن ئىلگىرى قەشقەردە ئالغانىكەن. نىكاھلىنىپ سەمەرقەنتتىن كەل-سەم، ئۇنىڭ ھۇسەن مىرزا ئاتلىق بىر ئوغلى بار ئىكەن. مۇلايىملىقىدىن قانداق ئىشقا بۇيرۇسا ماقۇل دەيتتى. بۇ يىگىت 17 ياشقا كىرگەندە ئۇنى ئۆيلەپ قويماقچى بولدى. ھۇسەن مىرزا ھەممىگە ماقۇل دەپ كەلگەن بولسىمۇ، بۇ قېتىم ئۇنىماي تۇرۇۋالدى. سۇلتان دەسلەپ بېشىنى سىلاپ يۇمشاق گەپ قىلدى، ئالدىدى. يىگىت زادى ماقۇلغا كەلمىدى. ئاندىن قاتتىق دۆشكەلەپ يۈزىگە بىرنەچچە شاپىلاق ئۇرۇۋەتتى. ھۇسەن مىرزا

”سلەر ئېلىپ بەرمەكچى بولغان قىزنى ياقتۇرمايمەن. ئۆلسەممۇ ئۇنىڭغا ئۆيلەنمەيمەن“ دەپ قەسەم ئىچتى. دادىسى دېگىنىنى قىلمىسا ئۇنىمايدىغان كاج ئادەم بولغاچقا، شۇ يەردىلا بۇ ئوغلىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. بۇ خېنىم شۇنىڭ ئۈچۈن يىغلايدۇ. ماۋۇ خېنىم بولسا پەخرىنىسا سۇلتان بېگىم. خوتەن شاھى قۇل نەزەر مىرزىنىڭ قىزى. سۇلتان ئۇنىڭ دادىسىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ئۇنى نىكاھىغا ئالغانىكەن. مەن سەمەرقەنتتىن كەل-سەم قەمەربانۇ ئاتلىق بويىغا يەتكەن بىر قىزى بار ئىكەن. قاراپ ئولتۇرغى-دەك چىرايلىق بولۇپ، مىجەزى خۇش خۇي ئىدى. بۇ قىز نۇرىدىنبەگ ئاتلىق بىر سەردارنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىكەن. بۇ قىزنىڭ دادىسى بولغان زالىم ئېرىمىز ئۇنىڭ بىلەن ياخشى كۆرگەن يىگىتنى زىندانغا سېلىپ، يا تاماق، يا سۇ بەرمەي ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. بۇ ئانىسىمۇ شۇنىڭدىن بېرى كۆز يېشى توختىغىنى يوق. بەگلىرى بىر ئاي ئىلگىرى ئۇردا ھەرەمخانىسى-دىن ھەيدەپ چىقىرىۋەتكەنىكەن. كىشىلەرنىڭ ئۆيىدە يېتىپ-قوپۇپ يۈ-رۈپتۇ. تىبەتتىن كەلگىنىمدىن بېرى ئۆزلىرىنىڭ رۇخسىتى بىلەن جاھانباغدا تۇرۇۋاتاتتىم. قەمەر بانۇنى يېنىمغا ئەكىلىۋالدىم. بۇ تۆت ئايالمۇ مىرزا ئابابەكرىنىڭ توقال-چۆرىلىرى، ئۇلار ئىشتىمگەن تىل-دەشنام، يېمىگەن تاياق قالمىغان. باغدا بىرگە تۇرۇۋاتىمىز. ئالدىلىرىغا بارىدىغانلىقىمنى ئاڭلاپ بىللە كېلىشتى.

بۇ مەزلۇملەرنىڭ تۇرمۇشىنى بىز لايىقىدا ئورۇنلاشتۇرىمىز ھۆرلىقا بېگىم. سىلى ئوغۇللىرى بىلەن قەشقەرگە كەتمەكچى بولسىلا سىلىنىمۇ رازى قىلىپ يولغا سېلىپ قويىمىز، — سەئىدخان ئۇلارنى كۈتۈش ئىشلىرىنى گۈلسىما سۇلتان بېگىمگە تاپشۇرۇپ، ئۆزى مىرزا ھەيدەر، سەئىد مۇھەممەد مىرزىلار كۈتۈپ تۇرغان مېھمانخانا ئۆيگە چىقىپ كەتتى.

## 3

سەئىد مۇھەممەد مىرزا بىر ھەپتە ئىچىدە جاھانگىر مىرزىنى تۇتۇپ

سانجۇدىن ئېلىپ كەلدى. بۇ ياش شاھزادە ئۆزىنى مەغرۇر تۇتقىنى بىلەن، روھىنىڭ چۈشكەنلىكى پەرىشان چىرايىدىن چىقىپ تۇراتتى.

— ئولتۇرۇڭ، — دېدى سەئىدخان بارگاھى ئالىيغا ئېلىپ كىرىلگەندىن كېيىنمۇ ھېچكىمنى پىسەنتكە ئالمىغاندەك گىدىيىپ تۇرغان جاھانگىر مىرزىغا. ئۇنىڭ بېشىدا تاج، ئۈچىسىدا شاھانە تون بار ئىدى. چىرايى، بوي-تۇرقى مىرزا ئابابەكرىگە تارتقانىدى.

مۇلازىملار قىرغاۋۇل گۆشىنىڭ شورپىسى بىلەن مانتا ئېلىپ كىرىپ ئۇنىڭ ئالدىغا سېلىنغان داستىخانغا قويدى. جاھانگىر مىرزا قورسقى ئاچقان بولسىمۇ، مېزىلىك تائامغا قاراپمۇ قويمىدى.

— تاماق يېگىنىز يوق ئوخشايدۇ. ئانىڭىز جاھانباغدا بولمىسا ئوردا ھەرەمخانىسىدا. كۆڭلىڭىز خالىغان يەردە تۇرارسىز. بىللە تاماق يەپ سىرداشقۇم بار ئىدى. مەيلىڭىز بولمىسا چىقىپ ئارام ئالسىڭىز بولىدۇ، قانداق تەلىپىڭىز بولسا تاغىڭىز سەئىد مۇھەممەد مىرزىغا ئېيتىڭ. ھازىردىن باشلاپ سىز ئەسىر ئەمەس، ئەركىن.

سەئىدخاننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان جاھانگىر مىرزا مەڭدەپ قېلىپ جاۋاب ياندۇرماقچى بولدىيۇ، بوغۇزىغا تىقىلىپ قالغان گەپنى بىر يۆتەل بىلەن يۇتۇۋېتىپ تېز چىقىپ كەتتى.

*　　*　　*

ياز قۇياشى قايتا بىزەلگەن ياركەنت شەھىرىنى تونۇردەك قىزىتىۋەتكەنىدى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى باراقسان دەرەخلەرنىڭ يوپۇرمىقىنى شىلدىرلاتقۇچىلىك شامالمۇ يوق ئىدى. كوچىلارغا دەممۇدەم سۇ سېپىلىپ تۇرسىمۇ ھايال ئۆتمەي قۇرۇپ كېتەتتى.

سەئىدخان مىرزا ھەيدەر، سەئىد مۇھەممەد مىرزا، قاناتبەگ قاتارلىق ئەمىر-ئەركانلار بىلەن كېڭىشىپ، ئەتە خانلىقنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقىنى

تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، يىگىدىن زىننەتلەپ ياسالغان ئوردىغا كۆچۈپ كىرمەكچى بولدى.

سەئىدخان بۇ كۈنى كېچىچە خىيال سۈرۈپ تۈزۈك ئۇخلىيالمىدى. بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كەچمىشلەر كۆز ئالدىدىن بىر-بىرلەپ ئۆتمەكتە ئىدى...

ئۇ ئالمالىقتا خەتنە تويى بولغاندا، كۆك بۆرىگە يولۇققانلىقىدىن تارتىپ تاغىسى سۇلتان مەھمۇدخان ھۇزۇرىدا ئۆتكەن كۈنلەرنى، بابۇر مىرزا بىلەن بىرىنچى قېتىم جەڭگە قاتناشقان ۋاقتىنى، ئەسىرگە چۈشۈپ زىنداندا ياتقان چاغدىكى ئىشلارنى، ئۆزىگە ئاشىق بولغان قىزنىڭ تەقدىرى-نى، پەرغانە، ئۆرە تۆپە، ئاقسۇ، تارىم بويلىرىدا ئۆتكۈزگەن ئېغىر كۈنلەرنى، ئاددىي دېھقان قىزى بىلەن ئەنجاندا تۇرمۇش قۇرغانلىقىنى، كابۇلغا بارغان-لىقىنى بىرمۇبىر ئەسلەپ چىقتى. كابۇلدىن ئەنجانغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى، جانىبەگ سۇلتان، سۆيۈنچىلىك خانلار بىلەن قىلغان جەڭلىرىنى، سايراندا ئۆتكەن تويىنى، ئاخىرىدا سۇلتان مىرزا ئابابەكرىنى پۈتۈنلەي مەغلۇپ قىلغانلىقىنى ئويلاپ، دەسلەپ بەگ ئەتكىسى، ئۇستازى، كېيىن قابىل سەركەردىسى، دوستى بولغان مىرزا ھەيدەر، سەئىد مۇھەممەد مىرزىلارنىڭ ھەر ئىشتا يار-يۆلەك بولۇپ كەلگەنلىكىدىن ئىپتىخارلىق ھېس قىلدى. ئەلبەگكە قاتتىق ئېچىندى. ئاددىي دېھقان بالىسىدىن باتۇر سەركەردە بولۇپ يېتىشكەن چارە-تەدبىرلىك قېيىن ئاغىسى قاناتبەگدىن رازى بولدى. ئۇنىڭ ماڭغان يولى ئۇزۇن، بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلار كۆپ ئىدى. ئەل-يۇرت بىلەن تەڭ تارتقان دەرد-ئەلەمنىڭ ئېغىر تۈيۈلمايدىغانلىقىنى، ئەل-يۇرت بىلەن تەڭ كۆرگەن راھەت-پاراغەتنىڭ تۈگىمەيدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغانىدى. باشقا كۈن چۈشكەندە قىلىنغان ياخشىلىقنىڭ ئۇنتۇلماي-دىغانلىقىنى، غېرىب-غۇرۋا، يېتىم-يېسىرلەرگە قىلىنغان ياردەمنىڭ ئاخىر بىر كۈن كۈتمىگەن يەردىن ياندىغانلىقىنى، ھاجەتمەنلەرگە قىلىنغان مىننەتسىز ياخشىلىقنىڭ ئامەت، يوشۇرۇن-ئاشكارا قىلىنغان يامانلىقنىڭ ئاپەت كەلتۈ-

ربدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتكەندى. مانا بۈگۈن ئۇ ئارمانغا يېتىپ تاج كىيىش ئالدىدا تۇرىدۇ. ئۇ مۇشۇ كۈن ئۈچۈن قانچە-قانچە جەڭ مەيدانلىرىدا قىلىچىنى قانغا بوياپ، ياسىدىن ئوق ئۈزمىگەنمىدى!؟ ئۇ شۇلارنى ئويلىغىنىدا هاياجاندىن يۈرىكى تىترىگەندەك بولۇپ، ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلدى. كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلدى.

"دۇنيادا ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە لايىق ئورنى بولىدىكەن، ھەتتا قۇرت-قوڭغۇزمۇ بىكاردىن بىكار ھېكمەتسىز يارىتىلمىغانىكەن. ئۇلاردىن بىرى كەم بولسا شۇنىڭ قەدرى ئۆتۈلىدىكەن. بىرى ئارتۇق بولسا شۇنىڭ جەبرى بولىدىكەن. بايلىقتا، راھەتكە ئىنتىلمەيدىغان، يوقسۇزلۇقتىن، جاپا-دىن قاچمايدىغان ئادەم بولمايدىكەن. خاتىرجەملىك ئىچىدە ئارامسىزلىق، ئارامسىزلىق ئىچىدە خاتىرجەملىك ھامان مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىكەن. ھايات مانا شۇنداق داۋاملىشىدىكەن. جۈرئەتلىك، قورقماس كىشىلەر مۇرا-دىغا يېتىدىكەن. ئەكسىچە، نادان، قورققاق كىشىلەر جەبىر-جاپا، كۈلپەتتىن قۇتۇلالمايدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن خۇشاللىقمۇ، قايغۇمۇ ئەبەدىي بىر-بىرىنى قوغلىشىدىكەن ..." سەئىدخان ھايات مۇساپىسىنى ئەسلەپ، پۇشايمان قىلغاندەك، ھەسرەت-نادامەت چەككەندەك تەتۈر قەدەم باسمىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلدى. گويا قۇياش قارا بۇلۇتنى يېرىپ چىققاندەك خىيال دېڭىزىدىن بالقىپ چىققان يېڭى ئارزۇ-تىلەكلەر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى چۇلغىۋالدى: "بىزنىڭ قۇرغان بۇ خانلىقىمىز جاپاكەش خەلقىمىزگە، ئەۋلادلارغا تىنچلىق، ئاسايىشلىق بەخش ئەتسە، ئالىم، ھۆكۈمالىرىمىز، ئەدىب-سەنئەتكارلىرىمىز، ئەمىر-سەردارلىرىمىز، تېرىقچىلىرىمىز، ھۈنەرۋەن-كاسىپلىرىمىز غەمسىز-قايغۇسىز ئۆز ئىشلىرى بىلەن بەنت بولسا. بىر-بىرىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتماي، بىرى-بىرىگە نەپ يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىنتىلسە، بەش كۈنلۈك بۇ ئالەمدە ھۆرمەتلىنىپ ياشىسا، تاجۇ-تەخت، زېمىن تالىشىدىغان، بىھۇدە قان تۆكىدىغان ئۇرۇشقا، زوراۋانلىققا مەڭگۈ خاتىمە بېرىلسە، ئاللا ئىشلىرىمىزدىن رازى بولسا..."

شۇنداق خىياللار ئىلكىدە ئۇ ياق-بۇ ياققا ئۆرۈلۈپ ياتقان سەئىدخان-نىڭ كۆزى تاڭ ئاتارغا يېقىن ئۇيقۇغا ئىلىنىشتى.

ئەتىسى سەئىدخان يەنىلا تاڭ سەھەردە تۇرۇپ بامدات نامىزىنى ئۆتىدى. نامازدىن كېيىن يېڭى قۇرۇلغان خاندانلىقنىڭ روناق تېپىشى، ئەل-يۇرتنىڭ ئاۋاتلىشىشىنى تىلەپ ئۇزاق دۇئا قىلدى. "كىشىلەر شاھلار-نىڭ غېمى بولمايدۇ دەپ خاتا ئويلىشىدىكەن. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس، بىر ئائىلىنىڭ باشلىقى ئۆز ئائىلىسىنىڭ غېمىدە بولسا، بىر ئەلنىڭ پادىشاھى تۇمەن مىڭ ئائىلىنىڭ غېمىنى قىلىدىغان گەپ ئىكەن" دەپ ئويلىدى ئۇ.

بۇگۈن ئەتىگەندىلا بارىگاھى ئالىينىڭ ئەتراپىغا تەرەپ-تەرەپتىن ئا-دەملەر يىغىلىشقا باشلىدى. سەئىدخان ناشتىدىن كېيىن ئەمىر كەبىرلىك ھۆكۈمىنى چۈشۈرىدىغان سارايدا ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان مىرزا ھەيدەر، سەئىد مۇھەممەد مىرزا، قاناتبەگ قاتارلىق سەردارلار ۋە جاي-جايلاردىن كەلگەن يۇرت كاتتىلىرى، مۆتىۋەرلەر بىلەن كۆرۈشۈپ خۇش كەيپ پاراڭلاشتى. بۇگۈن ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان خانلىقنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەب-رىكلەش پائالىيىتى ھەققىدە كېڭەشتى. ئاندىن سەئىد مۇھەممەد مىرزا بىلەن مىرزا ھەيدەر سەئىدخاننى ئىككى تەرىپىدىن ھىمايە قىلىپ مېڭىپ، بارىگاھى ئالىينىڭ ئالدىدىكى ئوچۇقچىلىققا راسلانغان پاكلىقنىڭ سىمۋولى بولغان ئاق كىگىز ئۈستىگە ئېلىپ كېلىپ ئولتۇرغۇزدى. توپ ئىچىدىن ئاپئاق ساقال، گەۋدىلىك بىر ئادەم چىقىپ، ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ئېگىلىپ سەئىدخانغا ئېھتىرام بىلدۈردى. بۇ، قەشقەردە مىرزا ئابابەكرىنىڭ زۇلمىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭغا باشچىلىق قىلغان ئوبۇلقاسىم داموللا دېگەن كىشى ئىدى. بۇ كىشىنى بىرقانچە كۈن ئىلگىرى سۇلتان سەئىدخان يېڭى قۇرۇلغان خانلىقنىڭ شەيخۇلئىسلامى قىلىپ تەيىنلىگەنىدى.

ئوبۇلقاسىم داموللا ئاۋۋال خاندانلىقنىڭ ئۈچ بۇرجەك، نوقۇترەڭ تۇغىنى سەئىدخانغا سۇندى. سەئىدخان تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ تۇغنى ئالدى-دە، باش ئۈستىگە كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۇنى قاناتبەگكە بەردى.



ئاندىن ئوبۇلقاسىم داموللا پارىلداپ تۇرغان ئالتۇن تاجنى سەئىدخاننىڭ بېشىغا كىيگۈزدى. سەئىد مۇھەممەد مىرزا شاھانە زەر تونىنى سەئىدخانغا ياپتى. مىرزا ھەيدەر ئۇنىڭ بېلىگە ئالماستىن كۆز قويۇلغان كەمەرنى باغلىدى.

— مۇبارەك، مۇبارەك! پادىشاھىمىز سۇلتان سەئىدخانغا مۇبارەك!

سەپ تارتىپ تۇرۇشقان مىڭلىغان ئادەم سەئىدخانغا ئالقىش سادالىرى ياڭراتتى. چوڭقۇر ھاياجان ئىلكىدە ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلگەن سەئىدخان ئاللاغا شۈكرى-سانا ئېيتىپ، ئەل-يۇرتنىڭ تىنچ-ئاسايىشلىقىنى تىلەپ، ئەتراپتىكى ئەل-جامائەت بولسا سەئىدخانغا ئۇزۇن ئۆمۈر، زور ئۇتۇقلار تىلەپ دۇئا قىلدى. ئاندىن ئوسمانبەگ بىر ئاق ئارغىماقنى يېتىلەپ كەلدى. سەئىدخان ئارغىماققا مىندى-دە، "ئاللاھۇ ئەكبەر!" دەپ تەكبىر ئېيتقىنىچە شەھەرگە قاراپ يول ئالدى. مىرزا ھەيدەر، سەئىد مۇھەممەد مىرزا، قاناتبەگ قاتارلىق سەردار، بەگ-سىپاھلارمۇ ئاتلىرىغا مىنىشىپ سەئىدخاننىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. سەپ تارتىپ تۇرۇشقان ئاۋام-خەلقمۇ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ شەھەرگە قاراپ سەلدەك ئاقتى. نەچچە مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ "ئاللاھۇ ئەكبەر" دەپ تەكبىر ئېيتقان ياڭراق ئاۋازى يىراق-يىراقلارغىچە تاراپ كەتتى.

## 4

سەئىدخان ئوردىنىڭ ھەيۋەتلىك دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە ئاتتىن چۈشتى. دەرۋازا ئالدىدىن تارتىپ ئوردا سارىيىنىڭ ئىشىكىگىچە سەپراست بولۇپ تۇرغان ئەسكەر-ياساۋۇللار ئېھتىرام بىلدۈرۈپ، قىلىچلىرىنى يەرگە قارىتىپ تۇرۇشتى. سەئىدخان سالماق قەدەم بىلەن سەلتەنەتلىك سارايغا كىرىپ ئاق يىپەك پاياندار ئۈستىدىن ئالتۇن قۇببىلىق تەختكە چىقتى. ئابدۇلرەشىدخان تەختنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇردى.

سەئىدخان تەختتە ئولتۇرۇپ ئۈنلۈك ھەمدۇسانا ئېيتقاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ كۆپچىلىككە ھۆرمەت بىلەن نەزەر سالدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئى ۋەتەنداش، مۆمىن قېرىنداشلىرىم، ئى قولداش، ئەمىر، سەردارلار، بەگلەر، باھادىر نەۋكەر-ياساۋۇللار، — دەپ سالام بېرىپ سۆز باشلىدى، — مەن بۈگۈن ئۇلۇغ پەرۋەردىگار ئاللاھنىڭ ئىنايىتى بىلەن ھىجرىيە 920-يىلى شەئبان ئېيىنىڭ[1] 1-كۈنى ياركەنت شەھىرىدە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى پۈتۈن دۇنياغا جاكارلايمەن. ئۇلۇغ ئىگىمىز ئاللا بىزگە نۇسرەت ئاتا قىلىپ، زالىم دۈشمەنلىرىمىزنى يەرگە قاراتتى. ئادالەت، ھەققانىيەت زۇلۇم-ئاسارەت ئۈستىدىن، ھۆرلۈك، ئەركىنلىك، قۇللۇق-زالالەت ئۈستىدىن غالىپ كەلدى. بۈيۈك خانلىقىمىزغا يار-يۆلەك بولغان بارلىق قېرىنداشلىرىمغا سەممىي تەشەككۈر بىلدۈرىمەن. خانلىقىمىز تەۋەسىدىكى ھەممە ئۇلۇس، تائىپە كىشىلىرىنىڭ ئىجىل-ئىناق بولۇپ، تىنچ-ئاسايىشلىق تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە تىلەكداشمەن. ئاللا بىزگە مەدەتكار! ھۆرلۈك، ئادالەت بىزگە ئەبەدىي يار بولغاي، ئامىن!

— ئامىن! — سەئىدخاننىڭ ياڭراق ئاۋازىغا كۆپچىلىكنىڭ ھەيۋەتلىك ساداسى قوشۇلۇپ، ئوردا ئىچى لەرزىگە كەلدى.

40 كۈنگىچە سەئىدىيە خانلىقىغا قاراشلىق شەھەر، ئايماق، يېزىلاردا خانلىقنىڭ تويى ئۆتكۈزۈلۈپ، سۆيۈنگەن خەلققە ئاش تارتىلدى. ئۇن يىلغىچە ئالۋاڭ-سېلىقتىن قۇتۇلغان دېھقان، تىجارەتچى، ھۈنەرۋەن-كاسىپ شاد خۇراملىققا چۆمۈپ تەنتەنە قىلىشتى.

ئاشۇ ئاخشىمى ۋەزىر-ۋۇزرا، ئەمىر-ئەركانلار بىلەن نورۇزدۆڭگە بېرىپ، ئۆز خانلىقىنىڭ قۇرۇلغانلىقىغا تەنتەنە قىلىۋاتقان ئاۋامنى كۆرگەندە، سەئىدخاننىڭ نۇر جۇلا قىلغان كۆزلىرىدىن يەنە ياش قۇيۇلدى. ئۇ بى ۋاقىت ۋاپات تېپىپ، جەڭگاھتا شېھىت بولۇپ بۈگۈنكى كۈننى كۆرەلمىگەن يۈزلىگەن، مىڭلىغان قېرىنداشلىرى ئۈچۈن يىغلاۋاتامدۇ ياكى بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىپ خەلقنى بەخت-سائادەتلىك تۇرمۇشقا يەتكۈزۈش ئۈچۈن غەم يەپ يىغلاۋاتامدۇ، بۇنى بىلىپ بولمايتتى، لېكىن ئۇ مۇراد سارىيىنىڭ بوسۇغىسىغا قەدەم قويغانىدى.

① ھىجرىيە 920-يىلى — مىلادى 1514—1515-يىللارغا توغرا كېلىدۇ. شەئبان ئېيى — 8-ئاي.

# خاتىمە

... خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى ئۆچتەك ئاقارغان ساقلىنى سىيپاپ سۆزدىن توختىدى، پۇچۇق گۈمبەز ئىچى تىمتاس بولۇپ قالدى. ئېڭىكىنى تىرەپ ئولتۇرغان شاھزادە گۈمبەزنىڭ تورۇسىدىكى يوچۇقتا ئۇۋا سېلىپ بالا چىقارغان قارلىغاچقا بىر قاراپ قويۇپ سورىدى:

— ئاتام خانلىقىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىغان كۈنى شۇ يەردە سىلىمۇ بار ئىكەنلىلا ھە ئۇستاز؟

ئابدۇلرەشىدخان بالىلىق خىيالى بىلەن "مېنىمۇ كۆرگەنىكەن" دەپ سۆيۈنۈپ قالغانىدى. بوۋاينىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن-لىكى چاقناپ كەتكەن كۆزلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.

— بار ئىدىم شاھزادەم، بولمامدىغان. بۇنداق خاسىيەتلىك كۈننى مەن كۆن ساناپ 40 نەچچە يىل كۈتتۈم ئەمەسمۇ؟ ئۇ كۈنى سۇلتان سەئىدخان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاپ بولغاندىن كې-يىن، سەئىد مۇھەممەد مىرزىنى سەئىدىيە خانلىقى لەشكەرلىرىنىڭ ئەمىر كەبىرى ھەم قەشقەر دىيارىنىڭ ئالىي ھاكىمى، مىرزا ھەيدەر كوراگاننى باش ۋەزىر قىلىپ تەيىنلىدى. مەن ھەممىنى كۆرۈپ، قىلىنغان سۆزلەرنى ئاڭلاپ تۇردۇم. جىسمىم گويا دۇنيادا يوقتەك، مېنى ھېچكىم كۆرمىدى. يۈرىكىمنىڭ يىغىدىن توختاپ كۈلگەنلىكىنى ھېچكىم ئاڭلىمىدى. پەقەت بۇنى رەببىم ئاللا بىلىپ تۇردى.

خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى قوم چۆگۈندىكى سۈنى ھېجىر تاۋاقتىكى قېتىق ئۈستىگە قۇيۇپ دوغ ئېتىپ، ئابدۇلرەشىدخانغا سۇنۇپ سۆزنى داۋاملاشتۇردى:

— مېنىڭ بىگۇناھ بالا-چاقىلىرىممۇ زالىم مىرزا ئابابەكرىنىڭ تەقىبى ئاستىدا مەن بىلەن دىدارلىشالماي يىراق ئۇتىدا پۇچۇلىنىپ، خورلۇق دەستىدىن يۈرەك-باغرى زەرداپ بولۇپ تۆگەپ كەتكەنىدى. مەن مۇشۇ ساتار بىلەن قالغانىدىم. مانا شۇنداق ئەھۋالدا، بۇ ئۇلۇغ كۆڭگە يەتكۈزگەن ئاللادىن شۇنچە مىننەتدار بولدۇمكى، تارتقان دەرد-ئەلەم، چەككەن جاپا-مۇشەققەتلەر ئۇنتۇلۇپ كەتكەندەك، تولا بەك ھەسرەتلىنىپمۇكەتمىدىم. ئارزۇيۇم ھەل بولدى، ئەمدى ماڭا ئەمەلنىڭ نېمە كېرىكى! مۇشۇ پۇچۇق گۇمبەزدە ئۆزۈمنى پادىشاھ بىلىپ، ئىبادىتىمنى قىلىپ بىئارمان ياشاۋاتىمەن. سەئىدخانغا ھەر كۈنى سەھەر دۇئا قىلىمەن. ئۇ كۆرمىگەن جاپالارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئاخىر خانلىقنى تىكلىدى، بۇنداق چوڭ مەملىكەتنى ئۆز تۇغى ئاستىغا جەم قىلىش بىر ئەلدە بىرنەچچە ئون ياكى بىرنەچچە يۈز يىلدا ئەقىل-ئىدراكتا، پەزىلەت ھەم باتۇرلۇقتا تەڭ يېتىشكەن بىر ياكى بىرنەچچىلا ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. تۇمەنلىگەن ئادەم ئەنە شۇنداق بىر ئەزىمەتنىڭ يولباشچىلىقىدا بەخت-سائادەتنى تاپىدۇ. ئەمدى مەنمۇ سائادىتىنى تاپقان كىشىلەردىن ھېسابلىنىپ، ئۆزۈمنى يالغۇز ھېس قىلمايمەن شاھزادەم. مەن ئاشۇ خانلىقنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاھانغا جاكار ئېتىلگەن قۇتلۇق دەمدە ئاتاڭ ئولتۇرغان تەخت يېنىدا سىنى كۆرگەنىدىم. بۇنىڭغا ئىككى يىلچە بولغاچقا سىنى بايا دەرھال تونۇيالماي قاپتىمەن. ئەمما كۆزۈم غۇۋالىشىپ قالغىنى بىلەن دىلىم تېخى يورۇق.

— ھۆرمەتلىك ئۇستاز، شۇنچە جەبىر-جاپالارنى تارتىپتىلا، ئەمدى بۇ جايدا ئولتۇرۇۋېرىشلىرى مۇۋاپىق بولماس، ئاتام ئالدىغا بارسىلا، ئۇ جانابلىرىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىدۇ، — بوۋاينىڭ سۆزلىرىدىن قەلبى لەرزىگە كەلگەن ئابدۇلرەشىدخان ئۇنىڭغا ئىزھار قىلماقچى بولغان تەشەككۈرنى

كۆڭلىدىكى مېھىر-مۇھەببىتىنى بىلدۈرۈش بىلەن ئىپادىلىگەنىدى. بۇنى چۈشەنگەن خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى ھەشقاللا ئېيتىپ دېدى:

— رەھمەت شاھزادە، مەن قېرىپ قالدىم، كۈچ-مادارىم توگەپ ئاجىزلاپ كەتتىم، سۇلتان سەئىدخاننى ئىزدەيدىغانلار، ياردەم سورايدىغانلار ئازمۇ؟ ئۇنى ئىسسىق كۆل بويىدىن تارتىپ ئاقسۇغىچە، بەتتە سۇدىن تارتىپ خوتەن دىيارىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ھەممىلا ئادەم ئىزدەيدۇ. بىر پۈتۈم گۆرگە ساڭگىلىغاندا ئىزدەپ بېرىپ ئۇنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى زايە كەتكۈزمەي. سەن كېلىپ تۇرساڭ بەس شاھزادە، مەن خۇرسەن بولىمەن.

— مەن كېلىپ تەلىم ئېلىپ تۇرىمەن، — دېدى ئابدۇلرەشىدخان بوۋايىنىڭ ياغاق قوللىرىنى تۇتۇپ، — خەير، خۇداغا ئامانەت بوۋا.

تاشقىرىدا يورغىلاپ يۈرگەن ئۈچ-تۆت كەپتەر ئابدۇلرەشىدخان چىقىشى ھامان گۈمبەز ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

* * *

ئابدۇلرەشىدخان ھەر ھەپتىدە بۇ گۈمبەزگە ئىككى-ئۈچ قېتىم كېلىپ بوۋايدىن ھال سوراپ تۇردى، خوجا مۇھەممەت سەرۋەرى كېيىنكى كۈنلەر-دە گۈمبەزدىن چىقمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى ئالاھىدە يوقلاپ يېمەكلىك، ئۇسسۇلۇق ئېلىپ كەلگەن شاھزادە بىلەن ئۇزۇنغىچە سىردىشاتتى. ساتار چېلىپ مۇقام غەزەللىرىنى ئوقۇپ بېرەتتى. يىل ئۆتۈپ باھار كەلدى. ئابدۇلرەشىدخان بوۋايىنىڭ ئەھۋالىنى ئاخىر ئاتىسىغا ئېيتتى. سەئىدخان ئاڭلاپ ئوغلى بىلەن ئۇنى يوقلاپ باردى. ئۇلار كىرگەندە، گۈمبەز ئىچى ئىمتاس بولۇپ، ئىككى كەپتەر تاۋاقتىكى سۇنى ئىچىۋاتاتتى. تېخى كەلگىنىگە ئۇزۇن بولمىغان ئانا قارلىغاچ ئۇۋۇسىدا مۈگدىنىپ ۋىچىرلا-ۋاتاتتى، خوجا مۇھەممەد سەرۋەرىمۇ ساتارنى تۇتقان ھالدا گۈمبەزنىڭ تېمىغا يۆلىنىپ مۈگدەپ قالغاندەك ئولتۇراتتى.

—ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئۇستاز، — سالام بەردى سەئىدخان.
بوۋاي جاۋاب قايتۇرمىدى، ئابدۇلرەشىد ئىتتىك بېرىپ ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغىنىچە ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىدى، خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى مۈگ-دەپ قالغان بولماستىن، شۇنداق ئولتۇرغىنىچە بۇ پانىي دۇنيا بىلەن خوشلاشقانىدى، شاھزادە ئۆزىنى تۇتالماي ياش تۆككەن هالدا ئۇنىڭ قولىدىكى ساتارنى ئالدى، سەئىدخان ئوغلىنى ئىشارەت بىلەن گۈمبەز تېشىغا ئېلىپ چىقتى.

— ئوغلۇم، قايغۇرما، ئۇستاز خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى هاياتىنى بىر ئۆمۈر پاك، هالال ئۆتكۈزگەن دانادۇر، بىز مەرھۇمنى هۆرمەت-ئىززىتى بىلەن نامىزىنى چۈشۈرۈپ ئۇ دۇنياغا ئۇزىتىمىز. ھەسرەت چەكمە. كۆز يېشىنى ئاققۇزغان غالىپ بولالمايدۇ، ئۇنىڭدەك ئۈمىد بىلەن ياشىغان، جاپا-مۇشەققەتكە بەرداشلىق بېرەلىگەن كىشى ھەقىقىي غالىپتۇر.

سەئىدخان ئوغلى ئابدۇلرەشىد بىلەن چىغىر يولدىن چىقىپ چوڭ يولغا قەدەم قويدى، يىراقتا كارۋان يولى تۇتىشىپ كەتكەن قۇم بارخانلىرى-دىكى ئالۋۇنلار چوغدەك يېلىنجاپ تۇراتتى ...

1994-يىلى 10-ئاينىڭ 23-كۈنى

قەشقەر.



مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەتجان ھوشۇر
مەسئۇل كوررېكتورى: خۇدابەردى خېلىل

# سەئىدخان

(تارىخىي رومان)

**ھاجى مىرزاھىد كېرىمى، ساۋۇت داۋۇت**

نەشر قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
(بېيجىڭ شەھرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ،
پوچتا نومۇرى: 100013، تېلېفون نومۇرى: 64228007 ‹010›)
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكتروnluق مەتبەئە مەركىزى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
1997-يىل 10-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
1997-يىل 10-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 17.80 يۈەن

مۇقاۋىنى ئىشلىگۈچى: جۇفاڭ

كىتاب ئىسمىنى يازغۇچى ۋە غەيرەت خالىق

قىستۇرما رەسىملەرنى سىزغۇچى: ئەنۋەر ھاشىم

ISBN 7-105-02876-9

9 787105 028764 >

ISBN 7—105—02876—9/I・699

民文(维 126)　定价:17.80 元